
يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى



# مۇستاپا كامال

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇستاپا كامال

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 7-228-06106-3
K·882 (民文) 定价:18.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇ ئەسرىمنى بۈيۈك تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئۇلۇغ مىللىي قەھرىمان ئاتاتۈرك مۇستاپا كامال تۇغۇلغانلىقىنىڭ 120 يىللىقىغا بېغىشلايمەن.

— ئاپتور



*Mustafa Kemal Atatürk*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى

# مۇستاپا كامال

ATATÜRK'ÜN DOĞUMUNUN 120. YILI
120
1881-2001

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

穆斯塔法·凯末尔:持金匾的教师:维吾尔文/玉素甫江·艾力著一乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.9
ISBN 7-228-06106-3

Ⅰ穆... Ⅱ 玉... Ⅲ.基马尔,A.M(1881~1938)一传记一维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.K833.747=5

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第71796号

责任编辑:艾尔肯·希力甫
责任校对:艾赫迈提江·穆明
封面设计:努尔买买提·吾买尔

持金匾的教师——
穆斯塔法·凯末尔 (维吾尔文)
玉素甫江·艾力·伊斯拉米 著

新疆人民出版社出版发行
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 11.5印张 2插页
2000年11月第1版 2000年11月第1次印刷
印数:1--3000

ISBN7-228-06106-3/K·882 定价:18.00元

www.uyghurkitap.com



مۇستاپا كامال  ئاتا تۈرك







☝ مۇستاپا كامال ئايالى لەتپە خانم بلەن (1923)

☞ ئاتا تۈرك مۇستاپا كامالنىڭ ياشلىق دەۋرى

☜ ئاتا تۈرك مۇستاپا كامالنىڭ ئانىسى زۈبەيدە خانم



مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەرگىلىدە ساكاريا جەڭ مەيدانىدا (1921)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇھەررىردىن

نەسەفباي ئوغلى موللا ئەيسا خەلپىتىم ئوغلى ئىسلام ئاخۇن ئوغلى ئەلى ئاخۇن ئوغلى يۇسۇپجان 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۇنى ئاقسۇ شەھىرى يېڭى بازار كوچىسىدا ئۇقۇمۇشلۇق بىر باپكار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بالىلىق، ئۆسمۇرلۇك چاغلىرى ئەينى چاغدىكى ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئايكۆل يېزىسىدا ئۆتتى. ئۇ ئاۋۋال ئايكۆل يېزىسىنىڭ يېڭى خاڭگۇڭ مەھەللىسىدە[1] باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتكەچكە، ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيالمىدى. 1968 ـ يىلى كۆزدە خىزمەتكە قاتنىشىپ، يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيە 1 ـ تۇەن مىللىي دېھقانچىلىق مەيدانى سىياسىي ـ قانۇن ئىشخانىسىدا ئىشلىدى، 1969 ـ يىلى ئاۋغۇستتا چاقىرىققا بىنائەن ھەربىي سەپكە كىرىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 36901 ـ قىسىمدا جەڭچى، ئوتتېپلىيە كوماندىرى، شتاب ئوفىتسېرى بولدى. 1976 ـ يىلى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ كاتىباتى، ئامانلىق ساقلاش بۆلۇمىدە ئىشلىدى. 1981 ـ يىلى سىنتەبىردە بۇيرۇققا بىنائەن قىسىمغا قايتىپ، قورالىلىق ساقچى قىسىم ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارماق ئەترىتىدە شتاب ئوفىتسېرى، 1984 ـ يىلى ئاپرېلدا قورالىلىق ساقچى قىسىم

---

[1] ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيە 1 ـ تۇەن مىللىي مەيدانى، بۇ يەر 1959 ـ يىلى 2 ئاينىڭ 25 ـ كۇنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان، ھازىرمۇ شۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلمەكتە.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئەترىتى قوماندانلىق شتا-
بىغا يۆتكىلىپ شتاب ئوفىتسېرى بولدى. 1985 - يىلى سېنتە-
بىردىن باشلاپ، باش ئەترەت سىياسىي بۆلۈم تەشۋىقات - مەدەنى-
يەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاممىۋى خىزمەت باش-
قارمىسىنىڭ باشلىقى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئورۇمچى ئوفىت-
سېرلار مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق
ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. 1989 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە،
جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىئەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە
ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇرۇمچى شۆبىسىدە ھەربىي ئىشلار بويىچە ئىلىم
تەھسىل قىلدى. 1994 - يىلى ئىيۇلدا ھەربىي سەپتىن چېكى-
نىپ، 1996 - يىلىدىكى ئاپتونوم رايون بويىچە زاپاس ئوفىتسېر-
لارنىڭ ھەربىي ئۇنۋانىنى باھالاشتا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيى-
تى زاپاس ئوفىتسېرلار قانۇنى»غا ئاساسەن، ئەسلىدىكى ھەربىي
ئۇنۋانى بويىچە يەنە پولكوۋنىك (شاڭشياۋ) ئۇنۋانى بېرىلدى.
ھازىر ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى
ئىقتىساد تەتقىقات مەركىزى (سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى)
ئۇنىۋېرسال كاتىبات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى.

يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى 1983 - يىلىدىن باشلاپ تەتقىقات
ساھەسىگە كىرىپ كەلدى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ «بالىلارنى كىچى-
كىدىن باشلاپ ئەخلاقلىق تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرەيلى»،
«يۇەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق سىياسىئون»، «ۋاھابىيە
مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا»، «يۇ-
سۇپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسى ھەققىدە»، «قوراللىق
ساقچى قىسىملىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا قانۇن -
تۈزۈمنى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىش مەسىلىسى»، «پاك-
لىق قۇرۇلۇشىدىكى قانۇن مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە»،
«ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەت قانۇنى — ‹تۆرۈ› ھەققىدە تەتقىقات»،
«19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن

ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە ئەكس ئەتكەن جەدىدچىلىك مەسىلىسى» قاتارلىق ئەدەبىيات، تارىخ، قانۇن، دىن ۋە ئېتنوگرافىيىگە ئائىت 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى.

1993 ـ يىلى فېۋرالدا، ئۇنىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە قانۇن» ناملىق تۇنجى يىرىك ئەسىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت بۇ كىتابقا كىرىش سۆز يېزىپ، يۇقىرى باھا بەردى. شىنخۇا ئاگېنتلىقى خەۋەر تارقىتىپ، «جۇڭگو قانۇنچىلىقى» ۋە «كۈندىلىك خەۋەرلەر» گېزىتلىرىدە بۇ كىتابنى ئېلىمىزدىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇن ئىدىيە تارىخى شەرھلەنگەن تۇنجى مەخسۇس ئەسەر» دەپ تونۇشتۇردى. يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامنىڭ بۇ ئەسىرى 1994 ـ يىلى شىمالىي جۇڭگودىكى 15 ئۆلكە، شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كىتاب باھالاشتا پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن تۈرى بويىچە مۇنەۋۋەر كىتاب مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ 1993 ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىردە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇغان «يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ماقالىسى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، خەلقئارا «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلىرى توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، ئىمىن ئەخمىدى بىلەن بىللە تەرجىمە قىلغان «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە شەرق غەرب مەدەنىيىتى» دېگەن ئەسەر 1994 ـ يىلى نەشر قىلىنىپ، كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1994 ـ يىلى ئۇ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، «جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ ئۇيغۇر قانۇنچىلىقىغا ئائىت قىسمىنى يازدى. جۇڭگو خەلق

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى 1993 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئەمگەكلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنى 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئىختىساسلاشقانلىقىنى تەقدىرلەپ، ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلىدى.

تەتقىقاتچى يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى يازغان بۇ كىتابتا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى، تۇنجى رەئىس جۇمھۇر، تۈرك خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مىللىي قەھرىمانى ئاتا تۈرك مۇستاپا كامالنىڭ تۈركىيىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە راھبەرلىك قىلىپ جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا باتۇرانە قارشى تۇرۇپ، 600 يىل سەلتەنەت سۈرگەن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى خارابىسى ئۈستىگە مۇستەقىل، دېموكراتىك يېڭى جۇمھۇرىيەتنى بەرپا قىلىش جەريادىكى جاپالىق كۈرەشلىرى يورىتۇپ بېرىلگەن.

ئاپتور يېقىندا 20 يىللىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغان «مازار ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئەسىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا سۇندى. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت سىياسەتلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە، يەنە «شەرقىنىڭ يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخى»، «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر قانۇن تارىخى»، «ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭغا ئائىت بەزى ۋەقەلەر تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

ئۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتى، قانۇنشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، دىنشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، ئۆزبېك مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى، غەربىي ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو سىياسەت ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

| | | |
|---|---|---|
| | سۆز بېشى ........................ | (1) |
| بىرىنچى باب | ئىنقىلاب ئۇرۇقى ........................ | (1) |
| ئىككىنچى باب | پارتلاش ئالدىدىكى يانار تاغ ............ | (32) |
| ئۈچىنچى باب | ئىمپېرىيە ئۈچۈن زەپەر قۇچقان گېنېرال... | (66) |
| تۆتىنچى باب | ئەنۋەر پاشا گېرمانلار بىللەن بىللە ...... | (103) |
| بەشىنچى باب | نەس باسقان ئىستانبۇل ................ | (143) |
| ئالتىنچى باب | ئاناتولىيىدە ئۆتكەن كۈنلەر............ | (160) |
| يەتتىنچى باب | ساكاريا دەرياسى بويىدىكى جەڭ ......... | (185) |
| سەككىزىنچى باب | سۇلتان ئوردىدىن چىقىپ كەتتى ...... | (215) |
| توققۇزىنچى باب | ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك ............ | (226) |
| ئونىنچى باب | تۈرك ۋەتىنىدە جۇمھۇرىيەت ............ | (260) |
| ئون بىرىنچى باب | ئالتۇن دەستەكلىك ئۇستاز.............. | (272) |
| ئون ئىككىنچى باب | مۇستەقىل سوت ھەرىكەتتە.............. | (310) |
| ئون ئۈچىنچى باب | زەمبىرەك ھارۋىسىدىكى جەسەت......... | (321) |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئاندرېسى

# سۆز بېشى

20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، بۈيۈك ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدە مۆجىزە خاراكتېرلىك بىر ئىنقىلاب يۈز بەردى. ئۇ بولسىمۇ كىتابىمىزنىڭ باش قەھرىمانى مۇستاپا كامال باشچىلىقىدىكى تۈركىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا فېئودال مۇستەبىتلىككە ۋە تەرەققىي تاپقان ياۋروپا كۈچ-تۆڭگۈرلىرىنىڭ ئاسارەتتە قالغان دۆلەت ۋە خەلقلەرنى تالان ـ تاراج قىلىشنى مەقسەت قىلغان جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا قارشى ئېلىپ بارغان مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابى ئىدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى جاھانگىر دۆلەتلەر تۈركىيىنى پارچىلاش ۋە بۆلۈشۈۋېلىش ئۈچۈن گرېتسىيىنى قوراللاندۇرۇپ، تۈركىيىگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم باشلىدى، تۈركىيە ئەڭ ئېغىر كۈنلەرگە دۇچ كەلدى. مانا مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە، تۈرك خەلقىنىڭ باتۇر ئوغلانى، مىللىي قەھرىمان، ئىستېبداتلىق سىياسىئون ۋە ھەربىي ئالىم مۇستاپا كامال كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، تۈركىيە خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلدى.

تۈركىيىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلىرى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىيلەر تەبىقىسى ئاناتولىيە بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ تارقاتقۇچىلىرى، شۇنداقلا جاھانگىرلىككە قارشى ھەرىكەتنىڭ تەشكىلاتچىلىرى ئىدى. تۈركىيە خەلقىنىڭ مىللىي كۈرىشىنىڭ رەھبىرى بولغان مۇستاپا كامال مانا مۇشۇ تەبىقىدىن كېلىپ چىققان. شۇڭا، تۈركىيە بۇرژۇئا مىللىي ئىنقىلابى تارىختا ئۇ-

نىڭ نامىغا بېغىشلىنىپ كامال ئىنقىلابى دەپ ئاتالدى.
مۇستاپا كامالنىڭ ئىنقىلابى باشلىنىۋاتقان چاغدا، رۇسىيە
ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرد-
سىدا، جاھان مالىيە ئېكسپىلاتاتسىيە مەركىزى بىلەن مۇستەملى-
كە رايونلار زۇلۇم سەھنىسى ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك سوۋېت ئىت-
تىپاقى مەيدانغا كەلگەندى. كامال ئىنقىلابى باشلىنىش بىلەنلا،
بۇ ئىككى ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت بىلەن ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ
جاھانگىرلارنىڭ مۇداخىلىسىگە قارشى ئورتاق ئېلىپ بارغان كۈ-
رەشلىرى بىر - بىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشتى. گەرچە ئوسما-
نىيلارنىڭ سۇلتانلىرى، گېرمانىيە، شۇنىڭدەك ئانتانتا دۆلەتلەر
گېزىت - ژۇرنالچىلىق ۋە ئۇچۇر مۇلازىمىتىگە ناھايىتى قاتتىق
چەك قويۇپ، خەلقنى نادان تۇتماقچى بولغان بولسىمۇ، ئازادلىققا
تەشنا تۈركىيە خەلقى رۇسىيىدە بولغان ئۆزگىرىشتىن بەرىبىر
خەۋەر تاپتى.
«ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ تۈركىيىنى بۆلۈشۈۋې-
لىش ھەم ئۇنى يوقىتىۋېتىش سىنىقىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى مىل-
لىي مەسىلىنى بارلىق مۇستەملىكە رايونلىرىغىچە كېڭەيتىۋەتتى.
ئۇ ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ئۇچقۇنىنى يانغىنغا ئايلاندۇرۇپ، پۈت-
كۈل يەر شارىنىڭ ھەممىلا جايلىرىغا تۇتاشتۇردى. تۈركىيە دۆ-
لەت تۈزۈلمىسى جەھەتتە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەت-
لەر ئىچىدىكى بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان دۆلەت بولۇپ، ئۇلار
بۇنداق ئىستىقبالغا چىداپ تۇرالمىدى ۋە كۈرەش تۇغىنى ئېگىز
كۆتۈرۈپ، شەرقتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۆز ئەتراپىغا زىچ
ئۇيۇشتۇرۇپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇردى»[①]. نەتىجىدە،
«مۇشۇنداق قارشىلىقنىڭ بولغانلىقىدىن، ئەڭ قۇدرەتلىك ھې-
سابلانغان جاھانگىر دۆلەتلەر ئىبلىس قولىنى بۇ جايدىن تارتىشقا

① «ستالىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 5 - توم، 30 - بەت.

مەجبۇر بولدى»[1].

كامال ئىنقىلابى لېنىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى ماددىي جەھەتتە بولۇشتىن تولاراق ھەققانىيەت يۈزىسىدىن ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ تۈركىيىنىڭ چەت ئەل قوراللىق مۇداخىلىچىلىرىگە قارشى كۈرىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. خۇددى كېيىن ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر تارىخ ئالىمى تويىنبىي ئارنولدنىڭ ئېيتقىنىدەك، «كۈرەشنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە، ئۇلار (تۈركىيىلىكلەر) رۇسىيىلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىگە سۇنغان قولىنى مەھكەم سىقتى. بۇ ياردەم ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدا ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە ئىدى. ماددىي ئەشيا ۋە پۇل قاتارلىق ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياردەمدىن باشقا . . . تۈركىيىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ غەلىبە قىلغان ئانتانتا دۆلەتلەر بىلەن يەككە - يېگانە جەڭ قىلىشۋاتمايدىغانلىقىنى، بەلكى مەغلۇبىيەت بىلەن بەختسىزلىككە دۇچ كەلگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە بۈيۈك بىر دۆلەتنىڭ ئۇنىڭغا ئارقا تىرەك بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ جاسارىتى مىسلىسىز دەرىجىدە ئېشىپ باردى».

كامال ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر بەلگىسى شۇكى، ئۇ دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك دەپ قارالغان ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى جاھانگىرلارغا قارشى قەتئىي ئېگىلمەي - سۇنماي كۈرەش قىلىپ، تۈركىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى ھەمدە تارىختا 600 يىل سەلتەنەت سۈرگەن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئورنىغا تۈركىيىدە مۇستاپا كامال تۈزگەن ئالتە بۈيۈك سىياسەت يولىغا قويۇلغان دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنى

---

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 32 - توم، 139 - بەت.

② مۇستاپا كامالنىڭ بۇ سىياسىتى دۇنيا تارىخىدا «كامالىزم» دەپ ئاتىلىدۇ. تۈركىيىلىكلەر كامالىزم دېمۇ، ئاتا تۈركچىلىك دېمۇ ئاتايدۇ. بۇ جۇمھۇرىيەتچىلىك، مىللەتچىلىك، خەلقچىللىق، دۆلەتچىلىك، لايىقلىق، ئىنقىلابچىلىقتىن ئىبارەت ئالتە مەزمۇندىن تەشكىل تاپىدۇ.

ئورناتتى[2]. دۆلەت ۋە مىللەت ئۇقۇمىنى قايتىدىن شەرھلەپ، «بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئارقىلىق، تۈركىيىنى ئىلگىرىكى ئىسلام ئىمپېرىيىسىدىن مىللىي دېموكراتىك تۈركىيە دۆلىتى قىلىپ ئۆزگەرتتى، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئىلاھىي ھاكىمىيەت دۆلىتىدىن ئاساسىي قانۇن تۈرغۇزۇلغان جۇمھۇرىيەت قىلىپ ئۆزگەرتتى، فېئوداللىق بيۇروكرات ئىگىلىكنى زامانىۋى كاپىتالىستىك ئىگىلىككە ئۆزگەرتتى، ئۆزگەرمەي بىر ئىزدا توختاپ قالغان، سىرت بىلەن ئالاقە قىلماي، بېكىنمە ھالەتتە تۇرغان ئەنئەنىۋى جەمئىيەتنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، پۇقرالار ھاكىمىيەتكە قاتنىشىدىغان زامانىۋى جەمئىيەتكە ئايلاندۇردى»[1].

ستالىن ئەينى چاغدا «كامالچە بولغان ئىنقىلاب تۈركىيە، پارس، ئافغانىستانغا ئوخشاش سانائەت پرولېتارىياتى بولمىغان ۋە ئاساسەن بولمىغان ھەم قۇدرەتلىك دېھقانلار يەر ئىنقىلابىمۇ بولمىغان دۆلەتتىلا ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن» دەپ كۆرسەتكەندى[2]. دەل ستالىننىڭ ئېيتقىنىدەك، بۇ ئىنقىلاب ئۆز زامانىسىدا ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا ۋە ياۋروپادىكى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەرنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ھازىرقى زامان دۇنيا مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابى تارىخىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

جۇڭگو بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ بۈيۈك داھىيسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى مۇستاپا كامال ئىنقىلابىغا كۆپ قېتىم ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەنىدى.

جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى مەشھۇر داھىيلىرىدىن بىرى سەي خېسىن 1922 ـ يىلى «باشلامچى»[3]

---

① خەن لىن: «مۇستاپا كامالنىڭ ئىسلاھاتى يەتكۈزۈپ بەرگەن تەجرىبىلەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1988 ـ يىل 6 ـ سان (ئىچكى ژۇرنال)، ئۇيغۇرچە.

② «ستالىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 9 ـ توم، 231 ـ بەت.

③ «باشلامچى» ھەپتىلىك گېزىتى — ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى، 1922 ـ يىلى 13 ـ سېنتەبىردە شاڭخەيدە نەشر قىلىنىپ، 1927 ـ يىلى 18 ـ ئىيۇلدا ۋۇخەندە نەشردىن توختىغان.

www.uyghurkitap.com

ھەپتىلىك گېزىتىنىڭ 3 ـ سانىغا ماقالە يېزىپ، ئاتا تۈرك مۇستاپا كامالغا ئىنتايىن يۇقىرى باھا بېرىپ، «ئۇلۇغ، جاسارەتلىك، پاراسەتلىك ھەم ئەڭ ئىنقىلابىي روھلۇق» گېنېرال مۇستاپا كامال «تۈركىيە ۋە يېقىن شەرقتىكى نەچچە 10 مىليونلىغان مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپلا قالماستىن، يەنە پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى ۋە تەسىر كۆرسەتتى» دېدى ھەمدە ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە جاھانگىرلار تەرىپىدىن «شەرقىي ئاسىيا كېسەلمەنلىرى» دەپ مەسخىرە قىلىنغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، «شەرقىي ئاسىيادىكى گىگانت ئادەم» گە ئايلىنىپ، «جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگو خەلقىگە سالغان زۇلمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش» قا چاقىردى.

1982 ـ يىلى، خۇ ياۋباڭ تۈركىيىلىك مۇخبىرلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، «مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلاردىن بىر ئۇلۇغ داھىي ـــ مۇستاپا كامال چىقتى، بىزنىڭ دۆلىتىمىزدىنمۇ بىر ئۇلۇغ داھىي ـــ سۇن جۇڭشەن چىقتى» دېدى. 1988 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە قىلغان سەپىرىدە، ئاتا تۈرك مۇستاپا كامالنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىپ، «ئاتا تۈرك مەقبەرىسىگە مۇھەببەت» دېگەن شېئىرىنى يازدى ۋە چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مەدھىيە ئوقۇدى. شېئىرنىڭ تولۇق تېكستى مۇنداق:

تۇرمەن
مىرتىلىپى تۆپىلىكىدە،
كۆمۈلگەن بۇ يەرگە ئۇلۇغ بىر ئادەم،
يەلپۈيدۇ
چۇۋۇلغان چېچىمنى يېنىك،
سوۋۇتۇپ

يۈرىكىمنىڭ قايناق قېنىنى،
مەيىن ۋە سالقىن تاغ شامىلى شۇ دەم،
قەدىمىي قورغانغا ئوخشايدۇ ئەجەب
بۇ قەبرە،
ئالدىمدا قەد كېرىپ تۇرغان
شۇنچىلا ئېگىز ۋە شۇنچىلا ھەيۋەت.
گويا بىر مويسىپىت تارىخىي ئاتا
ياغدۇرۇپ بەستىدىن سۆلەت، ئادالەت.
بىر مىللىي قەھرىمان كەچۈرمىشىدىن
سۆزلەيدۇ رىۋايەت كەبى ھېكايەت.
سۆزلىنەر يارىتىش - بەرپا قىلىشنىڭ
ئۇلۇغۋار تۆھپىسى، ئاجايىپ شۆھرەت.
تۈركىيە ئاتىسى سىز ئاتا تۈرك،
ھەم تۈرك خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى،
خەلقىگە بىلدۈرگەن چەكسىز ساداقەت.
بۇ گۈزەل تۇپراقنى چەيلىگەن چاغدا،
جاھانگىر زالىملار تۆمۈر تاپاندا،
قاراقچى خۇمپەرلەر قىلىچ ئوينىتىپ،
بىگۇناھ جانلارنى قىرىپ چاپقاندا؛
رىيازەت، ئازابلار چەككەندە خەلق،
مىللەتنىڭ تەقدىرى قېلىپ خەتەردە؛
چىقتىڭىز، مۇستاپا كامال ئۆزىڭىز،
دەس تۇرۇپ ئاتلىنىپ مۇشكۇل سەپەرگە.
ئىقتىدار، ئەقىل ۋە ئەرلىكتە ھامان،
پۈتۈن بىر مىللەتنى باشلاپ ماڭدىڭىز،
يېڭى بىر ئەسىرنىڭ تاڭلىرى تامان.
تۈغىنى ھۆرلۈك ۋە مۇستەقىللىقنىڭ
كۆتۈرۈپ ئېگىزگە،
قوغلىدىڭىز تېز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇرت ـ ۋەتەن باغرىدىن زالىملارنى سىز.
دەم ئالماي، ئۆزىڭىزنى ئوڭشاپمۇ تۇرماي
خارابلىق ئىچىدە ياتقان تۇپراقتا
قايتىدىن گۈللەتتىڭىز سەلتەنەتىنى
ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ،
قالماي ئۇزاققا.
ئىسلاھات قىلدىڭىز دادىللىق بىلەن،
جىمىكى مەينەتنى، سېسىق ئەخلەتنى
قالدۇرماي قومۇرۇپ، تازىلاپ بەلەن.
دۇنيا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدۇرۇپ،
چىقتىڭىز هارماستىن قوراللاندۇرۇپ
بىلىمدە، ئېرپاندا، مەدەنىيەتتە
بۇ قەدىم مۇسۇلمان ئەھلىنى ھەيۋەت.
ياۋروپا، ئاسىيا چېگرىسى ئارا،
قەد كەردى مۇنەۋۋەر باتۇر بىر مىللەت.
تۇرىمەن
مارتلىپى تۆپىلىكىدە، مالتوپه
ئاستا قەدەمدە زىيارەتچىلەر
پەلەمپەي ئۈستىگە ئۆرلەيدۇ ھامان،
ئېتىقاد، چوقۇنۇش، تەقۋادارلىق ھەم
ئىشەنچ ۋە تۈگىمەس قۇدرەت ئىلكىدە.
ئويلىدىم ئۇنچىقماي كۆڭلۈمدە شۇ ئان:
تىنچ ياتقىن،
ئەي ئاتا تۈرك، ئال ئارام.
سەن باقىي ئالەمدە مەغرۇرلۇق بىلەن،
كۈلۈۋەر، تەبەسسۇم ئەيلە خىرامان.
چۈنكى
سەن كۆرەشلەر قىلغان دىياردا،
گۈللەنگەن تۈركىيە

ئاستا - ئاستا
زەبەردەس قەددىنى كۆتۈردى شادىمان[1].

1994 - يىلى، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، ھەربىي ئالىم، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالىي قوماندانى گېنېرال ياڭ چىڭۋۇ «ھەربىي ئىشلار تارىخىنى تەتقىق قىلىپ، ئىسلاھات نەزەرىيىمىزنى كېڭەيتەيلى» دەپ يېغىشلىما يازغان «چەت ئەللىك 100 ھەربىي ئالىم» دېگەن كىتابتا، مۇستاپا كامالنىڭ بۈيۈك ئىنقىلابىي تۆھپىلىرى «ئەڭ ئىنقىلابىي روھلۇق گېنېرال» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا تونۇشتۇرۇلدى[2].

1988 - يىلى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى خەن لىن خانىم «مۇستاپا كامالنىڭ ئىسلاھاتى يەتكۈزۈپ بەرگەن تەجرىبىلەر» ناملىق ماقالە يېزىپ، مۇستاپا كامال ۋە ئۇنىڭ سىياسىي، قانۇن، ئىقتىساد، دىن، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەردە ئېلىپ بارغان بىر يۈرۈش ئىسلاھاتىغا يۇقىرى باھا بەردى ۋە ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھاتى جەريانىدا ئۇنىڭدىكى بەزى تەجرىبىلەرنى ئۆلگە قىلىشىمىز، ئەمەلىيەت جەريانىدا سىناپ كۆرۈشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىزنى تەۋسىيە قىلدى.

بۇلاردىن باشقا، يەنە ئېلىمىزدە يېقىندا نەشر قىلىنغان ئالتە جىلدلىق «دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى» دا، مۇستاپا كامال ئىنقىلابىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىلدى[3].

بۇ يىل ئاپرېلنىڭ 18 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن تۈركىيىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى سۇلاي-

---

① تۆمۈر داۋامەت: «ھايات مەشئىلى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992- يىل 12- ئاي 1- نەشرى.

② «چەت ئەللىك 100 ھەربىي ئالىم»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 400- بەت.

③ «دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى»، خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىل خەنزۇچە نەشرى، ھازىرقى زامان قىسمى، 296 -، 319 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

مان دەمرەلىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتى ئۈچۈن تۈركىيىنىڭ پايتەختى ئەنقەرەگە كېلىپ، ئەتىسى ئەتىگەن-دە ئاتا تۈرك قەبرىسىگە گۈل چەمبىرەك قويدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتا تۈرك مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. جىياڭ زېمىن ئىمزا قويۇش دەپتىرىگە «تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەشھۇر قۇرغۇچىسى كامال ئاتا تۈرك مەڭگۈ هايات» دەپ بېغىشلىما يازدى، كەينىدىنلا رەئىس جۇمھۇر مەھكىمىسىدە ئۇنىڭ شەرىپىگە ئاتاپ ئۆتكۈزۈلگەن قارشى ئېلىش مۇراسىمىدا نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

«تۈركىيە خەلقى ئىشچان، باتۇر خەلق، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تۈركىيە خەلقى مىللىي قەھرىمان، گېنېرال مۇستاپا كامالنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللەتچىلىك ئىنقىلابى قوز-غاپ، كۈچلۈك جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇپ، مىللىي مۇستەقىل-لىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىق-تى. بۇ ئىنقىلاب تۈركىيىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، دۇنيادىكى ئېزىلگەن، قۇل قىلىنغان خەلقلەرنىڭ مىللىي مۇستە-قىللىقى ۋە ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشىگىمۇ ناهايىتى زور ئىلھام بەردى. بىز شۇنى مەمنۇنىيەت بىلەن كۆردۇقكى، تۈركى-يە خەلقى ئىشچان ئىككى قولى بىلەن ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش جەريانىدا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، تۈركىيىدە جەمئىيەت داۋاملىق ئالغا باستى، ئىقتىساد تېز تەرەق-قىي قىلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن- كۈنگە ياخشىلاندى، تۈركىيە خەلقئارادا كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان دۆلەتكە ئايلاندى» ①.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت مەھكىمىسى 1978 - يىلى 28 -نويابىر ئاتا تۈرك تۇغۇلغانلىقى-

① «خەلق گېزىتى»، 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 -، 21 - كۈنلىرىدىكى خەنزۇچە سانىغا قارالسۇن.

نىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۇزىسىدىن قارار چىقىرىپ، 1981 ـ يىلىنى «دۇنيا ئاتا تۈرك يىلى» دەپ بېكىتكەنىدى. 1981 ـ يىلى 5 ـ يانۋار تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى گېنېرال كەنئان ئەۋرەن مىللەت مەجلىسىدە ئۆتكۈزگەن «ئاتا تۈرك يىلى» نىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا سۆزگە چىقىپ، مۇستاپا كامالغا يۇكسەك باھا بەردى. 1981 ـ يىلى 30 ـ سېنتەبىر ب د ت نىڭ باش شتابىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇستاپا كامال تۇغۇلغانلىقى-نىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇراسىمىدا ئۇنىڭ ھەرىكىتى-نىڭ ھەرقاچان خەلقئارا تىنچلىق، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە كىشى-لىك ھوقۇقتا ھۆرمەت قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ھەمدە خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە ئاگېنتلىقلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مۇستاپا كا-مالنىڭ تىنچلىق، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقئارا ئە-ناقلىقتا قوشقان تارىخىي تۆھپىلىرىنى ئەسلەش ئۈچۈن، ئاتا تۈرك مۇكاپاتى تەسىس قىلىندى. بۇ مۇكاپاتقا رەئىس جۇمھۇر گېنېرال كەنئان ئەۋرەننىڭ ئىمزاسى چۈشتى، ئارقىدىن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئەلتىر تۈركمەن ئۇنى ب د ت نىڭ باش كاتىپى كارت ۋالدھېيىنگە تاپشۇرۇپ بەردى.

مۇستاپا كامال ھەققىدە ئۇنىڭ ۋەتىنى تۈركىيىدە ئەينى چاغدا ئۇنىڭغا ئاتاپ نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلغانىدى. بۇلاردىن جاھىت بۇرھاننىڭ «غازى مۇستاپا كامال» (1930 ـ يىلى ئىستانبۇل نەشرى)، رۇشەن ئەشرەفنىڭ «ئانا فارتالار كوماندانى مۇستاپا كامال ئىلە مۇلاكات» (‹ئانا فارتادىكى ئارمىيە قوماندانى مۇستاپا كامال بىلەن سۆھبەت›، 1930 ـ يىلى ئىستانبۇل نەشرى)، تاھسىن سۇئاتنىڭ «تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ۋە خالىكى غازى مۇستاپا كامال» (‹تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۇنىڭ قۇر-غۇچىسى غازى مۇستاپا كامال›، 1933 ـ يىلى ئىستانبۇل نەش-رى)، ئايقۇت شەرەفنىڭ «كامالىزم» (1936 ـ يىلى ئىستان-

بۇل نەشرى)، ئەنگىن ساففەتنىڭ «كامالىزم ئىنقىلابىنىڭ پرىنسىپلىرى» (1938 ـ يىلى ئىستانبۇل نەشرى)، شاكىر زىيانىڭ «كامال ئاتا تۈرك — دۇغۇمۇندان ئۆلۈمۈنې كادار، خۇسۇسىي ـ ئەسكىرىي ـ سىياسىي ھاياتى» (‹كامال ئاتا تۈركنىڭ تۇغۇلۇشىدىن ۋاپاتىغىچە بولغان خۇسۇسىي، ھەربىي، سىياسىي ھاياتى›، 1938 ـ يىلى ئىستانبۇل نەشرى)، سەرتەل ئىسكەندەرنىڭ «دۇنيا ئاغلىيور ئاتا تۈرك» (‹پۈتۈن دۇنيا ئاتا تۈرك ئۈچۈن يىغلىماقتا›، 1939 ـ يىلى ئىستانبۇل نەشرى) ۋە ئۇلۇغ ئىغدەمىرنىڭ «ئاتا تۈرك» (1939 ـ يىلى ئەنقەرە نەشرى) قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

مۇستاپا كامال دۇنياۋى مەشھۇر شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ياۋروپالىقلارنىڭ تەتقىقات تېمىسىغا ئايلاندى. 1937 ـ يىلى ئالىپ تېكىننىڭ «كامالىزم» دېگەن ئەسىرى پارىژدا فرانسۇز تىلىدا نەشر قىلىندى. 1939 ـ يىلى ئارمىستروڭ خارولد كورتېننىڭ «كۆك بۆرە ـ مۇستاپا كامال: بىر مۇستەبىت ئادەم ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرى لوندوندا 9 ـ قېتىم نەشر قىلىندى (بۇ ئەسەر 1933 ـ يىلى فرانسۇز تىلىدا ‹قوماندان مۇستاپا كامال› دېگەن نام بىلەن پارىژدا نەشر قىلىنغانىدى). 1936 ـ يىلى م. بورگۇئىننىڭ «ئاتا تۈرك تۈركىيىسى» دېگەن كىتابى پارىژدا فرانسۇز تىلىدا نەشر قىلىندى. 1929 ـ يىلى گىنتزۇن پائولىنىڭ «مۇستاپا كامال ۋە ئىلگىرىلەۋاتقان يېقىن شەرق» دېگەن ئەسىرى پارىژدا نەشر قىلىندى. 1921 ـ يىلى گ. گ. بېرتېننىڭ «ئەنقەرە ـ كونستانتىنوپۇل ـ لوندون: مۇستاپا كامال ۋە ئەنگلىيىنىڭ شەرق سىياسىتى» دېگەن ئەسىرى پارىژدا فرانسۇز تىلىدا نەشر قىلىندى. ئىسمەت ئىنۆنۈنىڭ «كامال ئاتا تۈرك — تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى» دېگەن ماقالىسى 1937 ـ يىلى فېۋرالدا نەشر قىلىنغان «پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى»

نىڭ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە بېغىشلانغان مەخسۇس سانى —
149 ـ ساندا ئېلان قىلىندى. كىرال ئاۋگۇست ۋوننىڭ «كامال
ئاتا تۈرك دۆلىتى» دېگەن ئەسىرى 1935 ـ يىلى لېيپسىگدا
نېمىس تىلىدا نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەرنىڭ كېيىنكى بىنتون
دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخى-
سى 1938 ـ يىلى ۋېنادا نەشر قىلىندى. ك. كرويگىرنىڭ
«كامال تۈركىيىسى ۋە ئوتتۇرا شەرق» دېگەن ئەسىرى 1932-
يىلى لوندوندا، مارشاند رېنېنىڭ «بىر مىللەتنىڭ ئويغىنىشى-
مۇستاپا كامال تۈركىيىسى» دېگەن ئەسىرى 1927 ـ يىلى پارىژ-
دا، مىلياجىئاننىڭ «مۇستاپا كامال ۋە تۈركىيىنىڭ قايتا گۈللى-
نىشى» دېگەن ئەسىرى 1929 ـ يىلى پارىژدا، مېلزىگ خېرىپ-
نىڭ «كامال ئاتا تۈرك: تۈركىيىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زەئىپلىشى-
شى» دېگەن ئەسىرى 1937 ـ يىلى فرانكفورتتا نېمىس تىلىدا،
مىكوش داگوبىرت ۋوننىڭ «غازى مۇستاپا كامال: ياۋروپا ـ
ئاسىيا ئوتتۇرىسىدا» دېگەن ئەسىرى 1929 ـ يىلى لېيپسىگدا
نېمىس تىلىدا، راغىپ ھۇسەيىننىڭ «تۈركىيە مىللىي ھەرىكىتى
ۋە مۇستاپا كامال پاشا» دېگەن ئەسىرى 1922 ـ يىلى پارىژدا
فرانسۇز تىلىدا، گېنېرال شىررىل چارلېز ھىچكوكنىڭ «مۇس-
تاپا كامال يېنىدا ئەلچىلىكتە تۇرغان بىر يىل» دېگەن ئەسىرى
1934 ـ يىلى نيۇ ـ يوركتا ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىندى (بۇ
ئەسەرنىڭ پېررى كارولد تەرىپىدىن فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىن-
غان نۇسخىسى شۇ يىلى پارىژدا نەشر قىلىندى). بۇلاردىن
باشقا، ياۋروپادا نەشر قىلىنغان ئەسەرلەردىن يەنە تونگاس گرا-
رىدنىڭ «ئاتا تۈرك ۋە ھازىرقى زامان تۈركىيىسىنىڭ ھەقىقىي
ماھىيىتى» دېگەن ئەسىرى (1937 ـ يىلى پارىژدا، 1939 ـ
يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان)، ئى. ب. دونالدنىڭ «ئاتا تۈرك
تۈركىيىسى» (1939 ـ يىلى فىلادېلفىيە ئىنگلىزچە نەشرى)،
ئى. خ. ۋورىسامىنىڭ «تۈركىيىنىڭ مۇستاپا كامالى» (1930 ـ

يىلى لوندون ئىنگلىزچە نەشرى) ، شۇنداقلا دې. زارا. فىلىپنىڭ
«مۇستەبىت مۇستاپا كامال» (1936 ـ يىلى فرانسۇزچە نەشرى)
قاتارلىق ئەسەرلەر بار.

مەن ئاتا تۈرك مۇستاپا كامال ھەققىدە ئىلگىرى بەزى يۈزە-
كى ساۋاتلارغا ئىگە بولغان بولساممۇ، ئەمما «شەرقنىڭ يېقىنقى
زامان مەدەنىيەت تارىخى» (قىسقارتىپ ‹ شەرق تارىخى › دېيىلى-
دۇ) دېگەن كىتابىمنى يېزىۋېتىپ، ئاندىن تۈرك خەلقىنى ئەڭ
ئېغىر كۈنلەردىن شۆھرەتلىك غالىبىيەتلەرگە ئۇلاشتۇرغان بۇ
بۈيۈك زات ھەققىدە بىرقەدەر ئەتراپلىق، ئىشەنچلىك ۋە مول
تارىخىي ماتېرىياللارغا ئېرىشتىم. ئۇنىڭ تەرەققىي تاپقان غەرب
دۇنياسىنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇ-
زۇش، مىللەتنى دىنىي خۇراپاتلىقلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇل-
دۇرۇپ چىقىپ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھۆرلۈك يولىغا
باشلاش، كونا دىنىي مائارىپ تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، زامانى-
ۋى پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىش قاتارلىق بىر يۈرۈش نەزەرىيىسى
ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلىرى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ماتېرىيال
يىغىش، تۈرلەرگە ئايرىش ۋە تەھلىل قىلىشلار جەريانىدا، مۇس-
تاپا كامالنىڭ ۋەتىنى تۈركىيە بىلەن يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ ئارى-
لىقىنى نۇرغۇن تاغ ـ دەريالار ئايرىپ تۇرسىمۇ، ئەمما جۇغراپى-
يىلىك ئورنى، ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى، كونا دەۋردىن
قېپقالغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىزلىرى،
دىن، مەدەنىيەت ۋە روھىي ھالەت قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردى-
كى تەبىئىي ئوخشاشلىقلارنىڭ كۆپلۈكىنى، ئىسلاھات دەۋرىدە
كېتىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، مۇستاپا كامال تۈركىيىسىنىڭ زامانىۋى-
لىشىش جەريانىنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ چىقىشنىڭ ناھايىتى
زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم. نەتىجىدە تاماملىنىشقا ئاز قالغان
«شەرق تارىخى» نى ۋاقىتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، قولىڭىزدىكى بۇ
كىتابنى يېزىشقا تۇتۇش قىلدىم. 20 ـ ئەسىردىكى دۇنيانىڭ سى-

ياسىي، مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن زور رول ئوينىغان ئۇلۇغ،
جاسارەتلىك، پاراسەتلىك، ئەڭ ئىنقىلابىي روھلۇق گېنېرال
كامال ئاتا تۈركنى ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى 21-
ئەسىرگە كىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان خەلقىمىزگە بىلدۈرۈش،
ئۇنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىللىدىكى بۈيۈك ھەربىي مۆجى-
زىلىرىنى، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئېلىپ
بارغان بىر قاتار ئىسلاھاتلىرىنى ۋە دۆلەتنى ئۇنىۋېرسال باشقۇ-
رۇش جەھەتتىكى بىر يۈرۈش نەزەرىيىلىرىنى، دۇنيا تىنچلىقىنى
ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە كۆرسەتكەن ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى
ئەسلەپ، ئۇنىڭدىن ئېلىمىز ۋە رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا
ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئۆزىمىز ئۈچۈن خىز-
مەت قىلدۇرۇش - مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى بىردىنبىر
مۇددىئايىم.

ئاتا تۈرك ئۆز دەۋرىدە، ۋاپاتىدىن كېيىن ھەم ھازىرقى
دۇنيادا ئۆزىنىڭ شانلىق ئىنقىلابىي ھاياتى، ئەسەرلىرى، مەشھۇر
نۇتۇقلىرى بىلەن ۋەتىنى تۈركىيىدە شۇنداقلا خەلقئارادا زۇر
دىققەت قوزغاپ، ئىلىم ئەھلىلىرى، سىياسىئون ۋە ھەربىي
ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىدىغان بىر قىزىق نۇقتىسى بولۇپ كېلى-
ۋاتقىنى بىلەن، بىزدە تېخى يېڭى، يەنە كېلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك
يورۇتۇپ بېرىش قىيىن بولغان بىر تېما. ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇستاپا
كامالغا ئوخشاش ناھايىتى ئۇستۇن ئابرۇيغا ئىگە تالانتلىق سىيا-
سىئون، داھىي، ھەربىي ئالىم، پەيلاسوپ ۋە ئىسلاھاتچىنىڭ
تارىخىي تەرجىمىھالىنى يېزىپ چىقىش مەندەك ئورنى تۆۋەن،
ئىقتىدارى چاغلىق، كۆپ ئوقۇمىغان، ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ
چولتا بىر ئاددىي ئادەمگە تازا مۇناسىپ كەلمەيتتى. شۇ ۋەجىدىن
كىتابنى يېزىۋېتىپ، كەمىنە كىچىك يۇسۇپ بىرقانچە رەت قەلى-
مىمنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇم. مۇستاپا كامال تۈرك خەلقى-
نىڭ ھۆرلۈكى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن ۋەتەن ساتقۇچ سۇلتان ھاكى-

www.uyghurkitap.com

مىيتى بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، كۆپ قېتىم مەنسىپىدىن ئېلى-
نىپ، يەنە كۆپ قېتىم مەنسەپتە ئولتۇرغان، شۇنداقلا ھايات-
ماماتىنىڭ قاتتىق سىناقلىرىغا باتۇرلۇق بىلەن بەرداشلىق بېرەل-
گەنىدى. بۇلارنى ئويلىغىنىمدا ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بىرەر ئىش
قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىمنىڭ ئۈستىگە بارلىقىنى تۈرك خەلقىنىڭ
بەخت - سائادىتىگىلا ئاتاپ، ئۆمۈر بويى سىياسىي سەھنىدە
ھەرىكەت قىلغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئادەمنىڭ ئىش - ئىزلىرى-
نى تونۇشتۇرۇپ كىتابچە بولسىمۇ يېزىشقا ئاجىزلىق قىلسام،
مېنى نېمە دېگۈلۈك؟ دەپ ئۆزۈمنى قاتتىق تۈزەتتىم. ئىلگىرى
ئۆتكەن تارىخشۇناسلاردىن بىرى «ئىنسان يالغۇز ئۆزى ئۈچۈن
دۇنياغا كەلگەن بولماستىن، ئۆزىنى تۇزىتىپ بولغانىنىڭ سىرتىدا
باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلىنغان» دېگەنىكەن.
مەن ئاخىرىدا شۇنداق قىلىپ، ياخشى تەنبىھلىك بۇ تارىخچىنىڭ
رىغبىتى بىلەن بىزنىڭ بۇ تەرەپلەردە مەيلى ئىلگىرى ياكى ھازىر
بولسۇن، كامال ئاتا تۈرك ھەققىدە بىرەر ئەسەرنىڭ يېزىلمىغاز-
لىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، «تارىخ ۋە تەرجىمىھال ئىلمىنى باشقىلار
ئۈچۈن بىر كىشى ئادا قىلىپ قويسا بولىدۇ» دېگەن چۈشەنچە
بويىچە غەيرەتكە كېلىپ قايتىدىن قولۇمغا قەلەم ئالدىم. خەيرى-
يەت، مۇستاپا كامال ئاتا تۈرككە بېغىشلانغان بۇ تارىخىي تەرجى-
مىھال ئاخىرى مەيدانغا كەلدى.

مەن بۇ كىتابىمنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخچىسى ئان
ف. ميۇللېرنىڭ «تۈركىيىنىڭ ھازىرقى زامان قىسقىچە تارىخى»
(1973 - يىلى بېيجىڭ نەشرى)، ئەنگلىيىنىڭ ھازىرقى زامان
پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى بىرنارد لېۋىسنىڭ «ھازىرقى زامان
تۈركىيىسىنىڭ راۋاج تېپىشى» (سودا نەشرىياتى، 1982 - يىلى
نەشرى)، «تۈركىيە 1923 — 1973 ئېنسىكلوپېدىيىسى»
(ئىستانبۇل نەشرى، 1 - توم)، تۈركىيىلىك ئىنسانشۇناس
گۈربۈز. د. تۇفەكچىنىڭ «ئاتا تۈرك پەلسەپىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال-

لىقى» (ئەنقەرە، 1981 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى)، ئامېرىكىلىق ش. ن. فىسچېرنىڭ ئىككى توملۇق «ئوتتۇرا شەرق تارىخى» (سودا نەشرىياتى، 1979 ـ يىلى نەشرى)، ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇش تارىخچىسى جېك ۋېرنىنىڭ «بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى چوڭ جەڭلەر» (شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى)، سۇرىيە تارىخ پەنلىرى دوكتورى ئىززەت ئەل نۇسىنىڭ «سۇرىيە جۇغراپىيىسى ۋە تارىخى» (1974 ـ يىلى بېيجىڭ نەشرى)، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخچىسى م. ئىۋانوفنىڭ «ئىران تارىخىنىڭ ئوچېركلىرى» (1973 ـ يىلى بېيجىڭ نەشرى)، ئەنگلىيە ھەربىي ئىشلار تارىخچىسى پېرس سەيكسنىڭ تۆت توملۇق «ئافغانىستان تارىخى» (1972 ـ يىلى بېيجىڭ نەشرى)، گېرمانىيىلىك ۋ. روخنىڭ ئۈچ توملۇق «گېرمانىيە تارىخى» (1976 ـ يىلى بېيجىڭ نەشرى)، گېرمانىيىلىك كارل بىروككلماننىڭ «ئىسلام خەلقلىرى ۋە دۆلەتلىرى تارىخى» (سودا نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى)، ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇش تارىخچىسى داۋېد. خ. زوكىنىڭ «قىسقىچە ئۇرۇش تارىخى» (سودا نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى)، ئالتە توملۇق «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» (جۇڭگو خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىل 1- نەشرى)، ئەنگلىيە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن يېقىندا قايتا تۈزۈلگەن 14 توملۇق «دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخى» (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 1 ـ نەشرى)، «جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» (1994 ـ يىلى چېڭدۇ نەشرى) ۋە «قىسقىچە جۇڭگو ھەربىي ئېنسىكلوپېدىيىسى» (1985 ـ يىلى بېيجىڭ نەشرى) قاتارلىق تارىخىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ يېزىپ چىقتىم.

كامال ئاتا تۈرك 1881 ـ يىلى 19 ـ مايدا تۇغۇلۇپ، 1938- يىلى 10- نويابىر ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. ئويلاپ باقسام 2001 ـ يىلى بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 120 يىللىق

خاتىرىسى ئىكەن. شۇڭا، بۇ ئەسىرىمنى ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 120 يىللىقىغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلىدىم. كىتابتا كامال ئاتا تۈركنىڭ سىياسىي، ھەربىي، دىپلوماتىيە، ئىقتىسادىي ۋە ئىلمىي جەھەتتىكى پائالىيەتلىرىگە كۆپرەك ئورۇن بەردىم. ئۇنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىغا ئائىت ۋەقەلەرنى ئازراق سۆزلىدىم ياكى سۆزلىمىدىم. مۇستاپا كامال ئىنقىلابى ئەسلىدىلا ئالاھىدە بولغان مۆجىزە خاراكتېرلىك ئىنقىلاب بولۇپ، باشتىن سۆزلەنمەي تومتاق بايان قىلىنسا، نۇرغۇن مەسىلىلەر چىگىش پېتى جاۋابسىز قالاتتى. شۇڭا، بۇ ئىنقىلابنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى كىتابخانلارغا ئوبدان يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، تەرجىمىھالىنىڭ ئالدىنقى ئىككى بابىدا ئۇنىڭ تەۋەللۇتىدىن ئاز كەم 100 يىل بۇرۇنقى ئەھۋاللارنى قىسقىچە بايان قىلدىم. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى ۋەقەلەرنى بايان قىلىش بۇ كىتابىمنىڭ ۋەزىپىسى بولمىغاچقا، ئۇ ھەقتە توختالمىدىم. كىتابىمدا مۇستاپا كامالنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋەقەلەرنى ئىمكانقەدەر توغرا بايان قىلىشقا، يەر ــ جاي، ئادەم ناملىرىنى توغرا بېكىتىشكە تىرىشتىم. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى تارىخى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىدىن خەۋىرى بار بەزى ئالىم، مۇتەخەسسىس، سىياسەتچى، تارىخچى، يازغۇچى، تىلشۇناسلارنىڭ، شۇنداقلا پۈرستى كېلىپ جاھان كەزگەن ئىلمىي سەيياھلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئالدىم. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ماڭا خالىس ياردەم قىلغان ياخشى نىيەتلىك ئۇستاز ۋە بۇرادەرلىرىمگە، كىتابىمنى روياپقا چىقىرىپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا، ئەجرى كۆپ جۇانمەرد مۇھەررىرلەرگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. قەدىناس ئايالىم خۇرشىدە مۇھەممەد ئەلى قىزى ۋە پۈتۈن ئائىلەم قوللاپ قۇۋۋەتلىمىگەن بولسا، بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقىشىمغا ئىمكان بولماس ئىدى. شۇڭا، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارغىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن بۇ ئەسىرىم بىلەن 20 ـ ئەسىرنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى پەھلىۋانى ۋە جاھالەتكە قارشى قەھرىمانى بولغان ئۇلۇغ ئىنقىلابچى كامال ئاتا تۈركنى خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇشقا نائىل بولغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. بۇ ئەسىرىمىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئارقىلىق تۈركىيە خەلقى بىلەن ئېلىمىز خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى باردى ـ كەلدى مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، بىر مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يېڭى دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزئارا ئۆگىنىش، چۈشىنىش كەيپىياتى شەكىللەنسە ۋە دوستلۇق كۈچىيىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. كونا بىر گەپتە، جاھاندىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممە-سى بىر ـ بىرىگە قەرزدار، دېيىلىدۇ. مەن بۇ ئەسىرىمىنىڭ ئۆز خەلقىمگە قىلىنغان بىر تېگىشلىك خىزمەت، 21- ئەسىرگە سۇ-نۇلغان سوۋغا، دۇنيا تىنچلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا كۆ-رەش قىلغان بۈيۈك تۈركىيە خەلقىگە بېرىلگەن دوستانە سالام بولۇپ قېلىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى
2000 ـ يىل 19 ـ ماي جۈمە، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى باب

# ئىنقىلاب ئۇرۇقى

مىلادىيە 1789 ـ يىلى پارتلىغان فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئىنسانلار تۈنجى قېتىم بۈيۈك ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدە بىر يېڭى ئۇلۇغ ئىدىيە ھەرىكىتىنىڭ دارىلھەرب بىلەن دارىلئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى توسۇقنى بۆسۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ھەمدە مۇسۇلمان رەھبەرلىرى بىلەن مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرلىرى ئارىسىدىن ھۆررىيەت ئۈچۈن كۈرەشكۈچى داھىيلارنى ئىزدەشكە باشلىدى.

تۈرك تىلىدىكى «ھۆررىيەت» كەلىمىسى ئەرەبلەردىكى «ھۆرىيە»، يەنى «ھۆر» (مەنىسى ئەركىن) دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن ئابستراكت ئاتالغۇ بولۇپ، 1800 ـ يىلىدىن بۇرۇن، ئۇ ئىسلام لۇغەتلىرىدە قانۇن ۋە جەمئىيەت دېگەننىلا بىلدۈرۈپ، «قۇل» نىڭ قارىمۇ قارشىسىدا كېلەتتى. 19 ـ ئەسىردە ئۇ ياۋروپادىن ئۆزگە بىر سىياسىي مەنە تاپتى ۋە مەملىكەت ئىچىدە سىياسىي تۈزۈلمىگە، مەملىكەت سىرتىدا جاھانگىرلارغا قارشى كۈرەش قىلىشۋاتقان ئاممىنى قوزغايدىغان شوئارغا ئايلاندى.

16 ـ ئەسىر تۈرك تارىخىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر ئەسىر بولۇپ، بەزى غەرب تارىخچىلىرى بۇنىڭغا «تۈرك ئەسىرى» نامىنى بەرگەنىدى، ئەمما 1699 ـ يىلىدىكى قارلۇقچا شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن «يېڭىلمەس تۈرك» دەيدىغان كۆزقاراش ياۋروپادا تۈگىدى. فېئوداللارنىڭ مەيدانىغا كېلىشى، نۇرغۇن ۋە-

لايەتلەرنىڭ مەركەزگە ئىتائەتچانلىقىنىڭ سۇسلىشىشى ئىمپېرى-
يىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن
مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى دەل ۋاقتىدا
ئىگىلىيەلمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى مال ئېكسپورت قىلىپ
كەلگەن ئوسمانلىلار ئەمدى ياۋروپادىن مال سېتىۋېلىشقا مەجبۇر
بولدى. ئىسلامىيەت ئۇرۇش سەنئىتى جەھەتتە، بولۇپمۇ سافيور-
نى قىسىم ۋە توپچى قىسىم قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكىنى تەلەپ
قىلىدىغان تارماقلاردا خرىستىئان دۆلەتلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بو-
لۇپ قالدى.

18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى
ئۆزلىرى تەرىپىدىن بۇرۇن كۆزگە ئىلىنماي كەلگەن خرىستىئان
رەقىبلىرىنىڭ قولىدا كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولۇپ كەتكەن-
لىكى ئۈچۈن، ئارمىيىنى، ئارمىيىنىڭ ئۇسكۇنىلىرىنى ۋە تە-
لىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلاپ، زامانغا لايىق-
لاشتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. مىلادىيە 1792 ـ
يىلى، ياۋروپا ھەدەپ فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى مەسىلىسىدە ئۆز
ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقان بىر چاغدا، ئاقىل ھۆكۈم-
ران سۇلتان سەلىم[①] III پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قوراللىق قى-
سىملارنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە بىر لايىھە ماقۇللىدى. لايىھە
1791 ـ يىلى سىلتىرەدە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئارمىيە
قوماندانلىرى، سىياسىي ۋە دىنىي ساھەدىكى 22 نەپەر كاتتا
ئەربابنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتىشى بىلەن رۇيابقا چىقتى.
مۇتەئەسسىپلەر ئوسمانلىلارنىڭ بۇرۇنقى ئالتۇن دەۋرلىرىدىكى
ئۇسۇل ـ چارىلەر بىلەن ئىمپېرىيىنىڭ بۇرۇنقى شۆھرىتىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئويلايتتى، رومانتىزمچىلار فرانسىيىنىڭ
يېڭى تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن يېڭى تىپتىكى قورال ـ

① تولۇق ئىسمى سەلىم ئىبنى مۇستاپا ئىبنى ئەخمەد (سەلتەنەتتىكى ۋاقتى 1789~1807 ـ يىلار) بولۇپ، ئوسمانلىلارنىڭ 28 ـ سۇلتانى.

ياراغلىرىنى كىرگۈزۈشنى تەكىتلەيتتى، رادىكاللار بولسا كونا
ئارمىيىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىپ ئورنىغا ياۋروپاچە بولغان
يېڭى ئارمىيە قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. سۇلتان ئۈچىنچى خىل
پىكىرنى لايىق تاپتى ۋە 1792 ـ يىلىدىن 1793 ـ يىلىغىچە
ھەرقايسى تەرەپلەردىن كېلىۋاتقان توسقۇنلۇق ۋە قارشىلىقلارنى
يېڭىپ، يېڭى ئارمىيىنىڭ يېڭى تەلىم ـ تەربىيە بۇيرۇقى بىلەن
يېڭى نىزامىنى جاكارلىدى. بۇ «نىزامى جەدىد» دەپ ئاتالدى.

سۇلتان سەلىم III توپچى قىسىم، سافىيورنى قىسىم ۋە دېڭىز
ئارمىيىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن
بىللە، يېڭىدىن قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋە دېڭىز ئارمىيە مەكتەپلىرى-
نى قۇردى. دەرس ئۆتۈشكە فرانسىيىدىن ھەربىي ئوقۇتقۇچى،
گېنېراللارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى. ئاناتولىيىدە مەخسۇس
بىر نىزامى جەدىد ئارمىيىسى تەشكىللىدى. سۇلتاننىڭ بۇ ئىسلا-
ھاتى ئۇزاق ئۆتمەي رۇملىيىدە تۇرۇشلۇق مۇھاپىزەتچى قىسىم-
لارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. 1807 ـ يىلى مايدا، قاپۇغچى
ئوغلى مۇستاپا ئىستانبۇلغا باستۇرۇپ كىرىپ بەيگە مەيدانىدا
ئىسلاھاتچىلارنى قىرغىن قىلدى، 29 ـ ماي كۈنى قورallıق
ھەربىي ئۆزگىرىش قىلغۇچىلار شەيخۇلئىسلامنى تۇتۇۋېلىپ،
سۇلتاننى شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلدى دەپ پەتىۋا بېرىشكە قىستى-
دى، شەيخۇلئىسلام مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئوسمانلىلار
ئوردىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، سۇلتاننى تەختتىن
چۈشۈرۈش دەپ پەتىۋا بەردى. يېڭى ئارمىيە دەرھال تارقىتىۋېتىل-
دى، ھايات قالغان بەزى ئىسلاھاتچىلار چەت ئەللەرگە قاچتى،
سۇلتان سەلىم III دارغا ئېسىلدى، فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ
تۈركىيىگە بولغان تەسىرى ئۆز جايىدا شۇ پېتىچە تۈنجۇقتۇرۇل-
دى.

تەرەققىيپەرۋەر ئىسلاھاتچى سۇلتان سەلىمنىڭ قىلىپ بو-
لالمىغان ئىشى ئۇزاق ئۆتمەي سىلىسترەلىك دوناي دەرياسى ئال-

دىنقى سەپ قوماندانى ئەلەمدار مۇستاپا پاشا تەرىپىدىن دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇ يېڭىدىن «سەكبانى جەدىد» (تەرەققىيپەرۋەر يېڭى چېگرا قىسىملىرى) تەشكىللەپ، لەۋەند قىشلىقىدا تەلىم ـ تەربىيىنى باشلىدى، نىزامى جەدىدنىڭ ئاۋۋالقى ئوفىتسېرلىرىدىن ئاماۋۇت مۇستاپا سەلىمىيىدە چېرىكلەرنى تىزىملاشقا قويۇلدى، تاللانغان كاتىپ بەھىچ ئەپەندى ئۇمۇرى جىھادىيە نازىرلىقىغا تەيىنلەندى، نىزامى جەدىدنىڭ كەتخۇداسى[1] سۇلايمان ئاغا سەكبانى جەدىدنىڭ ئاغالىقىغا تەيىنلەندى. ئەمما، ئۇنىڭ ئىسلاھاتى ناھايىتى قىسقا بولدى. 1808 ـ يىلى نويابىردا ئىسلاھاتقا قارشى مۇتەئەسسىپ ھەربىيلەر ئۇنى قونالغۇسىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى.

«نىزامى جەدىد» بىلەن «سەكبانى جەدىد» نىڭ قۇرغۇچىلىرى يوقىتىلىپ سۇلتان مەخمۇد Ⅱ (ئەدلى)[2] تەختكە چىقتى. ئۇ 1826 ـ يىلى 28 ـ مايدا يېڭى ئارمىيە قۇرۇش ھەققىدە پەرمان جاكارلاپ، ئارمىيىنى مەشققە سالىدىغان مەشقاۋۇللارنى چەتئەلدىن ئەكەلدى. بۇ ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى سۇلتان سەلىمنىڭ ۋاقتىدىكى «نىزامى جەدىد» نىڭ ئۆزى ئىدى. مۇتەئەسسىپ ھەربىيلەر يەنە ئىسيان كۆتۈرۈپ، 1807 ـ يىلىدىكىگە ئوخشاش بەيگە مەيدانىنى يەنە بىر قېتىم قانغا بويىماقچى بولدى. ئەمما سۇلتانىنىڭ قاتتىق قوللۇق بىلەن تەدبىر تۈزۈشى ئارقىسىدا، قوراللىق ھەربىي ئۆزگىرىش قىلغان بەش باتالىئون ئەسكەر ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىلدى. قوماندان ئاغا ھۈسەين پاشا شەيخۇلئىسلامدىن پەتىۋا ئېلىپ، ئىسيانچى ھەربىيلەرنىڭ ئۈچ نەپەر كاتتىبېشىغا ئۆلۈم جازاسى بەردى، قالغانلىرىنى سۈرگۈن قىلدى.

---

[1] ئورۇنباسارى دېگەن مەنىدە.

[2] سۇلتان مەخمۇد Ⅱ (1808~1839 ـ يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن) ئوسمانلىلارنىڭ 30 ـ سۇلتانى، بەزىدە ئۇ ئوسمانلى تارىخىنىڭ ئىمپېراتورى پېتېرى دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

سۇلتان مەخمۇد II 1773 ـ ۋە 1793 ـ يىللىرى قۇرۇلۇپ، كېيىن تاقىۋېتىلگەن دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە سافىيورنى مەكتەپلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. مۇتەئەسسىپلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا قارىماي چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقاردى. ئۇنىڭ ۋاقتىدا مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى (1827 ـ يىلى)، مۇزىكا ئىنستىتۇتى ۋە ھەربىي ئاكادېمىيە (1831 ـ يىلىدىن 1834 ـ يىلىغىچە) قۇرۇلدى ۋە مەخسۇس فرانسۇز تىلى ئۆگىتىلىدىغان تەييارلىق سىنىپلىرى تەسىس قىلىندى. 1838 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئۇ ھەربىي خاراكتېرىنى ئالمىغان باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، «رەشىدىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا كىرىشتى. بۇ نام ئەرەبچىدىكى «رۇشىد» كەلىمىسىدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى ياش، ئۆسمۈرلەر دېگەنلىك بولاتتى. سۇلتان يەنە ئىستانبۇلدىكى سۇلتان ئەخمەد مەسچىتى بىلەن سۇلايمانىيە مەسچىتى يېنىدا «مەكتەبى مائارىپى ئەدلىيە»[1] ۋە «مەكتەبى ئۇلۇمى ئەدەبىيە» نامىدا ئىككى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تەسىس قىلدى. بۇ مەكتەپتە ئەنئەنىۋى دەرسلەر ئوقۇتۇلۇشتىن تاشقىرى، يەنە فرانسۇز تىلىدا زامانىۋى پەنلەردىنمۇ دەرس ئۆتۈلەتتى، بۇ ئىككى مەكتەپنىڭ مەقسىتى ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈش ئىدى. بۇ مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ بەزىلىرى كېيىنكى بىر ئەۋلاد رەھبەرلەر بولۇپ چىقتى.

غەربنىڭ يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى سىناق قىلىش، يېڭى دەرسلىكلەرنى تۈزۈش ۋە كىرگۈزۈش، يېڭى ئىدىيە، يېڭى بىلىم ۋە يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىش جەھەتلەردە ئىككى كىشى سۇلتانغا ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدى. ئۇلار ئاتاۋۇللا مۇھەممەد (1767～1826 يىللىرى) بىلەن خۇاجە ئىسھاق ئەپە-

[1] ئەدلىيىنىڭ مائارىپ مەكتىپى دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ سۇلتاننىڭ ئەدلى دېگەن تەخەللۇسىغا قارىتىلغان.

ـەندى (1834 ـ يىللىرى ۋاپات بولغان) لەر ئىدى. ئاتاۋۇللا مۇھەممەد (تەخەللۇسى شەنىزادە) ياۋروپانىڭ بىرقانچە تىللىرىنى تولۇق بىلىدىغان ئالىم ئادەم بولۇپ، تارىخ، مېدىتسىنا پەنلىرىدە ئىلىم ئىھاتىسى كەڭرى ئىدى. ئۇ «تارىخ» ناملىق كىتابىدا «مەجلىسى مەشۇرەت» (كېڭەش يىغىنى) ھەققىدە توختالدى. ئەمما، ئۇنىڭ تۆھپىسى سىياسىي جەھەتتە بولۇشتىن تولاراق ئىلىم ـ پەن جەھەتتە ئىدى. ئۇ «ئاۋسترىيە مېدىتسىنا ئىلمى» دېگەن دەرسلىك كىتابنى ئىتالىيان تىلىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلدى. بۇ ئەسەرگە يەنە ئۇنىڭ فىزىئولوگىيە ۋە ئاناتومىيە ھەققىدىكى بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ دەرسلىكى تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مېدىتسىنا ئىلمى بىلەن غەربنىڭ ھازىرقى زامان مېدىتسىناسىنى بىرلەشتۈردى. ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئىجاد قىلغان بىر يۈرۈش تۈركچە مېدىتسىنا ئاتالغۇلىرى مۇستاپا كامالنىڭ يېزىق ئىسلاھاتىغىچە بولغان 100 يىل مابەينىدە سىجىل قوللىنىلدى. خۋاجە ئىسھاق ئەپەندى تۈركچە، ئەرەبچە، پارسچە، فرانسۇزچە، لاتىنچە، گرېكچە ۋە ئىبرانىچىنى بىلەتتى. ئۇ 1815 ـ يىلىدىن باشلاپ، دەسلەپتە ماتېماتىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، كېيىنرەك باش ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئىدىيە يېتەكچىسى بولدى. ئۇ ماتېماتىكا ۋە فىزىكا پەنلىرىنى ئوقۇتۇشقا ئائىت تۆت جىلدلىق ئوقۇتۇش پروگراممىسى تۈزۈپ، ئىمپېرىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم ياۋروپانىڭ ماتېماتىكا، فىزىكا ۋە ماشىنىسازلىق ئىلمىغا ئائىت بىلىملەرنى تۈرك ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆگەتتى. ئۇ يەنە ھەربىي ئىشلار ئىلمى ۋە ھەربىي سافىيورنىلىققا ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى ۋە تەرجىمە قىلدى.

1839 ـ يىلى ئىيۇلنىڭ 1 ـ كۈنى، سۇلتان مەخمۇد II ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئورنىغا 16 ياشلىق ئوغلى ئابدۇلمەجىد تەختكە چىقتى. سۇلتان ئابدۇلمەجىد I (1839～1861 يىللىرى) مۇتىدىل مىجەزلىك، ئىسلاھاتقا مايىل، فرانسۇزچە سۆزلەيدىغان،

www.uyghurkitap.com

ئۆز تەبىقىسى ئىچىدە تۇنجى قېتىم غەربچە تىل ئىشلەتكەن سۇلتان ئىدى. ئۇ تەختكە چىقىپ تۆت ئايدىن كېيىن، يەنى 1839ـ يىلى 3 ـ نويابىردا ئىستانبۇلدىكى گۈلخانە سارىيىدا ھەيۋەتلىك مۇراسىم ئۆتكۈزدى. مۇراسىمدا 1832 ـ يىلى ئىمپېرىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرىنىڭ مۇدىر كاتىپى، 1834 ـ يىلى پارىژدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى، 1839 ـ يىلى سۇلتاننىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى بولغان مۇستاپا راشىد پاشا سۇلتانغا ۋەكالەتەن «ھاتتى شارىف» (ئالىي يارلىق) جاكارلىدى. بۇ ئوسمانىيلار تارىخىدا «تەنزىمات» دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ ئىسلاھات ھۆججەتلىرىنىڭ تۇنجىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا جىنايەت ۋە جازا، ھەق تەلەپ ئىشلىرى، باج تۈزۈمى ۋە ئەسكىرىي ئىشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغاندى. ئىلگىرى ئوسمانىيلارنىڭ سۇلتانلىرى مەخمۇد II زامانىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا قانۇنلارنى جاكارلاپ كەلگەنىدى. ئەمما، ئۇ قانۇن تۈزۈش تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن قانۇنلار بولماستىن، ئەسلىدە بار بولغان قانۇنلارنى رەتلەپ تۈپلەپ قويغان دىۋاندىنلا ئىبارەت ئىدى. 1840 ـ يىلى مايدا، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يېڭى تۈزۈلگەن «جازا قانۇننامىسى» ئېلان قىلىندى، ئەمما ياندۇرقى يىلى جاكارلانغان فرانسىيىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە تۈزۈلگەن يېڭى سودا قانۇنى مۇسۇلمان فىقھشۇناسلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۇلار بۇ قانۇن شەرىئەتكە خىلاپ، دەرھال توختىتىلسۇن، دېيىشتى. 1841 ـ يىلى ياش سۇلتان ئابدۇلمەجىدخان ئامالسىز ئىككى ۋەزىرىنى ئەمەلدىن ئېلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن «ھاتتى شارىف» ئارقىلىق بەرپا قىلىنغان يېڭى قانۇن ـ تۈزۈملەر بىكار قىلىنىپ، ئاۋۋالقى ئىشلار ئەسلىگە كەلدى.

1845 ـ يىلى، مۇستاپا راشىد پاشا قايتىدىن تەختكە چىقىپ دىپلوماتىيە ۋەزىرى بولدى، ياندۇرقى يىلى سادرازاملىققا[1] ئۆسـ

---

[1] سادرازام — ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى زامانىدىكى باش مىنىستىر.

تۇرۇلدى. مۇتەئەسسىپ كۈچلەر تەرىپىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىتىلغان ئىسلاھات ئۇنىڭ سادرازاملىققا تەيىنلىنىشى بىلەنلا، قايتىدىن يەنە بىر قېتىم يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. مۇستاپا راشىد پاشا تەختكە چىقىپلا، 1839 ـ يىلىدىكى «ھاتتى شارىف»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتى مۇسۇلمانلارنىڭ قەدىمكى ئۇسۇلى بويىچە ئېلىپ بېرىلىپ، تارىختا «تەنزىمات» دەپ ئاتالدى.

1845 ـ يىل مارتتا، ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى ئەدلىيە، ھەربىي، ھەق تەلەپ قانۇنىدىن تولۇق خەۋىرى بار يەتتە كىشىدىن تەشكىل تاپقان ھەيئەت تەشكىل قىلدى ۋە شۇ چاغدىكى بار مەكتەپلەرنى ئېنىقلاپ چىقىپ، جەدىد مەكتەپلىرى (يېڭى مەكتەپلەر) قۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى ئىشلەشكە كىرىشتى. بۇ ھەيئەتلەر ئىچىدە دىپلوماتىيە ۋەزىرىنىڭ ئورۇنباسارى، قوشۇمچە دۆلەت ئىشلىرى مەجلىسى ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەلى ئەپەندى[1] بىلەن دۆلەت ئىشلىرى مەجلىسىنىڭ باش تەرجىمانى فۇئات ئەپەندىلەر[2] بار ئىدى. 1846 ـ يىلى بۇ ئىككىيلەننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئىلگىرى قۇرۇلغان مېدىتسىنا، يېزا ئىگىلىك، دېڭىز ئارمىيىسى، مەمۇرىي باشقۇرۇش، شۇنداقلا مال دوختۇرلۇق ئىنستىتۇتلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە مەخسۇس بىر مەجلىس تەسىس قىلىنىپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان، مەجبۇرىي يولغا قويۇلىدىغان ۋە ھەق ئېلىنمايدىغان مائارىپنى تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1851 ـ يىلىغا بارغاندا، مۇشۇنداق ھەر خىل مەكتەپلەر ئالتە يەردە قۇرۇلدى. شۇ يىلى فۇئات پاشا شۇ ۋاقىتتىكى ئىلىم ساھەسىنىڭ رەھبىرى ئەخمەد جەۋدەت پاشا (1822 —

① ئەلى پاشا (1815 ــ 1871) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
② فۇئات پاشا (1815 ــ 1869) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

1895 ـ يىللىرى) بىلەن بىرلىشىپ «قەۋائىدى ئوسمانىيە» نى نەشر قىلدۇردى. بۇ مەتبەئەدە بېسىلغان تۈرك تىلىنىڭ تۇنجى گراماتىكا دەرسلىكى بولۇپ، يېزىق ئىسلاھاتىدىكى بىر ئامايانده ئىدى.

مىلادىيە 1852 ـ يىلى، ئالتە يىل سادرازام بولغان مۇستاپا راشىد پاشا تەختتىن چۈشتى. ياندۇرقى يىلى ئىيۇن ئېيىدا رۇسىيىنىڭ 80 مىڭ ئەسكىرى دونايدىكى ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانـ لىقىغا قاراشلىق مولداۋىيە ۋە مالاخىيە كىنەزلىكلىرىنى بېسىۋالـ دى. شۇ يىلنىڭ نويابىر ئېيىدا، ئادمىرال ناخىموفنىڭ فلوتى (ھەربىي كېمىلەر قىسمى) قارا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى سىنوپ پورتىنىڭ ئاغزىدا تۈرك كېمىلىرىنى سوغا چۆكتۈرۈۋەتـ تى. رۇس فلوتى ناھايىتى چوڭ غەلىبە قازاندى. تۈركىيىنىڭ قۇدرەتلىك ئىتتىپاقچىسى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە 1854 ـ يىلى كۈزدە 36 ھەربىي كېمە، ئەسكەر ۋە زەمبىرەك ئارتقان ترانسـ پورتلاردىن تۈزۈلگەن بىر ھەربىي فلوتنى قارا دېڭىزغا كىرگۈزـ دى. شۇنىڭ بىلەن قىرىم ئۇرۇشى باشلاندى. قىرىم ئۇرۇشى رۇسىيىنىڭ قارا دېڭىزدىكى دېڭىز سېپىلى — سېۋاستېپولدا 349 كۈن داۋام قىلدى. ئۇرۇشتا رۇسىيىنىڭ سېۋاستېپولنى قوغداشقا ئەۋەتكەن قوماندانلىرىدىن ئادمىرال ناخىموف بىلەن كورنىلوفلار كەينى ـ كەينىدىن ئۆلدى. ئوسمانىيلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ساردىنىيە قوشۇنلىرى گەرچە 1855 ـ يىلى سېنتەبىردە سېۋاستېپولنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، ئەمما غەلىبە قىلغان ئىتتىپاقچىلارغا قانغا بويالغان خارابىلىقلار قالدى. چار پادىشاھ نىكولاي I ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. رۇسىيە ياندۇرقى يىلى مارتتا پارىژدا تۈزۈلگەن تىنچلىق شەرتنامىسىگە قول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ تىنچلىق شەرتنامىسىدە، رۇسىيە قارا دېڭىز ياقىسىدىكى بارلىق سېپىللارنى ۋە دېڭىز قورال ـ جابدۇقـ لىرىنى چىقىرىدىغان جايلارنى يوق قىلىشقا، شۇنداقلا قارا دېـ

ڭىزدا ھەربىي كېمىلەرنى ساقلىماسلىققا مەجبۇرلاندى.

قىرىم ئۇرۇشى كرىپوستنويلۇق رۇسىيىنىڭ ئەنگلىيە ۋە
فرانسىيە قاتارلىق غەرب ئەللىرىدىن كۆپ قالاق ئىكەنلىكىنى
ئوچۇق كۆرسىتىش بىلەن بىللە، يەنە ئوسمانلىلارنىڭمۇ قۇدرەت-
لىك ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ پار ۋە يەلكەن بىلەن ماڭىدىغان فلوت-
لىرىنىڭ ياردىمىسىز رۇسىيىگە تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى ئو-
چۇق كۆرسەتتى. ئىسلاھاتنىڭ قەدىمى قىرىم ئۇرۇشى تۇپەيلىدىن
تېخىمۇ تېزلەشتى. ئىستانبۇلدا تېخىمۇ كۆپلىگەن ئەنگلىيە،
فرانسىيە ۋە ئىتالىيە ئەسكەرلىرى، ھۆكۈمەت خادىملىرى، سو-
دىگەر، مۇخبىر ۋە ساياھەتچىلەر پەيدا بولۇپ، ئوسمانىيلار جەم-
ئىيىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. شەرق بىلەن غەرب-
نىڭ ئۇچرىشىشى ئەلمىساقتىن بېرى مۇنداق مىسلىسىز بولۇپ
باقمىغانىدى. بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ تۈركىيىدە ھەددى ـ ھېساب-
سىز ئالتۇنلارنى بۇزۇپ ـ چېچىپ خەجلىشى تۈركىيىدىكى نۇر-
غۇنلىغان ئاھالىلەرنىڭ ياۋروپاغا ساياھەتكە بېرىش، ئۆگىنىش،
شۇنىڭدەك ياۋروپا ئاقارتىش ھەرىكىتى بىلەن تونۇشۇش ئارزۇلى-
رىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى تەمىن ئەتتى. بۇنىڭ بىلەن ياۋروپا
مائارىپىنى قوبۇل قىلىش دەۋرىنىڭ تەلىپىگە ئايلىنىپ، ئەۋزەل
شارائىتقا ئىگە، ئىنتىلىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئائىلىلەرنىڭ
بالىلىرى پارىژ، گېنرىيا، لوندونلارغا كەتتى.

1856 ـ يىلى 18 ـ فېۋرالدا، سۇلتان ئابدۇلمەجىد I
سادرازام مۇستاپا راشىد پاشا غۇلىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئىسلا-
ھاتقا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئەلى پاشا ۋە فۇئات پاشالارنىڭ
رىياسەتچىلىكىدە گۇلخانە سارىيىدا «ھاتتى ھۇمايۇن» (مۇقەد-
دەس يارلىق) جاكارلاپ، بۇنىڭدىن 17 يىل بۇرۇن جاكارلانغان
«ھاتتى شارىف» بىلەن 10 يىل بۇرۇن يولغا قويۇلغان «تەنزى-
مات» نى قايتىدىن مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ ھۆججەت كىشىلىك
ھوقۇقى (ئىنسان ھوقۇقى) نى كاپالەتلەندۈرىدىغان بولغاچقا،

www.uyghurkitap.com

«گۈلخانە ھاتتى ھۇمايۇن»، «ئىسلاھات پەرمانى» ۋە «پەرمانى ئادالەت» دېگەنگە ئوخشاشناملار بىلەن ئاتالدى.

گۈلخانە سارىيىدا جاكارلانغان ئادالەت پەرمانى ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاھالىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ غەيرىي ئىسلام ئاھالىلىرىگە مۇسۇلمانلار بەھرىمەنلىنىۋاتقان ياكى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ئۆزلىرىچە بەھرىمەنلىنىشكە تېگىشلىك، دەپ قارىغان ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەنلىنىش ھوقۇقىنى بەردى. كاتولىك دىنى جەمئىيەتلىرىدىكى باش روھانىيلار ۋە ئاقساقاللار ئۆمۈرۋايەتلىك ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىنىدىغان، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرى سايلاپ چىققان پارلامېنت بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان مەمۇرىي ئورگانلىرىنى ئۆز قولىدا تۇتىدىغان بولدى. پەرمان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى جاكارلاپ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلانمايدىغانلىقى، دىنىي ئېتىقاد ۋە دۆلەت تەۋەلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىنىش - قالدۇرۇلۇشىنىڭ چەكلىمە ۋە توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايدىغانلىقى، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، مەكتەپتە ئوقۇش، ئەسكەر بولۇپ ھەربىي مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش قاتارلىق ھوقۇقلىرىنىڭ بارلىقىنى بەلگىلىدى. پەرماننىڭ جاكارلىنىشى بىلەن مۇسۇلمانلار ۋە مۇسۇلمان بولمىغانلار ئارىسىدىكى مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك ھەر خىل دەۋالار بىردەك ئارىلاشما سوتقا تاپشۇرۇلۇپ، بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسى جامائەتكە ئوچۇق ئۇقتۇرۇلىدىغان بولدى. پەرمان تەن جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، جازا تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلدى، ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ باج تاپشۇرۇش ۋە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش جەھەتتىمۇ باراۋەر ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. پەرمان جاكارلىنىش بىلەن تەڭلا، پۈتۈن ئىمپېرىيە تەۋەسىدە چەت ئەللىكلەر ئۆزلىرىنىڭ

مۇقىم مۇلۇكلىرىنى ئېلىپ يۇرەلەيدىغان، ساتالايدىغان ۋە بىر تەرەپ قىلالايدىغان بولدى. پەرماندا يەنە ھەر يىلدا بىر قېتىم دۆلەت خامچوتى تۈزۈش، بانكا ۋە مالىيە ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش، كونكرېت قەدەم ـ باسقۇچلارنى قوللىنىپ پۇل ۋە ئالتۇن تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق ئىشلارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تاشيول ۋە قاتناش ئىشلىرىغا ئېتىبار بېرىلىپ، سانائەت ۋە دېھقانچىلىق رىغبەتلەندۈرۈلدى، ھەرقانداق مىللەت ئۆز ئالدىغا مەكتەپ ئاچسا يول قويۇلدى. ياۋروپا جەمئىيەتلىرىنىڭ ئىمپېرىيە تەۋەسىدە ئىلىم ـ پەن، سەنئەت ۋە باشقا ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، «گۈلخانە ھاتتى ھۇمايۇن» ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئاساس سالدى. ئەمما، ئۇ مۇسۇلمان بولمىغانلار ئارىسىدا كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان مىللەتچىلىككە سەل قارىغانىدى، شۇڭلا دەسلەپىدىلا مەغلۇبىيەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلالمىدى.

مىلادىيە 1861 ـ يىلى 25 ـ ئىيۇندا، سۇلتان ئابدۇلمەجىد I ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئىنىسى ئابدۇلئەزىز تەختكە چىقتى. سۇلتان ئابدۇلئەزىز (1861～1876 ـ يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن) ئاكىسى ئابدۇلمەجىد خانغا ئوخشىمايدىغان، مىجەزى چۇس، ئۆزگىرىشچان، زالىم ۋە قاتمال ئادەم ئىدى. ھەقىقىي ساپ نىيەت بىلەن ئۆزىنى نىزامى جەدىدنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا بېغىشلىغان كىشىلەرنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدىن، ئابدۇلمەجىدنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاجىز، زەئىپ ئىنىسى ئابدۇلئەزىزنىڭ زامانىسىدا چۇشكۇنلۇك بىلەن ئۇمىدسىزلىك ھۆكۈم سۈردى. ئاز ساندىكى تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر يېڭىلىققا كۆچۇشنى تەكىتلەپ تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار دۆلەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولماي، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىكنى جان بېقىشنىڭ يولى قى-

www.uyghurkitap.com

لىنىۋالغان ۋە ئىمپېرىيە سىياسىتىنى يېڭىلىماي بىر ئىزدا توختىتىپ تۇرۇۋالغان بۇ مۇتەئەسسىپ ھۆكۈمرانىنىڭ بېسىپ تۇرۇشى بىلەن زۇۋان سۈرەلمىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئەلى پاشا ۋە فۇئات پاشالار ئىسلاھاتتا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، 1864 - يىلى فرانسىيىدىكى نىشىنىڭ ۋالىيلىقىنى ئۆتەۋاتقان مىدھەت پاشا (1822~1883) نى ئىستانبۇلغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە «ۋىلايەت قانۇنى» نى تۈزۈپ چىقىپ پۈتكۈل ئىمپېرىيىنى 26 ۋىلايەتكە بۆلدى.① تۆت يىلدىن كېيىن، يەنى 1868 - يىلى ئاپرېل ئېيىدا، ئىمپېرىيىنىڭ ئەڭ ئالىي دۆلەت ئىشلىرى مەجلىسىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، «دىۋانى ئەھكامى ئەدلىيە» ۋە «دىۋانى ھۇمايۇن» دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. ئالدىنقىسى بۇرۇنقى ئەدلىيە مەجلىسىنىڭ كۆچۈرمىسى، كېيىنكىسى فرانسىيە پارلامېنتىنىڭ كۆچۈرمىسى ئىدى. ئالدىنقىسى ئەدلىيە ئورگىنى، كېيىنكىسى بولسا مەمۇرىي دەۋالارغا قاراپ چىقىدىغان ئالىي سوت ئىدى. «دىۋانى ئەھكامى ئەدلىيە» گە رەئىس بولغان ئەخمەد جەۋدەت پاشا (ئۇ ئەمەلىيەتتە ئەدلىيە مىنىستىرى ئىدى) يېڭىدىن «نىزامىيە سوتى» دېيىلىدىغان بىر ئۆرپ - ئادەت سوتىنى قۇرۇپ چىقىپ، سوت قىلىشنىڭ ھوقۇق ۋە تەرتىپلىرىنى بېكىتتى، شۇنىڭدەك «دىۋانى ئەھكامى ئەدلىيە» دە ئاغزاكى دەۋالارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بىر قاتار يېڭى تۈزۈملەرنى ئورناتتى. شۇ يىلى ئىستانبۇلدىكى گالاتا سارىيىدا ئوسمانلىلارنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلۇپ، فرانسۇز تىلىدا دەرس باشلىدى، ئارقىدىن ئۇلاپلا ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى فرانسۇزچە ئوقۇتۇش سىناق قىلىندى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلار دەسلەپتە ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ، كېيىن يېڭى قۇرۇلغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرى ۋە ھاكىمىيەت

① بۇ قانۇن ئوسمانلىلار ئىمپېرىيىسى تارىخىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە يولغا قويۇلدى.

ئورگانلىرىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

بۇ ۋاقىتتا، ئوسمانلىلار ئىمپېرىيىسى تېز سۈرئەتتە بەربات بولۇۋاتماقتا ئىدى. قىرىم ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئوسمانلىلارنىڭ غەربىي ياۋروپادىن ئالغان قەرز سوممىسى 10 مىلياردتىن ئېشىپ كەتتى، بۇ چاغدا قەرزدىن باشقا نەرسىنىڭ بۇنچىۋالا ساننى ئىپادىلەشكە قۇربى يەتمەيتتى. باج تۇزۇمى كۈندىن - كۈنگە چىرىكلەشتى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى ۋە ئابدۇلمەجىد بىلەن ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇزۇپ چېچىشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان چىقىمغا بەرداشلىق بېرىشكە غەرب دۇنياسىدىكى ئالتۇن بازىرىدىن كۆپ مىقداردا قەرز ئالمىسا بولمايتتى. بۇ چاغدىكى ئىمپېرىيە خۇددى زىيا پاشانىڭ ئېيتقىنىدەك «ناۋادا ھىجرىيىنىڭ 1000 - يىلىدىن 1255 - يىلىغىچە (مىلادىيە 1259 - يىلىدىن 1839 - يىلىغىچە) زەئىپلىشىش يولىدا ئىككى ئات قوشۇلغان ھارۋىدەك ماڭغان بولسا، ھىجرىيىنىڭ 1255 - يىلىدىن 1285 - يىلغىچە (مىلادىيە 1839 - يىلىدىن 1869 - يىلىغىچە) خارابلىشىش يولىدا پويىزدەك ئۇدۇل چاپتى». بۇنداق يېتەرسىزلىك ۋە كەمتۈكلۈكنى تولۇقلايدىغان بىردىنبىر چارە مەجلىسى مەشۋەرەت (ئاساسىي قانۇن جاكارلانغان مەجلىس) ئىدى.

ئەلقىسسە، سۇلتان سەلىم Ⅲ زامانىسىدا جەدىد دېگەن بۇ يېڭى ئۇقۇمنى بەزىلەر قوبۇل قىلىشنى ئانچە خالىمىدى. مىلادىيە 1798 - يىلى دىپلوماتىيە ۋەزىرى ئاتىف فرانسىيە ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىدىكى جايلاردا قوللىنىلىۋاتقان ئۇسۇلى جەدىدلەر توغرىسىدا دوكلات بەرگەندە، «ئۇلارنىڭ بۇ يەردە قەدىمكى يۇنانچە بولغان بىر ھۆكۈمەتنى قايتا قۇرۇش ۋە بىر ھۆر سىياسىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن قوللانغان ھەرىكەتلىرى ئۇلارنىڭ يامان غەرىزىنى ئىپادىلەپ قويىدى» دېدى. دەرۋەقە، ئاتىفنىڭ بايقىغىنى ھەقىقەتەن راست بولۇپ، مىللەتچىلىك بىلەن ھۆرىيەتچىلىك 19 - ئەسىردىكى فېئودال مۇستەبىت

ئوسمانىيلار ھاكىمىيىتىنى پاچاقلاپ تاشلاشقا مۇناسىۋەتلىك ئىككى زور كۈچ ئىدى. گەرچە مۇتەئەسسىپ كۈچلەر فرانسىيىچە ھۆرلۈككە ئىنتىلىدىغان ئىنسان ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈدىغان، ھاكىممۇتلەقلىققە چەك قويىدىغان ھەرىكەتلەرنى توسقان ۋە باسقان بولسىمۇ، ئەمما ھۆرىيەت دەرىخىدىن يىرىۋېتىلگەن بۇ ياش نوتا ئىسلامىيەتنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم قورغىنى تۈركىيىدە بەرىبىر يىلتىز لىدى.

19- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، تۈركىيىلىكلەر ئىچىدە تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر، بولۇپمۇ پۇرسىتى كېلىپ غەرب ئەللەرىگە چىقىپ ساياھەت قىلغان كىشىلەر ئۆز دۆلىتىنىڭ قالاق ۋە كەمبەغەللىكىنى، ئەكسىچە ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمىغۇدەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ بېيىپ كەتكەن ياۋروپانىڭ بولسا پۈتۈن دۇنيانى ئالىقىنىغا كىرگۈزۈپ ئوينىتىۋاتقانلىقىنى قاتتىق ھەسەت ئىچىدە كۆردى. ئىلگىرىكى «ئىمپېرىيە نېمىشقا راۋاج تاپمايدۇ؟» دېگەن كونا مەسىلە بىردىنلا «ئىمپېرىيە نېمىشقا زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ؟ ئەكسىچە ياۋروپا نېمىشقا ئىلگىرىلەپ كېتىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ؟ ياۋروپانىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشتىكى سىرى زادى نەدە؟» دېگەن مەسىلىگە كۆچتى.

1837 - يىلى، ئوسمانىيلارنىڭ ۋېنادا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى سادىق رىفات پاشا (1807~1856 - يىللىرى) «ياۋروپانىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق ماقالە يېزىپ، ياۋروپا بىلەن تۈركىيىنى سېلىشتۇرۇپ، ئوسمانىيلارنىڭ ياۋروپادىن قانداق ئۆگىنىشى ۋە نېمىلەرنى ئۆگىنىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. رىفات پاشانىڭ ئاساسلىق كۆزقارىشى ئىسلامىيەتنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى ئەنئەنىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمىدى. ئۇنىڭ ئەھمىيەت بەرگىنى ئادالەت بولۇپ، ھۆرلۈك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا ھۆكۈمرانلاردا قانۇن ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتى بولۇشى، پۇقرالىرىغا ئادىل ۋە سېخىيلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم ئىدى. ئۇنىڭ بۇ كۆزقارىشى

ئەرەبلەردىكى «خەلىپە ئادىل بولسا ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئېيتىش، ئادىل بولمىسا ئۇنىڭ بۇ گۇناھىغا تەخىر قىلىپ تۇرۇش» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنىڭ يېڭىچە ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ كۆزقارىشىغا شۇ چاغدا ئوسمانىيلارنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسىنىڭ مۇدىر كاتىپى بولغان سەئىد مۇستاپا سامى 1840 - يىلى يازغان بىر پارچە ماقالىسى بىلەن يانداشتى. بۇ ئىككى دىپلومات يازغۇچى ماقالىلىرىدە ئىلىم - پەننىڭ دۆلەتنى روناق تاپتۇرۇشتىكى مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، ئىلىم - پەن بىلەن ھۆرلۈكنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەشتى. ئۇلارچە بولغاندا، ھۆرلۈك ئىنسانلارنىڭ قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرلىكى ۋە كاپالەتكە ئېرىشىشىدىن دېرەك بېرەتتى. تەنزىمات دەۋرىنىڭ سىياسىئونلىرىمۇ مۇشۇنداق كۆزقاراشتا بولۇشقان بولۇپ، ئۇلار ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرىنىڭ خەلقنى خالىغانچە بوزەك ئېتىشىنى يېڭى قانۇن تۇرغۇزۇش ۋە يېڭى سوت تەسىس قىلىش ئارقىلىق چەكلەش لازىم، دەپ قارىغانىدى. سەيدۇللا پاشا (1838 ~ 1891- يىللىرى) ئۆزىنىڭ «19 - ئەسىر» دېگەن شېئىرىدا ئىلىم - پەننىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ۋە مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ماختىدى، ئۇ يېڭىلىقتا كۆچۈشنىڭ ئاۋانگارتى ئىدى، ئۇ شېئىرىدا مۇنداق دېدى:

نىزامى جەدىد ئېلىپ كەلدى مەرىپەتلىك بىر زامان،
كىشىلىك ھوقۇق، مال - دۇنيا قوغدىلىدىغان تىنچ، ئامان.

ئەمەس قۇل زەيىدكە ئامۇر، زەيىد ئامۇرغا ھەم خوجا[1]،
ئاساس سالدى تەڭلىككە بىر دانىشمەن ھۆكۈمران.

---

① ئامۇر بىلەن زەيىدلەر ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت كىتابلىرىدا ئەنئەنىۋى يوسۇندا نەقىل كەلتۈرۈلىدىغان ئادىللىق بىلەن زالىملىقتا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىككى شەخس بولۇپ، «ئىنجىل» دىكى John Doeb بىلەن Richard Roe لەرگە تەڭ كېلىدۇ. بۇنىڭ بىر ھېكايىسى بار.

ئىلىم ـ پەن تارقىلىپ كىرگەچ تەپەككۇر كەڭ قانات قاقتى،
مەتبەئەچىلىك ئاتا قىلدى بىر بوشلۇققا يېڭى جان.

غەرب دۇنياسىدا تاڭ ئاتتى ئىلىم ـ ھېكمەت نۇرى بىرلە،
رۇم، ئەرەب، مىسىر، ھىرات شۆھرىتى سۇنۇپ يەكسان.

تەرەققىيات دەۋرى بۇ، دۇنيا ئىلىم دۇنياسى،
نادان بىلەن نە چىقىشسۇن ئەمدى بىزنىڭ بۇ جاھان[①]؟

بۇ دەۋردە سۇلتان ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىرلىرى سولتان بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى يېڭىچە شەرھلەنگەن مۇناسىۋەتلەرنى مەلۇم جەھەتتىن ئېتىراپ قىلدى. ئەمما، پۈتكۈل 19- ئەسىردە سولتاننىڭ ھاكىممۇتلەقلىقى ئاجىزلىدى ئەمەس، بەلكى داۋاملىق چىڭىپ باردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياش پەرەڭلەر (فرانسۇزلار)، ياش ئىنگلىزلار، ياش گېرمانلار ھەدەپ ياش تۈركلەرگە تەسىر كۆرسەتتى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى تارىخىدا زور بىر بۇرۇلۇش يۈز بەردى. بۇ چاغدىكى مۇنازىرىنىڭ تۈگۈنى غەربلەشتۈرۈشنى قوبۇل قىلىش كېرەكمۇ ياكى رەت قىلىش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلە بولماي، قانداق قوبۇل قىلىش كېرەك؟ دۆلەتنىڭ ھاكىممۇتلەق تۈزۈلمىسىگە قانداق چەك قويۇش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە بولۇپ قالدى. نەتىجىدە جەدىد مەكتەپلىرىدە تەربىيە كۆرگەن بىر تۈركۈم ئىلغار زىيالىيلار بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ياردىمىدە مۇتەئەسسىپ، بيۇروكرات ئۆلىمالارنىڭ ئولگارىخ مۇستەبىت ھۆ-

---

① كەنئان ئاقيۈز: «باتى تەسىرىندە تۈرك شېئىرى ئانتولوگىيىسى» («غەربنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى تۈرك شېئىرلىرىدىن تاللانما»)، بۇ ھەقتە ئەبۇزىيا تەۋپىق (1849 ـ 1913) نىڭ «نۇمۇنىيى ئەدەبىياتى ئوسمانىيە» («ئوسمانلى ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى») دېگەن ئەسىرىنىڭ 134-بېتىگە قارالسۇن.

كۇمرانلىقىغا قارشى دولقۇن قوزغىدى. بۇ يېڭىلىق ئەمدى ئىل-گىرىكىدەك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئىسلاھات قىلىش شەكلى ئارقى-لىق ئەمەس، بەلكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مەدەنىيەت ساھەسىدى-كى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى بىلەن باشلاندى.

ئوسمانلىلار تارىخىدىكى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ يول باشچىلىرى ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ئەدەبىياتى جەدىد (يېڭى ئەدە-بىيات) نىڭ پىر- ئۇستازلىرى دەپ قارالغان ئىبراھىم شىناسى (1826~ 1871 ـ يىللىرى)، زىيا پاشا (1825~ 1880-يىللىرى) ۋە نامىق كامال (1840~1888 ـ يىللىرى) قاتارلىق ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۈچ كىشى ئىدى.

ئىبراھىم شىناسى ئۆز دەۋرىنىڭ شائىرى، دراماتورگى ھەم مۇخبىرى ئىدى. ئۇ 1848 ـ يىلى پارىژدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا فرانسىيىدە فېۋرال ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، شۇ دەۋرنىڭ قەھرى-مانلىق روھىنى ئۆزىگە سىڭدۈردى، ئاتاقلىق شەرقشۇناسلار بى-لەن ئۇلپەتلەشتى. فرانسىيە فېۋرال ئىنقىلابىدا يېڭىدىن قۇرۇل-غان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى يەتتە نەپەر جۇمھۇرىيەتچى-نىڭ بىرى، شائىر لامارتىن (1790~1869 يىللىرى) بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر تەسىرىنى قوبۇل قىلدى، ۋەتەنگە قايتى-قاندىن كېيىن «دىۋان مائارىپ» (مائارىپ مىنىستىرلىكى) نىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولدى. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ بېسىمى بىلەن ئۇ يەردىن ھەيدەلدى. ئاخباراتچىلىق كەسپى ئوس-مانىيلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تېخى يېڭى ساھە بولۇپ، جەدىدچى-لىكنى نامايان قىلىدىغان ۋاستە ھەم مۇنبەر ئىدى. شىناسى تەرەققىيات ھۆرلۈك ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، ھۆرلۈك جامائەت پىكىرىگە تايىنىپ مۇستەھكەملىنىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ، «دىۋان مائارىپ» تىن ھەيدەلگەندىن كېيىن ئەدەبىيات ۋە ئاخبارات ساھەسىگە يۈزلىنىپ، بارلىق كۈچى بىلەن پارىژ ۋە لوندوندىكىگە ئوخشاش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان جا-

www.uyghurkitap.com

مائەت پىكرىگە ئەھمىيەت بەردى. بۇ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا
گېزىت ئاساسلىق رول ئوينايتتى. ئۇ دەسلىپىدە «جىرىدەئى
ھاۋادىس»[①] (ئاخبارات گېزىتى) ھەپتىلىك گېزىتىگە ماقالىلەر
يازدى. 1860 ـ يىلىغا كەلگەندە، مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرجى-
مانلار بۆلۈمىدىكى چاپانزادە ئاغا ئەپەندى بىلەن بىرلىشىپ «تەر-
جۇمانى ئەخۋال» (چۈشەندۈرۈش) ھەپتىلىك گېزىتىنى چىقار-
دى. ئۇزاق ئۆتمەي جەمئىي 25 سان چىققان بۇ گېزىت زىيا
پاشانىڭ يازغان بىر پارچە ماقالىسى تۈپەيلىدىن «يول قويۇلغان
ھۆرلۈك دائىرىسىدىن چىقىپ كەتتى» دەپ پېچەتلەندى. 1862-
يىلى شىناسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم «تەسۋىرىي ئەپكار» (جامائەت
پىكرىنى چۈشەندۈرۈش) ناملىق گېزىتنى نەشر قىلدى. گېزىت-
نىڭ ئىلغارلىقى مەدەنىيەت جەھەتتە بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە
ئەمەس ئىدى.

زىيا پاشا سۇلتان مەخمۇد Ⅱ زامانىسىدا سۇلايمانىيە مەسچىد-
تى يېنىدا ئېچىلغان «مەكتەبى ئۇلۇمى ئەدەبىيە» دە ئوقۇغان،
ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇستاپا راشىد پاشا تەرىپىدىن سا-
رايغا چاقىرتىلىپ سۇلتاننىڭ 3 ـ كاتىپى بولغان، مۇستاپا راشىد
پاشا ۋاپاتىدىن كېيىن سارايدىن ھەيدەلگەن. زىيا پاشا 1867 ـ
يىلدىن 1872 ـ يىلغىچە پارىژ، لوندون، جەنۋەلەردە يۈرۈپ،
ياۋرۇپا خىرىستىيان دۇنياسىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ھەيراز-
لىق ئىچىدە ئىنچىكە كۆزىتىپ، تۈركىينى ئۆز ئىچىگە ئالغان
ئىسلام دۇنياسىنىڭ ياۋرۇپادىن كۆپ ئارقىدا قالغانلىقىنى چوڭ-
قۇر ئېچىنىش ئىچىدە بايقىدى. ئۇ 1870 ـ يىلى جەنۋەدە يازغان
مەشھۇر بىر شېئىرىدا بۇ ھەقتىكى ئازاپلىق تەسىراتىنى مۇنداق
بايان قىلدى:

---

① ئەنگلىيىلىك ۋىللىيام چۇرچىل تەرىپىدىن 1840 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ھەپتىدە بىر
قېتىم چىقىدىغان تۇنجى تۈرك يېزىقىدىكى گېزىت بولۇپ، ئاخبارات، ماقالە ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت
قاتارلىق سەھىپىلىرى بولغان، 1846 ـ يىلى چۇرچىل ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى باشقۇرغان،
گېزىت جەمئىي 20 يىل نەشر قىلىنغان.

دىيارى ئىسلامى كەزدىم پۈتۈن ۋەيرانىلەر كۆردۈم،
دىيارى كۇفرى كەزدىم خانىلەر، كاشانىلەر كۆردۈم[1].

زىيا پاشا بۇ شېئىرىدا يەنە ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ تەرەققىياتسىزلىقتىن خۇددى مۇشۇك ياپىلاقنىڭ ئۇۋىسىغىلا ئوخشايدىغانلىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ نادانلىق ۋە نامراتلىقىدىن خەلقئارادا پۈت دەسسەپ تۇرالمايۋاتقانلىقى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ھالىنى بىلگىدەك ئاڭ سەۋىيىدىنمۇ مەھرۇم ئىكەنلىكى، بۇنىڭغا ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمىغان ھۆكۈمرانلارنىڭ سەۋەپچى بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە توختالسا، يەنە بىر شېئىرىدا دىنى تونغا ئورىنىۋېلىپ ئۆزىنى ئىسلامىيەتنىڭ سادىق مۇرىتى قىلىپ كۆرسىتىدىغان، ئەمما ئىچى بىلەن تېشى، دىلى بىلەن تىلى باشقا رىياكار ئۆلىمالارنى تەنقىت قىلىپ مۇنداق دېدى:

سادىق كۇرۇنۇر كىشىۋەدە ئەربابى خىيانەت،
مۇرىشىد سانىلۇر ۋەھلىدە ئەربابى زالالەت،
ئەكسەر كىشىنىڭ سۇرىتىگە سىرىتى ئويماس،
يارەب بۇنەھېكمەتتۇر ئىلاھىي بۇنەھالەت[2].

زىيا پاشا ياۋرۇپادىكى مۇساپىرچىلىق ھاياتىدا ئەلى پاشا ۋە فۇئات پاشالار ھاكىمىيىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلاھاتىغا قارشى

---

① كەنئان ئاقيۇز: «باتى تەسىرىندە تۈرك شېئىرى ئانتولوگىيىسى» («غەربنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى تۈرك شېئىرلىرىدىن تاللانما»)، 1953 ـ يىلى تۈركچە نەشرى، 29 ـ بەت. بۇ ھەققە مەشھۇر تاتار ئالىمى رىزائىددىن بىننى فەخرىددىنىنىڭ 1916 ـ يىلى قازان تاتارىستان كىتاب نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «جەۋامىئۇلكەلىم شەرھى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 271 بېتىگە قارالسۇن.

② رىزائىددىن بىننى فەخرىددىن: «جەۋامىئۇلكەلىم شەرھى» قازان تاتارىستان كىتاب نەشرىياتى، 1916 ـ يىلى قازان نەشرى، 148 ـ بەت.

ئۇرغۇنلىغان ماقالىلەر يازدى. 1868 - يىلى زىياپاشا ئوسمانىي-
لارنىڭ كونا يېزىق نۇسخىسىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ لوندوندا
يازغان «شېئىر ۋە ئىنجادىيەت» دېگەن مەشھۇر ماقالىسىدە، ئوس-
مانىيلارنىڭ كلاسسىك ئوردا ئەدەبىياتىنى «زورمۇزور قۇراشتۇ-
رۇلغان ياسالمىلىق»، «ئەرەب، پارس ھەرپلىرىنىڭ باشقىچە بىر
ۋارىيانتى» دېدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، تۈرك يازغۇچىلىرى بۇنداق
يېزىق بىلەن يېزىلغان ئوردا ئەدەبىياتىنى قەتئىي تاشلىشى، ئې-
تىبارغا ئېلىنمايۋاتقان، ئەمما ھەقىقىي بولغان تۈرك فولكلورى
ئارىسىدىن ئىلھام ئېلىشى لازىم ئىدى. شۇنداق بولغاندىلا، ئاد-
دىن ئۇلار ئۆز خەلقىنىڭ ھەقىقىي تالانتلىقلىرىنى ۋە ئۆز خەلقى-
نىڭ ھەقىقىي تىلىنى تاپالايتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ھۆكۈمەت
ئورگانلىرىدا قوللىنىۋاتقان، خەلق چۈشەنمەيدىغان ھېلىقى مۇج-
مەل ۋە ياسالما تىل بىلەن يېزىلغان پەرمانلاردىن ئېكسپىلاتاتسىيە
ۋە مۇستەبىتلىك پەيدا بولاتتى، پۇقرالار ھوقۇقسىز كاپالەتكە
ئىگە بولسۇن دېسە، قانۇنلارنى ۋە دۆلەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى-
نى ئۆز ئانا تىلى بويىچە ئوقۇپ چۈشىنەلىشى لازىم ئىدى، شۇ
چاغدا ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىنىۋاتقان نەرسى-
نىڭ نېمىلىكىنى پەرق ئېتىپ چەكلىيەلەيتتى.

زىيا پاشانىڭ بۇ دەلىللىرى ناھايىتى تېز لا جامائەتنىڭ ئالقى-
شىغا ئېرىشتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تېخىمۇ ئاممىبابلاشقان ۋە مۇكەم-
مەللەشكەن تىل توغرىسىدا چىقارغان مۇراجىئەتنامىسى تېخىمۇ
كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. گرامماتىكا ۋە سۆزلۈك-
كە دائىر كىتابلار ئارقىمۇئارقىدىن نەشر قىلىنىدى. بۇرۇنقىدەك
ئوسمانلى تىلى دېگەن ئاتالغۇ قوللىنىلماي، ئەمدى تۈرك تىلى
دېگەن سۆز قوللىنىلىدىغان بولدى.

زىيا پاشا غەربنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملى-

قىنى تەكىتلەيتتى، ئەمما غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى دوراشنى قەت-
ئىي تەشەببۇس قىلمايتتى. چۈنكى ئۇ بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ
چوقۇم ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تۇغما ئەقىللىقلىرى بولىدۇ،
دېگەنگە ئىشىنەتتى. ئۇ مەدەنىيەت ۋە دىن جەھەتتە قانچىلىك
ئەنئەنىچى بولۇشتىن قەتئىينەزەر پەرەڭلەرنىڭ ھەر خىل ئىدىيە-
لىرىنى قوبۇل قىلىشنى چەتكە قاقمايتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ
ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئاساسىي قانۇن تۇرغۇزغان ھۆكۈمەت
قۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسى مۇساپىرچىلىقتا يۇرۇپ ياز-
غان ئىككى پارچە ئەسىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئۇنىڭ بىرى
«رۇيا» (چۈش) ئىدى، يەنە بىرى رەسۇلىللانىڭ «ئۇممەتلىرىم
ئارىسىدا پەيدا بولغان ئىختىلاپلىرى چىقسا ئاللا بەخت ئاتا قىلىدۇ»
دېگەن ھەدىسىنى ئاساس قىلغان ئەسەر بولۇپ، زىيا پاشا ئۇنىڭغا
يېڭىچە تەبىر بەردى ۋە ئۇنى مەجلىسى مەشۋەرەتنىڭ ئاساسى
قىلدى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا بۇ ھەدىس كۆپ جايلاردا نەقىل
كەلتۈرۈلۈپ، فىقھە ئىلمى مەزھەپلىرىنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپلىد-
شىش ئارقىلىق تەڭ باراۋەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى قانۇنلاش-
تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ ئوخشىمىغان پىكىرلەرنىڭ بىر - بىرىگە
قاتتىق ئۇرۇلۇشىدىن ھەقىقەت چېقىندىلىرى چاقنايدۇ، مۇشەق-
قەتلىك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان سىياسىئونلار ئۆزىنى تەنقىد
بىلەن قارشىلىقنىڭ كۈچلۈك سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدى-
غان قىلىپ چېنىقتۇرۇشى لازىم، دەپ ھېسابلىدى.

زىيا پاشانىڭ بۇ تەشەببۇسى ئەدەبىياتى جەدىدنىڭ ئەڭ مەش-
ھۇر ۋەكىلى نامىق كامالنىڭ ھۆرلۈك ۋە دېموكراتىيە كۈيلەنگەن
ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. نامىق كامال تەجىردا دېگەن
يەردە سۇنغان بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئوس-
مانىيلار ئوردىسىنىڭ تەرجىمە بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى، فرانسۇزچە،

پارسچە ۋە ئەرەبچىنى ناھايىتى پۇختا بىلەتتى. ئۇ ئاخبارات ساھە-
سىگە 1863 ـ يىلى مارتتا ئېلان قىلىنغان تۇنجى ماقالىسى
بىلەن كىرىپ كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەمدىلا 23 ياشقا كىر-
گەن نامىق كامال «مىرات» (ئەينەك) ۋە «تەسۋىرىي ئەفكار»
قاتارلىق گېزىتلەردە زىيا پاشا بىلەن بىللە فرانسىيىنىڭ مەشھۇر
مۇتەپەككۇرۇ ۋە بۇرژۇئا دېموكراتچىسى مونتېسكيۇ (1689～
1755) ۋە رۇسسو (1712～1778) نىڭ «رىم ئىمپېرىيىسى-
نىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشىنىڭ سەۋەبلىرى»، «قانۇننىڭ
روھى»، «ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسى ھەققى-
دە»، «ئىجتىمائىي پۈتۈم ھەققىدە» قاتارلىق دۇنياغا مەشھۇر
ئەسەرلىرىنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدى ھەم ئۆز
ئېلىگە تەتبىقلاپ شەرھلىدى. ئۇنىڭ مىجەزىدىن قارىغاندا، ئۇ
شىناسىدەك ئېھتىياتچان ئەمەس ئىدى. ئۇ دەسلىپىدىلا سىياسىي
ئىشلار ئۈستىدە گەپ ئاچتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ دۆلەت ئىچى
ۋە سىرتىدىكى مەسىلىلەر ھەققىدە ئېلان قىلغان كەسكىن، جەڭ-
گىۋار ماقالە ۋە ئوبزورلىرى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق
دىققىتىنى قوزغىدى.

1865 ـ يىلى، سۇلتان ئابدۇلئەزىزنىڭ ھۆكۈمىتى مۇستە-
بىتلىككە قاراپ ماڭدى. شۇ يىلى ئوسمانىيلارنىڭ تۇنجى ئاخبا-
رات قانۇنى ئېلان قىلىنىپ، ئىلغار پىكىرلەر باستۇرۇلدى،
گېزىتلەر پېچەتلەندى، بۇنداق ئاق تېررورلۇق ئۆكتىچىلەرنى
چېنىقتۇردى. ئۆكتىچىلەر ئاياتۇللابەي، شاھزادە مۇرات، مۇستا-
پا پايسال، ئەلى سۇئاۋى ئەپەندى ۋە نامىق كامال قاتارلىق نامدار
كىشىلەر ئىدى. مۇستاپا پايسال مىسىر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىن
بولۇپ، بۇ چاغدا ئۇ فرانسىيىدە ئىدى. ئۇنىڭ پارىژدىن سۇلتانغا
ئەۋەتكەن سىياسىنى يېڭىلاپ ئاساسىي قانۇن جاكارلاش ھەققىدە-

كى ئوچۇق خېتى نامىق كامال، ئەبۇ زىيا تەۋپىق ۋە سەيدۇللا پاشالار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، نامىق كامال مۇھەررىرلىكىدىكى «تەسۋىرى ئەپكار» گېزىتىدە ئېلان قىلىندى. شۇ يىلى ئىيۇندا «ئىتتىھاتىيە ئوسمانى» (ئوسمانلى ئىتتىپاقداشلىرى) ياكى «يىنى ئوسمانىيلار» (يېڭى ئوسمانلار) ناملىق بىر ئىنقىلابىي تەشكىلات نامىق كامالنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئىستانبۇلدا رەسمىي قۇرۇلدى. ئەمما، ياندۇرقى يىلى پاش بولۇپ قالغاچقا، بىر قىسىم ئەزالىرى قولغا ئېلىندى، بەزىلىرى يىراق جايلارغا پالاندى، بەزىلىرى چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتتى. نامىق كامال دەسلىپىدە سىپرۇس، ئارزۇرۇملارغا پالاندى، ئۇ 1867 ـ يىلى مايدا فرانسىيىگە بېرىپ، 1871 ـ يىلى قايتىپ كەلگەنگە قەدەر بولغان ئۈچ يىلنى لوندون، پارىژ ۋە ۋېنالاردا مۇساپىرچىلىقتا ئۆتكۈزدى.

1868 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇندا، نامىق كامال باشچىلىقىدىكى ئوسمانلى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئورگان گېزىتى ـــ «ھۆررىيەت» ياۋروپادا دۇنياغا كەلدى. گېزىتنىڭ تۇنجى سانىغا بېسىلغان مۇھىم ئىككى ماقالىنى نامىق كامال يازدى. بىرىنىڭ ماۋزۇسى «ھوببەل ۋەتەن مىنەل ئىمان» (ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۇمەلىسىدۇر)، يەنە بىرىنىڭ ماۋزۇسى «مەشۋەرەت» (پىكىر قىلىش، كېڭىشىش) بولۇپ، ئالدىنقىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك سۆزلەنگەن، كېيىنكىسىدە بولسا «قۇرئان كەرىم» دىكى «ۋەئەمرەھۇم شۇرا بەينەھۇم»① (مەنىسى: ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن) دېگەن ئايەت ئارقىلىق مەسلىھەتچىلىك شەكلىنى ئالغان كېڭەش تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمەت قۇرۇش مۇراجىئەت قىلىنغانىدى.

«ھۆررىيەت» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان مەشھۇر ماقالىدە،

---

① «قۇرئان كەرىم»، 42 ـ سۈرە (شۇرا)، 38 ـ ئايەت.

نامىق كامال ھۆرلۈك ۋە ۋەتەن دېگەن ئىككى يېڭى ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى تۈرك ئوقۇرمەنلىرىگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆز قارىشىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر شەكىل بىلەن سۇندى. نامىق كامالچە بولغاندا، ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى نىسپىي بولۇپ، مۇتلەق ئەمەس ئىدى، يەنە كېلىپ بۇنداق قالاقلىق ئىسلامىيەتنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن كەمتۈكلۈك بولماستىن، بەلكى غەرب كۈچتۈڭگۈرلىرىنىڭ ئىسلامىيەت ئىقلىمىغا زورمۇزور ئارىلىشىۋالغانلىقى، تىزگىنلەۋالغانلىقى ھەم شەرقنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتىنى تارتىۋالغانلىقىدىن بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئىسلام ئەللىرى زامانىۋىلىشىمەن دەيدىكەن، بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشى، ھەرگىزمۇ ياۋروپالىقلارنى قارىغۇلارچە دوراپ، ئۆزىنىڭ قانۇن، ئېتىقاد ۋە ئەنئەنىلىرىدىن ۋاز كەچمەسلىكى لازىم، دەپ ھېسابلىدى. نامىق كامالنىڭ قارىشىچە، شۇ چاغدىكى ئەھۋال دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئەسلىدە بارلىق ياۋروپا مەدەنىيىتى ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كلاسسىك ئىسلام مەدەنىيىتىدىن كەلگەن ئىدى ياكى بولمىسا ئۇلارنى كلاسسىك ئىسلام مەدەنىيىتى ئىچىدىن تاپقىلى بولاتتى. ئۇ مانا مۇشۇنداق بولغاندىلا مۇسۇلمانلار ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئەنئەنىۋى بولغان، ئەڭ چوڭقۇر ۋە ئەڭ راستچىل ماھىيىتىگە قايتقان بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدى.

نامىق كامالنىڭ سىياسىي نەزەرىيىسىنىڭ كۆپىنچىسى فرانسىيىلىك مونتېسكيۇ بىلەن روسسودىن كەلدى، ئۇنىڭ بەزى سىياسىي ئاپپاراتلار توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرى لوندون ۋە پارىژ پارلامېنتلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىش ئاساسىدا يارىتىلغانىدى. مونتېسكيۇنىڭ «قانۇننىڭ روھى» دېگەن ئەسىرى ئۇنىڭ سىيا-

سىي ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، كېيىنرەك ئۇ مونتېسكيۇ ئىدىيىسىنى شەرىئەت پرىنسىپلىرى بىلەن مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. بۇ خىزمەت خۇددى ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ ئارىستوتېل پەلسەپىسى بىلەن «قۇرئان كەرىم» نىڭ دىنىي نەزەرىيىسىنى يېقىنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغىنىدەك ئۇنۇم ھاسىل قىلىپ، ھەر ئىككىلا تەرەپكە زۆرۈر بولغان بەزى چۈشەنچىلەرنى ئاتا قىلدى، نامىق كامالنىڭ قارىشىچە، شەرىئەتنىڭ ئادىل قانۇن تۈزۈش پرىنسىپى مونتېسكيۇنىڭ تەبىئەت قانۇنى پرىنسىپى بىلەن ماھىيەتتە ئوخشاش ئىدى.

نامىق كامال ئىسلامىيەتنىڭ بۈيۈك ئىلىم قەسىرىسىدىن كېڭەش تۈزۈمىدىكى مەشرۇتىيەت (بىر ھۆكۈمدارغا بويسۇنىدىغان پارلامېنت رەھبەرلىكى) تەشكىل قىلىشقا ئائىت ئاساسلارنى دادىللىق بىلەن ئىزدەپ تاپتى. ئاللا «قۇرئان كەرىم» دە «ۋەشاۋىرھۇم فىل ئەمرى»[1]دەپ رەسۇلۇللادىن ئۇممەتلىرىگە كەڭ قورساق بولۇشنى، ئۇلارنىڭ پىكىر ـ تەلەپ، ئارزۇلىرىنى ئاڭلاشنى تەۋسىيە قىلغانىدى. شۇ چاغدا نامىق كامال، زىيا پاشا ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئاللانىڭ بۇ سۆزىنى دائىم نەقىل كەلتۈرۈپ ھۆكۈمرانلارنىڭ سەمىگە سالاتتى. دېمىسىمۇ بۇنداق نەقىللىك 19 ـ ئەسىردىكى ئوسمانىيلار ۋە باشقا جايلاردىكى مۇسۇلمان ھۆرىيەتچىلىرى ئارىسىدا بىر ئېقىمغا ئايلانغانىدى.

ياۋروپادىكى پارلامېنت تۈزۈمىنى ئىسلام ئەنئەنىسى بىلەن ئورتاقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان بۇنداق كۆزقاراشنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ فىقھى (قانۇن)، دىن ئىلمى ۋە تارىخ مەۋقەسىدىن قارىغاندا ئەيىبلەشكە ئۇچرايدىغانلىقىدا گۇمان يوق ئىدى. ئەمما

---

[1] «قۇرئان كەرىم»، 3 ـ سۈرە، 159 ـ ئايەت.

شۇنداق تۇرۇقلۇق نامىق كامالنىڭ بۇ ئىدىيىسى بەزى جايلاردا قوبۇل قىلىندى. چۈنكى، ئۇلار ئىسلام ئەنئەنىسى بىلەن دەۋر-نىڭ تەلىپىنى قاندۇرالماي، غەربنىڭ يېڭى ئۆلچىمى ۋە يېڭى ئۇسۇلى (ئۇسۇلى جەدىد) ئارقىلىق ئىسلام ئېتىقادى ۋە مىراسىغا قايتىدىن چۈشەنچە بېرىپ ئىسپاتلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقانىدى.

مىلادىيە 1871 - يىلى سېنتەبىر ئېيىدا، سادرازام ئەلى پاشا ئالەمدىن ئۆتتى. ئەزەلدىن ئىلغار، توغرا ۋە سەممىمي كۆزقاراشلىرى بىلەن ھەق - ناھەققە باھا بېرىدىغان، ئەمما مۇستەبىتلىك تۈپەيلىدىن چەت ئەللەرگە چىقىپ كېتىپ مۇساپىر بولۇشقا مەجبۇر بولغان بارلىق ھۆررىيەتچىلەر ئەلى پاشانىڭ ئۆل-گەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، كەينى - كەينىدىن ئىستانبۇلغا قاي-تىپ كېلىشتى. نامىق كامال ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1872 - يىلى «ئىبرەت» گېزىتىنى نەشر قىلدى. بۇ چاغدا ئىستانبۇلدا تۈركچە چىقىدىغان گېزىت - ژۇرناللار خېلى كۆپە-يىپ قالغانىدى.

نامىق كامال مەشرۇتىيەت تۈزۈمىگە ئىسلام قانۇنى ــــ شەرىئەت بىلەن تارىختىن بىرەر ئۈرنەك تاپالمىدى، نەتىجىدە چەت ئەللەرنىڭكىدىن ئىزدىمىسە بولمىدى - دە، ئاخىرى لوندوننى تاللىدى، ئۇ شۇ يىلى نويابىردا «ئىبرەت» گېزىتىدە ئېلان قىلغان «تەرەققىيات» دېگەن ماقالىسىدە، لوندوندىكى مەكتەپ، ئىنستى-تۇت، كۇتۇپخانا، تىياتىرخانا، دوختۇرخانا ۋە پارلامېنتلار ئۈس-تىدە توختالدى. ئۇ ئەنگلىيە پارلامېنتىنى مەدھىيىلەپ، «دۇنيا-دىكى مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان ئوخشاشمايدىغان سىيا-سىي پرىنسىپلارنىڭ بۆشۈكى»، «ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن ئېگىلمەي - سۇنماي ئېلىشىدىغان جامائەت پىكرىنىڭ ئۆلمەس

ئابىدىسى» ، «ئاۋادا لوندوننى دۇنيانىڭ ئۈلگىسى دەيدىغان بول-
سا، قىلچىمۇ زىيادە بولمايدۇ» دېدى. نامىق كامالچە بولغاندا،
بۇلار ئوسمانىيلارنىڭ زاۋاللىققا كېتىۋاتقان ھالىتىنى قۇتۇلدۇر-
دىغان بىردىنبىر ھاكىمىيەت شەكلى، شۇنداقلا ۋاستە ھەم ئۇ-
سۇل ئىدى.
نامىق كامالنىڭ «ئىبرەت» گېزىتىدە ئېلان قىلغان ماقالى-
لىرى بارلىق گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تېزلا دىققىتىنى قوزغىدى.
بۇ ئوسمانىيلارنىڭ ئاخباراتچىلىق تارىخىدىكى مۇھىم بىر بۇرۇ-
لۇش بوپقالدى. ئەمما، نامىق كامال «ئىبرەت» گېزىتىنىڭ
مۇھەررىرلىكىنى ئۆتەپ بىر يىل بولا - بولماي، 1873 - يىلى
ئاپرېلدا يۈز بەرگەن كرىزىستا يەنە قايتىدىن بالاغا قالدى. كرى-
زىس گىدىك پاشا تىياتىرخانىسىدا ئوينالغان «ۋەتەن ياخۇت
سلىستىرە» دېگەن درامىدىن كېلىپ چىقتى. تۆت پەردىلىك بۇ
سەھنە ئەسىرى نامىق كامالنىڭ بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسىرىدە 1854-
يىلىدىكى قىرىم ئۇرۇشى مەزگىلىدە تۈرك قەلئەسى سلىستىرەنى
رۇسلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغداش جېڭى تەسۋىرلەنگەنىدى، نامىق
كامال ئۆزىنىڭ «ھۆررىيەت» ۋە «ئىبرەت» گېزىتلىرىدە ئېلان
قىلغان ماقالىلىرىدىكى ئاساسلىق كۆزقارىشىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك
تېما قىلىنغان بۇ درامىدا جانلىق ۋە يارقىن ئوبرازلاشتۇردى.
دراما سەھنىدە ئوينىلىشى بىلەنلا ئالقىشقا ئېرىشتى، «ئىبرەت»
گېزىتى ئەتىسىدىن باشلاپ بۇنىڭغا ئاتاپ ئەۋەتىلگەن مەدھىيە
خەتلىرى بىلەن ئوبزورلارنى ئېلان قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى
ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ نەزەرىدە ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس
ئىدى. نامىق كامال تېخى يېقىندىلا سۇلتاننىڭ ئىجازىتى بىلەن
ۋەتەنگە قايتقانىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنىڭغا ياڭراتقان ئالقىش
سادالىرى گۇمانخور سۇلتان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان نارا-

www.uyghurkitap.com

زىلىقىنى كۆچەيتىۋەتتى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ نەزەرىدە بۇن-
داق جۇشقۇن، قىزغىن كەيپىيات مۇشۇنداق ھۆرلۈك ئىدىيىسى
بىلەن بىرلىشىپ كەتسە، خەلقىنىڭ سۇلتان بىلەن ۋەزىرگە بول-
غان ساداقىتى سۇسلاپ، ئەكسىچە ساداقەتمەنلىك ۋەتەن دېگەن
ئۇقۇمغا مەركەزلىشىپ قالسا بولمايتتى. شۇڭا، بۇ دراما ھەققىدە
يېزىلغان بىر پارچە كەسكىن خەۋەرنىڭ «ئىبرەت» گېزىتىدە
ئېلان قىلىنىشى بىلەن تەڭ، سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى
«مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ تىغ ئۇچىنى ھۆكۈمەتكە قارىتىپ
جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزدى» دېگەننى باھانە قىلىپ «ئىبرەت»
گېزىتىنى پېچەتلىدى. نامىق كامال ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى
قولغا ئالدى. گېزىت جەك ئېلان قىلىش خاراكتېرلىك باش
ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. نامىق كامال بۇ چاغدا ئەڭ خەتەرلىك
ئادەم دەپ قارالدى، شۇڭا قاتتىق نازارەت ئاستىدا سىپروس
ئارىلىدىكى ماگۇسا زىنداندا 38 ئاي قاماقتا ياتتى.

دېموكراتىك ئىدىيىلەرنىڭ تېز بىخ سۈرۈپ راۋاجلىنىپ،
نامىق كامال قاتارلىق مۇجەددىدلەر باشلىغان ھۆرىيەتچىلىك ھە-
رىكىتىنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە قارشى ئېگىلمەي - سۇنماي
كۈرەش قىلىشى، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ھاكىمىيەت قاتلى-
مىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ئىسلاھاتچى كۈچلەرنىڭ زاۋاللىقتىن قۇ-
تۇلۇش ئارزۇسىنىڭ بارغانسېرى چىڭىپ بېرىشى ئارقىسىدا،
1869 - يىلىدىن 1876 - يىلىغىچە بولغان بىرقانچە يىلدا،
ئوسمانىيلارنىڭ تۇنجى ئاساسىي قانۇنى — «مەجەللەئى ئەدلىيە-
ئى ئوسمانىيە» (قىسقارتىپ «مەجەللە» دېيىلىدۇ) تۈزۈلۈپ دۇن-
ياغا كۆز ئاچتى. بۇ ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ بىرىنچى
مەشرۇتىيەت دەۋرىدىكى ئانایاساسى (قانون ئاساسى) ئىدى.

«مەجەللە» — شەرىئەت ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، ھۆ-

كۆمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئىتىراپ قىلىنغان ھەنەفىيە تەلى-
ماتىنى ئاساس قىلىپ، سۈننىي مەزھىپىدىكى باشقا ئۈچ ئىلمىي
تەلىماتىنىڭ تەشەببۇسلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان، قەرز، توختام،
سودا، ھەق تەلەپ دەۋالىرى، شەرئى مەھكىمە تەرتىپى قاتارلىق-
لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (نىكاھ، مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق
قىلىش، ۋەخپە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان)، شەرئى
مەھكىمىدىن ئايرىلىپ چىقىپ نىزامىيە سوتى تەرىپىدىن يولغا
قويۇلىدىغان، ھەق تەلەپ دەۋالىرى بىلەن ھەق تەلەپ ھۆكۈملى-
رىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر ئاساسىي قانۇن ئىدى. بۇ
قانۇننى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئىچىدە ئوسمانىيلارنىڭ ئىسلاھا-
تىغا ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلىدىغان ئۇسۇلى جەدىدلەر ھەققىدە
پائال ئىزدەنگەن يارامىلىق ئىسلاھاتچى ۋە چىرىكلىك قىلمىشىنىڭ
ئاشكارا دۈشمىنى مىدھەت پاشا بىلەن ئالىم، تارىخشۇناس ۋە
قانۇنشۇناس، ئىلىم ساھەسىنىڭ رەھبىرى ئەخمەد جەۋدەت پاشا
ئورۇندىدى.

نامىق كامال قاماقتىكى ۋاقىتتا، بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا،
سېلانىك ۋە ئىستانبۇل قاتارلىق جايلاردا ئامما سادرازام مەخمۇد
نادىم پاشاغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. پاتىھ، بايەزىد، سۈلايما-
نىيە قاتارلىق دىنىي ئىنستىتۇتلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مەركىزىي
ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سۇلتاندىن مەخمۇد نادىم
پاشا بىلەن شەيخۇلئىسلام ھەسەن فەخۇمى ئەپەندىنى ئەمەلدىن
قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان قوزغىلاڭچىلارنىڭ بېسىمى
ئاستىدا بۇ ئىككى كىشىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىۋەتتى ھەمدە مۇ-
ھەممەد رۇشدى پاشانى سادرازاملىققا، ھۈسەين ئەفنى پاشانى
ھەربىي ئىشلار ۋەزىرلىكىگە، ھەسەن خەيرۇللا ئەپەندىنى شەي-
خۇلئىسلاملىققا، مىدھەت پاشانى مەجلىس باشلىقلىقىغا تەيىنلى-
دى.

1876 ـ يىلى 30 ـ مايدا، ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن «ياش

www.uyghurkitap.com

تۈركلەر» دەپ ئاتالغان «ئىتتىھاتىيە ئوسمانى» دىكى قوراللىق ئىسيانچىلار دولما باغچە سارىيىنى قۇرۇقلۇقتىن ھەربىي قوشۇنلىرى بىلەن، دېڭىزدىن پاراخوتلىرى بىلەن قورشاپ، ئابدۇلئەزىزنىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى تەلەپ قىلدى. مىدھەت پاشا، ھۈسەيىن ئەفنى پاشا ۋە سۇلايمان پاشالار شەيخۇلئىسلام ھەسەن خەيرۇللا ئەپەندىنىڭ ئىمزالىشىدىكى ئابدۇلئەزىزنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى يارلىقنى ئېلان قىلدى. 1877 ـ يىلى 19 ـ مارتتا، مەجلىس ئۆزىنىڭ تۇنجى سايلىمىنى ئۆتكۈزدى، ئوسمانىيلار تارىخىدىكى، شۇنداقلا ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى يېڭى شەيئى ــ مەشرۇتىيەت مەيدانغا كەلدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا، ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش ياسىغۇچىلارنىڭ تولىسى سۇلتانلارنىڭ پەرۋىشىدە يېتىلگەن دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئىچىدىكى ئەينى زامان غەرب دۇنياسىنى كۆرگەن ئادەملەر ياكى تەرەققىيپەرۋەر سۇلتانلار زامانىسىدا تەسىس قىلىنغان جەدىد مەكتەپلىرىدە بىلىم ئالغان يۇقىرى سەۋىيىلىك ۋە ئىلغار پىكىرلىك ئەدىبلەر، مول كۆرەش تەجرىبىسىگە ئىگە سىياسىئونلار، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشقان ئورتاق پىكىرلىك ئىلغار ئوفىتسېرلار بولۇپ، ئۇلارنى يېتىشتۈرگەن سورۇنلار شۇ چاغدا ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىدىكى ھۆرىيەت ھەرىكىتىنىڭ مەنىۋى ئۇستازى نامىق كامال قاتارلىقلارنىڭ مەشرۇتىيەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ بۆشۈكى، شۇنداقلا تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى سالىدىغان ئۇرۇق چېچىش ماشىنىسى بولۇپ قالغانىدى.

## ئىككىنچى باب

# پارتلاش ئالدىدىكى يانارتاغ

سۇلتان ئابدۇلئەزىز تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئورنىغا ۋەلىئەھىد مۇرات V سۇلتان بولدى. 1876 ـ يىلى 30 ـ ماي كۈنى تاڭ سەھەردە، ئىستانبۇل خەلقى كېچىلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا يېڭى سۇلتاننىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. مۇراتنىڭ تەختكە چىقىشى ھۆرىيەتچىلەرنىڭ بىر غەلىبىسى ئىدى. ئۇ تەختكە چىقىپلا نامىق كامالنى سىپروستىن ئالدۇرۇپ كېلىپ ئۆزىگە خۇسۇسىي كاتىپ قىلدى، سەيدۇللا پاشا ئوردىنىڭ باش كاتىپى بولدى. ئەمما، بۇنداق ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. ئىيۇننىڭ 5 ـ كۈنى سابىق سۇلتان ئابدۇلئەزىز چىراغان سارىيىدا تۇيۇقسىز قازا تاپتى، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى ياكى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، سۇلتان مۇرات V نىڭ ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى ھۈسەين ئەفنى پاشا ۋە باشقا بىرقانچە ۋەزىرلەر ئابدۇلئەزىزنىڭ ئوغلى شاھزادە يەزىتنىڭ مۇھاپىزەتچىسى، شىركاشىنلىق يۈزبېشى چىركەس ھەسەن تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى. سۇلتان بۇ پاجىئەدىن چۆچۈپ يېرىم ـ يارتا ساراڭ بولۇپ قالدى. ھۆكۈمەت ئىشى تۇرغۇن ھالەتكە چۈشتى. ئاۋغۇستتا مىدھەت پاشا مۇرات V نى تەختتىن چۈشۈرۈپ، مەشرۇتىيەت تۈزۈمىنى قوبۇل قىلىشقا ۋەدە بەرگەن ئابدۇلھەمىد II نى تەختكە چىقاردى. ئۇ سۇلتان مۇرات V نىڭ ئىنىسى ئىدى. 95 كۈن سۇلتان

بولغان مۇرات چىراغان سارىيىدا 28 يىل تۇتۇپ تۇرۇلۇپ، 1904 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى.

سۇلتان ئابدۇلھەمىد II ھۆرىيەتچىلەرنى قوللاشقا ۋە زىيا پاشا بىلەن نامىق كامالنى ئۆزىگە خۇسۇسىي كاتىپ قىلىشقا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە گېپىدە تۇرمىدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ مىدھەت پاشانى سادرازام قىلدى. 1877 ـ يىلى 24 ـ ئاپرېلدا چارروسىيە ئوسمانىيلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئىيۇندا گېنېرال جىركوف قوماندانلىقىدىكى نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك رۇس ئارمىيىسى دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئادرىئاتىك قەلئەسىگە بارىدىغان مۇھىم قاتناش يولىنى ئىشغال قىلدى. گەرچە ئوسمان پاشا قوماندانلىقىدىكى ئىمپېرىيە ئارمىيىسى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاران 10 ـ دېكابىرغىچە بەرداشلىق بېرەلىدى. 1878 ـ يىلى 20 ـ يانۋاردا رۇس قوشۇنلىرى ئادرىئاتىك قەلئەسىنى ئېلىپ، ئىستانبۇلنىڭ بوسۇغىسىغا قىستاپ كېلىپ، پايتەختكە 10 ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان يېشىل كوي كەنتىدە بارگاھ قۇردى. بۇ ۋاقىتتا، ئەنگلىيە فلوتىمۇ سىكا قولتۇقىدىن ئىستانبۇلغا قاراپ يولغا چىقىپ، بۈيۈك ئاتا دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى. ئىستانبۇل ۋە ئىمپېرىيە خەتەر ئاستىدا قالدى. يېڭى سۇلتان ئابدۇلھەمىد II 3 ـ مارتتا دۈشمەنلەر بىلەن يېشىل كوي كەنتىدە ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. كېلىشىمنامىگە كۆرە، مونتېنېگرو، سېربىيە ۋە رۇمىنىيىلەرنىڭ مۇستەقىللىقى ئېتىراپ قىلىنىپ، بوسنىيە بىلەن گېرتسېگوۋىناغا ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىلدى. چارروسىيە باتۇم، كارس ۋە ئاناتولىيىنىڭ شەرقىدىكى ترابزون ۋە ئارزۇرۇم قاتارلىق جايلارغا ئىگە بولدى. بۇلغارىيىدە كۈچلۈك خرىستىئان كىنەزلىكى قۇرۇلۇپ، ئېگەي دېڭىزىدىن قارا دېڭىزغىچە، غەربتە ئالبانىيىدىن ئادرىئاتىك قەلئەسىگىچە بولغان جايلار ئۇنىڭ خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلدى. تۈركىيە چارروسىيىگە 3 مىليارد رۇبلى (30 مىل-

يۈن فرانك) ئۇرۇش چىقىمى تۆلەيدىغان بولدى.
سۇلتان ئابدۇلھەمىد II ھۆرلۈك ۋە ئاساسىي قانۇن چىقد-رىشقا ناھايىتى ئۆچ ئادەم ئىدى. گەرچە ئۇ مىدھەت پاشا باشچد-لىقىدىكى ھۆرىيەتچىلەرگە شەكىلدە مايىلدەك تۇرسىمۇ، ئاسا-سىي قانۇن ئورناتقان سولتاننىڭ ئادەتتە ۋەزىرلەرنىڭ قوماندانلىد-قى ئاستىدا ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان مۇستەبىتلىك تەبىئىتىنى دەرھال ئاشكارىلىدى. 1877 ـ يىلى 5 ـ فېۋرال كۈنى، رۇسلار بىلەن بولغان ئۇرۇشنى باھانە قىلىپ، مەجلىسنى تاقاپ قۇرۇلتاينى تارقىتىۋەتتى. گەرچە ئاساسىي قانۇن «مەجل-لە» ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ يىلنامىسىدە 1908 ـ يىلىغىچە ئۇدا ئېلان قىلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قىلچىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. سادرازام مىدھەت پاشا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، دەسلىپىدە ئىتالىيىگە پالاندى، كېيىن 1883 ـ يىلى ئەرەبىستاند-دىكى بىر زىنداندا بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى[1]. بۇنىڭ بىلەن ئوسمانلىد-لارنىڭ تەنزىمات دەۋرى ئاخىرلىشىپ، ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ كەسكىن تەنقىدچىلىرىدىن بولغان ھۆرىيەتچىلەرنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. تەنزىمات مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، «ئىتتىھا-تىيە ئوسمانى» دىكىلەردىن بەزىلىرى غايىسىدىن ۋاز كېچىپ، ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىن ئىش تېپىپ جېنىنى باقتى، بەزىلىرى سۈرگۈن قىلىندى، بەزىلىرى قامالدى. «مۇخبىر» ۋە «ئۈلۈ-مى» (پەن) دېگەن گېزىتلەرنى چىقىرىپ ئابدۇلھەمىد II نى تەنقىد قىلغان مۇجەددىد ئەلى سۇئاۋى ئەپەندى ئۆزى ئۈيۈشتۇرغان ئابدۇلھەمىد II گە قارشى ئىسياندا 1878 ـ يىلى قازا تاپتى. زىيا پاشا ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا 1880 ـ يىلى ئادانادا ئالەمدىن ئۆتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە نامىق كامال ئەڭ قەيسەر مەدەنىيەت جەڭچىسى ئىدى. ئۇ دەسلىپىدە ئادەتتىكى جىنايەتچى

[1] ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىر تائىفتىكى چوڭ ئۆلىما ئىبنى ئاببىاسنىڭ قەبرىگاھى يېنىدا.

قاتاردا ئىستانبۇلدا ئالتە ئاي قاماقتا ياتتى، كېيىن سىۋاسقا پالاندى، ئۇ يەردە ئىككى يىل تۇتۇپ تۇرۇلغاندىن كېيىن ئېگەي تاقىم ئارىلىغا ئەۋەتىلىپ، ئانچە مۇھىم بولمىغان بىر ئىشقا قويۇلدى. ئۇ بۇ يەردە بىرقانچە يىلنى ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى 1888- يىلى 2 - دېكابىردا 48 يېشىدا ئەلەم ئىچىدە ئالەم پانىيدىن ئالەم باقىيغا سەپەر قىلدى. ئۇ جان ئۈزۈشىنىڭ ئالدىنقى كېچىسى سۇلتان ئابدۇلھەمىد II نىڭ ئۇنىڭغا چۈشۈرگەن، شۇ ۋاقىتتا ئۇ يېزىۋاتقان «ئوسمانلىلار ئىمپېرىيىسى تارىخى» دېگەن كىتابىنى يېزىشتىن دەرھال توختاش ۋە نەشر قىلىشنى مەنئى قىلىش ھەققىدىكى پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى.

سۇلتان ئابدۇلھەمىد II ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەدە- بىياتى جەدىد ناھايىتى قىيىنچىلىق ئاستىدا چېلىشتى. ئىلىم ئەھلىلىرى سىياسىيغا ۋە سىياسىي ئىدىيىلەرنى تەرەققىي قىلدۇ- رۇشقا قاراپ ماڭالمىدى. ئۇ تەرەققىياتقا ئىنتىلگۈچى ياش تۈرك- لەرنىڭ ساداسىدىن قورقۇپ، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، مۇھاپىزىتى ناھايىتى قاتتىق بولغان يىلدىز سارىيىغا كىرىۋالدى. ئۇنىڭ غالچىلىرى خەلق ئارىسىدا ساغلام تەرەققىي قىلىۋاتقان جەدىدلىك ھەرىكىتىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. نەتى- جىدە يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى قاتتىق تەقىپ ئاستىدا قالدى. ئابدۇلھەمىد مىجەزى غەلىتىرەك، ئۆزگىرىشچان، ئىچى تار ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى دۇنيانىڭ ئىلگىرى- لەپ كېتىۋاتقان تەرەققىيات ئەھۋالىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيتى- تى. ئۇنىڭ ئەتراپىنى خۇشامەتچى، ماختانچاق، نادان تەۋەككۇل- چىلەر ئورىۋالغان بولۇپ، جاسۇس ۋە پايلاقچىلىرى ھەممىلا يەرنى قاپلاپ كەتكەنىدى، ناۋادا بىراۋ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ياخشىلاش مەقسىتىدە بىرەر تەكلىپ سۇنىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم ئۆزىنى پوسفور بوغۇزىغا چۆكتۈرۈۋېتىلگەن تاغار ئىچىدە كۆرەت- تى.

مىلادىيە 1889 ـ يىلى، يەنى خۇددى بىر تۈرك تارىخچىسىنىڭ ئېيتقىنىدەك فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ 100 يىللىق خاتىرە كۈنىدە، سۇلتانغا قارشى تۇنجى ئۆكتىچىلەر تەشكىلاتى ئوخولىددىن كەلگەن ئالبانىيىلىك ئىبراھىم تەمو، كاۋكازدىن كەلگەن شىركاشىنلىق مۇھەممەد رەشىد، ئالابەكىر ۋە دىيار بەكىردىن كەلگەن ئابدۇللا جەۋدەت (كارلىداغ) ھەم ئىسھاق شۇجۇت، ئەزەربەيجان باكوسىدىن كەلگەن ھۈسەينزادە ئەلىلەر تەرىپىدىن شۇ يىلى مايدا كونا پادىشاھ ئوردىسى بىلەن يېڭى پويىز ئىستانسىسى ئارىلىقىدىكى ھەربىي مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ باغچىسىدا قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە سۇلتان ئابدۇلھەمىد Ⅱ زالىم پادىشاھ ئىدى. بۇ تەشكىلات ھەربىي ئىنستىتۇت، دېڭىز ئارمىيە ئىنستىتۇتى، توپچى قىسىم ۋە سافىيورنى قىسىم مەكتىپى، چارۋا دوختۇرلۇق مەكتىپى، خەلق ئىشلىرى ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئىلىم يۇرتلىرىدا مەخپىي ئەزا يېتىشتۈردى. ئۇلار نامىق كامال، زىيا پاشا ۋە شىناسىنىڭ ھۆرىيەتچىلىك ئىدىيىسىنى ئۆزىگە قىبىلىنامە قىلغان بولۇپ، گالاتادىكى فرانسىيە پوچتىخانىسى ئارقىلىق پارىژ ۋە باشقا جايلاردىكى ئوسمانلى ھۆرىيەتچىلىرى بىلەن ئالاقىلىشەتتى. بۇ چاغدا چەت ئەلدە مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان ياش تۈركلەر سۇلتان ئابدۇلھەمىد Ⅱ ئاساسىي قانۇننى بىكار قىلىپ مەجلىسنى تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن قايتا مۇساپىر بولۇپ چەتكە چىقىپ كەتكەنلەر بىلەن بىللە شۇ يەردە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ تەشۋىقات مۇنبىرى سابىق ئوسمانلى مىللەت مەجلىسى ئەزاسى لىۋانلىق خەلىل جانۇمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە پارىژدا نەشر قىلىنغان «ياش تۈركلەر» گېزىتى ئىدى.

شۇ يىلى بورسا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەھمەد رىزابەي (1859～1930 ـ يىللىرى) پارىژ يەرمەنكىسىگە قاتناشقىلى فرانسىيىگە بېرىپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق مۇساپىرلارغا قوشۇلۇپ كەتتى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم ئادەمگە

ئايلاندى. ئەھمەد رىزا ياش تۈركلەر ئارىسىدىكى ئەڭ قەيسەر ۋە قورقماس ئادەم ئىدى. ئۇ پارىژدا فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ پەلسەپە ئالىمى ۋە جەمئىيەتشۇناسى ئاۋگۇست كوند (1798~1857 ـ يىللىرى) نىڭ شاگىرتى پىيېرلافىت ئەپەندىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. نەتىجىدە دەلىلچىلىك ئۇنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىگە ئايلاندى. 1895 ـ يىلى، ئۇ باشقا مۇساپىرلار بىلەن بىللە پارىژدا «مەشۋەرەت» (كېڭەش) يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنى چىقاردى. «مەشۋەرەت» دېگەن بۇ كەلىمە «قۇرئان كەرىم» دىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ نامىق كامال تەرىپىدىن تۇنجى ئوتتۇرىغا قويۇلغان كېڭەش تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمەت قۇرۇش ھەققىدىكى سىياسىي غۇلغۇلىنىڭ داۋامى، شۇنداقلا دەلىلچىلەر تەشەببۇس قىلغان تەرتىپ، نىزام ۋە تەرەققىياتنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىستانبۇلدىكى ئىبراھىم تەمو باشچىلىقىدىكى مەخپىي تەشكىلات ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى «ئىتتىھاتىيە ئوسمانى »[①] دېگەن نامىنى ئەھمەت رىزانىڭ رەھبەرلىكىدە «ئىتتىھات ۋە تەرەككى»[②] گە ئۆزگەرتتى. ئارقىدىن ئۇلاپلا، بۇ جەمئىيەتنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «مەشۋەرەت» چەت ئەل پوچتىخانىلىرى ۋە باشقا يوللار بىلەن ئىستانبۇلدا تارقىلىشقا باشلىدى.

بۇنىڭدىن بىرقانچە يىللار ئىلگىرى، يەنى 1886 ـ يىلى خەلق ئىشلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى داغىستانلىق مۇراد بەي (1853~1912 ـ يىللىرى) تەرىپىدىن ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «مىزان» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ تەسىرى دەرسخانىدىن جەمئىيەتكە كېڭەيگەنىدى. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي ئاخباراتچىسى ئەھمەد ئەمىن (يالمان) تەرىپىدىن «ئەينى چاغدىكى ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ رەھبىرى ... زىيالىيلار-

① ئوسمانلى ئىتتىپاقداشلىرى دېگەن مەنىدە.

② «بىرلىك ۋە تەرەققىيات»، يەنى بىرلەشكەن تەرەققىيپەرۋەرلەر كومىتېتى دېگەن مەنىدە.

نىڭ چوقۇنىدىغان بىردىنبىر مەبۇدى» دەپ ئاتالغان، «دۈيۇنۇ ئۇمۇمىيە ئىدارىسى»① نىڭ سابىق خادىمى مۇراد بەينىڭ «مىزان» ھەپتىلىك ژۇرنىلى 1890 - يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىد II تەرىپىدىن پېچەتلەندى.

بۇ ۋاقىتتا، گېزىت - ژۇرنالچىلىق بويسۇنماي داۋاملاشتى، ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى يېڭىلىقتا ئىنتىلگۈچىلەرنى دۇنيانىڭ ئەڭ يېڭى تەرەققىياتىدىن خەۋەردار قىلدى ۋە يېڭى ئىدىيەلەرنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق مەدەنىيەت سەۋىيىسى بار ئاممىنى تەربىيىلىدى. نامىق كامالنىڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ بىرى ئەبۇ زىيا تەۋپىق ياۋروپانىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى بىلەن تۈرك يازغۇچىلىرىنىڭ ئەڭ نادىر ئەسەرلىرىنى كەينى - كەينىدىن نەشر قىلدۇردى. ئۇ يەنە «ئەنگلىيە قوش ھەپتىلىك ئوبزورى» ژۇرنىلىغا تەقلىد قىلىپ قوش ھەپتىلىك ژۇرنال چىقىرىپ، غەرب دۇنياسىنىڭ يېڭىلىقلىرىنى تارقاتتى. ئىستانبۇلدىلا 300 خىلدىن ئارتۇق كىتاب نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ خېلى كۆپ ساندىكىلىرى كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى زىلزىلىگە سالىدىغان فرانسىيە رومانلىرى ئىدى. رومان تۈركلەرنى باشقىچە بىر دۇنياغا باشلاپ كىردى. ئابدۇلھەمىد يېتەرلىك ئىشپيون، پايلاقچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ جامائەت پىكرىنى تىزگىنلەپ، ھۆرىيەتچىلەرنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىۋېتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئىنقىلابىي تۈركلەر ئارىسىدىكى يىلتىزلاپ كەتكەن ھۆر پىكىرلەرنى قەتئىي يىمىرىۋېتەلمىدى. مۇراد بەي ئەنگلىيە ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى مىسىرغا بېرىپ «مىزان» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ ژۇرنال چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان ياش تۈركلەر ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. سۇلتان ئابدۇلھەمىد II مۇراد بەينىڭ ئۆزىگە قاراتقان

---

① مىلادىيە 1881 - يىلى 20 - دېكابىردا سۇلتان ئابدۇلھەمىد II تەرىپىدىن جاكارلانغان مۇھەررەم پەرمانىغا ئاساسەن قۇرۇلغان يەتتە كىشىدىن تەشكىل تاپقان ئوسمانلىلارنىڭ دۆلەت قەرزىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى.

www.uyghurkitap.com

هۆجۇمىنى ئۇقۇپ، مۇرادنىڭ ئىستانبۇلدىكى يېقىن بۇرادەرلىرى-
نى تۇتقۇن قىلدى ۋە ئۆكتىچىلەرنىڭ بارلىق ئۇقۇمۇشلۇق رەھ-
بەرلىرىنى قولغا ئالدى. ئىستانبۇلدا ھەرقانداق كەسكىن سىيا-
سىي ماقالىلار، مۇھىم ئاخبارات خەۋەرلىرى بىر دەك مەنئى قىلى-
نىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما يەرلىك گېزىتلەر ئوقۇرمەنلەر ۋە
كىتابخانىلار ئارىسىدا دائىم ھەر خىل ئۇسۇللى جەدىدلەرنى ئىشقا
سېلىپ، تۈرك خەلقىگە تۈركىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تېخىمۇ
يېڭى، تېخىمۇ بۈيۈك ھازىرقى زامان دۇنياسىنىڭ بىلىملىرىنى
بېرىپ تۇردى.

1896 ـ يىلى ئاۋغۇستتا، ئۆكتىچىلەر سۇلتان ئاب-
دۇلھەمىد II نى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن جىددى ھەربىي ئۆز-
گىرىشكە تەييارلىنىۋاتقاندا، مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىشى بى-
لەن پاش بولۇپ قالدى. گەرچە ئۇلار ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلدى
دېگەن گۇناھ بىلەن ھەربىي سوتتا ئەيىبلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن
ئۆلتۈرۈلمەي ئوسمانلىلارنىڭ كونا ئادىتى بويىچە ئىسيان كۆتۈ-
رۈپ غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانلار ھېسابلىنىپ، ئاناتولىيە،
مۇسۇل ۋە سۈرىيە قاتارلىق يىراق ئۆلكىلەرگە پالاندى. ئەڭ
خەتەرلىك دېيىلگەنلىرى لىۋىيىدىكى فىزانغا ئەۋەتىلدى. ھەربىي
سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ پىلانلىغۇچىسى، ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق
قۇرۇقلۇق ئارمىيە 1 ـ دېۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى كازىم پاشا جازا
ھېسابىدا ئالبانىيىدىكى كوستاينىڭ ۋالىيلىقىغا ئەۋەتىلدى.

سۇلتان ئابدۇلھەمىد II نى ئاغدۇرۇشقا قىلىنغان بىرىنچى
قېتىملىق تەۋەككۈلچىلىك گەرچە ئىشقا ئاشمىغان بولسىمۇ،
«ئىتتىھات ۋە تەرەققىي» نىڭ ئىستانبۇلدىكى پائالىيىتى يەنە
قاتتىق داۋاملىشىۋەردى. ئۇلار مىسىر ۋە ياۋروپادىكى مۇساپىر-
لارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. بۇ چاغدا فرانسىيىدە پاناھلىنى-
ۋاتقان سابىق قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچى-
سى چۇلۇكسۇ ئەخمەد ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن مەخپىي

ئالاقە ئورنىتىپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھۆسەيىن ئەفنى ۋە سۇلايمان پاشا گۇرۇپپىسى دېيىلىدىغان ئىككى تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشىغا سەۋەبچى بولدى. بۇ ئىككىسىلەن ئىلگىرى سۇلتان ئابدۇلئەزىزنى تەختتىن چۈشۈرۈشكە قاتناشقان قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى ھەم قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىدى.

1897 - يىلى ئىيۇننىڭ بېشىدا، «دۆلەت ياشلىرىغا زىيادكەشلىك قىلغۇچى» دەپ نامى چىققان قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانى گېنېرال مايۇر رەشىد پاشا باشچىلىقىدا بىر ھەربىي سوت تەسس قىلىندى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىكى ھۆرىيەتچىلەرنى باستۇرۇش ئىدى. ھەربىي سوت قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، تاش جەزىرە دېگەن جايدىكى ھەربىي گازارمىنىڭ زۇلمەتتەك قاراڭغۇ كارىدورى ۋە كامېرلىرى قولغا ئېلىنغان، تۇتۇپ تۇرۇلغان ۋە سۈرگۈن قىلىنغان ئىنقىلابچىلار بىلەن تولۇپ كەتتى. ئىلگىرى تۇتقۇن قىلىنىپ باشقا جايلاردىكى سولاقخانىلاردا تۇرۇۋاتقان سىياسىي مەھبۇسلار مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنىپ، كېيىن تەرەپ - تەرەپلەرگە يولغا سېلىندى، 78 نەپەر قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى ۋە ھەربىي دوختۇر بۇ يەردە 102 كۈن نەزەربەندتە تۇرغاندىن كېيىن، 28- ئاۋغۇستتا كەئبە تاش دېگەن پورتتا «شەرىف» ناملىق پاراخوتقا ئالماشتۇرۇلۇپ، ترىپولىدىكى ھەرقايسى ھەربىي تۈرمىلەرگە تاشلاندى.

باستۇرۇش قانچە قاتتىق بولغانسېرى پائالىيەت شۇنچە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» نىڭ قۇرغۇچىلىرى ئىسھاق شۈجۈت ۋە ئابدۇللا جەۋدەتلەر ياۋروپاغا بېرىپ، 1896 - يىلى جەنۋەدە دۇنارى ھەلىمى ۋە مۇھەممەد رەشىدلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنىڭ جەنۋەدىكى پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» نىڭ ئەزالىرى دۆلەت سىرتىدا

پارىژ، جەنۋە، قاھىرە، فوكستون ۋە لوندونلارغا تارالغان بو-
لۇپ، جەنۋە بۇ چاغدا ئۇنىڭ باش شتابى تۇرۇشلۇق يەرگە ئايلى-
نىپ قالدى. شۇ يىلى مۇراد بەي مىسىردىن ياۋروپاغا كېلىپ،
ئەھمەد رىزانىڭ ھوقۇق تالىشىدىغان كۇشەندىسىگە ئايلىنىپ،
ئۇزاق ئۆتمەيلا «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» نىڭ رەھبىرى بولدى.
گەرچە ئۇنىڭ جەنۋەگە كەلگەندىن كېيىن نەشر قىلغان «مىزان»
ھەپتىلىك ژۇرنىلى ئەھمەد رىزانىڭ «مەشۋەرەت» ژۇرنىلى بى-
لەن بىللە ھۆرىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئاۋازىغا ئايلانغان بولسىمۇ،
ئىچكى جەھەتتە يۇت تېپىشىپ ئەھمەد رىزانىڭ ژۇرنىلىنى بې-
سىپ كەتتى.

مۇراد بەينىڭ سىياسىي پروگراممىسى «ئابدۇلھەمىد II
پۇتكۇل ئوتتۇرا شەرقتىكى شۇملۇقلارنىڭ مەنبەسى، ئۇنى ئاغدۇ-
رۇۋېتىپ ئاساسىي قانۇننى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىلا، ھەممە ئىش
ئوڭشىلىپ كېتىدۇ» دېگەن بىرلا ئاددىي فورمۇلاغا مۇجەسسەم-
لەنگەنىدى. ھىيلىگەر سۇلتان ئابدۇلھەمىد II ئۆزىگە قارشى غەل-
يانىنىڭ ئاساسلىق تايانچىلىرىنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان مۇسا-
پىرلار ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش
ۋە ئىسلاھات پىكىرلىرىنى ئاڭلاشقا ۋەدە بېرىش قاتارلىق ئالدام-
چىلىق ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ تەشكىلاتنى پارچىلىماق-
چى بولدى. سۇلتان تۇنجى قېتىم يۇسۇف زىيا پاشا، ئەبۇزىيا
تەۋپىقلەرنى ياۋروپاغا ئەۋەتىپ نەتىجە قازىنالمىدى. 1897 ـ يىلى
ئاۋغۇستتا، شىركاشىنلىق گېنېرال ئەخمەد جالالىددىن پاشا
سۇلتانغا ۋەكالىتەن ياۋروپاغا بېرىپ، جەنۋەدە مۇراد بەينى سېتى-
ۋالدى. ئەينى چاغدىكى داھىي ۋە ياشلارنىڭ چوقۇنىدىغان مەبۇدى
ئەمدى سۇلھ ـ مادارا قىلىش ۋە تىز پۈكۈپ تەسلىم بولۇشنىڭ
ئۈلگىسى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن «ئىتتىھات ۋە تەرەققى»
پارچىلىنىپ كەتتى.

1897 ـ يىلى دېكابىردا، ئابدۇللا جەۋدەت جەنۋەدە «ئوس-

مانلى»ناملىق بىر يېڭى ژۇرنال نەشر قىلىپ، تىغ ئۇچىنى بىۋاستە سۇلتان ئابدۇلھەمىد II گە قاراتتى. ئۇ شۇ يىلى بۇ ژۇرنالنىڭ تۇنجى سانىدا ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسىدە مۇنداق دەپ كەسكىن كۆرسەتتى: «بىزنىڭ سولتانىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز يۇرۇقلۇقنىڭ ئېلىمىزگە كىرىشىنى خالىمىدى. ئۇلار ئاۋامنى مەڭگۈ نادانلىقتا، ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە پاجىئە ئىچىدە قالدۇرماقچى بولدى. پەنەر يېقىپ مۆمىنلەرنىڭ دىلىنى يۇرۇتمىدى. ھۆكۈمەت پۇقرالاردىن مەڭگۈ ھايۋانغا ئوخشاش ياشاشنى، قويدەك ياۋاش، مۇلايىم بولۇشنى، ئىتقا ئوخشاش قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ كۈچۈكلىنىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرەر بۈيۈك يېڭى مەپكۇرىلەرنى ھەقىقىي ئىپادىلەپ بېرىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى، ئەكسىچە ئۇلارنى دۆت ۋە نادان ژاندارمىلارنىڭ زۇلۇم قامچىسى بىلەن پەسكەش، قوپال، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا تاشلاپ قويدى.»

ئابدۇللا جەۋدەت (كارلىداغ) ئىلىم ساھەسىدىكى بىر ئاتاقلىق ئەرباب بولۇپ، ئۇنىڭ نەزەرىدە سۇلتان تۆۋە قىلىپ دەرھال تەختتىن چۈشۈشى لازىم ئىدى. ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئابدۇللا جەۋدەت ئازراقلا گۇلدۇرماما چىقىرىپ قويۇپ تېزلا پەسكويغا چۈشتى. ئۇ سۇلتان بىلەن ياراشتى ۋە ئىمپېرىيىنىڭ ۋېنادا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا خىزمەتكە تەيىنلەندى. ئىسھاق شۈجۈد بىلەن دوننارى ھەلىملەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا رۇم ۋە مادرىد ئەلچىخانىسىغا ئەۋەتىلدى. ئابدۇللا جەۋدەت ئىلىم ساھەسىنىڭ رەھبىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى سۇلتانغا سېتىلىپ ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن بۇلغىدى. ئۇنىڭ مۇھەررىرلىكىدىكى «ئوسمانلى» ژۇرنىلى كېيىن ئەنگلىيىدە باشقىچە بىر نام بىلەن نەشر قىلىنىپ، 1904 ـ يىلىغا كەلگەندە نەشردىن توختىدى. بۇ چاغدا ئەھمەد رىزا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھىرى پارىژدا سۇلتاننىڭ ئالدامچىلىقى ۋە ئۇ ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنىڭ

ئىككى يۈزلىمىلىككە قارىتا دەلمۇ دەل تاقابىل تۇرۇپ، ياش تۈرك مۇساپىرلىرىنىڭ بىردىنبىر نەشر ئەپكارى ــ «مەشۋەرەت» نى داۋاملىق چىقىرىپ تۇردى.

1899 ـ يىلى دېكابىردا، «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» نىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۈچى ئاجىزلاپ بېرىۋاتقان بىر چاغدا، كۈتۈلمىگەن يەردىن سۇلتان ئوردىسىدىكى داماد مەخمۇد جالالىددىن (1853～1903 ـ يىللىرى) ئىستانبۇلدىن فرانسىيىگە قېچىپ بېرىپ، ھۆرىيەت ھەرىكىتىنى ناھايىتى جانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى ۋە سۇلتان مەھمۇد II نىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى سۇلتان ئابدۇلھەجىد II نىڭ قىزى ۋە سۇلتان ئابدۇلھەمىدنىڭ سىڭلىسى بولۇپ، ئۇنىڭ سۇلتان ئابدۇلھەمىد II بىلەن قوش تۇققانچىلىقى بار ئىدى. داماد مەخمۇد جالالىددىننىڭ ساباھىددىن، لۇتپۇللا دېگەن ئوغۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوردىدىن چىقىپ كېتىشى سۇلتاننى قاتتىق ۋەھىمىگە سالدى. ئەكسىچە، ياش تۈركلەرنىڭ ئىنقىلابىي روھىغا يېڭىچە جۇشقۇنلۇق ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا ياش تۈركلەرنىڭ ھەرىكىتى سەل سۇسلاپ قالغانىدى. سۇلتانغا ئەل بولۇپ كەتكەن مۇراد بەي ۋە ئابدۇللا جەۋدەتلەر ياش تۈركلەرنىڭ رەھبىرى ئەھمەد رىزا بەيگە بىر مەزگىل ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، بىر ئاز مېۋىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا جىم بولۇپ قېلىشقانىدى.

دادىسى داماد مەخمۇد جالالىددىن بىلەن بىرگە كەلگەن يېڭى يېتەكچى شاھزادە ساباھىددىن (1877～ 1948 ـ يىللىرى) دەسلەپىدىلا ئەھمەد رىزا بەيىنىڭ شەخسىي رىقابەتچىسىگە، ئاندىن كېيىن ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى سىياسىي رەقىبىگە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ ئىختىلاپى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە 1902 ـ يىلى 4ـ فېۋرالدا ساباھىددىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە فرانسىيىدە ئېچىلغان بىر مەجلىستە پەيدا بولدى. مەجلىستە ئىسمائىل كامال باشچىلىقىدىكى بىر توپ كىشىلەر

«يالغۇز تەشۋىقات ۋە نەشر بۇيۇملىرىغا تايىنىپ ئىنقىلابنى ئو-
رۇندىغىلى بولمايدۇ، ئامال قىلىپ ئارمىيىنى ھەرىكەتكە كەلتۈ-
رۈش كېرەك» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. مەجلىستە ئوتتۇرىغا
چۈشكەن يەنە بىر مەسىلە ئەرمەنىيىدىن كېلىپ يىغىنغا قاتناش-
قانلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان 1894~ 1896 - يىللىر-
دىكى چوڭ قىرغىنچىلىق[1] مەسىلىسى بولۇپ، يىغىندا شاھزادە
ساباھەددىن ئەرمەنىيىلىكلەرنىڭ ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئارىلى-
شىشى ئارقىلىق ئوسمانلىلارنىڭ ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش
كېرەك، دېگەن پىكرىنى قوبۇل قىلدى. ئەھمەد رىزا ۋە ئۇنىڭ
ھەمراھلىرى بۇ تامامەن ئىمپېرىيىنىڭ ئىچكى ئىشى، چەت ئەل-
نىڭ ئارىلىشىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئارىلاشسا زىيانلىق دەپ
ئەرمەنىيىلىكلەر بىلەن شاھزادە ساباھەددىننىڭ پىكرىنى كەس-
كىن رەت قىلدى، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ تۈرك
مىللەتچىلىرى بىلەن ئوسمان ھۆرىيەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى
كېلىشەلمەسلىك ئىدى. نەتىجىدە «مەشۇەرەت» ژۇرنىلىنىڭ
ئىلمىي كارامەتچىسى ئەھمەد رىزا ئىستانبۇلدىن يېڭى كەلگەن
ساباھەددىن ئىسىملىك بۇ ئابرويلۇق ھەم پرىنسىپچان رەقىبكە
دۇچ كەلدى.

شاھزادە ساباھەددىن پارىژغا كەلگەندىن كېيىن، «شەخس-
لەرنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە يەرلىك ھوقۇقلارنى تەقسىملەش
ئىتتىپاقى» دېگەن نامدا بىر تەشكىلات قۇرغان بولۇپ، ئۇ 876-
يىلىدىكى ئاساسىي قانۇن — «مەجەللە» نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى
ئۆزىنىڭ ئالىي نىشانى قىلغانىدى. ئۇنىڭ ھىمايە قىلغان مىللەت-

---

① سۇلتان ئابدۇلھەمىد II ئىمپېرىيىدىن بۇلۇنۇپ چىقىپ، مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلغان ئەرمەنلەرنى 1894 - يىلىدىن 1896 - يىلىغىچە قاتتىق قىرغىن قىلغان، بۇ چوڭ قىرغىندا ئالاھەزەل 100 مىڭ ئەرمەن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، سۇلتان ئابدۇلھەمىد II ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن «قانخور سۇلتان» دەپ ئاتالغان، بۇ قېتىمقى چوڭ قىرغىندا ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىشىشىمۇ ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىگەن، ياۋروپادىكى گېزىت - ژۇرناللار، چېركاۋلاردىكى نۇتۇق مۇنبەرلىرىدە كىشىلەر «قورقۇنچلۇق تۈركلەر» ھەققىدە ھارماي سۆز - چۆچەك قىلىشىدىغان بولۇپ قالغان.

چىلىكى ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى بارلىق مىللەتلەرنى، يەنى تۈركلەر، ئەرەبلەر، يۇنانلار، ئەرمەنلەر، كوردلار، ماكېدونلار، ئالبانلار، يەھۇدىيلار ۋە باشقا مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر فېدېراتىپ دۆلەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى. ئەمما، ئەھمەد رىزانىڭ مىللەتچىلىكى ئىمپېرىيىنى ئوسمانلىلاشتۇرۇشنى، يەنى ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، ئوسمان تۈركلەرىگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى. شاھزادە ساباھىددىننىڭ قۇرغان تەشكىلاتى ئەھمەد رىزانىڭ «ئىتتىھات ۋە تەرەققىي» سىگە ئوخشاش بارلىق تۈركلەرنىڭ ئارىسىغا تارقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي كۈچى ئارزۇرۇم، ترابزۇن، ئىزمىر، ئالانىيە، دەمەشىق ۋە لاتاكىيە قاتارلىق جايلاردا ئىدى.

1902 ـ يىلىدىن 1906 ـ يىلىغىچە بولغان بىر قانچە يىلدا، ھۆرىيەت ھەرىكىتى داۋاملىق ئۇلغىيىپ باردى ۋە يېڭى ـ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. جەنۋە، قاھىرەلەردە يېڭى تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. ئىستانبۇلدىكى ھەربىي ۋە سىياسىي مەكتەپلەردە ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلدى. 1907 ـ يىلى دېكابىردا، ئەرمىنىيىدىكى داشناقلار پارتىيىسى شاھزادە ساباھىددىن بىلەن ئەھمەد رىزالارنىڭ قاتنىشىشىدا سۇلتان ئابدۇلھەمىد II گە قارشى مەزھەپلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارىژدا قۇرۇلتاي ئاچتى. قۇرۇلتايدا بارلىق كۆز قاراش ۋە ئىختىلاپلار بىر چەتكە قايرىپ قويۇلۇپ، نۆۋەتتىكى ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك بىر كۆرەش پروگراممىسى تۈزۈلۈپ، سۇلتان ئابدۇلھەمىد II نىڭ دۈشمەنلىرى بىرلەشتى، ئەھمەد رىزا قۇراللىق ئىنقىلاب قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى ھەققىدىكى پىكىرلەرنى قوبۇل قىلدى. پارىژ ۋە ماكېدونىيىدىكى ھۆرىيەتچى تەشكىلاتلار بىرلىشىپ ئۆزىنى «ئىتتىھات ۋە تەرەققىي» پارتىيىسى دەپ ئاتىدى. شاھزادە ساباھىددىن بۇ پارتىيىنىڭ رەئىسى بولدى.

1906 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئارمىيىنىڭ غەليان كۆتۈرۈشى

ئىمپېرىيىدە دائىملىق ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ئاسىيلىقلار ھەربىي تەمىناتنىڭ ناچارلىقى، ئەسكەرلەرنىڭ ئىش ھەققى ئالالمىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ شور پىشانىلىكى قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقاتتى. دېمىسىمۇ ئىمپېرىيىدە سۇلتان ئابدۇلھەمىد II نىڭ ئارمىيىسى ئىش ھەققى ئالالمىدى، قورسىقى تويمىدى، ئۇلارغا كىيىم - كېچەك تارقىتىپ بېرىلمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتى. 1907 - يىلى، ئارزۇرۇم، بىتلىس، ئىزمىر ۋە ئىستانبۇلدا كەينى - كەينىدىن ئىسيانلار كۆتۈرۈلۈپ، شەھەر ئاھالىسى چىرىكلەشكەن ئەمەلدارلارغا قارشى چىقتى.

ئىسيان ۋە بوران - چاپقۇنلار 1908 - يىلى ئەتىيازدا ماكېدونىيىدىكى 3 - ئارمىيىگە يېتىپ كەلدى. سۇلتان بۇ توغرۇلۇق جىددىي دوكلات تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال تەكشۈرۈش ئۈچۈن سېلانىكقا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە جازالاش كومىتېتى دېگەندەك ئورۇنلارنىڭ كەينى - كەينىدىن قۇرۇلۇشى ۋەزىيەتنى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ھەلىمى پاشانىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان بىر ئوفىتسېر مەنسەپكە ئۆستۈرۈلگەنلىك ھەققىدىكى ئىستانبۇلدىن ئەۋەتىلگەن ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدى، ئەمما ئۇ بۇ تەكلىپنىڭ ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى پەملىدى - دە، لىسنى تاغلىق رايونىغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى ئەنۋەر بەي ئىدى. 4 - ئىيۇل كۈنى بىنباشى[1] ئۇنۋانلىق ئەھمەد نىياز بەيمۇ ئەنۋەرنىڭ ئارقىسىدىن لىسنى تېغىغا چىقتى. بۇلارنىڭ ھەرىكىتى مەخپىي ئەمەس ئىدى، بەلكى يېتەرلىك ئەسكەر، ئوق - دورا ۋە نەق پۇللارنى بىرگە ئېلىپ بارغانىدى. نىياز بەي

---

① مايور دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com

ئايۇب ئەپەندى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، بۇ ئىككىيلەن سۇلتان ئابدۇلھەمىد II گە تېلېگراممىا ئارقىلىق ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئاساسىي قانۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئۇلارنى قولغا ئېلىشقا ئادەم ئەۋەتتى. ئەمما، نىياز بەي ۋە ئايۇب ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلارنى قولغا ئېلىشقا كەلگەن ژاندارمىلار قوماندانى شەمسى پاشا 7- ئىيۇل كۈنى ماناستىر ئۆلكىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدىن چىقىۋاتقاندا، قول ئاستىدىكى بىر ئوفىتسېر تەرىپىدىن كۆپكۆندۈزدە ئېتىپ تاشلاندى.

ئىستانبۇلدىكى گالاتا سارىيى پادىشاھلىق ئوتتۇرا مەكتىپىنى 1909 - يىلى پۈتتۈرگەن ھېكمەت بايۇرنىڭ قەيتلىرىگە كۆرە، ياش تۈركلەر پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابى پارتلاشتىن ئىككى يىل بۇرۇن بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا سۇلتانغا قارشى كەيپىيات قاتتىق كۈچەيگەن بولۇپ، سۇلتاننى يوقىتىش ھەققىدە شوئار توۋلايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋەزىر ۋە ساراي ۋەزىرلىرىگە ئوخشاش يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ باللىرى ئىدى، ئۇلار سۇلتان ئابدۇلھەمىد II نى قىلچە كۆزگە ئىلمايتتى ۋە ھىمايە قىلمايتتى.

سۇلتان ئابدۇلھەمىد II ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئالدىنقى 10 يىلىدا، ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى نارازىلىق كەيپىياتلىرى تازا يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈلدى. بۇ ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك مەنىۋى يېتەكچىسى نامىق كامال بىلەن زىيا پاشانىڭ چەكلەنگەن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ۋەتەن ۋە ھۆرلۈك ھەققىدە غۇلغۇلىلار قىلىشاتتى. ياش ئوفىتسېر ئەھمەد نىياز بەي شۇ چاغدىكى مانا مۇشۇنداق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ تېپىكلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ بەنجارت قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا، ساۋاقداشلىرى بىلەن دۇنيادىكى چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۈستىدە سۆزلىشىپ ئۇلۇغ ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر

قەلەمكەش نامىق كامالنىڭ ئەسەرلىرىنى دائىم تىلغا ئالاتتى. ئۇ
«ۋەتەننى قوغداش، چەت ئەلگە چەك قويۇش بىزنىڭ بۇرچىمىز
ئەمەسمىدى؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا بىزنىڭ ئىلىم-
پىنىمىزدە ۋە دەرسلىكلىرىمىزدە ۋەتەن ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن-
نىڭ شولىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ؟ ئۇلار نېمە ئۇچۇن بىزگە
بېسىم ئىشلىتىپ دىن، ئىدراك ۋە مەنتىقە جەھەتلەردە ئۆزىمىز
ئۇچۇن مۇقەددەس بولغان ھېسسىياتنىمۇ بىزدىن يۇشۇرىدۇ؟ ئۇ-
لار نېمىشقا مۇشۇنداق ھېسسىياتنى ئۇرغۇتىدىغان كىتابلارنى بىز-
نىڭ ئوقۇشىمىزغا بەرمەيدۇ؟» دەيتتى. ئەمەلىيەتتە، ئەھمەد
نىياز بەي ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ياردىمىدە
نامىق كامال ۋە زىيا پاشالارنىڭ چەكلەنگەن ئەسەرلىرىنى ئوغرى-
لىقچە ئوقۇپ، شۇلارنىڭ تەسىرىدە كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك غا-
يىلىرىنى تىكلەپ ئىنقىلابقا ئاتلانغانىدى. ئۇ نامىق كامالغا «ئەڭ
ئۇلۇغ مىللىي قەھرىمان، ئەڭ ئۇلۇغ سىياسىي داھىي ۋە ئەڭ
قىزغىن ئىجتىمائىي پائالىيەتچى» دەپ نام بېرىلگەنلىكى، ئەمما
ئۇنىڭ يەنە باشقا ھۆرىيەتچىلەر بىلەن قوشۇلۇپ دۆلەتنىڭ دۈشمە-
نى دەپ قارالغانلىقى ھەم ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئەسەرلىرىنى تىلغا
ئېلىشمۇ كەچۈرگىلى بولمايدىغان بىر گۇناھ بولۇپ قېلىۋاتقانلى-
قىدىن قاتتىق ھەيران قېلىپ ھەسرەت چېكەتتى.

ئەھمەد نىياز بەينىڭ ئىسيانى تېزلا ماكېدونىيىدىكى 3 -
ئارمىيىگە يامراپ، ئەدىرنەدە تۇرۇشلۇق 2 - ئارمىيىگە تەسىر
كۆرسەتتى. سۇلتان ئابدۇلھەمىد II پايلاقچىلارنى ئىشقا سېلىپ
ئىلگىرىكى كونا ئۇسۇلى بويىچە ئىنقىلابقا تاقابىل تۇرماقچى بول-
دى. ھۆكۈمەت ئوردېن تارقىتىش، ئەمەل بېرىپ دەرىجىسىنى
ئۆستۈرۈش قاتارلىق سېتىۋېلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ باققان
بولسىمۇ، تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەسئۇل بولغان گېنې-
راللار ھېچ ئىش قىلالمىدى، ئەكسىچە قول ئاستىدىكىلەر تەرە-
پىدىن دەككىسىنى يەپ ئىزا - ئاھانەتكە قالدى. سېلانىك ۋە

ماناستىردا تۇرۇشلۇق ئارمىيە ئاشكارا ھالدا سۇلتانغا قارشى تەرەپكە ئۆتتى ۋە ئەدىرنەدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، ھەتتا ئىزمىردىن سېلانىكتىكى ئىسيانچى قوشۇنغا قارشى ئەۋەتىلگەن، ئەڭ سادىق دەپ قارالغان ئاناتولىيە ئارمىيەسىمۇ «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ تەشۋىقاتى بىلەن ئىككىلىنىپ قالدى. 20 - ئىيۇل كۈنى ماناستىردىكى مۇسۇلمانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھەربىي ئەشيالار ئىسكىلاتىنى ئىشغال قىلدى. كوسوۋو ئۆلكىسىدىكى فىرزۇۋىكتا غەزەپكە كەلگەن، ئامما قەسەم ئىچىپ ئاساسىي قانۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا سۇلتانغا ئۇلتىماتۇم تاپشۇردى ھەمدە سۇلتان ئۇلارنىڭ شەرتىگە كۆنمىسە پايتەختكە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنى تەختتىن چۈشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇلتىماتۇم، ھەتتا تەھدىت خاراكتېرلىك تەلەپلەر تېلېگرامما ئارقىلىق رۇمېلىيىنىڭ باشقا مەركەزلىرىدىن ئۇدۇللۇق يىلدىز سارىيىغا يەتكۈزۈلۈپ تۇردى. قەيتلەرگە كۆرە، ئەڭ يامان تەھدىت خاراكتېرلىك بىر تەلەپ سەلىزدىن كەلدى. ئۇنىڭدا دەرھال ئاساسىي قانۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئەگەر سۇلتان بۇنى رەت قىلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ رۇمېلىيىدە باشقا بىر ۋەلىيئەھدنى سۇلتان قىلىپ تىكلەپ، 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئىستانبۇلغا باستۇرۇپ كىرىپ، سۇلتاننىڭ تەختى - پەختىنى ۋەيران قىلىدىغانلىقى ئېنىق يېزىلغانىدى.

قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ھەيۋىسى ئاستىدا، 1908 - يىلى ئىيۇلدا ماناستىر، سېلانىك ۋە ئىستانبۇللاردا ئابدۇلھەمىد II تەرىپىدىن 1876 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن ئاساسىي قانۇن ـــ «مەجەللە» نىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى جاكارلاندى. ئارقىدىن ئۇلاپلا باشقا بىر قانچە شەھەرلەردىمۇ شۇنداق بولدى. ئىككى كۈنلۈك تىركىشىش ۋە مۇنازىرە ئارقىلىق سۇل-

تان ئابدۇلھەمىد II باش ئېگىپ رېئاللىققا بويسۇندى. ئارمىيە-نىڭ ئاسىيلىقى بىر قېتىملىق ئىنقىلابقا ئايلاندى. ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن ياش تۈركلەر پارتىيىسى دەپ ئاتالغان «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» نىڭ ئىنقىلابى ئاخىر غەلىبىگە ئېرىشتى.

1891 - يىلى، چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان ياش تۈركلەرنىڭ پائالىيىتى كەسكىنلىشىپ يامانلىشىشقا قاراپ مېڭىشتىن بۇ-رۇن، پۇتكۇل ئىمپېرىيە تەۋەسىدە جەمئىي ئالتە گېزىتخانا بو-لۇپ، قىسقىغىنا بىرقانچە يىلدا سۇلتاننىڭ قاتتىق تەقىپ قىلى-شى ئارقىسىدا سانى ئازىيىپ ئۈچكە چۈشۈپ قالغانىدى.① ئاسا-سىي قانۇن ئەسلىگە كېلىشى بىلەنلا سۇلتاننىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا ئۇزاق مۇددەتكىچە بۇرۇختۇم بولۇپ قالغان ئىدىيۋى پىكىرلەر كەلكۈن سۈيىدەك ئۇركەشلەپ كەتتى. ئىيۇلنىڭ 25-كۈنى «ئىقدام» گېزىتى بۇرۇنقى 15 مىڭ نۇسخىدىن 60 مىڭ نۇسخىغا، «ساباھ» گېزىتى بۇرۇنقى 12 مىڭ نۇسخىدىن 40 مىڭ نۇسخىغا كۆپىيىپ، چۈشتىن كېيىن قولدىن قولغا ئۆتۈپ، ئاۋۋالقى باھاسىدىن 40 ھەسسە ئۆرلەپ بازار تاپتى. ئەدەبىيات-سەنئەت، سىياسىي ۋە باشقا مەزمۇنلاردىكى بىر قاتار يېڭى گېزىت - ژۇرناللار يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك كۆپەيدى. «ئىتتى-ھات ۋە تەرەققى» پارتىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئورگانلىرى ۋە ئۇلار-نىڭ چەت ئەلدىكى نەشر ئەپكارلىرىمۇ مۇساپىرچىلىق ھاياتىنى تاماملاپ دەرھال ئىستانبۇلغا كۆچۈرۈپ كېلىندى. ئۇزۇن مۇد-دەت بېسىلىپ قالغان ئاۋازلار بىراقلا سادا بېرىپ، خۇددى گاچا قىزغا تىل چىققاندەك ياڭراپ كەتتى.

1908 - يىلىنىڭ ياز پەسلى ئاساسەن دېگۈدەك «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئارزۇسىغا ئا-

---

① «تەرجۇمانى ھەقىقەت» («ھەقىقەتنى سۆزلەش»)، «ئىقدام» («تىرىشچانلىق») ۋە «ساباھ» («سەھەر») قاتارلىق ئۈچ گېزىت بولۇپ، بۇ گېزىتلەرنى ھۆكۈمەت راسخوت ئاجرىتىپ چىقىراتتى ۋە كونترول قىلاتتى.

ساسەن سايلام ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنى تەڭشەش بىلەن ئۆتتى. «ئىتتىھات ۋە تەرەققىي» پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسىدا گەرچە سۇلتاننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ پارتىيە ئاممىنى ئوبدان يېتەكلىمىگەن ۋە تەربىيىلىمىگەنىدى. شۇڭا، ئاساسىي قانۇن ئەسلىگە كەلگەندە، ئامما «ياشىسۇن ئاساسىي قانۇن!»، «ياشىسۇن سۇلتان!»، «پايلاقچىلارنى يوقىتايلى!» دېگەندەك شۇئارلارنى توۋلىدى. بۇنىڭدىن ئاممىنىڭ سۇلتان ئابدۇلھەمىد II نىڭ ئاساسىي قانۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنىڭ ياش تۈركلەر پارتىيىسىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەنمەيدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئابدۇلھەمىد II ئىنقىلابتىن كېيىنكى بىرىنچى جۈمە كۈنى ئاياسوفىيە مەسچىتىدە ئاشكارا ناماز ئۆتەگەندە، ئامما ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشتى. ئۇ چاغدا، ئۇ ئاممىنىڭ يەنىلا ئۆزىنى ھىمايە قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئىتتىھاتچىلار مېنى ئاغدۇرۇۋېتەلمەيدىكەن دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

1908 ـ يىلى 17 ـ دېكابىر كۈنى، بۇنىڭدىن 31 يىل بۇرۇن مىدھەت پاشا مەجلىسكە رىياسەتچىلىك قىلغان ئاياسوفىيە مەسچىتى يېنىدىكى مەجلىسخانىدا سۇلتان ئابدۇلھەمىد II بەش ئوغلىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىمپېرىيە كاتىپلىرى ۋە چەت ئەللىك ۋەكىللەر ئالدىدا مىللەت مەجلىسىگە رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم دۆلەتنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيىتى، شۇنداقلا ھاكىمىيەت مەسىلىسى ھەققىدە دوكلات بەردى. مەجلىسكە تۈركلەردىن 142 ۋەكىل، ئەرەبلەردىن 60 ۋەكىل، ئالبانلاردىن 25 ۋەكىل، گرېكلاردىن 23 ۋەكىل، ئەرمەنلەردىن 20 ۋەكىل، يەھۇدىيلاردىن 5 ۋەكىل، بولغارلاردىن 4 ۋەكىل، سېربلاردىن 3 ۋەكىل، ۋالاخلاردىن 1 ۋەكىل قاتناشتى. مەجلىسكە ئەڭ ياخشى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ كەلگەنلەر تۈركلەر ئىدى. تۈركلەر ئۆمىكىنىڭ داڭ-

لىق مۇنازىرىچىسى، پارىژدىن كەلگەن ئەھمەد رىزا بۇ قېتىمقى مەجلىسنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

مۇستەبىت ئابدۇلھەمىد II نىڭ تۇيۇقسىزلا ئاساسىي قانۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى پۈتكۈل ئىمپېرىيىنى زىلزىلىگە سېلىپ شاد- خۇراملىققا چۆمدۈردى. ئىنقىلابىي ياش تۈركلەر پارتىيىسى[①] يېڭى ئاساسىي قانۇننى ئېلان قىلىش ئارقىلىق، پۈتكۈل ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، يېڭى ئاساسىي قانۇننىڭ غايىسى بارلىق سىنىپ، دىن ۋە مىللەت ئايرىمىچىلىقىنى يوقىتىدۇ، ئاساسىي قانۇن جاكارلىنىپ ئادىل ئىش بېجىرىدىغان سەمىمىي، سادىق بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلغان ھامان ئوتتۇرا شەرقنىڭ بارلىق مەسىلىلىرى تۈگەيدۇ، ھەممە ئاق كۆڭۈل كىشىلەر قەددىنى رۇسلاپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇلىغان كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ، دېگەن شېرىن خىياللارغا پاتقانىدى. ئەمما، سۇلتان ئابدۇلھەمىد II ياش تۈركلەر پارتىيىسىدىكىلەر بىلەن ھاسىل قىلغان تىنچلىق كېلىشىمىنى ئۇزاققا بارمايلا ئىجرا قىلىشتىن يالتايدى. نەتىجىدە ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى ياخشىلانمىدى، ئىشلار بۇرۇن قانداق بولغان بولسا يەنە شۇ پېتى قېلىۋەردى. ئوتتۇرا شەرق خەلقى مىللەت ئايرىمىچىلىقى تۈزۈمى تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان روھىي ھالەتلەرنى پاچاقلىۋېتىشكە قادىر بولالمىدى، تۈركلەر، گرېكلار، ئەرمەنلەر، بۇلغارلار، يەھۇدىيلار، ئەرەبلەر، ئالبانلار، شۇنداقلا ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ قانۇن ئالدىدا ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشىغا يول قويۇلمىدى.

ياۋرۇپالىقلار ياش تۈركلەر پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىمپېرىيىنىڭ ئاۋۋالقى شان - شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ،

---

① شۇ ۋاقىتتا ئۇلار شۇنداق ئاتالغان ئىدى.

www.uyghurkitap.com

دەپ ئەنسىرىشەتتى، لېكىن، ياش تۈركلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئېغىر ۋەزىپە ئۇلارنىڭ ئەڭ تەجرىبىلىك مەمۇرلىرىنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى. 1908 - يىلى 5 - ئۆكتەبىر كۈنى بۇلغارىيە شاھزادىسى فېردىناند سۇلتان بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ مۇستەقىللىق جاكارلىدى. 7 - ئۆكتەبىردە ئاۋسترىيە، ۋېنگرىيىلەر بوسنىيە بىلەن گېرتسېگوۋىنانى قوشۇۋالدى. 12 - ئۆكتەبىر كۈنى كىرت ئارىلى ئىسيان كۆتۈرۈپ گرېتسىيىگە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇلار ئوسمانلى ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئانچە مۇھىم ۋە ھەيران قالارلىق ئىش بولماستىن، بەلكى بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدىكى دەپتەردىن ئۆچۈرۈۋەتكەن كونا ھېسابات بولسىمۇ، ئەمما سىياسىي جەھەتتە ئىتتىھاتچىلارنىڭ ئىناۋىتىگە قاتتىق زەربە بەردى.

تۈركىيىدىكى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاھالە ۋە گۇرۇھلار كونكرېت ھەرىكەت باشلاپ، كۆپ مىللەتلىك ئوسمانلىلار ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىشلارنىڭ تازا يۇرۇشمەيۋاتقاندلىقىنى ئىسپاتلاۋاتقان بىر چاغدا، تۈركلەر مەركەزدىكى كونتروللۇق ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان بەزى خەتەرلىك ئالامەتلەرنىڭ بەلگىلىرىنى ئېنىق كۆرۈشكە باشلىدى.

1909 - يىلى 13 - فېۋرالدا، «ئىتتىھات ۋە تەرەققىي» پارتىيىسى ئابدۇلھەمىد II تەرىپىدىن سادرازاملىققا قويۇلغان كامىل پاشانى ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئورنىغا ھۈسەيىن ھەلىمى پاشانى تەختكە چىقاردى. ھۈسەيىن ھەلىمى پاشا شۇ چاغدىكى كونا ھۆكۈمەت ئورگىنىدىن قېپقالغان ئىتتىھاتچىلار قوبۇل قىلالىغۇدەك يەنە بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ تەختكە چىقىپ سادرازام بولۇشى سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى تەشۋىشكە سالدى، ئەمما ئىتتىھاتچىلار ھەدەپ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ھۆكۈمەتنىڭ ھەر خىل تەيىنلەش بۇيرۇقلىرىنى ئاستىرتتىن تىزگىنلەپ سىياسىي رەقىبلىرىگە سۈيىقەست پىلانلىدى. 1909 - يىلى 7 - ئاپرېلدا، «سەر-

بەستى» (ئەركىنلىك) گېزىتىنىڭ ھۆرىيەتچى تەھرىرى ھەسەن فەخمى ئىستانبۇلدىكى گالاتا كۆۋرۈكىدە قەتلى قىلىندى. بىر ھەپتىدىن كېيىن، يەنى 12 ـ ئاپرېل كۈنى ئىتتىھاتچىلار ئۆزلىرىنى ئاشكارا ھالدا سىياسىي پارتىيە دەپ جاكارلىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، يەنى كامىل پاشا تەختتىن غۇلىتىۋېتىلىپ بىر ئاي ئۆتكەن كۈنى مۇھەممەدىلەر ئىتتىپاقى دېگەن تەشكىلات ئىسيان كۆتۈردى. بۇ ئۇچىغا چىققان شەرىئەتچىلەر بولۇپ، 5 ـ ئاپرېل كۈنى ئاياسوفىيە مەسچىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر يىغىلىشتا قۇرۇلغانىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ بىكتاشىيە سۇلۇكىدىكى ۋاھىدەدى مۇھەررىرلىكىدە «ۋولقان» ناملىق ئورگان گېزىتى بار ئىدى. ۋاھىدەدى ئۆزىنى ھەقىقىي مۇسۇلمان ۋە «ئىنقىلابىي بەينەلمىلەل»[①]نىڭ قوغدىغۇچىسى دەپ ئاتايتتى. توپىلاڭ ھەربىي ئۆزگىرىش شەكلىنى ئالدى، ئۇنىڭ قاتناشقۇچىلىرى ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق 1 ـ ئارمىيىدىكى ئالبانىيىلىك جەڭچىلەر بولۇپ، ۋەقە ئاپرېلنىڭ 12 ـ ۋە 13 ـ كۈنى كېچىسى يۈز بەردى. ھەرىكەتلىنىش ئەترەتلىرى ۋە پىيادە قىسىملار گازارمىلاردا ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈشكە باشلىدى. تاڭ يورۇشى بىلەنلا ھەربىي ئۆزگىرىش قىلغۇچىلار گالاتا كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، مەجلىس بىناسى سىرتىدىكى ئاياسوفىيە مەيدانىغا توپلاندى. «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزىنى دالدىغا ئالدى، ئىسيانچىلار ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمايلا تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن ھەربىي، دىنىي ئۆلىمالار ۋە تالىپلار بىلەن بىرلىشىپ شەھەرنىڭ ھەرقايسى مۇھىم مەركىزىي كوچىلىرىدا نامايىش توپى ھاسىل قىلدى. ئىسيانچىلارنىڭ تەلىپى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، بەزىلىرى «شەرىئەت خەۋپ ئىچىدە قالدى»، «بىزگە شەرىئەت كېرەك، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ئوفىتسېرلار

① ئىنقىلابىي ئىسلام ئىنتېرناتسىئونالىزمى.

كىرەك ئەمەس» دەپ چۇقان ـ سۈرەن سالسا، يەنە بەزىلەر «ئاسا-سىي قانۇننى يوقىتايلى»، «كومىتېتنى يوقىتايلى»، «ياشىسۇن مۇقەددەس شەرىئەت!» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى توۋلايتتى.
ئىسيانچىلار قوزغىغان توپىلاڭ يالغۇز ئىستانبۇل بىلەن چەكلەنمىدى، بەلكى ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا پۈتكۈل ئاناتولىيىنى قاپلىدى. ئەڭ يامىنى شۇ بولدىكى، ئادانا رايونىدا ئەرمەنلەر قىرغىن قىلىندى.
ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ دولقۇننى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. سۇلتان ئابدۇلھەمىد II ئىسيانچىلارغا ھېسىداشلىق قىلىپ، مۇقەددەس قانۇن — شەرىئەتنى قوغداشقا ۋە شەرىئەتنى قوغدايمىز دەپ ئاتلانغان ئىسيانچىلارنىڭ گۇناھى-دىن ئۆتۈشكە ۋەدە قىلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، يېڭىدىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان سادرازام تەۋپىق پاشا ھەرقايسى ئۆل-كە، ۋىلايەتلەرنىڭ نائىپلىرىغا پەرمان چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭمۇ شەرىئەتنى قوغدىشىنى بۇيرۇدى. ئارقىدىن ئۇلاپلا، ئىنقىلابتىن بۇيان ئىزچىل ھالدا مىللەت مەجلىسىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋات-قان ئەھمەد رىزا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا ئىسمائىل كامال مىللەت مەجلىس باشلىقى بولدى.
بۇ خەۋەر تېزلا سېلانىكقا يېتىپ كەلدى. «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ناھايىتى كەسكىن تەدبىر قوللاندى. ماكېدونىيىدە تۇرۇشلۇق 3 ـ ئارمىيە قوماندا-نى گېنېرال مەھمۇد شەۋكەت پاشا قوماندانلىقىدا ۋەتەن قۇتقۇ-زۇش ئارمىيىسى تەشكىللىنىپ، بۇيرۇققا بىنائەن ئىستانبۇلغا كىرىپ ئاساسىي قانۇننى قوغداشنى ئۈستىگە ئالدى. سېلانىكتا تۇرۇشلۇق ئارمىيە قوماندانى ھۈسەيىن ھۈسنى پاشا ۋەتەن قۇتقۇ-زۇش ئارمىيىسىنىڭ شتاب باشلىقى مۇستاپا كامالنىڭ ھەمراھلى-قىدا پايتەختكە يۈرۈش قىلىپ، 23 ـ ئاپرېل كۈنى يېشىل كوي كەنتىگە يېتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا يېڭىدىن مىللەت مەجلىسىنىڭ

باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىسمائىل كامال بۇ يەردە ئەزالىرى تېخى تولۇق كېلىپ بولالمىغان مىللەت مەجلىسىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. مەھمۇد شەۋكەت پاشانىڭ ھەربىي ئىدارە قىلىش بۇيرۇقىنى جاكارلىشى بىلەنلا پۈتۈن سەپ ئۇنىڭ ئىتائىتى ئاستىغا ئۆتتى. ئارقىدىن ئۇلاپلا، ئىستانبۇل ئىشغال قىلىنىپ قىسقا بىر جەڭدىن كېيىن 25 ـ ئاپرېلدا تەرتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

گېنېرال مەھمۇد شەۋكەت پاشا بىلەن بىللە يولغا چىققانلار ئىچىدە ئەھمەد نىياز بەي ۋە ئەنۋەر بەيلەرمۇ بار ئىدى. ئەنۋەر بەي بۇ چاغدا ئىمپېرىيىنىڭ بىرلىنىدىكى ئەلچىخانىسىدىن توپلاڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ۋەتەنگە قايتقانىدى. ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىيەسى ئىستانبۇلغا كىرگەندىن كېيىنكى بىر يەكشەنبىدە، ئىستانبۇلنى ئېلىش جېڭىدە قۇربان بولغان 50 جەڭچىنىڭ جەسىتى بىر گۆرلۈككە دەپنە قىلىندى، شۇ كۈنى ئەنۋەر بەي قەبرىستانلىقتا نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

«مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار بۇ يەردە تىنچ ياتسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ ھايات ـ ماماتلىق كۆرەشلەردە مىللەت ۋە ئېتىقاد ئايرىماي مەقسەت ـ مۇددىئالىرى بىر بولغان ۋەتەنپەرۋەرلەردىن ئىكەنلىكىنى نامايان قىلسۇن!»

27ـ ئاپرېل كۈنى، مەجلىس شەيخۇلئىسلامدىن سۇلتان ئابدۇلھەمىد II نىڭ تەختنى بىكارلىغانلىق ھەققىدە پەتىۋا ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى مۇھەممەد V (رەشات) نىڭ سۇلتان بولغانلىقى جاكارلاندى. سۇلتان مۇھەممەد V مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل ۋە دۆلەتمەن كىشى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا 65 ياشتا ئىدى. ئۇ 20 يىلنىڭ مابەينىدە بىرەر ۋاراق گېزىتمۇ ئوقۇمىغان، ئاكىسىنىڭ پايلاقچىلىرى، ۋەزىرلىرى، ھەتتا ھەرەم ئاغىلىرىنىڭ قاتتىق تۇتۇپ تۇرۇشى ئارقىسىدا ھەممە ھوقۇقتىن مەھرۇم قالغان ئادەم بولۇپ، ياش تۈركلەر پارتىيىسىدىكىلەر ئۇچۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېيتقاندا، ئۇ ئاساسىي قانۇن ئورناتقان پادىشاھلىق- مەشرۇتىيە-نىڭ سۇلتانى بولۇشقا تازا مۇناسىپ كېلەتتى.

سۇلتان مۇھەممەد تەختكە چىققاندىن كېيىن، 1908 - يىلىدىكى ئىنقىلابتىن ئامان قالغان سۇلتان ئابدۇلھەمىد II يۈز خاتىرە قىلىشنى بىلمەيدىغان ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى قوماندانلىرى تەرىپىدىن سىيلانىكقا ئېلىپ كېتىلدى، سىيلانىك بۇ ۋاقىتتا ياش تۈركلەر پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ پارتىيىنىڭ شۇ يەردە ئېچىلغان قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى تۇرغۇزۇپ چىقىلىپ، ساراي ئەمەلدارلىرى پۈتۈنلەي ئالماشتۇرۇلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ پارتىيە ئىمپېرىيىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلاندى.

ياش تۈركلەر پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ ئىسلاھات ئارزۇلىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ بارلىق تۈزۈملىرىنى تەپتىش قىلىپ، دەۋرگە ماس كەلمەيدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزگەرتىش ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غەرب دۇنياسىدا ئۆگەنگەنلىرى ۋە كۆرگەنلىرى ئاساسىدا خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ باياشات قىلىشنى ئۈيلايتتى، تۈركىيىنىڭ ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ نامرات، قالاق بولۇپ غەرب دۇنياسىدىن خېلى ئارقىدا قالغانلىقىدىن ئىچى پۇشاتتى، مەنىۋى جەھەتتە خەلق بىلەن بىللە جاپا چېكىشنى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىپ خەلقئارادا پۈت دەسسەپ تۇرۇشنى ۋە ئىززەت - ھۆرمەتلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما، ئوتتۇرا شەرقتىكى مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى پەۋقۇلئاددە مۇرەككەپ بولۇپ، مىللەتلەر بىلەن مىللەتلەر، مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان بولمىغانلار، يېزىلار بىلەن شەھەرلەر، كەمبەغەللەر بىلەن بايلار، زىيالىيلار بىلەن ئاۋام خەلق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭ بولغانلىقتىن بىر مەركەزگە ئىنتىلىدىغان بىرلىك تېخى شەكىللەنمىگەنىدى. شۇڭا، ئەمدى بىر ئىشنى قىلىشقا تەمشەلسىلا ئۇنىڭدىن چاتاق چىقىپلا تۇراتتى.

1909 ـ يىلى 16 ـ ئاۋغۇستتا «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» پارتىيىسى «نامايىش قانۇنى» نى، 27 ـ سېنتەبىردە «بۇلاڭچىلىقنى ۋە ئامانلىققا زىيان سېلىشنى مەنئى قىلىش قانۇنى» نى جاكارلىدى. بۇ قانۇنلارغا ئاساسەن، ئىرق، مىللەت ياكى ئۇنىڭ نامىدا تەشكىللىنىپ سىياسىي يىغىلىش ئۆتكۈزۈش مەنئى قىلىنىپ، رۇمېلىيىدىكى گرېكلار، بۇلغارلار، شۇنىڭدەك باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۇلۇب، ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى تارقىتىۋېتىلدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە قوغلاپ زەربە بەرگۈچى باتالىئونلارنى تەشكىللەپ، قۇراللىق ئۆكتىچى كۈچلەرنى شۇنىڭدەك مەشھۇر بالقان «كومىتادچى»① لىرىنى تارقىتىۋېتىش ۋە باستۇرۇش ھوقۇقى بېرىلدى. «كومىتادچى» لارنىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ مەلۇم قىلمىغانلار ياكى تەستىقسىز ئۆز ئالدىغا قورال ئېلىپ يۈرگۈچىلەر قاتتىق جازالىنىدىغان بولدى.

ئىتتىھاتچىلار يولغا قويغان ھوقۇقنى سارايغا مەركەزلەشتۈرۈش سىياسىتى ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاھالىلەر بىلەن چەكلەنمىدى، مەيلى رۇمېلىيىدە بولسۇن، مەيلى ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردە بولسۇن، ئۇلار تۈركلەشتۈرۈش سىياسىتىنى يولغا قويدى. تۈرك تىلى ئەرەبلەر، ئالبانلار ۋە باشقا غەيرىي تۈرك مۇسۇلمانلىرىغا مەجبۇرىي تېڭىلدى. بۇ ۋاقىتتا پايتەخت ئىستانبۇلدا ئۇلارنىڭ ئۆكتىچى پارتىيىلەرگە قوللانغان قاتتىق قوللۇقلۇقى ۋە رەھىمسىزلىكىگە ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى. سۇلتان ئابدۇلھەمىد II زامانىسىدا ئۆزى تۈرك ۋە مۇسۇلمان بولسىلا ھەرقانداق چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشىدىن قەتئىينەزەر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنمايتتى، بەزىدە ھەتتا سۇلتان ئۆزىگە قارشى تۇرغانلارنىمۇ ئەپۇ قىلغانىدى، ئۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئادىتى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ھۆكۈمرانلار قاتلىمىدىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى خا-

① مەخپىي تەشكىلات خادىملىرى.

لىمايتتى. ئەمما، ئۆزى ياش، ۋەتەنپەرۋەرلىكى كۈچلۈك، كۆزد-
گە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان بۇ باتۇر ئىتتىھاتچىلار ئۇنداق قىلمى-
دى. 1909 - يىلى سېنتەبىردىكى مۇھەممەدىلەر دەپ ئاتالغان
شەرىئەتچىلەرنىڭ ئىسيانى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، توپلاڭ-
چىلار ۋە ئۆكتىچىلەر ھەربىي سوت تەرىپىدىن دارغا ئېسىلدى،
تۈنجى بولۇپ بۇنداق جازاغا ئۇچرىغىنى سۇلتان ئوردىسىدىكى
ئىشىك ئاغىسى نادىر ئاغا ئىدى. بىرىنچى نۆۋەتتە ئۈچ ئارمىيە
باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن گېنېرال مەھمۇد شەۋكەت پاشا-
نىڭ جاكارلىغان ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى ئىستانبۇلدا توپتوغرا
ئىككى يىل ئىجرا قىلىندى، ئۇنى زاماندىشلىرىدىن بەزىلىرى
مۇستەبىت دېيىشەتتى.

باش قوماندان مەھمۇد شەۋكەت پاشانىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى
سىياسىي كۈرەش ئەمەس، بەلكى دۆلەت مۇداپىئەسى ئىدى.
ئەمما، ئۇنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن سىياسىي تە-
سىرلەر ئاخىرىدا «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» پارتىيىسىنى سەھنىگە
چىقاردى. بۇ پارتىيە 1909 - يىلى ۋە 1911 - يىللىرى ئاۋۋال
پېشقەدەم ئەمەلدارلار ۋە سىياسىئونلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى،
ئاندىن كېيىن ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتتىكى ئارقا تىرىكىگە تايد-
نىپ تەدرىجىي ھالدا ئىمپېرىيىنى تىزگىنلىگۈدەك سىياسىي
كۈچكە ئايلاندى. بىراق ئۇلارنى چوڭ ھوقۇقنىڭ ئىگىسى بولغاند-
لىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە ئۇرۇش ئېلان قىلالىغۇدەك رەقىبلەرگە
دۇچ كەلمەيدۇ، دېگىلى بولمايتتى. 1910 - يىلى ئىيۇلدىن
باشلاپ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بىر تۈركۈم
ئۆكتىچىلەر مەيدانغا كەلدى. ئەڭ ئاۋۋال بايقالغىنى ژاندارما
قىسىم ئوفىتسېرى ئەلى كامال[1] باشچىلىقىدىكى ئەكسىيەتچى سۇ-

---

[1] ئەلى كامال (1867~1922 - يىللىرى) كېيىن داماد فەرىد پاشا كابىنېتىنىڭ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى بولغان، ئۇ پان ئوسمانىزم بىلەن شۇغۇللانغان. 1922 - يىلى نويابىردا پېرادا قولغا ئېلىنغان، ئەنقەرەدىكى سوتقا ئېلىپ كېتىلىۋاتقاندا، ئىزمىتتا ئامما تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، فەيىامى سافا «ئوسمانىزم ئەلى كامالنىڭ ئىزمىتتا ئۇرۇپ ئولتۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ ئۆلدى» دەپ يازغانىدى.

يىغەست پىلانلاش تەشكىلاتى بولدى. 1911 ـ يىلى مىللەت مەج-
لىسى تەرەپتىن كەلگەن ئۆكتىچىلىك ئالامەتلىرى ئاساسىي قانۇن
ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىنكى 1 ـ سانلىق مەجلىستە ئوتتۇرىغا
چىقتى، بىر قىسىم كىشىلەر ئالباي[1]سادىق ھەم ئابدۇلئەزىز
مەجىد بەينىڭ رەھبەرلىكىدە «يېڭى پارتىيە» قۇرۇپ، «ئىتتى-
ھات ۋە تەرەككى» پارتىيىسىنىڭ ئەمەل قىلىپ كەلگەن تۇرلۇك
سىياسىي پروگراممىلىرى ۋە سىياسەتلىرىگە ھۇجۇم قىلدى، بۇ
يېڭى تەشكىلات ناھايىتى تېزلا قوللاشقا ئېرىشتى. ئۇلار 10
ماددىلىق باياناتنامە ئېلان قىلىپ، دىنىي ئەخلاق ۋە مىللىي
تەربىيىلىنىشنى ساقلاپ قالغان ئەھۋالدا غەربنىڭ ئىلغار مەدەنى-
يىتى ئارقىلىق ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنى گۈللەندۈرۈش، ئاسا-
سىي قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە ئوسمانلىلارنىڭ تارىخىي
ئەنئەنىسىنى ساقلاش ۋە قوغداش، ئاساسىي قانۇننىڭ بەزى ماددى-
لىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، خەلىپە ۋە سۇلتاننىڭ مۇقەددەس
ھوقۇقىنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.
ئابدۇلمەجىد بەينىڭ قارىشىچە، بۇ چاغدا دۆلەت ئىچىدە مۇنداق
ئۈچ چوڭ كۈچ تىركىشىۋاتاتتى: ئۇلار ئەسەبىيلەشكەن رېئاكسى-
يون ئۇنسۇرلار، ئۆلە ـ تىرىلىشكە قارىماي تېز بولۇشنى تە-
كىتلەۋاتقان تەرەققىيپەرۋەرلەر ھەم ئەنئەنىۋى ئادەتنى ساقلاپ
قېلىش ئاساسىدا مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر ئىدى. بۇ-
نىڭ ئۈچىنچىسىگە ئابدۇلمەجىد بەي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ۋە-
كىللىك قىلاتتى.

تىركىشىۋاتقان ئۈچ كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە 1911 ـ
يىلى ئاۋغۇست ۋە سېنتەبىر ئايلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن پارتىيە ۋە-
كىللەر قۇرۇلتىيىدا ھەل قىلىندى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي مۇشۇ
پارتىيىنىڭ سېلانىكتا مەخپىي ئېچىلغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قۇ-

---

① ئالباي ~ پولكوۋنىك، شياڭشياۋ دېگەن مەنىدە.

رۆلتيى بولۇپ، شۇندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي سىپلانىڭ ئوسمان- لى ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنى بولۇشتىن قالدى. قۇرۇلتاي خۇد- دى بىر تۈرك يازغۇچىسىنىڭ ئېيتقىنىدەك «جىددىي كەيپىيات ۋە بەس - مۇنازىرە ئىچىدە ناھايىتى قىزغىن» ئۆتكۈزۈلدى. دەل مانا مۇشۇ قۇرۇلتاي مەزگىلىدە ئىتالىيىنىڭ ترىپولتانىيىگە تاجا- ۋۇز قىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. گەرچە ۋەكىللەر ئىتالىيىنى ئەيىبلەپ مىللىي ۋەتەنپەرۋەرلىك خىتابنامىسى ماقۇللىغان بول- سىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ بولۇپ قالدى. شۇڭا، نۇرغۇن كىشىلەر قۇرۇق گەپ قىلىدىغان بۇ پارتىيىدىن چېكىندى.

1911 - يىلى 21 - نويابىردا، «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» پارتىيىسىگە قارشى بارلىق سىياسىي پارتىيە، تەشكىلات ۋە شەخسلەر بىرلىشىپ ھۆرىيەتچىلەر ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ ئىتتىپاقنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرىكى سابىق مىللەت مەجلىسە ئەزالىرى بولۇپ، رەھبىرى داماد فەرىد پاشا ئىدى. پايتەخت ئىستانبۇلدىكى جامائەت پىكرى «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرغۇچى ئۆكتىچىلەرگە پايدىلىق بولۇپ، ئاتاقلىق پېشقەدەم دۆلەت رەھبەرلىرى- نىڭ بىرى كامىل پاشا ئىتتىھاتچىلارغا قارشى كۈرەشتە ھۆرىيەت- چىلەرنى قوللىدى. ئۇ بۇ چاغدا مىسىردا قىشلاۋاتاتتى. شۇ يىلى دېكابىرنىڭ 20 - كۈنى مىسىردىن سۇلتانغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بوگۈنكى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلى- شى ئىتتىھاتچىلارنىڭ كاساپىتىدىن بولدى، دېدى ھەمدە سۇلتان مۇھەممەد V تىن مەھمۇد شەۋكەت پاشا جاكارلىغان ھەربىي ھا- لەت بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» پارتىيىسىنى تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئىتتىھاتچىلار دەر- ھال تەدبىر قوللىنىپ، كامىل پاشانىڭ سۇلتانغا يوللىغان مەك- تۇپىغا قارشى ماقالە يېزىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. ھۈسەين

جاھىد يالچىن (1874~1957) نىڭ «قەۋرىدىن چىققان سادا» ماۋزۇلۇق ماقالىسى بۇنىڭ بىر مىسالى ئىدى.

1912 - يىلى يانۋاردا، ھۆررىيەتچىلەر ئىتتىپاقى مىللەت مەجلىسىنى تارقىتىۋېتىپ، ئاپرېلدا چوڭ سايلام ئۆتكۈزدى، 275 نەپەر مەجلىس ئەزاسى ئىچىدە يەنە 6 نەپەر ئۆكتىچى توردىن چۈشۈپ قالدى. ئۆكتىچىلەر بىرىنچى قېتىملىق تولۇقلاپ سايلاشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ھوقۇقدارلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا يەنە بىر قېتىم چوڭ سايلام ئۆتكۈزدى، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي ئىمپېرىيە تارىخىدا ئەڭ چوڭ قۇرۇلتاي دەپ نام ئالدى.

ھۆررىيەتچىلەر ئىتتىپاقى باش شتابىنى سېلانىكتىن ئىستانبۇلغا يۆتكىدى، بۇ يەردە گەپ ئاڭلايدىغان مەجلىس بىلەن قولىقى يۇمشاق بىر سۇلتان تۇراتتى. ئۇلار بۇ يەردە ناھايىتى چوڭ ھوقۇققا ئىگە بولۇۋالدى، ئەمما خەلقئارا ۋە ئىچكى قىسىمدىكى قىيىنچىلىق ھەم زىددىيەتلەر كۆپەيمەكتە ئىدى. ئىتتىھاتچىلارمۇ جىم ياتمىدى، ئۇلار ھۆررىيەتچىلەر ئىتتىپاقى تەرىپىدىن غۇلىتىۋېتىلگەن كونا مەجلىس ئورنىغا قايتىدىن يەنە بىر يېڭى مەجلىس تەشكىللىدى. بۇنىڭ بىلەن، ھۆررىيەتچىلەر غۇلاپ چۈشتى. ئىتتىھاتچىلارنىڭ بۇنداق قانۇنسىز ۋاستىلەر بىلەن قانۇنلۇق ئۆكتىچىلەرنى غۇلىتىۋېتىشى ئاخىرى بېرىپ دېموكراتىيىسى بولمىغان ھەم غەيرىي مەجلىس شەكلىنى ئالغان ھەربىي سۇيىقەستچىلىك خاراكتېرىدىكى يېڭى ئۆكتىچىلەرنى — «ئىتتىھات ۋە تەرەققىي» پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىلگىرىكى ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

1912 - يىلى ماي ۋە ئىيۇن ئايلىرىدا، ئىستانبۇلدا «مۇدەررىسلىكتىن قۇتۇلغۇچى ئوفىتسېرلار» دېگەن بىر تەشكىلات مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭ رۇمىلىيىدە ئىسيان كۆتۈرگەن ئوفىتسېرلار بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈچلۈك بولۇپ، قانۇنسىز ھۆكۈمەت بىلەن مەجلىسنى يەڭگۈشلەش، ئىتتىھاتچىلارنىڭ ھوقۇقىنى بى-

كار قىلىپ ئىختىيارلىقنى ئاساس قىلغان ھالدىكى سايلام ئۆتكۈ-
زۈش، شۇنىڭدەك ئاساسىي قانۇننىڭ قانۇنلۇق خاراكتېرىنى ئەس-
لىگە كەلتۈرۈش قاتارلىقلارنى ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت قىلاتتى.
ھەربىيلەردىن ئۇيۇشقان بۇ سۈيىقەستچىلەر گۇرۇھى تەشكىللىنى-
شى بىلەنلا «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» دەۋرىدىكى بارلىق ئۆكتىچى-
لەرنىڭ تەلىپىدىكىگە ئوخشاش ئارمىيىدىن سىياسىي كۆرەشكە
قاتناشماسلىق تەلەپ قىلىندى. ئۇلارچە بولغاندا، ئارمىيە تەبىئىي
ھالدا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى زىيانلىرىنى تولدۇرۇشى، ئۇنىڭدىن
كېيىن ئىمپېرىيىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئەسلىدىكى بۇرچىنى
ئادا قىلىشقا قايتىشى، دۆلەتنى باشقۇرۇش ئىشىنى سىياسىئونلار
بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ قىلىشىغا قويۇپ بېرىشى كېرەك ئىدى.
بۇ تەشكىلات مانا مۇشۇنداق پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلغانلىقتىن،
ھەرقانداق شەكىلدىكى مۇلكىي جەھەتتىكى تەيىنلەشنى رەت قىل-
دى، شۇنداقلا ئەزالىرىنىڭمۇ ھەرقانداق شەكىلدىكى ھۆكۈمەتلەر-
نىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىشىنى مەنئى قىلدى.

ئالبانىيە ۋەزىيىتىنىڭ كۈنسايىن كەسكىنلىشىشى ۋە غۇلاپ
چۈشكەن ھۆررىيەتچىلەرنىڭ سەئىد پاشا تەرىپىدىن قايتا كۆتۈرۈ-
لۈپ چىقىشى نەتىجىسىدە، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى مەھمۇد
شەۋكەت پاشا 14 ـ ئىيۇلدا ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. بۇنداق
قۇربان بېرىشلەرمۇ ھەرقايسى جەھەتلەردىن كېلىۋاتقان تەنقىدلەر-
نى توختىتىپ، ئىتتىھاتچىلار بىلەن ھۆررىيەتچىلەردىن ئىبارەت
بۇ ئىككى رىقابەتچى كۈچنى ياراشتۇرالمىدى.

«مۇنەررزلىكتىن قۇتۇلغۇچى ئوفىتسېرلار» گېزىتلەردە
ئۆزلىرىنىڭ خىتابنامىسىنى ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە
قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى سۇلتانغا باياناتنامە سۇنۇپ، تېزلا نەتىجىگە
ئېرىشتى. سەئىد پاشا ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى مىللەت مەجلىسىنىڭ
24 سائەت داۋام قىلغان ئىشەنچلىك ئاۋاز بېرىشىدىن كېيىن
ئىستېپا بەردى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، سۇلتان ئۇنىڭدىن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

«سىز نېمىشقا ئىستېپا بېرىسىز؟ ئۇلار سىزگە ئىشىنەتتىغۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ «شۇنداق، ئۇلار ماڭا ئىشەندى، ئەمما مەن ئۇلارغا ئىشەنمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى. سەئىد پاشا ھۆكۈمىتى ئىستېپا بەرگەن كۈنى «مۇنەقەرزىلىكتىن قۇتۇلغۇچى ئوفىتسېرلار» بوستانسىدا مەجلىس ئاچتى، يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنمەكچى بولغان ئۈچ نەپەر پاشادىن تەركىب تاپقان ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئۆمىكى بوستانسىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئاڭلىدى. ئۇلارنىڭ تەلىپى نازىم پاشانى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرلىكىگە قويۇش، كامىل پاشانى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇش، سادرازامنى سۇلتان ئۆزى بەلگىلەش دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

تەۋپىق پاشانىڭ سەييارە نۇتقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، يېڭى ھۆكۈمەت 1912 ـ يىلى 21 ـ ئىيۇلدا قۇرۇلۇپ، غازى ئەھمەد مۇختار پاشا (1839～1918 ـ يىللىرى) نى سادرازاملىققا، نازىم پاشانى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرلىكىگە، كامىل پاشانى مىللەت مەجلىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. غازى ئەھمەد مۇختار پاشا ئالىم ۋە ھەربىي ئادەم ئىدى.

غازى ئەھمەد مۇختار پاشا ھۆكۈمىتىنى تۈركىيىلىكلەر بۈيۈك ئەربابلار ھۆكۈمىتى دەپ ئاتاشتى. بۇ ھۆكۈمەت ۋاقتىدا ئۆكتىچىلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەلىپى قاندۇرۇلۇپ ئىتتىھاتچىلار غۇلىتىلىدى، ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدىكى مەجلىس تارقىتىۋېتىلدى. ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بارلىق زاپاس ھەربىيلەردىن يازما كاپالەتنامە ئېلىنىپ، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق شەكىلدىكى سىياسىي تەشكىلاتلارغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا قاتناشماسلىقى تەلەپ قىلىندى.

1912 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدا، ئاران ئۈچ ئاي سادرازاملىقتا ئولتۇرغان غازى ئەھمەد پاشا تەختتىن چۈشۈپ، ئور-

www.uyghurkitap.com

نىغا كامىل پاشا چىقتى. بۇ ۋاقىتتا ھەرقايسى بالقان دۆلەتلىرى ئوسمانلىلار ئىمپېرىيىسىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغانىدى. كامىل پاشا ھۆكۈمىتىنىڭ دۈشمەننىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى بولمىغانلىقتىن، بۇلغارىيىلىكلەر ئەدىرنەنى قورشىۋالدى، گرېكلار سېلانىكنى ئىشغال قىلدى. ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان ھۆررىيەتچىلەر ئىتتىپاقى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالاپ ئەدىرنەنى بۇلغارلارغا بېرىۋېتىشنى مۇزاكىرە قىلىشتى. 1913 ـ يىلى 23 ـ يانۋاردا ھۆررىيەتچىلەر دەل مانا مۇشۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئىتتىھاتچى بىر توپ ئوفىتسېرلار بۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئەنۋەر بەينىڭ باشچىلىقىدا مىللەت مەجلىسخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى نازىم پاشانى ئېتىپ ئۆلتۈردى، ياشتا چوڭىيىپ قالغان سادرازام كامىل پاشا قورال ئۆزىگە تەڭلىنىپ تۇرغان ئەھۋالدا ئىستېپانامە يازدى. ئەنۋەر بەي ئۇنىڭ ئىستېپانامىسىنى دەرھال سۇلتان مۇھەممەد V كە تاپشۇردى. بۇ چاغدا ئىتتىھاتچىلار ھەربىي قىسىم، ساقچى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدا تولۇق تەييارلىنىپ بولغانىدى. شۇڭا، پۇختا قەدەملەر بىلەن ئىش كۆرۈپ ئاستا ـ ئاستا ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋالدى. مەھمۇد شەۋكەت پاشا قايتىدىن تەختكە چىقىپ سادرازام بولدى. ئەمما، بىر قانچە ئايدىن كېيىن سۇيىقەستكە ئۇچراپ قەتلى قىلىندى. بۇ ۋاقىتتا قېنى قىزىق ئۆكتىچىلەرنىڭ ۋەتىنى بولغان تۈركىيە خۇددى پارتلاش ئالدىدا تۇرغان يانار تاغقىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

## ئۈچىنچى باب

# ئىمپېرىيە ئۈچۈن زەپەر قۇچقان گېنېرال

مىلادىيە 1881 - يىلى 19 - ماي كۈنى، بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى سېلانىك (ئەينى ۋاقىتتا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە قارايتتى، ھازىر گرېتسىيىگە تەۋە جاي)تىكى ھاللىق بىر مۇسۇلمان تۈرك ئائىلىسىدە خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلدى. بۇ كىتابىمىزنىڭ باش قەھرىمانى ئاتا تۈرك مۇستاپا كامال ئىدى.① ئۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، دادىسى ئەلى رىزا ئەپەندى (1845~1892) بىلەن ئانىسى زۆبەيدە خانىم (1865~1923) لار مەسلىھەتلىشىپ ئۇنىڭغا ھەزرىتى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ مۇبارەك سۈپەتلىرىدىن بىرى بولغان مۇستاپا دېگەن ئىسمىنى ئات قىلىپ قويدى.

ئەلى رىزا ئەپەندى ئەسلى سېلانىكلىق بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى شۇ يەردىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. ئەلى رىزا چوڭ بولغاندىن كېيىن، دەسلەپتە سېلانىك تاموژنىسىنىڭ قوغداش بۆلۈمىدە ئىشلىدى، كېيىن خىزمەتتىن بوشىتىلىپ ياغاچ ماتېرىياللىرى سودىسى بىلەن شۇغۇللاندى. زۆبەيدە خانىم تۈركىيىدىكى بىر تۈركمەن ئايمىقىدىن كەلگەن ئائىلىنىڭ

---

① تارىخىي ماتېرىياللار ۋە سېلانىكلىقلارنىڭ قەيتلىرىگە كۆرە، ئۇنى 1881 - يىلى 13-مارتتا تۇغۇلغان دېيىشىدۇ، ئەمما مۇستاپا كامال ئۆزى ئاپام مېنى مايدا تۇغۇلغان ئىدىڭ دەيدۇ، ئۇنداقتا مەن نېمىشقا 19 - مايدا تۇغۇلمايدىكەنمەن، دېگەن. 19 - ماي مۇستاپا كامالنىڭ ئىستانبۇلدىن ئاناتولىيىگە يېتىپ بارغان كۈنى ئىدى. ئۇ تۈركىيە خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، سامسۇندا قورۇقلۇقتا چىققان بۇ كۈننى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى قىلىپ بېكىتكەن.

قىزى ئىدى. بۇ ئىككىيلەن سىپلانىكتا تونۇشتى. ئۇلار بىر-بىردىن 20 ياش پەرقلىنەتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ياش زۆبەيدەنى ياقتۇرۇپ قالغان ئەلى رىزا مەڭزى توقاچتەك قىپقىزىل، خۇش تەبىئەتلىك ۋە مېھىر - شەپقەتلىك بۇ تۇركمەن قىزدىن زادى ۋاز كېچەلمىدى. ئۇ قىز ئائىلىسىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى ھۆسەين ئاغانىڭ ياردىمى بىلەن يەڭدى.



ئاتاتۇركنىڭ تۇغۇلغان ئۆيى

مۇستاپا تۇغۇلغان كۈنى، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى پەۋقۇلئاددە خۇشاللىقتا چۆمدى. مۇستاپا دادىسىغا خۇددى چاپلاپ قويغاندەك ئوخشايتتى، زۆبەيدە ئۇنىڭغا ناھايىتى ئامراق ئىدى. ئائىلىدىكى بۇ خۇشاللىق كۈنلەر ئانچە ئۇزاققا بارمىدى، مۇستاپا سېلانىكتىكى شەمسى ئەپەندى باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ دادىسى ئەلى رىزا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران بولۇپ كەتتى ۋە 1892 - يىلى 47 يېشىدا ئۇچەي تۇبېركلىيوز كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ساقىيالماي ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ۋاقىتتا مۇستاپا 11 ياشتا ئىدى.

زۆبەيدە خانىم ئەلى رىزا ئەپەندىدىن پاتىمە، ئۆمەر، ناجىيە، مۇستاپا ۋە ماقبۇلە دەپ بەش باللىق بولغانىدى. ئالدىنقى ئۇچەيلەن ئەلى رىزا ئەپەندى ھايات ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كەتتى. ئەلى رىزا ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا، زۆبەيدە خانىم ئەمدىلا 27 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئىككى يېتىم پەرزەنتى ۋە قىرىق كۈرۈش[1] بىلەنلا تۇل قالدى. بۇ ئىككى يېتىم مۇستاپا بىلەن ماقبۇلە ئىدى. مۇستاپا سېلانىكتىكى مومىسىنىڭ[2] ئۆيىگە ئېلىپ كېتىلىپ بېقىلدى.

ئائىلىدىكى نامراتلىق مۇستاپانى كۆپ تېڭىرقاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ 1893 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈردى ۋە ئانىسىنىڭ توسۇشىغا ئۇنىماي، شۇ يەردىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىر ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى.

زۆبەيدە خانىم ناھايىتى تەقۋادار ئايال ئىدى، ئۇ ئوغلى مۇستاپانىڭ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ موللا ياكى قازى بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى، ھەربىي كىيىم كىيگەن ئادەملەرنى كۆرسە ناھايىتى قورقاتتى. بۇ ۋاقىتتا، بۇلارنىڭ قوشنىسى مىڭبېشى قەدىر بەينىڭ ئوغلى ئەھمەدنىڭ ھەربىي فورما كىيىپ، ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇشى ياش مۇستاپاغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى.

---

[1] بىر كۈرۈش بىر لىرانىڭ يۈزدىن بىرىگە باراۋەر.

[2] دادىسىنىڭ ئاپىسى.

مۇستاپادا ھەربىي فورمىغا نىسبەتەن كۈچلۈك ھەۋەس پەيدا بول-
دى. ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم ھەربىي بولۇش لازىم
ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھەربىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىنى
ئانىسىدىن يوشۇرۇنچە بەردى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئانىسىنى
رەنجىتىشى ئىدى.

زۆبەيدە خانىم ئوغلى مۇستاپانىڭ قىزغىنلىقىغا ئاخىرى قا-
يىل بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇشىغا يول قويدى.
مۇستاپا كىچىككىدىنلا زېرەك ۋە تىرىشچان ئىدى. ئۇ باللىق
چاغلىرىدا ئائىلىسىنىڭ تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىنى تازا ھېس
قىلالمىغان بولسىمۇ، ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويۇش بىلەنلا چوڭ-
قۇر ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇڭا، ئۇ ھەربىي مەكتەپتە پۈتۈن
زېھنى بىلەن ئوقىدى، ئەتراپتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار
بىلەن بولغان ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزدى. مەكتەپتە مۇستاپا
يۈزبېشى دەيدىغان بىر ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بار ئىدى. بىر
كۈنى، ئۇ كىچىك مۇستاپاغا «ئوغلۇم، سېنىڭمۇ ئىسمىڭ مۇستا-
پا ئىكەن، مېنىڭمۇ شۇ، ئۇنداقتا تازا ئوبدان بولمايدىكەن، پەرق
بولۇش كېرەك، بۈگۈندىن باشلاپ سېنىڭ ئىسمىڭ مۇستاپا كا-
مال بولسۇن» دېدى. «كامال» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى
تونۇلغان، يېتىلگەن، پىشقان دېگەنلىك بولاتتى. ئوقۇتقۇچىسى
مۇستاپا يۈزبېشىنىڭ ئۇنىڭغا «كامال» نامىنى بەخشەندە قىلىشى
بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئىسمىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن بولغان
بولسا، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ماتېماتىكا دەرسىدىكى نەتىجىسىنىڭ
پەۋقۇلئاددە ياخشىلىقىدىن بولغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ
ئىسمى مۇستاپا كامال دەپ ئاتالدى.

مۇستاپا كامال تولۇقسىز ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەربىي مەك-
تەپتە ئوقۇۋاتقان بۇ مەزگىلدە، ئۇنىڭ ھاياتىدا باشقىچە بىر
ئۆزگىرىش يۈز بەردى. زۆبەيدە خانىم چەت ئەللەر بىلەن تاماكا
سودىسى قىلىدىغان غالىب بەي بىلەن توي قىلدى. ئەلى رىزا

ئەپەندىنىڭ ئورنىنى باشقا بىرىنىڭ ئىگىلىشى ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن، مۇستاپا كامال بىر مەزگىل ئۆيدىن يىراقلاشتى. ئەمما، ئانىسىنىڭ بىراۋغا ياتلىق بولۇشىنىڭ تەبىئىي بىر ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، چۈشەندى ۋە ئاستا - ئاستا ئۆگەي دادىسىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.

1895 - يىلى، مۇستاپا كامال سېلانىكتىكى ماناستىر ھەر- بىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ 14 ياشقا كىرگەنىدى. بۇ مەكتەپتە ئۇ يۇرەكلىك، جەسۇر ئىند- سانلار بىلەن تونۇشتى. دوستلۇقنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام- لاشتۇرۇپ كەلگەن سالىھ بوزوك (1881~1941)، نۇرى جۇن- كەر، فۇئاد بۇلجا، ئىسمائىل ھاككىلەر بىلەن مانا مۇشۇ مەكتەپ- تە تونۇشتى . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىدا ئۇنىڭغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن ئادەم ئۆمەر ناجى (1878~1916 - يىللىرى) بولدى. ئۇ بۇرسا ھەربىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدىن سۈرگۈن بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن بولۇپ، سۆزى ۋە بىلىمى ئارقىلىق باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئادەم ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا، ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسى سىياسىي ۋە ئىجتى- مائىي جەھەتتە ھۆررىيەت ۋە مەشرۇتىيەت پىكىرلىرىنىڭ ئايىغى چىقمايدىغان زىددىيەتلىرىگە پېتىپ قالغانىدى. يىراقتىكى ۋىلا- يەت، شەھەر، ناھىيىلەردە سىياسىي گۇرۇپپىلاردىن كۆرە، تولا- راق ئېتنىك گۇرۇپپىلار بۇ خىل پىكىرلەرنى ئۆز مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. مۇستاپا كامال ماناستىر ھەربىي مەكتىپىگە كىرە - كىرمەيلا بۇ قايىنامغا دۇچ كەلدى. ئۆمەر ناجى مەكتەپتە دائىم تەۋپىق فىكرەت بىلەن نامىق كامالنىڭ ھۆررىيەتچى پىكىرلىرىنى تەشۋىق قىلاتتى. ناھايىتى قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىد- دە، مۇستاپا كامال ئۆمەر ناجىغا يېقىنلىشىپ، ۋەزىيەت ھەققىدە سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئىمپېرىيىنىڭ بالقان قىسمىدىكى

بۇ خىل مۇھىت ئەمدىلا 16 ~ 17 ياشلارغا كىرگەن مۇستاپا كامالنى مۇشۇ مەملىكەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش چارىلىرى ئۈستىدە ئويلاندۇرۇشقا يېتەكلىدى.

1899 - يىلى 13 - ئاپرېل كۈنى، مۇستاپا كامال ھەربىي ئاكادېمىيە[1]نىڭ پىيادە ئەسكەرلەر فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ ئىستانبۇلغا كەلدى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا مەركىزىي شەھەرگە تۇنجى قېتىم ئاياغ بېسىشى ئىدى. ئۇنىڭ باللىق چاغلىرى سېلانىكتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەربىي مەكتەپتە، ياشلىقى بولسا ماناستىر ھەربىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئۆتتى. مۇستاپا كامالنىڭ ھەربىي ئىشلارغا قىزىقىشى ئىستانبۇلدا سېلانىكتىكىدەك يۇقىرى بولالمىدى. ئۇ بۇ بىر مەزگىلدە تەۋپىق فىكرەت ۋە نامىق كاماللارنىڭ شېئىرلىرىگە بېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، كۈن بويى شۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادلايتتى، سىياسىي ئىشلارنى ئۇنتۇغانىدى. ئىش بۇنداق داۋاملىشىۋەرسە ئوبدان بولمايتتى. شۇڭا، ئۆمەر ناجى ئۇنى قەتئىي توستى. بىراق، ئۇنىڭ شۇ بىر مەزگىلدىكى شېئىر بىلەن ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسى ئۇنى ئاخىرقى ھېسابتا ناھايىتى پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان، مىليونلىغان كىشىلەرنى جەلپ قىلالايدىغان بىر مەشھۇر ناتىق قىلىپ يېتىشتۈردى. ئۇنىڭ ئىستانبۇل ھەربىي ئاكادېمىيىسىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا نۇقتىلىق ئۇزۇپ چىققان پېنى قانۇن بولدى. ئۇ 1902 - يىلى 10 - فېۋرالدا ھەربىي ئاكادېمىينى 8 - دەرىجىلىك نەتىجە بىلەن تۈگەتتى. ئەمما، ئاكادېمىيە ئۇنى يەنە داۋاملىق ھەربىي شتاب ئوفىتسېرى كەسپىدە ئوقۇشقا بەلگىلىدى.

1905 - يىلى يانۋاردا، مۇستاپا كامال ئوقۇش پۈتتۈردى. ئاكادېمىيە تەرىپىدىن ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم قۇرۇقلۇق ئارمىيە بويىچە يۈزبېشىلىق[2] ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ 24

---

① قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتى.

② يۈزبېشى — شاڭۋېي، ستارشىي لېيتېنانت.

ياشقا كىرگەندى.

1902 ـ يىلىدىن 1906 ـ يىلىغىچە بولغان تۆت يىلدا «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» پارتىيىسىنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى ئۇلـغىيىپ كەتتى. مۇستاپا كامالنىڭ ئىستانبۇل ھەربىي ئاكادېمىيىسىدە ئوقۇغان ۋاقتى دەل سۇلتان ئابدۇلھەمىد II نىڭ زوراۋانلىقى ئەڭ قاتتىق بولغان دەۋرگە توغرا كەلدى. گەرچە بۇ ۋاقىتتا، ئىستانبۇلدىكى گالاتا سارىيى نامىدىكى پادىشاھلىق ئوتتۇرا مەكتىپى، بەنجارت قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق داڭلىق ئىلىم يۇرتلىرىدا سۇلتان ئابدۇلھەمىدكە قارشى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئىستانبۇل ھەربىي ئاكادېمىيىسى يەنىلا سۇلتانغا قارشى مەخپىي قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان ئاساسلىق مەركەزلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى.

ئىستانبۇل ھەربىي ئاكادېمىيىسى تۈرك ھەربىي ئوفىتسېرلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان ئۇچاق ھەم تەتقىقات بىلەن كېلەچەكنىڭ تەييارلىقىنىمۇ قىلىدىغان ئاساسلىق يەر ئىدى. بۇ يەردە ستۇدېنتلار مەكتەپ دائىرىلىرىنىڭ قوللانغان بىر قاتار ئىنتىزام ۋە تەدبىرلىرىگىمۇ پىسەنت قىلماي، نامىق كامال ۋە زىيا پاشالارنىڭ جەددىچىلىك تەرغىب قىلىنغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ئىمپېرىيىنىڭ ئىللىتى ۋە ئۇنى تۈگىتىشنىڭ يوللىرى ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇشاتتى.

مۇستاپا كامال سېلانىكتىكى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىشتا قوللانغان ئۇسۇللىرىنى تەھلىل قىلىپ، بەزى ئەركىن مۇنازىرىلەرنى باشلىغۇچىلاردىن بولۇپ، ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ئەڭ يېقىن قاراشلارغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇ ھەربىي ئوفىتسېر بولىمەن، باشلىق بولىمەن دېگەنگە ئوخشاش خۇسۇسىي ئويدا ئەمەس، بەلكى كېلەچەكتە قىلىدىغان ئىشلار، ئىمپېرىيىنىڭ تەقدىرى قاتارلىق زور

www.uyghurkitap.com

مەسىلىلەردە خېلى چوڭقۇر ۋە ئۆزگىچە پىكىردە ئىدى. ئەلى فەتھ، جائفەر تايار، ئەلى فۇئاد، نۇرى جۇنكەر، ئىسمائىل پازىل پاشا (ئەلى فۇئادنىڭ دادىسى) ۋە تۆۋەن سىنىپتىكى كازىم قارا بەكىرگە ئوخشاش يېقىن - يۇرۇقلىرى بىلەن دائىم سۆھبەتلىشەتتى، ھەتتا سۇلتاننى تەنقىدلەيدىغان گەپ - سۆزلەرنىمۇ قىلىشاتتى. ئۇ ستۇدېنتلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ نۇتۇق سۆزلەپ ئۇلارنىڭ تارىخ بىلىمىگە بولغان ھەۋىسىنى قوزغايتتى، «ئۆزىنىڭ تارىخىنى بىلمىگەن مىللەتمۇ مىللەت ھېسابلىنامدۇ»، «ھۆرلۇككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەملىكەتنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم» دەيتتى. ئۇ بارا - بارا دۆلەتنىڭ مەمۇري ۋە سىياسي پائالىيەتلىرىدە ھەر خىل مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر ئوت دائىم كۆيدۈرەتتى. بۇ ئوت ئىنقىلاب ئوتى ئىدى.

ئۇنىڭ ھەربىي ئاكادېمىيىنىڭ ئاخىرقى سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرى ئىدى، ئۇ لۇتفى مۇفىت ئۆزدەش (1874~1940 - يىللىرى) ۋە ئۆمەر ناجىلار بىلەن بىللە ماقالە يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ بايقىغانلىرىمنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئوقۇغۇچىلار تېز ئارىدا بىلسە ئىكەن، دەيتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن گېزىت چىقىرىشقا توغرا كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ مۇستاپا كامال يازغان ماقالىلىرىنى ئۆزى چىقارغان قولىيازما گېزىتتە بۆلۈپ - بۆلۈپ ئېلان قىلىشقا باشلىدى. ئەمما شۇ ۋاقىتتىكى ئىمپېرىيە دائىرىلىرىنىڭ مۇستاپا كامالدەك ھۆر پىكىرلىك ياشلارنى كۆزدىن قاچۇرۇپ قويۇشلىرى ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەكتەپ مۇدىرى رىزا پاشا مەكتەپتىكى قولىيازما گېزىتنى تەييارلاۋاتقان مۇستاپا كامالنى نەق مەيداندا تۇتۇۋالدى، ئۇ سوراقنىڭ دەسلىپىدە ناھايىتى دەھشەتلىك كۈنلەرنى باشتىن كەچۈردى. قوماندان پاشا ئۇلارنىڭ جىنايىتىنى رۇخسەتسىز ھەرىكەت قىلغان دېگەنگە ئۆزگەرتىپ قويۇپ بەردى.

ئۇ قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئىدىيە - پىكىرلىرىنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش يولىغا قاراپ ماڭدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ لۇتفى مۇفىت قاتارلىق ساۋاقداشلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىستانبۇلدا بىر ئىش بىناسى سېتىۋالدى. ئۇ «پەقەت ھۆر پىكىرلىك ئادەملەرلا ئۆز ۋەتىنىگە پايدىلىق ئادەم بولالايدۇ» دەيتتى. ئۇ قىلماقچى بولغان ئىشلارنى ئىش بىناسىدا ئالدىن پىلانلاپ تەييارلايتتى. ئۆزى بىلەن بىللە ھەربىي ئاكادېمىيىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىزىملىكىگە قاراپ تۇرۇپ، ئۆزى ئۈچۈن كېرەكلىكلىرىنى تاللىدى ۋە: «بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يارامىلىق ئوفىتسېرلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ دېگىلى بولمايدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن بەزىلەر بىزدىن ئاۋۋال قۇرۇقلۇقتا چىقىشى مۇمكىن، ئۇلار ئالدىن كېتىدۇ ۋە بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا زېمىن ھازىرلايدۇ» دېدى. ئۇ دېگەن قۇرۇقلۇق ئاناتولىيە ئىدى.

مۇستاپا كامالنىڭ كەلگۈسى پىلانىچە بولغاندا، ئىستانبۇل ھەربىي ئاكادېمىيىسىنى پۈتتۈرگەن ئاشۇ بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانداق جاي ۋە قايسى قىسىملارغا تەقسىم قىلىنىشى ئۇنىڭ كېلەچەكتە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتەتتى، شۇڭا ئاناتولىيە قۇرۇقلۇقى بىلەن ئىمپېراتورلۇق ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان ئىستراتېگىيىلىك جاي سېلانىكقا مۇھىم خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرماقچى بولدى. ئەمما، كۈتۈلمىگەن بىر ئىش ئۇلارنىڭ بۇ پىلانىنى بۇزۇۋەتتى. ھەربىي مەكتەپلەر مۇپەتتىشى ئىسمائىل پاشانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق قاتتىق ئاختۇرۇشتا بۇلار يىغىن ئۈستىدىلا تۇتقۇن قىلىندى. مۇستاپا كامالنىڭ مەخپىي يىغىن ئېچىۋاتقانلىقىنى شۇ تەشكىلاتتىكى فەتھ دېگەن بىرى پاش قىلىپ قويغان بولۇپ، ئۇلار سۇلتان ئابدۇلھەمىدكە بومبا تاشلاپ سۇيىقەست قىلماقچى دېگەن بەدنام بىلەن قولغا ئېلىندى. مۇستاپا كامال ۋە

سەپداشلىرى تاش قىشلاق قەلئەسىگە قامالدى. سوراق قىلىشنى ئىسمائىل پاشا ئۈستىگە ئالدى.

دەھشەتلىك كۈنلەر يەنە باشلاندى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇ يەردە تۇرۇپ بىرەر ئىش قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ھەربىيلىكتىن قوغلىنىپ پەرىشان ۋە يارىماس كىشىلەرگە ئايلىنىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى، مۇستاپا كامال بەش ئاي قاماقتا ياتتى، ئەمما قولغا ئالغۇدەك دەلىل - ئىسپات بولمىغاچقا قويۇپ بېرىلدى ۋە گۇمانلىق كىشىلەر قاتارىدا شامنى[①]قوغداۋاتقان 5- ئارمىيىگە ئەۋەتىلدى. بۇ ۋاقىتتا، لىۋان تاغلىرىدا ياشايدىغان دىروز مەزھىپى[②]مۇرىتلىرى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە قارشى غەليان كۆتۈرمەكتە ئىدى. بۇيرۇققا بىنائەن 5 - ئارمىيە دىروزلارنىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇشقا قاتناشتى، مۇستاپا كامال ھاياتىدا تۇنجى قېتىم جەڭنى باشتىن كەچۈردى.

مۇستاپا كامال شامدا ئويلىمىغان يەردىن نام - شەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغان، ئەمما تونۇشۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ئىسيانچى تۈركلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن سۈرگۈن قىلىنىپ بۇ يەرگە كەلگەن تىببىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ياش دوختۇر مۇستاپا جان تېگىن (1878~1955) ئىدى. ئۇ شامغا كەلگەندىن كېيىن، دەمەشقتە بىر دۇكان ئېچىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتاتتى. مۇستاپا كامالنى جان تېگىن ئۆزى ئىزدەپ تاپتى ۋە شۇ ھامان دوست بولۇشۇپ كەتتى. لۇتفى مۇفتىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇلدى. مانا بۇ چاغدا ئۇلار يوشۇرۇن ھالدا «ۋەتەن ۋە ھۆررىيەت جەمئىيەتى» دېگەن بىر تەشكىلاتنى قۇردى. بۇ تەشكىلات قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي بېيروت، جەئفە ۋە ئېروسالىم قاتارلىق جايلاردا

---

① سۈرىيىنىڭ پايتەختى دەمەشق.

② دىروز مەزھىپى —— سۈرىيە ۋە لىۋان مۇسۇلمانلىرىنىڭ فاتىمى ئەلەۋى تارمىقىدىن ئايرىلىپ چىققان ئالاھىدە ئىشەنچكە ئىگە جامائەت. ئۇ ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ تارمىقى بولۇپ، مىلادىيە 11 - ئەسىردە بارلىققا كەلگەن.

ئۇنىڭ شۆبىلىرى بارلىققا كەلدى.

مۇستاپا كامال قۇرغان «ۋەتەن ۋە ھۆرىيەت جەمئىيىتى» نىڭ مەقسىتى ئوسمانلى تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا ھۆرىيەتچى ھەم خەلقچىل بىر ئەۋزەل يېڭى تۈزۈم ئورنىتىش بولۇپ، مۇستاپا كامال بۇ مەقسەت يولىدا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا بەل باغلىغان-دى. شۇڭا، ئۇ ھەمراھلىرىغا ھەر دائىم: «كىمكى خورلۇقتا ياشىمايمەن دەيدىكەن، بۇ ھەرىكەتكە قاتناشسۇن» دەيتتى. ئۇنىڭ-چە بولغاندا، بۇ ئىشلارنى قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى جاي شام ئەمەس، بەلكى ماكېدونىيە ئىدى. مەقسىتىگە كۆرە، مۇستاپا كامال سېلانىكقا كەتتى[①] ۋە 1906 - يىلى سېنتەبىردىن باشلاپ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق 3 - ئارمىيىدىكى ئوفىتسېرلار ئىچىدە بىر ھۆرىيەتچى تەشكىلاتنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس سالدى. شۇن-داق قىلىپ، سېلانىكتا ئىسمائىل كەنبۇلات ۋە مىدھەت شۈكرۈ-لەر باشچىلىقىدا «ئوسمانلى ھۆرىيەت جەمئىيىتى» دېگەن بىر شۆ-بە تەشكىلات مۇستاپا كامالغا قارام ھالدا دۇنياغا كۆز ئاچتى.

1907 - يىلى 13 - ئۆكتەبىر كۈنى مۇستاپا كامالغا قۇرۇق-لۇق ئارمىيە بويىچە بىنباشى ئۇنۋانى بېرىلىپ، ماكېدونىيىدە تۇرۇشلۇق 3 - ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابىدا شتاب ئوفىت-سېرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. مۇستاپا كامال بۇ يەردە باشقىچە بىر مۇھىتقا دۇچ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» جەم-ئىيىتى ئەنۋەر پاشانىڭ يېتەكچىلىكىدە ئومۇمىيۈزلۈك ھەرىكەت قىلىپ، ناھايىتى يۇقىرى سىياسىي پائالىيەتلەرگە كىرىشىپ كەتكەنىدى. مۇستاپا كامالنىڭ ئەلى فۇئادقا ئوخشاش ئەڭ يېقىن دوستلىرى «دەرنەك» دەپ ئاتىلىدىغان، ئەمەلىيەتتە سىياسىي

① ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئىزمىر ئارقىلىق يوشۇرۇن سېلانىكقا مەخپىي بېرىپ، ئۇ يەردە بىر تەشكىلات قۇرغانىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئىشى پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن، سۈرىيىگە بېرىپلا ياقابادىكى بۇيۇنتاۋلىق قىلغان ئەسكەرلەرنى باشقۇرىدىغان چېگرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر شتابقا يۆتكىۋېتىلگەن، ئۇ يەردە ئۈچ يىل تۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن سېلانىكتىكى رۇملىيە ئارمىيە ئالىي قوماندانلىق شتابىغا خىزمەتكە تەيىنلەنگەن.

پارتىيە تۇسىنى ئالغان بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەتراپىغا توپلانغانىدى. مۇستاپا كامال ھەربىي ۋەزىپىسىنى ئۆتەش بىلەن بىللە، يەنە «ۋەتەن ۋە ھۆررىيەت جەمئىيىتى» نى كېڭەيتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى، ئەمما بۇنىڭ ناھايىتى تەسلىكىنىمۇ ھېس قىلدى. شۇ يىلى 29 ـ ئۆكتەبىردە، ئۇ ئۆزىنىڭ ھېلىقى تەشكىلاتى بىلەن بىللە «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» سېپىگە قوشۇلدى. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ غايىلىرىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە قولايلىق ئېلىپ كېلەتتى.

مۇستاپا كامالنىڭ «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» گە قوشۇلۇشى بىلەن تەڭ، تەلئەت ۋە ئەنۋەر پاشالار بۇرۇنقىدىنمۇ بەك چوڭچىلىق قىلىپ كۆرەڭلەشكە باشلىدى. مۇستاپا كامال ئوخشاش مەقسەتلەر يولىدا بىرلەشكەن ئادەملەرگە بۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس دەپ قارايتتى ۋە ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلمىشلىرىغا قەتئىي قارشى ئىدى. ئەمما، ئورتاق مەنپەئەت ئۇنى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى بىر مەزگىل كۆزىتىپ بېقىشقا، ھەتتا چەتكە قېقىلىشتىنمۇ قورقماسلىقا ئۈگەتتى. مۇستاپا كامال 1909ـ يىلى ئىستانبۇلدا پارتلىغان 31 ـ مارت ۋەقەسىنى باستۇرغان ھەرىكەتچان ئارمىيەنىڭ شتاب باشلىقى بولغان ۋە ئالبانىيە قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىق شتابىدا ئىشلىگەنىدى. ئەمما، ئۇ ئۆز ئىسمىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا قويۇلۇشىغا، ھەتتا تىلغا ئېلىپ قويۇلماسلىقىغىمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرىۋەردى.

1908 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن، مۇستاپا كامال سىياسىي كۈرەشنى تاشلاپ ھەربىي ئىشلارغا يۈزلەندى، 1909ـ يىلى گېنېرال لىسماننىڭ «پىيادە ئەسكەرلەر ئىزۋوتىنىڭ جەڭ قائىدىسى» («تاكېمىن مۇھارىبە تالىمى») دېگەن كىتابىنى نېمىسچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلدى. شۇ يىلى ئۇنىڭ «جۇمالى ئوردوگاھى» («جۇمالىدىكى ئارمىيە شتابى») دېگەن ئەسىرى سېلانىكتا نەشر قىلىندى. 1910 ـ يىلى «پىيادە ئەسكەرلەر

روتىسنىڭ جەڭ قائىدىسى» («بۆلۈگۈن مۇھارىبە تالىمى») دېگەن كىتابىنى نېمىسچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىسىگە يېڭى ۋە زامانىۋى مەزمۇن قوشتى. ئۇ شۇ يىلى ياۋروپاغا بېرىپ پىكاردىدا ئۆتكۈزۈلگەن فرانسىيە دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ چوڭ كۆلەملىك ھەربىي مانېۋىرىغا قاتناشتى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ھەربىي تالانتى بىلەن ئىمپېرىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىستانبۇلدىكى باش قوماندانلىق شتابىدا ئىشلەۋاتاتتى.

1911 ـ يىلى، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ھۆكۈمەتلىرى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى ترىپولىتانىيە[①] ۋە كېرىنائىكا قاتارلىق ئىككى ئۆلكىسىنى ئىتالىيىنىڭ بېسىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. شۇ يىلى 28 ـ سېنتەبىر كۈنى، تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇۋالدى، ئۇلتىماتۇمدا تۈركىيىدىن ئىتالىيىنىڭ بۇ ئىككى جايغا قاراتقان ھەربىي ھەرىكىتىگە قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك تەلەپ قىلىندى.

ئىتالىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كىردى. مونوپول بۇرژۇئازىيە دۆلەت ئىچىدە ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇپ زوراۋانلىق قىلسا، سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. ئىتالىيە ئافرىقا قىتئەسىدە بىر كىچىك ئىمپېرىيە قۇرۇپ، يېقىن شەرق، رۇسىيە ۋە بالقان دۆلەتلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرماقچى ئىدى.

ئۇرۇش باشلىنىش بىلەن تەڭلا، ئىتالىيە قۇرۇقلۇق، ھاۋا ۋە دېڭىز ئارمىيىلىرىنى تەڭ ئىشقا سېلىپ، لوت ۋە دودىكانىس تاقىم ئاراللىرىنى ئىشغال قىلدى ۋە ئارقىدىن ئۇلاپ داردانېل بوغۇ-

---

① ترابلۇس غەرب دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھازىرقى لىبىيىنىڭ مەركىزى ترىپولى.

www.uyghurkitap.com

زىنى بومباردىمان قىلدى. ئۇرۇشقا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى ئەرەبلەر ئولتۇرۇشلۇق جايلارنىڭ ھەممىسى جەلپ قىلىندى. تۈركىيە خەلقى ئىتالىيىلىكلەر تەرىپىدىن بوزەك بولۇشنى خالىمايتتى. «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» پارتىيىسىدىكىلەر قىسقا مۇددەت بولسىمۇ، دېڭىز بوغۇزىنى قامال قىلدى. ئەمما، ئەنگلىيە ۋە رۇسىيىنىڭ قاتتىق نارازىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ ۋاقىتلىق چارىمۇ بىكار قىلىندى. ئىتالىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغان ۋە ئىشغال قىلىنغان جايلاردا پارتىزانلار ئۇرۇشلىرى ئەۋج ئالدى.

بۇ ۋاقىتتا، مۇستاپا كامال بۇيرۇق بويىچە تىرابلوس فرونتىغا كېلىپ دەرنە جەبھەسى (گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە) قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن ئافرىقىغا كەلدى ۋە لىۋىيىدە سەنۇشى مەزھىپى مۇرىتلىرىنىڭ ئىتالىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى تەشكىللىدى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى.

1913 ـ يىلى 29 ـ ئىيۇندا ئىككىنچى قېتىملىق بالقان ئۇرۇشى پارتلىدى. ئۇرۇشتا بۇلغارىيە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن گرېتسىيە، سېربىيە، مونتېنگرو ۋە كېيىنرەك قوشۇلغان رومىنىيىلەرگە يېڭىلدى. بۇخارىست شەرتنامىسىگە كۆرە، بالقان يېرىم ئارىلىدىكى كۈچلەر قايتىدىن تەڭشەلدى ۋە خەلقئارا زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىپ، دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ يېتىپ كېلىشى تېزلەشتى. ئۇرۇش ئاران 41 كۈن داۋاملىشىپ، شۇ يىلى 10 ـ ئاۋغۇستتا ئاخىرلاشتى.

مۇستاپا كامالنىڭ غەربىي ترابلوس فرونتىدىن قايتقان ۋاقتى 1912 ـ يىلى دېكابىردا ئىمزالانغان لوزان كېلىشىمنامىسى ئارقىلىق ترىپولىتانىيە ۋە كىرىنائىكالارنىڭ ئىتالىيىگە بۆلۈپ بېرىلىشى بىلەن خۇلاسىلەنگەن تۈركىيە ـ ئىتالىيە ئۇرۇشىنىڭ تاماملىنىپ، ماكېدونىيىدىكى قايناشمىلارنىڭ بالقاندا ئۇرۇش

ھالىتىنى ئالغان بىر ۋاقىتقا توغرا كەلدى. مۇستاپا كامال چاتالجا ۋە گاللىپولى فرونتلىرىدا ئۇرۇش قايىنىمى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا بۇلايىردا تۇرۇشلۇق شۆبە ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابىدا ئىشلىدى. دۈشمەننىڭ چاتالجىدىن چېكىنىشىگە ۋە ئەدىرنەنىڭ ئازاد بولۇشىغا قەدەر بۇلايىردا تۇرغان مۇستاپا كامال ئەڭ يېقىن سەپدىشى فەتھى بەي (ئوكيار) بىلەن سىياسىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى بىر دوكلات ھالىتىدە تەييارلاپ چىقتى، ئاندىن كېيىن دەرىجە ئاتلاپ ھەربىي ئىشلار نازارىتىگە يوللىدى. دوكلاتتا مىللەتنىڭ ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئالدىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئوچۇق ـ ئاشكارا كۆرسىتىلگەنىدى. «ئىتتىھات ۋە تەرەققىي» نىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئادىمى تەلئەت بەي دوكلاتنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، بۇلايىرغا كېلىپ بۇ ئىككى قوماندان بىلەن كۆرۈشتى. بۇ كۆرۈشۈشتىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، فەتھى بەي ھەربىيلىكتىن ئايرىلىپ «ئىتتىھات ۋە تەرەققىي» پارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى بولدى. ئەنۋەر پاشا ۋە تەلئەت پاشالار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىمۇ مۇستاپا كامال ئۆزىنىڭ سۇكۇناتىنى ساقلىدى. فەتھى بەي سوفىيە باش ئەلچىخانىسىغا ئەلچىلىككە تەيىنلىنىپ بۇلغارىيىگە ماڭىدىغان چاغدا، مۇستاپا كامالنى ئىمپېرىيىنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەپ بىللە ئېلىپ كەتتى. مۇستاپا كامال بۇ چاغدا يارباي[1]لىققا ئۆستۈرۈلۈپ، بېلگراد[2] ۋە قاراتاغ[3] ئاتەشلىكلىرىدە (مەسلىھەتچىلەر ئورنى) ھەربىي مەسلىھەتچى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پايتەختتىن يىراقلاشتۇرۇلۇشى ئۈچۈن قىلىنغان بۇ مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ھەرگىز شەپە بەرمىدى.

---

① پود پولكوۋنىك، جۇڭشياۋ.
② يۇگوسلاۋىيىدىكى جاي.
③ يۇگوسلاۋىيىدە بولۇپ، ھازىر چىتىنە دېيىلىدۇ.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، مۇستاپا كامال پەيت كۈتۈپ ئەھۋال كۆزەتتى. ئۇ يېڭى سۇلتاننىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئەنۋەر پاشالارنىڭ غەلىبىگە مەست بولۇپ ھەددىدىن ئارتۇق كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە فەتھ بەيگە يۈرەك سۆزىنى ئېيتتى ۋە ئۇلارغا بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەسلىكنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى، ئۇنىڭ بۇ ئەندىشىسى ئورۇنلۇق ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئەنۋەر پاشا باشچىلىقىدىكى «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» پارتىيىسى كومىتېتى ئارمىيىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن گېرمانىيىدىن ھەربىي مۇتەخەسسىسلەرنى ئېلىپ كېلىپ، دۇنيا ئۇرۇشى قىلىش ھەققىدە ئۆزئارا ئىتتىپاق تۈزۈشمەكتە ئىدى. مۇستاپا كامال بۇلغارىيىدە تۇرۇپ بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپتى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆزقاراش ۋە چۈشەنچىلىرىنى تەۋپىق رۈشتۈ بەيگە يازغان خېتىدە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. مۇستاپا كامال ناھايىتى تىت ـ تىت بولاتتى. ئۇ ئەمدى ۋەتەندە بۇنداق ئىشلار بولۇۋاتقاندا چەت ئەلدە تۇرۇشنى خالىمىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشتى.

1915 ـ يىلى يانۋارنىڭ 13 ـ كۈنى، ئەنگلىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى ۋىنستون چىرچىل دۆلەت ۋەزىرلىرى، مارشال ۋە دېڭىز ئارمىيە ئادمىراللىرى يىغىنىدا داردانىل بوغۇزىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ھەرىكەت باشلىدى. پېشقەدەم گېنېرال ۋە ئەنگلىيىنىڭ تۇنجى دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى جون فىشىر 74 ياشقا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي، قايتىدىن ھەربىي قىسىمغا چاقىرتىلدى. ئوتتۇرا دېڭىز فلوتى قوماندانى ئادمىرال ساكۆيركاتون چىرچىلنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن داردانىلنى ئېلىشقا مەسلىھەت كۆرسىتىپ، «بۇ پىلان ئانتانتا دۆلەتلەرگە داردانىل بوغۇزىنى ئېچىپ بېرىدۇ» دېدى.

1915 ـ يىلى 19 ـ فېۋرال كۈنى، ھەر بىرىگە 15 ئىنگلىز

سۈيى كالىبىرلىق چوڭ تىپتىكى زەمبىرەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان
ئەنگلىيىنىڭ «خانىش ئېلىزابېت» ناملىق ئەڭ يېڭى تىپتىكى 18
ئۇرۇش پاراخوتى، فرانسىيىنىڭ تۆت ئۇرۇش پاراخوتى ۋە يەنە
نۇرغۇن ياردەملەشكۈچى پاراخوتلاردىن تۈزۈلگەن 570 مىڭ كى-
شىلىك ئەنگلىيە - فرانسىيە بىرلەشمە دېڭىز ئارمىيىسى ئادمى-
رال ساكۋېر كاتون ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى جون دىروبىكنىڭ
قوماندانلىقىدا داردانىل ۋە پوسفور بوغۇزىنى توپقا تۇتتى.

ئانتانتا دۆلەتلەر ھەربىي فلوتلىرىنىڭ تەھلىكىسى ئىستان-
بۇلنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالدى. پايتەخت ئىستانبۇلدا ھۆكۈمەت
ئورگانلىرى ۋە سۇلتان ئوردىسىدىن ئايرىلىۋاتقانلارنىڭ سانى
كۈنسايىن كۆپەيدى. ئارخىپ ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەر كىنىدىك
رايون ھېسابلانغان كونياغا يۆتكەپ كېتىلدى. «ئىتتىھات ۋە
تەرەككى» نىڭ بەزى ھەيئەتلىرى ئانتانتا دۆلەت ۋەكىللىرى بىلەن
مەخپىي سۈلھ قىلىشنىڭ كويىغا چۈشتى.

ئەنگلىيىنىڭ تۈركىيىگە قاراتقان سىياسىتى ناھايىتى چوڭ-
چىلىق ۋە كۆزگە ئىلماسلىق ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلار-
نىڭ نەزەرىدە تەۋرىنىپ تۇرغان ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئۇرۇش-
نىڭ دەسلەپىدىكى بىرقانچە ئايدىلا ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيىنىڭ
شىددەت بىلەن قىلغان دەھشەتلىك ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەل-
مەيتتى. داردانىلنىڭ كونىراپ كەتكەن مۇداپىئەسى بەكمۇ ئاجىز
بولۇپ، ئىستانبۇلنىڭ يېنىدىكى ئىككى ھەربىي قورال - ياراغ
زاۋۇتىمۇ ئانتانتا دۆلەتلەر ھەربىي فلوتلىرىنىڭ كۈچلۈك ئوت
كۈچى ئاستىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركىيىلىكلەرنىڭ نەزە-
رىدە، ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ داردانىلنى ئېلىپ ئىستانبۇلغا قاراپ
يۈرۈش قىلىشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىش بو-
لۇپ، خۇددى ئوسمانلى ھۆكۈمەت تەرەپ تارىخنىڭ ئۇچۇق -
يورۇقلۇق بىلەن ئېتىراپ قىلغىنىدەك «2 - ئاينىڭ 25 -
كۈنىگىچە (1915 - يىلى) يېرىم ئارالنىڭ ھەرقانداق بىر جايى-

www.uyghurkitap.com

دىن قۇرۇقلۇقتا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىش ۋە ئۇ يەرنى ساقلاۋاتقان ئارمىيە بىلەن دېڭىز بوغۇزىنى ئېلىش بىرقەدەر ئاسان ئىدى» .

تۈركىيىنىڭ ياۋروپا قىسمىغا جايلاشقان گاللىپولى ئارىلى 60 ئىنگلىز چاقىرىم ئۇزۇنلۇق بىلەن 4 ~ 13 ئىنگلىز چاقىرىم كەڭلىكتىكى بىرقاقاس تاغلىق رايون بولۇپ، 1915 ـ يىلى بۇ يەردە ئاران هارۋا ماڭالايدىغان بىر پاتقاق يول بار ئىدى. دېڭىز ساھىلىدىكى تاغ، تىك قىيا ۋە ئېدىرلىقلار تەبىئىي مۇداپىئە ئىستىھكامىنى هاسىل قىلىپ، داردانىل بوغۇزىنىڭ ياۋروپا تەرەپىنى قوغداپ تۇراتتى. ئۇزۇنلۇقى 40 ئىنگلىز چاقىرىم، كەڭلىكى 1400 ما[1]دىن 4 ئىنگلىز چاقىرىمغىچە كېلىدىغان بىر ئېقىن مەرمەر دېڭىزىدىن ئېگەي دېڭىزىغا قۇيۇلاتتى. قەدىمدە هەلەسىفت دەپ ئاتالغان بۇ ئېقىندا هەرگىز مۇز توڭلىمايتتى. ئەمما كۆپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان شامال يۆنىلىشى ۋە شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇن دېڭىزدا يۈرۈشنى قىيىنلاشتۇراتتى.

1915 ـ يىلى 18 ـ مارتتىكى تۈنجى هۇجۇمدا ئەنگلىيە ـ فرانسىيە دېڭىز ئارمىيە بىرلەشمە فلوتى داردانىل بوغۇزىدا قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچراپ، ئەنگلىيىنىڭ «بۇۋى» ، «يېڭىلمەس» ۋە «تىز پۇكمەس» ناملىق ئۇرۇش پاراخوتلىرى كاپىتان ۋە ماتروسلىرى بىلەن بىللە قوشۇلۇپ سۇغا چۆكۈپ كەتتى. يېقىن ئەتراپتا تۇرۇپ كۆزەتكۈچىلەردىن بەزىلەر بۇ پاراخوتلارنى تۈركىيە تەرەپتىن ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقى چۆكتۈرىۋەتتى دېسە، يەنە بەزىلىرى پاراخوت سۇ مىناسىغا تېگىپ كەتتى، دېيىشەتتى. هودۇقۇپ كەتكەن قوماندان ئادمىرال جون دىروبېك دەرهال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بارلىق پاراخوتلارنى ئېگەي دېڭىزىغا چېكىندۈردى. داردانىل بوغۇزىدىن ئۆتۈۋاتقاندا يەنە ئۈچ پاراخوت سۇ

---

① 1 ما 3 ئىنگلىزچىسى، يەنى 91.4 سانتىمېتىرغا توغرا كېلىدۇ.

مىناسىغا تېگىپ كېتىپ پاچاقلاندى.


تۇنجى جەڭدە زور چىقىمغا ئۇچرىغان ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى چېرچىل ئادمىرال باتۇن بىلەن دىروبېكنىڭ ئورنىغا 1899 ـ يىلىدىن 1902 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بور ئۇرۇشىدا كىچېنېر (Kitchener) غا شتاب باشلىقى بولغان گېنېرال يېئىر خامىلتوننى داردانىلغا يۆتكەپ كېلىپ، داردانىلنى ئېلىش جېڭىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى.

گېنېرال خامىلتوننىڭ قول ئاستىدا ئاۋسترالىيە، يېڭى زېلاندىيە، فرانسىيە ۋە ھىندىستانلىقلاردىن تەشكىل قىلىنغان 78 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن بولۇپ، ئۇ مۇشۇ قوشۇن بىلەن گېرمانىيىلىك گېنېرال لىمان فون ساندىرس قوماندانلىقىدىكى يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان 84 مىڭ جەڭچىسى بار تۈركىيە 5 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىگە زەربە بەرمەكچى ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا، تۈركلەرنىڭ تارىخىي دۈشمىنى ۋە كونا رەقىبى گرېتسىيە ئۈچ دېڭىزىيە ئەسكەر چىقىرىپ، ئاۋۋال داردانىلغا كىرىپ، ئاندىن ئىستانبۇلنى ئالماقچى بولدى. ئەمما، چار رۇسىيە قوشۇلمىدى، چۈنكى چاررۇسىيە گرېتسىيىنىڭ ئۇنچىلىك ئىشنى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى ياكى ئۇلارنىڭ تۈرك تۇپرىقىدا تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ خېيىمخەتەرگە يولۇقۇشىنى خالىمايتتى.

گېنېرال دىروبېكنىڭ دېڭىز ئارمىيە فلوتلىرى چېكىنگەن 48 كۈن جەريانىدا، گېرمانىيىلىك گېنېرال ساندىرس مۇداپىئە تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ، ئۆزىچە دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىش مۇمكىنچىلىكى بار دەپ قارىغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە تۈرك دېۋىزىيىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى. ئۇ تۈركىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرى ئەنۋەر پاشانىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، بۇ چاغدا ئۇرۇشتىكى ئىككىنچى مۇھىم

شەخس، يەنە كېلىپ ئەڭ مۇھىم شەخس مۇستاپا كامال بولۇپ قالدى. ۋاقىت گېنېرال ساندىرس بىلەن ئەنۋەر پاشاغا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولغان تەييارلىنىۋېلىش پۇرسىتىنى بەردى.




گاللىپولى ئارىلى ئۇرۇشى خەرىتىسى

1915 - يىلى 23 - ئاپرېلدا، لېمنوس ئارىلىنىڭ مۇندوروس پورتىدا بۈيرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيىسى داردانېلغا قاراپ يولغا چىقتى ۋە دېڭىز ساھىلىدىكى بىر-بىرىگە تۇتاشمايدىغان تۆت جايدىن بىرلا ۋاقىتتا قىرغاققا چىقىش توغرىسىدا بۈيرۇق تاپشۇرۇۋالدى.

دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىققانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەن چاغدا، مۇستاپا كامال قىرغاقتىن بىرقانچە ئىنگلىز چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئىچكى قۇرۇقلۇقتا تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ

تەلىپىگە بىنائەن، 20 - يانۋاردا يېڭىدىن قۇرۇلماقچى بولغان 19 - تۈمەن[1]گە قوماندان بولۇپ تەيىنلىنىپ قۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، 25 - فېۋرالدا 19 - دېۋىزىيىنى مەرمەر دېڭىزىنىڭ ياۋروپا قىرغىقىدىكى تەكىر تاغدىن[2] ئوخشۇشلۇق هالدا مايدوسقا ئەكەلگەندى. ئۇ سەككىز باتالىئون ۋە ئۈچ توپچى قىسىم ئوتتۇرا ئەترىتىنى باشلاپ، دۈشمەننىڭ دېڭىز ساھىلىدىكى بازىسىنى كۆرەلىگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتا كېلىپ، قۇرۇقلۇقتا يامىشىپ چىقىۋاتقان گېنېرال ۋىليام بودۋۇت قوماندانلىقىدىكى بىرىنچى تۈركۈم ئاۋستىرالىيە - يېڭى زېلاندىيە ئارمىيىسىنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتتى.

بۇ 1915 - يىلى 25 - ئاپرېلدىكى چاناق قەلئە ئۇرۇشى ئىدى. مۇستاپا كامال بۇ كۈنى دۈشمەنلەرنىڭ ئارىيى بۇرنىغا[3] قىلماقچى بولغان هۇجۇمىنى قەتئىي بىر جەڭ بىلەن توسۇپ قالدى. بۇنداق ئۇرۇشنى تېخى كۆرۈپ باقمىغان دۈشمەن ئارمىيىسى زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان تۈركلەرنىڭ كۈچلۈك ئوت كۈچى ئاستىدا يەر چىشلىدى، كەچ كىرىشى بىلەن تەڭ دۈشمەننىڭ سان ساناقسىز ئۆلۈكى تاغ باغرىدا قالدى.

ئەڭ كەسكىن ۋە شىددەتلىك بىر جەڭ مايدا يۈز بەردى. ئەنگلىيە ئارمىيىسى 29 - دېۋىزىيە قوماندانى گېنېرال خېنتر ۋىستون ئۆزىگە توسقۇنلۇق ۋە قولايسىزلىق ئېلىپ كېلىۋاتقان ئېدىرلىقتىكى بازىسىنى تاشلاپ، باشقا يېڭى بازا قۇرۇش ئۈچۈن 6 - ماي كۈنى هۇجۇمغا ئۆتتى، ئەمما بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىيەلمىدى. هەر ئىككىلا تەرەپتىن قان تۆكۈلۈش بەك كۆپ بولۇپ كەتتى. گېنېرال خاملتون جەڭگە ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەهۋالدا قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى.

---

① دىۋىزىيە.
② يەر ئىسمى.
③ يەر ئىسمى

www.uyghurkitap.com

ئۈچ كۈنلۈك قاتتىق ئېلىشىش، قوچاقلاشما جەڭ، قىلىچۋازلىق-
لار نەتىجىسىدە ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيىسىنىڭ ئۈچتىن بىر
قىسىم ئەسكىرى قىرىلىپ تۈگىدى. ئەمما، مۇستاپا كامال قو-
ماندانلىقىدىكى تۈركىيە ئارمىيىسى يەنىلا شۇ ئېگىزلىكتە ئاۋۋال-
قىدەك مەزمۇت تۇراتتى.

پىژغىرىم ئىسسىق دەستىدىن ئەسكەرلەر ئاغرىپ ئۆلمەكتە
ئىدى. ئۇزۇنلۇقى 1 ئىنگلىز چاقىرىمنىڭ تۆتتىن ئۈچىگىمۇ
توغرا كەلمەيدىغان، 100 ئىنگلىز چاقىرىم كەڭلىكتىكى، ئىككى
تەرىپى تەبىئىي توسۇقلار بىلەن ئىهاتىلەنگەن بۇ كىچىككىنە جەڭ-
گاھ ئۆلۈكلەر بىلەن توشۇپ كەتتى. ئۆلۈكلەردىن چىقىۋاتقان
سېسىق ھىد ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ
تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، گېنېرال ۋىليام
بودۋۇت دوختۇرلارنىڭ قاتتىق تۇرۇۋېلىشى نەتىجىسىدە تۈركىيە
ئارمىيىسى ئالدىنقى سەپ قوماندانى مۇستاپا كامالدىن ئۇرۇشنى
ۋاقىتىنچە توختىتىپ، جەسەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆتۈندى.
24 ـ ماي كۈنى، بىر ئاق بايراقنىڭ چىقىرىلىشى بىلەن جەڭ
توققۇز سائەت توختىتىلدى. پوپ، ئىمام، دوختۇر، سېستىرالار
ئالدىراش بولۇپ كېتىشتى.

كەسكىن جەڭ ئارىلىقىدا ئۇرۇشنى ۋاقىتلىق توختىتىپ
تۇرۇش بىر خىل دەرىجىدىن تاشقىرى رېئالىزم تۈسىنى ئالغان
ئىدى. جەسەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتناشقان خادىملارنىڭ
بىلەكلىرىگە ئاق يەڭ بەلگىسى تاقالدى ۋە قورال ـ ياراغ، دۈر-
بۈنغا ئوخشاش نەرسىلەرنى بىللە ئېلىپ يۈرۈش مەنئى قىلىندى.
دۈشمەنگە قايتۇرۇپ بېرىلىدىغان مىلتىقلارنىڭ زاتۇرى چىقىرىۋې-
لىندى، ئاكوپلار جىمجىتلىققا چۆمدى، پۈتۈن سەپ بويىچە ئوت
ئېچىش توختىتىلىپ، جەڭچىلەرنىڭ ئاكوپتىن بېشىنى سىرتقا
چىقىرىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنمىدى. ئىككى تەرەپنىڭ بۇ تار
دېڭىز ساھىلىدىكى ئۇچراشقان ۋاقىتىدىكى قورقۇنچلۇق، ئالاقزا-

دىلىك ۋە جىددىيلىك كەيپىياتى تېزلا سۆز ـ چۆچەككە ئايلىنىپ ئالدىنقى سەپلەرگە تارقىلىپ كەتتى.

بەزى ئاكوپلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 30 ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە ۋە تۈركىيە ئارمىيىلىرى جىمجىتلىق ئىچىدە لەخمە ۋە قەبرە كولاشقا باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار بىر ـ بىرىگە تاماكا تۇتۇشۇپ قانداقتۇر تۈركچە ۋە ئىنگلىزچە بىرنېمىلەرنى دېيىشتى. جەسەتلەرنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاش ۋاقتىدا ئوفىتسېرلار ئاكوپ، لەخمە، خەندەك ۋە باشقا ئەسلىھەلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئوغرىلىقچە كۆزىتىشەتتى. قوماندان مۇستاپا كامال ئەسكەرچە كىيىنىپ دۈشمەن ئاكوپى يېنىدا مېيىتنى دەپنە قىلغۇچىلار بىلەن توققۇز سائەت ئىشلىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 3 ئەتراپىدا، ئەڭ ئاخىرقى بىر جەسەت يەرلىكىگە قويۇلدى. تۆيۇقسىز ئېتىلغان بىر پاي ئوق نەچچە سائەت داۋام قىلغان جىمجىتلىقنى بۇزۇۋەتتى، نەچچە ئون مىڭلىغان مىلتىقلارنىڭ نازارەتچىلىكى ئاستىدا قاتتىق ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆلۈكنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقانلار نەپەس ئېلىشتىن باشقا ھەرقانداق ھەرىكەتنى ئۇنتۇغانىدى. ئىككىنچى بىر پاي ئوق ئېتىلىپ بولغۇچە، ئۇلارمۇ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، ئۆز ئاكوپلىرىغا قايتىشتى. بىرقانچە مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، تۈركىيە تەرەپتىن ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى ، ئارقىدىنلا جەڭگاھتا مىلتىق، زەمبىرەكلەر ئېتىلىشقا باشلىدى.

ماي ئېيىنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى، تۈركىيە دېڭىز ئارمىيە فلوتى ئەنگلىيىنىڭ ئۈچ ئۇرۇش پاراخوتىنى سۇغا چۆكتۈرۈۋەتتى، بۇ ۋاقىتتا يەنە تۈركىيىنىڭ بىر يېنىك تىپتىكى ئۇرۇش پاراخوتى تۇن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ داردانېلدا ئەنگلىيىنىڭ «گىلىيا» ناملىق قوماندانلىق پاراخوتىغا 30 تورپېدا قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ نىشانغا تەگمىدى. بۇ پاراخوتنى چوقۇم

يوقىتىش لازىم ئىدى. مۇستاپا كامال تاللانغان 30 جەڭچىنى 30 تورپېدانى سۇدا ئىتتىرىپ ئاپىرىپ، دۈشمەن پاراخوتىنى پاچاقلىۋېتىشكە ئەۋەتتى. قەھرىمان جەڭچىلەر تورپېدا بىلەن بىللە پارتلاپ، «گىلىيا» نى پاچاقلاپ پالەچ قىلىۋەتتى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ بىر سۇ ئاستى كېمىسى ئەنگلىيىنىڭ «زەفەر» ناملىق پاراخوتىنى سۇغا چۆكتۈرۈۋەتتى، ئەتىسى يەنە ئەنگىيىنىڭ «ھەيۋەت» ناملىق پاراخوتىمۇ سۇغا چۆكۈپ كەتتى. ئوتتۇرا دېڭىز سۇ ئاستى پاراخوتى ھەرىكىتى ئەنگلىيىنى قاتتىق ئالاقزادە قىلىۋەتتى. نەتىجىدە ئۇلار «خانىش ئېلىزابىت» ناملىق پاراخوتنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى دەرھال ئەنگلىيە پورتىغا قايتۇرۇپ كەتتى.

1915 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇن كۈنى، مۇستاپا كامال ئالباي[1] لىققا كۆتۈرۈلدى ۋە ياندۇرقى ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، يەنە قۇرۇقلۇق ئارمىيە 15 ـ يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى.

8 ـ ئاينىڭ بېشىدا داردانىلنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئانافارتا[2]دىن دۈشمەننىڭ ئىككىدىۋىزىيە ئەسكىرى قۇرۇقلۇققا چىقىشقا ھەرىكەت قىلدى. گېنېرال ساندىرسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بۇلايىر[3]دىكى ئىككى دىۋىزىيە ئەسكەر سەددۇل باھىر[4] غا يۆتكەلدى. مۇستاپا كامال ئەمدى ئانافارتادىكى بۇ يېڭى بىر جەڭگە قوماندانلىق قىلدى. ئانتانتا دۆلەتلەر ئۆزلىرى قۇرۇقلۇققا چىقىۋاتقاندا، بۇ يەرنى ئاجىز ئەسكەرلەر قوغداۋاتقان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭىلىشكەنلىكىنى سېزىشكە باشلىغاندا ناھايىتى دەھشەتلىك ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. جەڭ بەش كۈن داۋام قىلدى. ئېگىزلىكتىن تۆۋەنگە قارىتىپ ئېتىلىۋاتقان زەمبىرەك ئوقلىرى ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئانتانتا دۆلەت-

---

① پولكوۋنىك، شاڭشياۋ.
② ③④⑤يەر ئىسمى.

لەر ئارمىيىسىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى. بۇ قېتىمقى ئۇ-
رۇشتا ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيىسىدىن 40 مىڭ ئادەم ئۆلدى.
بۇ 1 - قېتىملىق ئانا فارتا جېڭى ئىدى. 2 - قېتىملىق ئانا
فارتا جېڭى 21 - ئاۋغۇست كۈنى ئاخىرلاشتى. مۇستاپا كامالغا
ئانافارتا قەھرىمانى دەپ نام بېرىلدى.

10 - ئاۋغۇستتىكى جۇنكە بايىر⑤ جېڭىدە مۇستاپا كامالغا
ئوق تەگدى، ئوق ئۇنىڭ سول كۆكرىكىگە تەگكەنىدى. ئۇنىڭ
يېنىدا تۇرغان بىر جەڭچى قورقۇپ ھودۇقۇپ كەتكەنلىكتىن
«پاشاغا ئوق تەگدى» دەپ توۋلىۋېتىشكە تاس قالدى. مۇستاپا
كامال، ئۇنۇڭنى چىقارما، دەپ توۋلاشتىن توسۇۋالدى. ئەسلىدە
ئوق ئۇنىڭ ھەربىي فورمىسىنىڭ سول مەيدە يانچۇقىغا سېلىپ
قويۇلغان يانچۇق سائىتىگە تېگىپ سائەتنى زەخىملەندۈرگەن بو-
لۇپ، مۇستاپا كامال ھېچنېمە بولمىغانىدى. ①

مۇستاپا كامالنىڭ دېڭىز يېقى كوماندىرلىقىغا تەيىنلىنىشى ئۇ-
نىڭ چاناق قەلئەسىدە قەھرىمانلىق كۆرسىتىشىدە ھەم شۆھرىتى-
نىڭ پۈتۈن تۈركىيىگە يېيىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. چاناق
قەلئەسى 1 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە ئۇرۇشنىڭ
ئاچقۇچلۇق نۇقتىسى بولۇپ قالدى. گېرمانىيىگە قارشى ئىتتى-
پاق تۈزگەن ئانتانتا دۆلەتلەر ئالدى بىلەن چاناق قەلئەسىنى
ئېلىشنى ئويلايتتى، ئاچارچىلىقتا قالغان رۇسىيىگە مۇشۇ يول
بىلەنلا ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈلۈپ بېرىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئىسترا-
تېگىيىلىك ئورنى بەك مۇھىم بولغان جاي ئىدى. مۇستاپا كامال
ئالدى بىلەن ھەممىدىن بۇرۇن مۇشۇ جاينى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ
مۇھىملىقىنى چۈشەنگەنىدى. شۇڭا، چاناق قەلئەسىنى قوغداش-

① بۇ مۆجىزىلىك ئىشنى كېيىن گېرمانىيىلىك بىر ھەربىي گېنېرال ئاڭلاپ ھەيران قالغان ۋە «سائىتىڭىزنى ماڭا بېرىۋەتسىڭىز» دېگەندە، مۇستاپا كامال سائەتنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتكەن. ئېيتىلىشىچە، ھازىر بۇ سائەت بېرلىن ھەربىي ئىشلار مۇزېيىدا قويۇقلۇق ئىكەن. مۇسۇلمانلار كېيىن مۇستاپا كامالنى «مەھدى»، يەنى 12 - ئىمام دەپ ئۇلۇغلاشقان. بۇ ھەقتە تۈركىيىلىك يازغۇچى ئاتايىنىڭ «ئەسكى سائەت» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com

تىن ئىبارەت ئېغىر ۋە مۇشكۇل جەڭ ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئەنگلىيە ئارمىيىسى چاناق قەلئەسىنى شىددەتلىك توپقا تۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ، پولكوۋنىك مۇستاپا كامال قوماندانلىقىدىكى 19 ـ دىۋىزىيە دۈشمەن بىلەن قەتئىي جەڭ قىلدى. ئارىي بورنۇ، ئانا فارتالاردا، سەددۇل باھىر، مورتو① پورتلىرىنىڭ قوغدىلىشىدا، چىمەنتۆپە② گە قاراپ ئىلگىرىلىگەن دۈشمەننىڭ كەينىگە چېكىنىپ قېچىشىدا، جۈنكە بايىرىغا يەرلەشكەن دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تارمار قىلىنىپ تىرىپىرەن بولۇشىدا، مۇستاپا كامال قوماندانلىقىدىكى قوشۇنلار ئۇرۇش تارىخىغا ئۆرنەك بولالىغۇدەك غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

سېنتەبىردە گېنېرال خامىلتون بۇيرۇق بويىچە ھەربىيلىكتىن چېقىرىلدى ۋە ئىككىنچىلەپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشقا قويۇلمىدى. نويابىردا ئەنگلىيە قورال ـ ياراغ ۋەزىرى كىچېنېر گاللىپولى ئارىلىغا كەلدى. ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇرغان ۋاقتى ئەسكەرلەرنىڭ بېشىغا ئاپەت خاراكتېرلىك دەرد ـ ئەلەم كەلگەن مەزگىل بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا بۇ جايدا ئىچكۈدەك تاتلىق سۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يازنىڭ پېژغىرىم ئىسسىقى ئادەمنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە كۆيدۈرسە، دېڭىز ساھىلىنىڭ چىۋىن، پاشا، كۆمۈتىلىرى ھۇجۇم قىلىپ تىرىك تۇرغۇزۇپ جاننى ئالاتتى.

نويابىرنىڭ دەسلەپكى مۆلدۈرىدىن كېيىن توختىماي يەنە بىر كېچە ـ كۈندۈز يامغۇر يېغىپ، كەينىدىن قارغا ئايلىنىپ كەتتى. ئارقىدىنلا كۆزنى ئاچقىلى بولمايدىغان شىددەتلىك بورانچاپقۇن يېتىپ كەلدى. قارنىڭ قېلىنلىقى 3 ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە ئارمىيىسىدىكىلەر تاغ ئۆڭكۈرلىرى ۋە لەخمىلەرگە كىرىپ پاناھلاندى، ئەمما ئانافارتادىكى ئوچۇقچىلىقتا قېپقالغانلار خۇدانىڭ بۇ جازاسىغا ھېچقانداق

① ②يەر ئىسمى.

ئامال قىلالمىدى. يامغۇر، بوران ـ چاپقۇن، جۇت ـ شىۋىرغان خەندەكلەرنى تىندۇرۇپ لاي ـ پاتقاقلىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى. يەردە ياتقان ئۆلۈكلەر، يارىدارلارنىڭ نالە ـ پەريادلىرى، ئات ـ ئۇلاغ-لارنىڭ ئېچىنىشلىق كىشنەشلىرى بەئەينى قىيامەتنى ئەسلىتەت-تى.

تەبىئەت تۈركىيە ئارمىيىسىگىمۇ يۈز ـ خاتىر قىلمىدى. 500 دەك ئادەم ئاكوپ ئىچىدە دىمىقىپ ئۆلدى، مۇزلاپ قېتىپ قالغان ۋە ئاغرىپ ئۆلگەنلەر 5000 غا يەتتى. ھېچكىم بۇنداق قاتتىق شىۋىرغان، بوران ـ چاپقۇنلۇق كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى ئويلىمىغانىدى.

19 ـ دېكابىر كۈنى، ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيىسى قوماندان-لىق شتابى داردانىلدا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا چېكىنىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. چىرچىلدىن باشقا ھېچكىم بۇ چېكىنىشتىن ئۆ-كۈنمىدى. 1916 ـ يىلى 9 ـ يانۋاردا ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيىسى خامىلتوننىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغان گېنېرال سارىس مىن-لىۋنىڭ رىياسەتچىلىكىدە داردانىلدىن ئايرىلدى. بۇ ۋاقىتتا، ھەسرەت ۋە مەغلۇبىيەت ئەسلىمىلىرىنى ئېلىپ دېڭىزدا غەمكىن يۇرۇۋاتقان پاراخوتنىڭ سۇدىكى جانسىز تىۋىشىدىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلانمايتتى. ئەكسىچە تۈركىيە ئارمىيىسى قاچاقلارنىڭ بۇ تى-ۋىشسىز ھەرىكىتىدىن خەۋەرسىز بولۇپ، تېخىچە قورۇغدىلىپ قالغان ئاكوپ، لەخمە ۋە خەندەكلەرگە ھەدەپ ئوق ياغدۇرۇۋاتات-تى.

ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ كېچىدە بۇ ئارالدىن پەم بىلەن قېچىپ چىقىپ كېتىشى شۇ كۈنى بۇ ئارالدا بولمىغان مۇستاپا كامالنى ناھايىتى ئېچىندۇردى، ئۇ: «ناۋادا مەن شۇ چاغدا شۇ يەردە بولسام ئىدىم، ئەنگلىيىلىكلەر ئاشۇنداق ھېچبىر تالاپەت يېمەيلا جىمجىتلا كېتىۋالىدىغان بولسا، ئۆزۈمنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋالغان بولاتتىم» دېگەن. ئامېرىكىلىق بىر ھەربىي تارىخ-

چى گاللىپولى ئۇرۇشى ھەققىدە كېيىنكى كۈنلەردە ھەسرەت بىلەن: «مۇستاپا كامال داردانېل بوغۇزىنى قوغداپ قېلىپ، بۈيۈك ئانتانتا ئارمىيىسىنىڭ كىچىك ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈپ، رۇسىيىدە مەيدانغا كەلگەن بولشېۋىزمنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش پىلانىنى بۇزۇۋەتكەن» دەپ يازغان.

چاناق قەلئە ئۇرۇشلىرى 1916 - يىلى 27 - يانۋاردا ئاخىرلاشتى، ئۇرۇشتا ئەنگلىيە ئارمىيىسىدىن 214 مىڭ ئادەم، فرانسىيە قىسىملىرىدىن 47 مىڭ ئادەم ئۆلدى. داردانېل بوغۇزى ئوبدان قوغدالغانلىقتىن، بىرلەشمە ئارمىيە مەقسىتىگە يېتەلمىدى. بۇنىڭ بىلەن پايتەخت ئىستانبۇلغا كېلىدىغان زور تەھدىت تۈگىدى. 1915 - يىلى 18 - نويابىردا ئۇرۇشنى پىلانلىغان چىرچىل ئۇرۇش مەزگىلىدە ۋاقىتلىق تۈزۈلگەن ئىچكى كابىنېتتىن ھەيدەلدى ۋە دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرلىكىدىن قالدۇرۇلۇپ ئاددىي جەڭچىلىككە چۈشۈرۈلدى. كىچىنېرنىڭمۇ بۇرۇنقىدەك ھۆرمىتى قالمىدى، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ھەربىي قورال - ياراغ ۋە ئۈسكۈنىلەر روخ چارلېز رەھبەرلىكىدىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان بىر مىنىستىرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئەكسىچە، مۇستاپا كامالنىڭ داڭقى پۈتۈن ياۋروپاغا پۇر كەتتى، غەلىبە مۇستاپا كامالغا ئامەت، شان - شەرەپ ۋە مەنسەپ ئېلىپ كەلدى، تۈرك خەلقى ئۇنى «ئىستانبۇلنىڭ نىجادچىسى» دېدى، ئۇنىڭ شۆھرىتى تىللاردا داستان بولدى.

ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيىسى داردانېل ۋە بوسفۇر بوغۇزلىرىنى توپقا تۇتقان كۈنى «ئىتتىھات ۋە تەرەققىي» پارتىيىسىدىكى ئەنۋەر پاشاغا قارشى شاھزادە يۈسۈپ ئىززەددىن باشچىلىقىدىكى فرانسىيىگە مايىل كۈچلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ، ئىستانبۇل قولدىن كېتىدىغان بولدى دەپ ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ، ئانتانتا بىرلەشمە ئارمىيىسى بوغۇزدىن ئۆتكەن ھامان سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشنىڭ تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ بولۇشقانىدى. دۈش-

مەن ئارمىيىسىنىڭ داردانىلدىكى مەغلۇبىيىتى ئۇلارنىڭ بۇ ھە-
رىكەت پىلانىنى بۇزۇۋەتتى. ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئار-
مىيىسى داردانىلدىن چېكىنىشكىلا، يۇسۇپ ئىززەددىن ئۆزىنى
ئۆلتۈرۈۋاپتۇ، دېگەن خەۋەرلەر تەرەپ ـ تەرەپكە تارالدى. ئەمما
ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئۇ ھەربىي سوت تەرىپىدىن
ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانىدى.

1916 ـ يىلى يازدا «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» پارتىيىسىنىڭ
ياقۇپ ئەمرى دېگەن مايور ئۇنۇۋانلىق بىر داڭلىق ئوفىتسېرى
ئەنۋەر پاشاغا قارشى ئىسيان پىلانلىدى. ئۇ ناھايىتى ئۇستا پارت-
لىتىش ماھىرى بولۇپ، 1908 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتىن بۇرۇنلا
ماكېدون ھەرىكىتىگە قاتناشقان ۋە «بومبىچى ئەمىر» دەپ نام
ئالغانىدى. ئۇنى «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» پارتىيىسى مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ مەشھۇر ھەيئەت ئەزاسى دوكتور نازىم، مىدھەت
شۈكرۈ ھەم ئەنۋەر پاشانىڭ باشقا رەقىبلىرى قوللايتتى. ياقۇپ
ئەمرى يالغۇز بىرلا ئەنۋەرگە ئەمەس، بەلكى «ئىتتىھات ۋە تە-
رەككى» دىكى ئەنۋەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىگە قارشى ئى-
دى. ئۇ قوراللىق ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىپ ھاكىمىيەتنى داردا-
نىل بوغۇزىنى قوغداش جېڭىدە زور خىزمەت كۆرسەتكەن مۇستاپا
كامالغا ئېلىپ بەرمەكچى ئىدى. ئەمما ساتقۇننىڭ مەخپىيەتلىكنى
پاش قىلىپ قويۇشى بىلەن قولغا ئېلىندى. سوت ئۇنى خۇسۇسىي
مۇددىئاسى بىلەن ھۆكۈمەتكە قارشى سۇيىقەست پىلانلىغان دېگەن
گۇناھ بىلەن ئەيىبلەپ 1916 ـ يىلى سېنتەبىردە دارغا ئاستى،
گۇمانلىق دەپ قارالغان بىرقانچە ئوفىتسېر قولغا ئېلىندى.
بەزىلىرى يىراق ئالدىنقى سەپلەرگە ئەۋەتىلدى.

ئەنۋەر پاشا مۇستاپا كامالنىڭ داردانىل جېڭىدە قولغا كەل-
تۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە بۇنىڭ بىلەن ئېرىشكەن
يۇكسەك ئابرۇيىدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇ، مۇستاپا كامال-
نىڭ گېرمانىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ قىلىۋاتقان ئۇرۇشقا قار-

www.uyghurkitap.com

شى ئىكەنلىكىنى، ئەمما ھەربىي بولۇپ قالغانلىقى ئۇچۇنلا بۇيـ
ـرۇققا بويسۇنۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇستاپا
كامالدەك قابىلىيەتلىك قوماندان ئەڭ كۈچلۈك دۈشمەنلەرنى يو-
قىتىدىغان جەڭگە كېرەك ئىدى. مۇستاپا كامالنىڭ 1915 ـ ۋە
1916 ـ يىللىرى ئۇ فرونتتىن بۇ فرونتقا يۆتكىلىش بىلەن
ئۆتتى.

چاناق قەلئە ئۇرۇشلىرى تاماملانغان كۈنى مۇستاپا كامال
ئەدىرنەدە تۇرۇشلۇق 16 ـ يۈنلىش ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىقىـ
ـنى ئۆتكۈزۈۋالغانىدى. 26 ـ فېۋرالدا ئەنۋەر پاشا تەرىپىدىن
چۇشۇرۇلگەن بىر بۇيرۇققا بىنائەن، قارارگاھنى ئەدىرنەدە تاشـ
ـلاپ قويۇپ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن بىللە شەرقىي فرونتتىكى
دىيار بەكرگە قاراپ ھەرىكەت قىلدى. بۇ ۋاقىتتا كاۋكازدىكى
شەرقىي فرونت 2 ـ ۋە 3 ـ ئارمىيە تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاـ
ـتاتتى. قارا دېڭىز، فرات دەرياسى ۋە دەرسىم ئارىسى 3 ـ
ئارمىيىگە بېرىلگەنىدى. شەرقىي فرونتنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى
تۈرك تۇپراقلىرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان نۇرغۇن شەھەر ـ قەلئەـ
ـلەر رۇس ئارمىيىسىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا تۇراتتى. مۇستاپا
كامال 4 ـ ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىگە
ئۇرۇشنى باشلىۋەتتى. ئۇ مىرلىۋا① لىقتا كۆتۈرۈلگەن كۈنى
مۇش② ئەتراپىدا رۇسلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى. شۇ كۈنى مۇش
دۈشمەننىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلدى، ئارقىدىنلا رۇس ئارمىيىسى
بېتلىستىنمۇ③ ھەيدەپ چىقىرىلدى.

1917 ـ يىلى گېنېرال مۇستاپا كامال ئۇچۇن ئىنتايىن
ھەرىكەتلىك بىر يىل بولدى. ئۇ شۇ يىلى 7ـ مارتتا 2 ـ ئارمىيە
قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. 5 ـ ئىيۇلدا يېڭىدىن قۇرۇلغان 7
ـ ئارمىيىگە قوماندان بولۇپ كاۋكازدىن شامغا كەتتى. بۇ ئارمىيە

---

① تۇغ گېنېرال، تۇگېنېرال، گېنېرال مايور، شياۋجياڭ.
② ③يەرئىسمى.

گېرمانىيىلىك گېنېرال فون فالكىنخېين قوماندانلىقىدىكى «يىلدىرىم» (چاقماق) گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىگە تەۋە بولۇپ، شىمالىي شامدىكى ھەلەب دېگەن يەردە تۇراتتى. شۇ يىلى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىدا، گېرمانىيىلىك ئوفىتسېرلار تۈركلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىقتىن، مۇستاپا كامال فالكىنخېين بىلەن تاكاللىشىپ قالدى ۋە 7 ـ ئارمىيە قوماندانلىق سالاھىيىتى بىلەن گەنەل كورماي رەھبەرلىرىگە ① ئۆزۈن بىر دوكلات سۇنۇپ، ئومۇمىي سىياسىي ۋە ھەربىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، گېنېرال فالكىنخېيىنىڭ تۇتقان يولىنى قاتتىق تەنقىدلىدى. بۇ ئۇنىڭ 1915~1916 ـ يىللىرىدىكى داردانېل ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى لىمان فون ساندېرس بىلەن تۇنجى قېتىم تۇتۇشۇپ قالغىنىدىن كېيىن گېرمانلار بىلەن 2 ـ قېتىملىق تۇتۇشۇپ قېلىشى ئىدى. شۇنداق قىلىپ مۇستاپا كامال شۇ يىلى 9 ـ ئۆكتەبىردە 7 ـ ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئەلى رىزا پاشاغا تاشلاپ بېرىپ ئىستانبۇلغا كەتتى.

11 ـ ئۆكتەبىر كۈنى مۇستاپا كامال 2 ـ ئارمىيە قوماندانلىقىغا يۆتكەلدى، بىراق ئۇ بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن باش شتاب ئۇنىڭ ئىستانبۇلدا قېلىپ باش قارارگاھتا تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلدى. 1917 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا مۇستاپا كامالنىڭ بۆرەك كېسىلى قوزغالدى ۋە داۋالىنىش ئۈچۈن چەت ئەلگە چىقىشقا ھازىرلىنىۋاتقاندا، كۈتۈلمىگەن يەردىن يەنە بىر يېڭى ۋەزىپە ئۇنى قارشى ئالدى. بۇ ۋەلىئەھد ۋاھىدەددىن بىلەن بىللە چەت ئەلگە چىقىش سەپىرى ئىدى.

1917 ـ يىلى ئۆكتەبىردە، گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلىم II ئىستانبۇلنى زىيارەت قىلدى. ئەمما، بۇ قېتىمقى زىيارەت گېر-

---

① باش شتاب.

مانىيىگە ھېچقانداق مەنپەئەت ئەكەلمىدى، پادىشاھ ۋىلھېلمىنىڭ زىيارىتىدىن كېيىن، سۇلتان مۇھەممەد V نىڭ ئورنىغا تەختكە چىقىدۇ دېيىلگەن ۋەلىئەھد ۋاھىدەددىن گېرمانىيىنى زىيارەت قىلماقچى بولۇپ، مۇستاپا كامالنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىشى بەلگىلەندى. 1917 ـ يىلى قىشتا مۇستاپا كامالنىڭ مۇھاپىزەت-چىلىكىدىكى سۇلتان ۋەلىئەھد مۇھەممەد VI (ۋاھىدەددىن) گېر-مانىيىدە زىيارەتتە بولدى ۋە ئىمپېراتور ۋىلھېلم II ، مارشال ھىندېنبۇرگ ۋە گېنېرال لودېندۇرفلار بىلەن كۆرۈشتى. مۇستاپا كامال گېرمانىيىنىڭ ئالدىنقى فرونتتىكى ئۇرۇش ھازىرلىقلىرى-نى كۆزدىن كەچۈرگەندە، گېرمانىيە ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ۋاھىدەد دىنغا كۆرسەتكەن نىشانلىرىنى دەگسەپ كۆ-رۈپلا قالماستىن، بەلكى كۆرۈش بەلگىلەنمىگەن باشقا تەرەپلىرى-نىمۇ ئىنچىكە كۆزەتتى. مۇستاپا كامال ئاخىرىدا گېرمانىيىنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈردى ۋە تۈركىيە دەر-ھال تەدبىر قوللىنىپ، گېرمانىيىگە بېقىنىشتىن قۇتۇلۇشى كې-رەك دېگەن قارارغا كەلدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەنۋەر ۋە تەلئەتلەرنى قوشۇندىن تازىلاپ چىقىرىش لازىم ئىدى.

ھەرقانداق ئىشتا ئەزەلدىن كەسكىن قارار قىلىدىغان گېنې-رال مۇستاپا كامال ۋەلىئەھد ۋاھىدەددىن بىلەن بىللە ياۋروپا سەپىرىگە چىقىش توغرۇلۇق بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغاندىلا، تۈنجى قېتىم ئىككىلىنىپ قالغانىدى. ئۇ دەسلىپىدە بۇ بۇيرۇقتا ئانچە كۆڭۈلشىمىگەن بولسىمۇ، كېيىن مۇشۇ سەپەرداشلىق پۇرسىتى-دىن پايدىلىنىپ بەزى ھەقىقەتلەرنى ئۇنىڭ سەمىگە سېلىش قارا-رىغا كەلدى. شۇنداق قىلغاندىلا، يارنىڭ گىرۋىكىدە بولسىمۇ تۇرۇپ قېلىش ئىمكانىيىتى بولاتتى. مۇستاپا كامال ۋاھىدەددىنگە سەپەر ئۈستىدە پۈتۈن ۋەقەلەرنى يىغىنسىدىن يىپىغىچە سۆزلەپ بەردى ھەم كۈتۈلگەن ۋە كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەتلەرنى ئوتتۇرىغا

قويۇشقا تىرىشتى. قايتىش سەپىرىدىمۇ ئۇ بۇ كۆزقاراشلىرىنى ئۇنىڭغا توختىماستىن ئېيتتى. ۋاھىدەددىن مۇستاپا كامالنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، ئەمما بۇ ئە-جىرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىدا بىكارغا كەتتى.

مۇھەممەد VI تەختكە چىقىپلا ئاۋۋالقى كونا پەدىدە مېڭىپ ھوقۇقنى سارايغا مەركەزلەشتۈردى. تۈركىيىنىڭ گېرمانىيىگە بېقىندى بولۇش سىياسىتى ئۆزگەرتىلمىدى. گېنېرال مۇستاپا كامالنىڭ ياۋروپا سەپىرىدە ئۇنىڭغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئېيتقان پىكىرلىرىنى ئەنۋەر بىلەن تەلئەت پاشاغا ئېقىتماي ـ تېمىتماي يەتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن مۇستاپا كامال قايتىدىن يەنە شام ئالدىنقى فرونتىغا بېرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى.

مۇستاپا كامال 1918 ـ يىلى 5 ـ يانۋاردا ۋەلىئەھد ۋاھىدە-دىن بىللە گېرمانىيىگە قىلغان زىيارىتىنى تۈگىتىپ ئىس-تانبۇلغا قايتقاندىن كېيىن، 13 ـ مايدا بۆرەك كېسەللىنى داۋالى-تىش ئۈچۈن ۋېنا ۋە كارس بادقا مەخسۇس بارغانىدى. يېڭى جەڭ بۇيرۇقى چۈشكەن چاغدا، ئۇ تېخى ئاۋستىرالىيىدە داۋالىنىۋاتات-تى. شۇ يىلى ئىيۇلدا، ئۇ تېخى تولۇق ساقايماي تۇرۇپلا بۇيرۇق-قا بىنائەن ئىستانبۇلغا قايتتى ۋە 7 ـ ئاۋغۇست كۈنى يەنە قايتىدىن ئىككىنچى قېتىم 7 ـ ئارمىيە قوماندانلىقىغا تەيىنلەن-دى. بۇ ۋاقىتتا 7 ـ ئارمىيە ھەلەبتىن پەلەستىنگە يۆتكەلگەن-دى.

مۇستاپا كامال پەلەستىن فرونتىغا يېتىپ بارغان چاغدا ئەنگلىيە ـ فرانسىيە باشچىلىقىدىكى ئانتانتا دۆلەتلەر ئاساسىي كۈچىنى ئوتتۇرا شەرققە يۆتكەپ ھەل قىلغۇچ جەڭ باسقۇچىغا كىرگەنىدى. 26 ـ ئۆكتەبىر، ئۇ قوماندانلىق قىلغان 7 ـ ئارمىيە دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىنى ھازىرقى چېگرا سىزىقىغىچە ئاپىرىپ توختاتتى. ئۇ گېرمانىيىلىك گېنېرال لىمان فون سان-دىرىسنىڭ ئورنىغا «يىلدىرىم» گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ قو-

ماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ ھەلەبنىڭ شىمالىدا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق جەڭگە تەييارلىنىۋېتىپ، «مۇندۇروس مۇتارىكەسى» (ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى) نىڭ ئىمزالانغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.

مۇندۇروس ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئەنگلىيىگە پايدىلىق ئىدى. شۇڭا كېلىشىم ئىمزالىنىش بىلەنلا ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئۆزىگە بېرىلگەن قانۇنسىز ھوقۇقتىن تولۇق پايدىلىنىپ، كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن چېگرا ـ پاسىللارغىمۇ پەسەنت قىلماي، يولسىزلىق بىلەن ئىچكىرىلەپ كىردى. باغدادنى ئىشغال قىلغان ئەنگلىيە ئارمىيىسى قوماندانى ئۇ يەردە تۇرۇشلۇق تۈركىيىلىكلەرنى مۇسۇل ۋە پۈتكۈل ئىراقتىن دەرھال كېتىشكە بۇيرۇدى. مۇسۇلدا تۇرۇشلۇق تۈركىيە ئارمىيىسى قوماندانى «مۇسۇل ئەزەلدىن ئىراقنىڭ زېمىنى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۇرۇش توختىتىلىشتىن بۇرۇن ئەنگلىيىلىكلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانمۇ ئەمەس، ئۇ ئەسلىدىلا تۈركىيىگە تەۋە» دېگەندە، ئەنگلىيە ئارمىيىسى گېنېرالى بىر خەرىتىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. خەرىتىگە كۆرە، مۇسۇل، مۇسۇل ئۆلكىسى، ئاناتولىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى كەڭ كەتكەن زېمىن، ھەتتا دىيار بەكرمۇ ئىنگلىزلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغانىدى. شۇنداق قىلىپ، 1918 ـ يىلى 8 ـ نويابىر كۈنى ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت بايرىقى مۇسۇلدىكى ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئۈستىگە قادالدى.

ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالانغان چاغدا، ئىسكەندۇرۇن «يىلدىرىم» گورۇپپىۋىي ئارمىيىسىنىڭ قولىدا بولۇپ، گېنېرال مۇستاپا كامال مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسىملىرىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىشىنى توسۇۋاتاتتى. ئۇ ئىنگلىزلارنىڭ ئىسكەندۇرۇن پورتىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىپ كېڭەيمەكچى بولغان پىلانىنى ئالدىن بىلىۋېلىپ، ئارمىيىگە: «ئىنگلىزلارنىڭ ئىسكەندۇرۇنغا

باربدىغان يولىنى توسۇۋېتىڭلار ! » دەپ بۇيرۇق بەردى. مۇستاپا كامالنىڭ بۇ ھەربىكىتىدىن سادرازام ئەھمەد ئىززەت پاشا دەرھال خەۋەر تاپتى ۋە ئۇنىڭغا: «دۆلەت ئىشلىرى قىيىن بولۇۋاتىدۇ، قارامىلىق قىلىپ ئىنگلىزلارغا چېقىلغۇچى بولماڭ، ئەنگلىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش جىنايەت! » دەپ تېلېگرامما ئەۋەتتى.

كۆچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا باي گېنېرال مۇستاپا كامالنىڭ بۇنداق توخۇ يۈرەكلىك بىلەن چۈشۈرۈلگەن بۇيرۇقنى «ۋەتەنگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ئىپلاسلىق» دەپ تىللىشى تۇرغان گەپ ئىدى. سادرازام ئەھمەد ئىززەت پاشا مۇندۇروس ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە كۆرە، ئىنگلىزلارنىڭ ئىسكەندەرۇن پورتىنى ئىشغال قىلىش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتى. ئەمما، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە تاجاۋۇزچىلارغا يول قويدى.

1918 ـ يىلى 6 ـ نويابىر كۈنى، مۇستاپا كامال ئىستانبۇلغا تېلېگرامما يوللاپ، ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سوراپ ئارمىيە قوماندانلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى. ئەتىسى ئۇنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىكى «يىلدىرىم» گۇرۇپپىۋي ئارمىيىسى قوماندانلىق ئىشتابى تارقىتىۋېتىلىپ، قىسىملار ئىمپېرىيە ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ ئەمرىگە ئۆتتى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن گۇرۇپپىۋي ئارمىيە تارقىتىۋېتىلىپ، مۇستاپا كامال پايتەختكە چاقىرىلدى .

مۇستاپا كامال ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە يېنىدىن ئايرىلمىغان كاتىۋىي جەۋاد ئابباس گۈرەر (1887 ـ 1943 ـ يىللىرى) نىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىدە 13 ـ نويابىر كۈنى ھەيدەر پاشادا پويىزدىن چۈشتى. ئۇ مەغلۇپ بولغان دۆلەتنىڭ مەغلۇپ بولمىغان قوماندانى ئىدى.

ئەلى رىزا ئوغلى مۇستاپا كامال 1905 ـ يىلدىن 1918 ـ يىلىغىچە بولغان 10 نەچچە يىللىق ئۇرۇشتا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئۇچۇن قورال كۆتۈرۈپ جەڭ قىلىپ، 5 ـ دەرىجىلىك

www.uyghurkitap.com

مەجىدى نىشانى، 4 ـ دەرىجىلىك ئوسمانلى نىشانى، لەگىئون دېھوننەر شۆۋايە نىشانى (فرانسىيىنىڭ) ، سانت ئالېكساندىر نىشانىنىڭ جومەان دىئور دەرىجىلىك ھەربىي مېدالى (بۇلغارىستاننىڭ) ، ھەربىي لاياقەت مېدالى (كومۇش) ، ھەربىي لاياقەت مېدالى (ئالتۇن) ، 3- دەرىجىلىك ئوسمانلى نىشانى، نېمىس تۆمۈر سەلىپ نىشانى، 1 ـ ۋە 2 ـ دەرىجىلىك تۆمۈر سەلىپ نىشانى (گېرمانىيىنىڭ) ، 2 ـ دەرىجىلىك مەجىدى نىشانى، 3- دەرىجىلىك مۇھارىبە لاياقەت مېدالى (ئاۋسترىيىنىڭ) ، 2 ـ دەرىجىلىك ئۇرۇش ئالامەتلىك ھەربىي لاياقەت مېدالى (ماجارىستاننىڭ) ، 2 ـ دەرىجىلىك ئوسمانلى نىشانى، ئۇرۇش ئىمتىياز مېدالى، 1 ـ دەرىجىلىك قىلىچلىق مەجىدى نىشانى، 1 ـ دەرىجىلىك پرۇسىيە قىرانلىقى لاياقەت نىشانى ۋە ئافغانىستان لىئەمىرى ئەلا نىشانى قاتارلىق شان ـ شەرەپ ئوردېنلىرىغا ئېرىشكەن مەشھۇر گېنېرال بولۇپ، قارىماققا ئانافارتالار قەھرىمانى ۋە ئىستانبۇلنىڭ نىجاتچىسى دەپ تىللاردا داستان بولغان بۇ ئۇلۇغ ئادەم ئەمدى ھېچنەرسىگە ئەرزىمەس بولۇپ قالدىغاندەكلا تۇراتتى.

مۇستاپا كامال كانىۋويى بىلەن ئىستانبۇلغا كەلگەندىن كېيىن پەراپالاس مېھمانخانىسىغا چۈشتى. ئاۋۋال سۇلتان مۇھەممەد VI نى، كېيىن ئۆزىنى ئىستانبۇلغا چاقىرتقان سادرازام، باش قوماندان ۋە ھەربىي ئىشلار نازىرى ئەھمەد ئىززەت پاشانى ئىزدەپ تاپتى. بۇ چاقىرتىشنىڭ ياخشى، پىلانلىق ۋە دەل جايىدا بولمىغانلىقى ئۇزاق ئۆتمەي ئاشكارىلىنىپ قالدى. ئىززەت پاشا ئۇنى: «ئىسكەندۇرۇنغا يۇرۇش قىلىش قارىسىغا ئىش قىلغاندىلىق، ئۆزىڭىز ياش، ئىشقا يولۇققاندا تولۇق ۋە ئەتراپلىق ئويلانمايدىكەنسىز» دەپ ئەيىبلىدى.

مۇستاپا كامال دۆلەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سىياسىنى يېڭىلاش كېرەكلىكى ھەققىدە ئىززەت پاشاغا نەچچە رەت تەكلىپ

بەرگەن بولسىمۇ، ئىززەت پاشا ئۇنى قەتئىي رەت قىلدى. مۇستاپا كامال ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق سۆزلىشىشنىڭ ئۈنۈم بەرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

مۇستاپا كامال ئىستانبۇل ئاسمىنىدا ئەنگلىيە دۆلەت بايرىقىنىڭ لەپىلدەپ تۇرغىنىنى، چەت ئەل ئارمىيىلىرىنىڭ تۈرك زېمىنىدا كۆرەڭلەپ چاڭ - توزان چىقىرىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قاتتىق ئازابلىناتتى. مۇستاپا كامال گەرچە ئىمپېرىيە ئۈچۈن زەپەر قۇچقان گېنېرال بولسىمۇ، ئەمما بۇ قېتىمدا ھېچقانداق ھەرىكەت قىلالمىدى، ئەكسىچە توخۇ يۈرەك سۇلتان ۋە سىياسىئونلارنىڭ قاتتىق تەنقىد ۋە بېسىمىغا ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ شىشلىدە① بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالدى ۋە ئىشلىرىنى شۇ يەردە قىلماقچى بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ ئانىسى زۆبەيدە خانىم ۋە سىڭلىسى ماقبۇلە ئاتادان (1885～1956 - يىللىرى) نى سېلانىكتىن ئىستانبۇلغا ئالدۇرۇپ كەلدى. مۇستاپا كامال يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىشى بىلەنلا، ئەلى فۇئاد پاشا، كازىم قارا بەكىر پاشا، ئىسمەت بەي ۋە ھۈسەيىن رائۇف بەيلەر ئۇنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ قالدى

① ئىستانبۇلدىكى بايلار مەھەللىسى.

www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى باب

# ئەنۋەر پاشا گېرمانلار بىلەن بىللە

1908 ـ يىلى «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» پارتىيىسىنىڭ ئىنـ
قىلابى گەرچە سۇلتان ئابدۇلھەمىد II نىڭ ھاكىممۇتلەقلىق
تۈزۈمىگە خاتىمە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىمپېرىيىنى چەت
ئەللەرگە بېقىندى بولۇشتىن قۇتۇلدۇرالمىدى ھەم دۆلەتنىڭ
مىللىيلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. 1913 ـ يىلى ئۇلار مىلـ
لىي سانائەتنىڭ تىكلىنىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن «سانائەت
مۇكاپاتى قانۇنى» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ساناـ
ئەت كارخانىلىرى دۆلەتنىڭ ئېتىبار بېرىشىدىن بەھرىمەن بولاتـ
تى. ئەمما بۇ قانۇن ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى بارلىق كارخانىلارنى،
جۈملىدىن چەت ئەل كارخانىلىرىنىمۇ ئېتىبارلىق ھوقۇقىغا ئىگە
قىلدى. بۇنىڭ بىلەن چەت ئەل كارخانىلىرى تۈركىيىدىكى مىلـ
لىي سانائەت كارخانىلىرىدىنمۇ كۆپرەك پايدا ئالدى.

تۈركىيىدە پۈتۈن ئاھالىنىڭ 5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان
ئاز ساندىكى پومېشچىك، باي دېھقانلار پۈتۈن تېرىلغۇ يەرنىڭ 65
پىرسەنتىگە، ئەكسىچە پۈتۈن ئاھالىنىڭ 87 پىرسەنتىنى تەشكىل
قىلىدىغان دېھقانلار تېرىلغۇ يەرنىڭ 35 پىرسەنتىگە ئىگىدارچىـ
لىق قىلاتتى. 8% ئاھالە يەرسىز ئىدى. «ئىتتىھات ۋە تەرەكـ
كى» پارتىيىسىدىكىلەر دەسلەپتە دېھقانلارغا يەر تەقسىملەپ بېرىـ
مىز دەپ ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئىش
قىلمىدى. 1908 ـ يىلى سېنتەبىردە ماقۇللانغان پروگراممىدا،

ئۇلار «يەر ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا» دېھقانلارغا يەر بېرىلىدۇ، دەپ قارار قىلدى ۋە هاشىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئەمما، 1911 - يىلى ماقۇللانغان پروگراممىدا ئۇنىڭدىن يېنىۋالدى. 1913 - يىلى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىلەن ئوسمانلى سوتسىيالىستلار پارتىيىسى ئەزالىرى قاتتىق باستۇرۇلدى. 1914 - يىلى تۈركىيىدىكى بارلىق سىياسىي هوقۇق «ئىتتىهات ۋە تەرەككى» نىڭ «ئۈچ باهادىرى» دەپ نام ئالغان ئەنۋەر پاشا، تەلئەت پاشا ۋە جامال پاشالارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

ئەنۋەر پاشا 1881 - يىلى ئىستانبۇلدا تۆمۈريول خادىمى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ياش ۋاقتىدا ئىستانبۇل قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، «ئىتتىهات ۋە تەرەككى» گە قاتناشقان. 1908 - يىلىدىكى ئىنقىلابتا ئالاهىدە رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن «هۆرلۈك قەهرىمانى» دەپ نام ئالغان. 1909 - يىلىدىن 1911 - يىلىغىچە تۈركىيىنىڭ گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق هەربىي ئەمەلدارى بولغان هەم قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك هەربىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. 1913 - يىلى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ئىمپېرىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى بولغان ۋە گېنېراللىققا كۆتۈرۈلۈپ «پاشا» دەپ ئاتالغان. 1914 - يىلى ئوسمانىيلار ئوردىسىدىكى بىر مەلىكە بىلەن توي قىلغانلىقى ئۈچۈن «داماد»[1] لىققا ئېرىشكەن. ئەنۋەر پاشا داڭقى چىققان تەۋەككۇلچى ئىدى، ئۇنىڭ «بوناپارت» دېگەن لەقىمى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ئادەتتە «كىچىك ناپولېئون» دەپ چاقىراتتى.

تەلئەت پاشا 1874 - يىلى ئەدىرنەدە بىر نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، يۇرتىدا يەرلىك مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كې-

---

① داماد — ساراي كۈيئوغلى، سۇلتاننىڭ كۈيئوغلى دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com

يىن، ئەدىرنە تېلېگراف ئىدارىسىدە ئىشلىگەن، كېيىن سېلانىك-
تىكى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدە مۇدىر كاتىپ بولغان. بۇ
جەرياندا خىزمەت قۇلايلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، «ئىتتىھات ۋە
تەرەككى» گە خېلى كۆپ ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن. ئىنقىلابتىن
كېيىن، «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» پارتىيىسىدە ھەر خىل ۋەزىپى-
لەرنى ئۆتىگەن، بىر مەزگىل ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى، مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان. ئۇ «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» پارتى-
يىسىدىكى تونۇلغان سىياسىئون بولۇپ، تۈركىيە بۇرژۇئازىيە-
سى ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. 1917 - يىلى
سادرازاملىققا كۆتۈرۈلگەن. ئۇ ئۆتكۈر، يىراقنى كۆرىدىغان ۋە
ئاداۋەت ساقلىمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ شۇنداق زور ئابرۇيغا ئىگە
بولسىمۇ، يەنىلا ئەنۋەر پاشانىڭ ئاغزىغا قارايتتى.

جامال پاشا 1872 - يىلى ئىستانبۇلدىكى بىر ھەربىي ئائى-
لىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، خىيالىغا كەل-
گەننى قىلىدىغان، ھەرقانداق ئىشتا قىپيالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقى-
دىغان ئادەم بولۇپ، ئەنۋەر پاشاغا زادى ئوخشىمايتتى. ئىستان-
بۇل قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن
«ئىتتىھات ۋە تەرەككى» پارتىيىسىگە كىرگەن. 1913 - يىلى-
دىن كېيىن، ئۇ ئىستانبۇل گارنىزۇن قوماندانلىق شتابىنىڭ
شتاب باشلىقى، ئىمپېرىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى، سۈرىيىدە
تۇرۇشلۇق قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانى، ئىستانبۇلدا تۇ-
رۇشلۇق قىسىملارنىڭ باش مۇپەتتىشى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە
تەيىنلەنگەن. ئۇ ھەربىي رازۋېد ئىشلىرىغا پۇختا، يۇقىرى ئاب-
رويلۇق، مەسئۇلىيەتچان، كەسكىن، قاتتىق قول ۋە رەھىمسىز
ئادەم ئىدى. ئۇنىڭدا تەلئەت پاشانىڭكىدەك يۇقىرى ئابرۇي،
ئەنۋەر پاشانىڭكىدەك يۇقىرى ئارمىيە ھوقۇقى يوق ئىدى، شۇڭا
ئۇ ئالدىنقى ئىككىيلەنگە بېقىنىپراق ئىش قىلاتتى.

«ئىتتىھات ۋە تەرەككى» پارتىيىسىدىكى بۇ ئۈچ باھادىر

ھەدەپ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە تەمشىلىۋاتقاندا، ئوسمانىيلارنىڭ مىللەت مەجلىسى تارقىلىپ كەتكەن ۋە سۇلتان مۇھەممەد V (رەشاد) قېرىپ 72 ياشقا كىرىپ قالغانىدى. سۇلتان ئەخلاقىي جەھەتتە چۈشكۈنلىشىپ، جىسمانىي جەھەتتىن زەئىپلىشىپ كاردىن چىققان بولغاچقا، دۆلەت ئىشلىرىدىن ئاساسەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە تېگىپ كېتىشىدىن قورقۇپلا تۇراتتى، شۇڭا ئەنۋەر پاشانىڭ ئىمپېرىيىگە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى بولغانلىقىنىمۇ گېزىتتىن ئۇقتى.

1913 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، گېنېرال ئوتتو لىمان فون ساندىرس (1855~1929 - يىللىرى) باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىستانبۇلغا كەلدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، تۈركىيە ئۈچ دۆلەت بىرلىشىپ ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق ئانتانتا دۆلەتلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشنى پىلانلاش ئىدى. ساندىرس بىلەن ئەنۋەر گېرمانىيە ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تۈركىيە ئۆزىنىڭ ھەربىي تالانتىنى قايتىدىن نامايان قىلالايدۇ، دېگەن پىكىرگە كېلىشتى.

ئەمما نامرات، قالاق ۋە ھەرقايسى جەھەتلەردە ئاجىز ئورۇندا تۇرۇۋاتقان، ھالىدىن كەتكەن بۇ قېرى ئىمپېرىيە تېخى ئەمدىلا تىرىپولى ئۇرۇشى، بالقان ئۇرۇشىدىن قول ئۈزۈپ ھاردۇقىنى چىقىرىۋاتاتتى. بۇ ئۇرۇشلار ئۇنى ئىقتىسادىي ۋە مالىيە جەھەتتىن نۇرغۇن چىقىمغا ئۇچرىتىپ، ئارمىيىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ چاغدا تۈركىيە ئارمىيىسىگە ئەڭ كېرەكلىك بولۇۋاتقىنى ئوق- دورا، كىيىم - كېچەك ھەم ئۆتۈك ئىدى. تۈركىيە دېڭىز ئارمىيىسى قارا دېڭىزدىكى رۇسىيە فلوتى بىلەن رىقابەتلىشەلەيتتى، ئەمما نۇرغۇن ئۇششاق ئاراللاردىن تەركىب تاپقان ئېگەي دېڭىزىدىكى گرېتسىيە فلوتىغا رەقىب بولالمايتتى. تۈركىيىنىڭ ئەنگلىيىگە بۇيرۇتقان ئىككى

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇش پاراتى تېخى ياسىلىپ بولمىغان بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتىنمۇ دەھشەت ۋە خەتەرلىك بولغان بۇ يېڭى ئۇرۇشقا قاتناشسا، غەلىبە قازىنىشىغا ئىشەنمەك تەس ئىدى، شۇڭا نۇرغۇن ئادىل كۆزەتكۈچىلەر، ھەتتا تۈركىيىنىڭ بەزى رەھبەرلىرىمۇ بۇ تەۋەككۈلچىلىككە ئانچە ئىشەنچ باغلىمىدى.

1914 - يىلى 28 - ئىيۇندىكى سارايېۋو ۋەقەسىدىن باشلاپ 23 - ئىيۇلدىكى ئاۋستىرىيىنىڭ سېربىيىگە ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇم تاپشۇرغىنىغا قەدەر بولغان بىر ئاي ۋاقىت ئىچىدە، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى تۈركىيىگە باشتىن - ئاياغ قايتا ھەرىكەتلىنىش ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىش مەيدانىدا تۇردى.

1914 - يىلى ئىيۇلنىڭ 5 - كۈنى، گېرمانىيىنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فون ۋانگىنگېم پوتسدام شەھىرىدە ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋېلىپ، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قەتئىي ھالدا ياۋروپا ئۇرۇشى قىلىشنى قارار قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. گەرچە مۇشۇ كۈنلەردە بېرلىنغا چاقىرتىلغان ئەنۋەر پاشا شۇ يەردە گېرمانىيە ئارمىيىسى باش شتاب باشلىقى فون مولتىكى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئىتتىپاق تۈزۈش توغرىسىدا تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە كونكرېت تەكلىپ بەرمىدى. ئىيۇل ئايلىرىنىڭ بېشىدا، سارايېۋو ۋەقەسى يۈز بېرىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن، تۈركىيە دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى جامال پاشا پارىژغا يۈرۈپ كەتتى، قارىماققا ئۇ فرانسىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي مانېۋىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە فرانسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلمەكچى ئىدى. جامال پاشا فرانسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى سىياسىي مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى مارژېرىن بىلەن قىلىشقان سۆھبىتىدە تۈركىيىنى ئادتانتا دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما،

مارژىرىن بۇ ئىشقا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ پوزىتسىيە بىلدۈرسە بولمايدىغانلىقىنى، فىرانسىيىنىڭ جۇمھۇرىيەت رەئىسى رۇسىيەگە زىيارەتكە بېرىشتىن بۇرۇن بۇ تەكلىپنى فىرانسىيىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا ئۇقتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. جامال پاشا فىرانسىيە ۋەكىلىنىڭ بۇ جاۋابىنى پاسسىپ رەت قىلىش، دەپ ھېسابلىدى.

1914 ـ يىلى 18 ـ ئىيۇلدا، جامال پاشا پارىژدىن ئايرىلدى. 23 ـ كۈنى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلاب بايرىمىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىدا گېرمانىيە گېنېرالى ئېرىك فون فالكىنخېين (1861~1922 يىللىرى) جامال پاشا بىلەن گېرمانىيە ـ تۈركىيە ئىتتىپاقى تۈزۈش توغرىسىدا سۆزلەشتى ۋە ھەر ئىككىلا تەرەپ بۇ ئىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. شۇ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست كۈنى گېرمانىيە رۇسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئەمما، رۇسىيە بۇ ھەرىكەتكە قىزىقمىدى، بەلكى 1908 ـ ۋە 1911 ـ يىللىرى ئۆتكۈزۈلگەن دېپلوماتىيە سۆھبىتى ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش دېڭىز بوغۇزىنى رۇسىيىگە قوشۇۋېتىشتە ئەمەس، بەلكى بوغۇزدا رۇسىيە پاراخوتلىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىشىگە رۇخسەت قىلىش دېگەن پىكرىدە چىڭ تۇردى. «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى رۇسىيىنىڭ بۇ مۇددىئاسىنى ئاللىقاچان بىلەتتى. رۇسىيە بىلەن گېرمانىيە تەرەپنىڭ باياناتلىرى ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتتى، چۈنكى گېرمانلار تۈركىيە دائىرىلىرى ئارىسىدا رۇسىيە تەھلىكىسى ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارغانىدى. ئاۋغۇستنىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تە گېرمانىيە ئارمىيىسى گېنېرالى فالكىنخېين سادرازام سەئىد خەلىم پاشا باشچىلىقىدىكى تۈركىيە ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ئەھدىنامىسىنى ئىمزالىدى. ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سادرازام سەئىد خەلىم پاشا، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى تەلئەت پاشا، قۇرۇقلۇق ئارمىيە

ۋەزىرى ئەنۋەر پاشا، دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى جامال پاشا، مالىيە ۋەزىرى جەۋدى بەي ھەم ئەدلىيە ۋەزىرى خەلىل بەيلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئەنۋەر پاشانىڭ قولىدىكى ھوقۇقلۇق غەيرىي رەسمىي تەشكىلات ئىدى. گېرمانلار بىلەن ئەھدىنامە ئىمزالاشقا جامال پاشا قاتارلىقلار قاتناشتۇرۇلمىدى، سۇلتان ۋە باشقا ۋەزىرلەر بۇ ئىشتىن ئەتىسى خەۋەر تاپتى.

ئەھدىنامە سەككىز ماددىلىق بولۇپ، 3 - ۋە 4 - ماددىلىرىدا «ئۇرۇش ۋاقتىدا گېرمانىيە ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكى تۈركىيىگە قوماندانلىق قىلىدۇ»، «گېرمانىيە زۆرۈر تېپىلغاندا تۈركىيىنى رۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوراللىق قوغدايدۇ» دېيىلگەنىدى.

ئەھدىنامىگە ئاساسەن، تۈركىيە تەرەپ رۇسىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى، ئەمما بىر ياكى بىر قانچە بالقان دۆلىتى تۈركىيىگە جەڭ ئېلان قىلىپ قالسا، ياكى رۇسىيىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تۈركىيىگە جەڭ ئېلان قىلىپ قالسا، گېرمانىيە ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان بولدى. گېرمانىيە بىلەن تۈركىيە ئىتتىپاق تۈزۈش ئەھدىنامىسىنى ئىمزالاۋاتقان ۋاقىتتا ئىنگلىزلارنىڭ مۇنچىۋالا تېز قوراللىق ھەرىكەت قوزغىشىنى تۈركىيە خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى.

1914 - يىلى 2 - ئاۋغۇستتا تۈركىيە بىتەرەپ مەيداندا تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، ئەمما قىسىملارنى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى، بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلۈپ بوسفور ۋە داردانېل بوغۇزلىرىغا سۇ مىناسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاۋغۇستنىڭ 3 -كۈنى، گېرمانىيە فرانسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى، ئەتىسى ئەنگلىيە ئۇرۇشقا قاتناشتى. گېرمانىيە كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، تۈركىيىگە بولغان تەسىرىنى كۈچەيتتى. لىمان فون ساندىرسىنىڭ

70 ئوفىتسېردىن تەشكىل قىلىنغان ھەربىي ئۆمىكى تۈركىيىدە قالدۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئۆزى 1- ئارمىيە قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىستانبۇل، سىرىس، داردانىل ۋە بەندۇمە قاتارلىق جايلارنى باشقۇرىدىغان بولدى، بۇنىڭغا ئۇلاپ ئەنقەرە بىلەن ئىز- مىردىكى قىسىملارغىمۇ گېرمانىيە پولكوۋنىكلىرى قوماندانلىق قىلىشقا باشلىدى.

1914 - يىلى ئاۋغۇستنىڭ 4 - كۈنى، ئاۋسترىيە - ۋېنگرىيە گېرمانىيە - تۈركىيە ئىتتىپاقىغا رەسمىي قاتناشتى. بۇنىڭغا ئۇلاپ گېرمانىيىنىڭ دىپلوماتىيە دائىرىلىرى بۇلغارىيە بىلەن تۈركىيىنى يېقىنلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. نەتىجىدە، بۇلغارد- يىنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى توشىق تۈركىيە بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى.

بۇ ۋاقىتتا، ئەنگلىيە پاراخوت شىركىتىنىڭ تۈركىيىگە تاپ- شۇرىدىغان «سۇلتان ئوسمان I » ۋە «لىساكىيە» ناملىق ئىككى چوڭ پاراخوتى ياسىلىپ بولدى، ئوسمانىيلارنىڭ خەزىنىسىدىن 7 مىليون ئەنگلىيە فوند ستېرلىڭى ئاجرىتىلىپ بۇنىڭ ھەققى تۆلەندى. ھەربىي پاراخوت ياساشقا كەتكەن پۇل تۈركىيە خەلقى- دىن ئىئانە توپلاش يولى بىلەن يىغىۋېلىنغانىدى. ئەمما، ئەنگلى- يىنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە بايانات ئېلان قىلىپ، «برىتانىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن تۈركىيىنىڭ ھەربىي پاراخوتىنى تۇتۇپ قالدى» دېدى. تۈركىيە ئەنگلىيە دائىرىلىرىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ ماقا- لىلەر ئېلان قىلدى، گېرمانىيە بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تۈركىيد- لىكلەر ئارىسىدا ئانتانتا دۆلەتلەرگە ئىشەنمەسلىك ھەققىدە تەش- ۋىقاتلارنى ئېلىپ باردى.

«ئىتتىھات ۋە تەرەققى» پارتىيىسىنىڭ كۆپ سانلىق داھىي- لىرىنىڭ پوزىتسىيىسى بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇش ئىدى. ئىنگ- لىزلارنىڭ تۇيۇقسىزلا ئۇرۇشقا قاتنىششى گېرمانىيە پەرەس

ئەنۋەر پاشا بىلەن تەلئەت پاشانى گاڭگىرىتىپ قويدى. «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئاڭ-تانتا دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش، ئىتتىپاقلىق ئەھدىنامىسى-نى بۇزۇپ گېرمانلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاشتىنمۇ كۆپ خەتەر-لىك ئىدى، شۇڭا جامال پاشا ئۆزىنىڭ ئىچكى كابىنېتىدا ئېنىق قىلىپ: «ئەنگلىيە، رۇسىيە، فرانسىيە ئەگەر بىزنىڭ داردا-نىل، كونستانتىنوپول ۋە رۇسىيە چېگرىسىدا بىرمۇ ئەسكىرى-مىزنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ قېلىپ، داردانىل ۋە بوسفور بوغۇزلى-رىدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئارزۇرۇمغا يۈرۈش قىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار بۇ ئىككى جايىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن سۋاس ئارقىلىق ئاناتولىيىگە باستۇرۇپ كىرىدۇ، ئۇ ھالدا ئارمى-يىمىزنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولمايلا قالماس-تىن، بەلكى پۈتكۈل ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى يوقىلىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. ئەھۋال ناھايىتى جىددىي ئىدى، «ئىتتىھات ۋە تە-رەققى» پارتىيىسى تۇيۇقسىز قارار چىقىرىپ رۇسىيىدىن ئىتتى-پاقلىق تەلەپ قىلدى. رۇسىيىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى گېنېرال لېئونتىيېف بىلەن ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى گىرس ئەنۋەر پاشانىڭ سۆھبىتىگە قىزىققان بولسىمۇ، دەرھال جاۋاب بېرەلمى-دى. چۈنكى، ئۇلار رۇسىيىنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرى سازانوفتىن «تۈركىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزگىلى بولمايدۇ» دېگەن جاۋابنى ئالغانىدى. گىرس ئەنۋەر پاشانىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىش توغرى-سىدا سازانوف بىلەن قايتا ـ قايتا سۆزلىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، سازانوف ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئەنۋەر پاشا بىلەن لې-ئونتىيېف ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتنىڭ مەزمونىدىن پارىژ ۋە لون-دونلار خەۋەر تاپتى، بۇ تۈركىيىگە پايدىسىز ئىدى.

تۈركىيە ھۆكۈمىتى 4 ـ ئاۋغۇست كۈنى ئېچىلغان ھەربىي ئىشلار كومىتېتى يىغىنىدا بايانات ئېلان قىلىپ، «گېرمانىيە ـ تۈركىيە ئەھدىنامىسى تۈركىيىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىش مەجبۇرى-

يىتىنى بېكىتكەن ئەمەس، بەلكى ئەينى چاغدىكى بۇلغارىيە بىلەن
رۇمىنىيىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلىشتىن بۇرۇن تۈركىيە ئەھۋال-
غا قاراپ ئىش كۆرىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن» دېدى. ئاۋغۇستنىڭ
9 - كۈنى ئۇنىڭغا ئۇلاپ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سەككىز
ماددىلىق قارار ماقۇللىدى. ئەمما، بۇ قارار ئىجرا قىلىنغۇچە
گېرمانىيىنىڭ «گوبېن» ۋە «بورىسلوف» ناملىق پاراخوتلىرى
ئەنگلىيە فلوتىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىدىن قېچىپ، داردانېل
بوغۇزىغا كىرىپ كەلدى ۋە مەرمەر دېڭىزىدا پەيدا بولۇپ پايتەخت
ئىستانبۇلغا يېقىنلاشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، تۈركىيە بىلەن
گېرمانىيە مۇناسىۋىتى يېڭى تۈسكە كىردى، تۈركىيە ھەربىي
ئىشلار كومىتېتى گېرمانىيە بىلەن ئىمزالىغان ئەھدىنامىسىنى
رەت قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشتى.

«گوبېن» ۋە «بورىسلوف» ناملىق ئىككى ھەربىي پاراخوت-
نىڭ تۈركىيە سۇ تەۋەلىكىگە كىرىپ پاناھلىنىشىنى ئەنۋەر پاشا
ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئالاقىدار خادىملار پەيدا قىلغانىدى.
بۇ ۋاقىتتا، تۈركىيىنى گېرمانىيىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ
قويۇشنى خالىمايدىغان ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەر ناھايىتى ئاجىز بو-
لۇپ، ئەنۋەرگە ئاشكارا قارشى چىقالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
خېلى كۆپ ساننى تەشكىل قىلىدىغان تۈركىيىلىكلەر، ھەتتا
ئەنۋەر پاشانىڭ سىياسىي رەقىبلىرىمۇ «گوبېن» ۋە «بورىسلوف»
نىڭ يېتىپ كېلىشىنى تۈركىيە ھەربىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىق
تەرىپىنى تولۇقلاپ، ئەنگلىيىنىڭ دەسلەپتە تۈركىيىگە سېتىپ
بېرىپ، كېيىن، يېنىۋالغان ئىككى ھەربىي پاراخوتىنىڭ زىيى-
نىنى تولدۇردى، دەپ قارايتتى. ئەمەلىيەتتە، گېرمانىيىنىڭ
ئىككى ھەربىي پاراخوتى تۈركىيىلىكلەرنىڭ قولىدىكى قورال
بولماستىن، بەلكى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تۈركىيىنى ئۆزلىرى
تەرەپتە تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان كوزورى ئىدى. تۈركىيە
ھۆكۈمىتى بۇ ئىككى پاراخوتنى گېرمانىيىدىن 80 مىليون ماركقا

www.uyghurkitap.com

سېتىۋالدۇق دېدى، ئەمەلىيەتتە بۇ يالغان سودا بولۇپ، مەيلى كىمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بولمىسۇن، مەخپىي سىر ئەمەس ئىدى. گېرمانىيىلىكلەرمۇ بۇنى مەخپىي تۇتالمىدى. گېرمانىيىنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرى فون ياگوف گرېتسىيىنىڭ بېرلىندىكى كونسۇلىغا قىلغان باياناتىدا، ھەربىي پاراخوت سېتىش - ئېلىش ئىشى «ئەمەلىيەتتە زادى يۈز بېرىپ باقمىدى» دېدى. گېرمانىيىنىڭ پاراخوت خادىملىرى پاراخوتتىن ئايرىلمىدى، ئەمما بۇ ئىككى پاراخوت «تۈركلەشتى»، «گوبېن» دېگەن نام «ياۋۇز سۇلتان سەلىم»① گە، «بورىسلوف» دېگەن نام «مەجەللە» گە② ئۆزگەرتىلدى. گېرمانىيە ماتروسلىرى ۋە ئوفىتسېرلىرى پۈتۈنلەي مۇسۇلمانچە كىيىندۈرۈلدى. بۇ ئىش رۇسىيىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، رۇسلار ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىدىن تۈركىيىگە نارازىلىق بىلدۈرۈشنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ قوللاشقا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرىنىڭ بىرلىكتە نارازىلىق بىلدۈرۈش كەيپىياتى شەكىللەنمىدى.

1914 - يىلى 13 - سېنتەبىردە، ئەنگلىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى ئەلچىلەر ئۆمىكى ئىستانبۇلدىن كەتتى، پۈتكۈل تۈركىيە فلوتلىرى «گوبېن» ناملىق پاراخوتتىكى گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى شۇسوننىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتتى، ئارقىدىنلا دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى ئوزىدوم گېرمانىيىدىن ئىستانبۇلغا كەلدى. دېڭىز بويلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان توپچى قىسىملارغا بولغان قوماندانلىقمۇ گېرمانىيىلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تۈركلەرنىڭ گېرمانلارغا بېقىنىشى ھەسسىلەپ ئېشىپ باردى.

---

① ياۋۇز سۇلتان سەلىم — ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ 9 - سۇلتانى بولۇپ، مىلادىيە 1512- يىلىدىن 1520- يىلىغىچە سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان، «ياۋۇز» ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئىدى.

② مەجەللە — 1876 - يىلى جاكارلانغان ئوسمانلىلارنىڭ تۇنجى ئاساسىي قانۇنىنىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى.

تۈركىيىنىڭ ۋاقىتلىق بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ ئۇرۇشقا ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتماسلىقى يېرىم - يارتا تاكتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئەنۋەر پاشانىڭ مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە مەخسۇس ۋەكىللەر «غازات» تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىستانبۇلدىن شىمالىي ئافرىقىغا يۇرۇپ كەتتى. سۇرىيىدە مىسىرغا ھوجۇم قىلىدىغان مەخسۇس كۈچ تەشكىللەندى. بۇ ۋاقىتتا، مىسىر ئىنگلىزلارنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى. 1914 - يىلى ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرىدا، ئانتانتا دۆلەتلەر ھەدەپ تۈركىيىگە بولغان بېسىمنى كۈچەيتىپ بايانات تاپشۇرۇۋاتقان چاغدا، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى تەلئەت پاشا بۇخارىست ۋە سوفىيىلەرگە بېرىپ، رۇمىنىيە بىلەن بۇلغارىيىنى گېرمانىيىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تۈركىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە ئۈندىدى، ئەمما ئۇ ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى.

شۇنداق قىلىپ، گېرمانلار ئىستانبۇل، بوسفور بوغۇزى، داردانىل بوغۇزىدا ھەممىگە ئېرىشتى، مارشال ئورۇنباسارى ئەنۋەر پاشا سادرازام[①] ۋە ۋەزىرلەر كېڭىشىنىمۇ قايرىپ قويۇپ، دېڭىز ئارمىيىسى، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ھوقۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى گېرمانىيىلىك گېنېرال ۋە ئادمىراللارغا تۇتقۇزدى.

رۇمىنىيە بىلەن بۇلغارىيە ئارقىلىق تۈركىيىگە كېلىۋاتقان گېرمانلارنىڭ سانى نەچچە مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 1914 - يىلى سېنتەبىرنىڭ 27 - كۈنى ، تۈركىيىنىڭ بىر مىنا توشۇغۇچى كېمىسى گېرمانلارنى ئېلىپ داردانىل بوغۇزىدىن ئېگەي دېڭىزىغا كىرىۋاتقاندا، ئەنگلىيىنىڭ ئوكيان چارلىغۇچى پاراخوتى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. بۇ ئىش تۈركىيىنىڭ داردانىل بوغۇزىنى پۈتۈنلەي قامال قىلىشىغا باھانە بولدى. داردانىل بوغۇزىنى قامال قىلىش چوڭ ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. تۈركىيىدىكى

① بۇ ۋاقىتتا سۇلتان مۇھەممەت V (رەشاد) نىڭ ئۆزى مارشال ئىدى.

مەشھۇر سىياسىئونلار ۋە ھەربىي ئالىملار بۇنىڭدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئۇلار ئۇرۇش باشلىنىپ كەتسە ئوسمانلى ئىمپېرىيە-سىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ، دەپ قارايتتى. يىراقنى كۆرگۈچىلەر گېرمانىيىنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ئالدىنقاچان كۆڭلىگە پۈكۈپ بولغانىدى.

تۈركىيىنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ بىرى مۇستاپا كامال ئىدى. ئۇ بۇ چاغدا تېخى ياش بولۇپ، ئەنۋەر پاشالارغا ئۆز گېپىنى ئۆتكۈزەلىگۈدەك ئەھۋالدا ئەمەس ئىدى. تۈركىيىنىڭ ئاتاقلىق دىپلوماتلىرى ئەن-ۋەر پاشانى قاتتىق ئاگاھلاندۇردى. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ شۇ چاغدىكى فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى رىفاد پاشا پارىژدىن ئىستانبۇلغا تېلېگراما يوللاپ: «گېرمانىيە يېتىم قې-لىپ چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. تۈركىيىگە بىردىنبىر پايدىلىق بولغان سىياسەت قاتتىق ۋە سەمىمىيلىك بىلەن بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇش ئارقىلىق، ئانتانتا دۆلەتلەر تەرىپىدىن پايدىغا ئېرىشىش-تۇر» دەپ كۆرسەتتى، ئارقىدىن يەنە ئۇلاپ بىر پارچە تېلېگراما يوللىدى، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«تۈركىيىنىڭ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە ئىپتىدائىي ھالەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالى ئۇزاق مۇددەت تىنچ شارائىتتىكى تەرەققىياتقا موھتاج. ھەربىي جەھەتتە غەلىبە قىلىشىمىز مۇم-كىن دەيدىغان ئىشەنچسىز رىغبەتلەندۈرۈش بىزنى تۈگەشتۈرۈۋې-تىدۇ. گېرمانىيىنىڭ مۇداخىلىسى ئەمدى دەرھال تاماملىنىشى كېرەك. . . ناۋادا بىز ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ دۈشمىنى بولۇپ ھەرىكەت قىلىدىغان بولساق، ئۇلار بىزنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدۇ. گېرمانىيە بىزنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشىمىزگە ئەسلا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ . . . ناۋادا مەغلۇپ بولسا بىزنى غەلىبە قىلغان دۆلەتلەرگە يەم قىلىپ بېرىدۇ، غەلىبە قىلسا بىزنى ئۆزىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلاندۇرىدۇ».

بۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش ۋە نەسىھەتلەرمۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەر-تەلمىدى. تۈركىيە خوجايىنلىق ئورنىدىن ئاللىقاچان قېپقالغانىدى. سادرازام سەئىد خەلىم پاشا، ئەدلىيە ۋەزىرى خەلىل بەي، مالىيە ۋەزىرى جەۋدى بەي، شۇنداقلا تەلئەت پاشا ۋە جامال پاشالار كۆز ئالدىغا كېلىپ قالغان ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئوڭشاشقا ھەرقانچە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، گېرمانىيىنىڭ قاتتىق تۇرۇۋېلىشى، ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ھەمكارلاشماسلىقى، ئەنۋەر پاشا ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى تەنتەك تەۋەككۇلچىلەرنىڭ قارام-لىقى ئالدىدا ھېچنېمىگە يارىمىدى.

تۈركىيە ھۆكۈمىتى خەزىنىسىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقىنى پەش قىلىپ، ھەربىي جەھەتتە ھەرىكەتكە كەلمىدى. فون فالكىنخېين تۈركىيىگە 1 مىليارد فرانك قەرز بېرىشكە قوشۇل-دى ۋە بۇنى 1914 - يىلى 11 - ئۆكتەبىر كۈنى تۈركىيە دائىرىلىرىگە ئۇقتۇردى. ئەنۋەر پاشا ھۆكۈمىتى فالكىنخېين بىلەن ئۇلار بېرىشكە ماقۇل بولغان قەرز پۇلىنىڭ بىر قىسمى ئىستانبۇلغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال ھەربىي ھەرىكەتكە كېلىدىغانلىقى ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالىدى. ۋەدىلەشكەن قەرز پۇلدىكى بىرىنچى تۈركۈم ئالتۇنلار بېرلىندىن 26 - ئۆكتەبىر كۈنى ئىستانبۇلغا يۆتكەپ كېلىندى. ئەنۋەر پاشا گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى گېنېرالى شۇسوننىڭ فلوتىنى قارا دېڭىزغا چۇشۇ-رۇشكە رۇخسەت قىلدى. ئۆكتەبىرنىڭ 29 - كۈنى گېرمانىيە-تۈركىيە ھەربىي پاراخوتلىرى بىرلىكتە رۇسىيىنىڭ سىۋاستىپول ۋە باشقا پورتلىرىدىكى پاراخوتلىرىنى شىددەت بىلەن توپقا تۇتتى، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن تۈركىيە دۇنيا ئۇرۇشىغا رەسمىي قاتناش-تى.

قارا دېڭىزدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش خەۋىرى تۈركىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئىچىدە ناھايىتى قاتتىق ئەنسىزلىك پەيدا قىلدى. مالىيە ۋەزىرى جەۋدى بەي قاتارلىق ئۈچ ۋەزىر ۋەزىپىسىدىن

ئىستېپا بەردى، جامال پاشا، تەلئەت پاشالارمۇ شۇنداق پوزىتسىيىلەرنى بىلدۈرۈشتى. سادرازام سەئىد خەلىم پاشا ئۆز ئورنىدا قېلىۋېرىدىغانلىقى ھەم سۆھبەت ئارقىلىق ۋەزىيەتنى ئوڭشايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بايانات ئېلان قىلدى. تۈركىيىنىڭ پېتېربۇرگتا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى پەخرىدىن بەي بۇ ئىشتىن ناھايىتى ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، «بۇنىڭدىن كېيىن رۇسىيە فلوتى تۈركىيىنىڭ سۇ تەۋەلىكىگە كىرمىسىلا، تۈركىيە فلوتى قارا دېڭىزغا كىرمەيدۇ» دەپ رۇسىيە ھۆكۈمىتىگە ۋەدە بەردى، ئەمما رۇسىيە ھۆكۈمىتى پەخرىدىن بەي بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئۇنىمىدى.

ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە رۇسىيە ئۆزىنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ئارقىلىق، ئەگەر تۈركىيە ئۆزىنىڭ قۇرۇقلۇق ھەم دېڭىز ئارمىيىسى ئىچىدىكى گېرمانىيە ھەربىيلىرىنى قايتۇرۇۋەتمەيدىغان بولسا، ئۇنداقتا تۈركىيە ئانتانتا دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشى كېرەك، دېدى. بۇنىڭدىن ھەرقانداق سۆھبەتنىڭ ئۇرۇشنى توختىتىپ قالالمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئەدلىيە ئىشلىرى ۋەزىرى خەلىل بەينىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۈركىيە ھۆكۈمىتى مۇھىم خادىملار مەجلىسىدە كۆپ سانلىق ئەربابلار ئۇرۇشقا قارشى تۇردى. مەجلىستە، گېرمانىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى گېنېراللىرى، ئوفىتسېرلىرىنى چېكىندۈرۈپ، گېرمانىيە ـ تۈركىيە ئىتتىپاقىنى بىكار قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماسلىق دېگەن مەسىلە بىردەك قارار قىلىندى، ئەمما تەلئەت پاشانىڭ تۈركىيە، جۈملىدىن ئىستانبۇل ھازىر گېرمان زەمبىرەكلىرىنىڭ ھەيۋىسى ئاستىدا تۇرىدۇ، بۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن، كۆپچىلىك لام-جىم دېيەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. بۇنداق ئەھۋالدا تۈركىيە ھۆكۈ-

مىتى گېرمانلارنى ھەرقانداق قىلىپمۇ چېگرىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتەلمەيتتى، گېرمانلارمۇ چىقىپ كەتمەيتتى.

1914 - يىلى نويابىرنىڭ 2 - كۈنى، پەخرىدىن بەي پېتېربۇرگتا، گرىس ئىستانبۇلدا پاسپورت بېجىرىپ بىر كۈن ئىچىدىلا ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتىشتى. شۇ كۈنى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ھۆكۈمەتلىرى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى بىلەن بولغان دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى، 3 - نويابىر كۈنى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە فلوتى داردانىل بوغۇزىنى شىددەت بىلەن ھەيۋە خاراكتېرلىك توپقا تۇتتى. 12 - كۈنى ئانتانتا دۆلەتلەرگە ئەزا ئەللەر رەسمىي ھالدا تۈركىيىگە قارشى ئۇرۇش ھالىتىگە كىردى.

سۇلتان ۋە خەلىپە مۇھەممەد V 1914 - يىلى نويابىردا «غازات» جاكارلىدى. شەيخۇلئىسلام بەش ماددىلىق پەتىۋا چىقاردى. ئۇنىڭدا بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى «كاپىر دۆلەتلەر گۇرۇھىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش» دەپ ئۇقتۇرۇلدى ھەمدە «رۇسىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيىلەر بارلىق كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولدى»، شۇڭا «ئانتانتا دۆلەتلەر ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى بىردەك قوزغىلىپ، ئۆز ھۆكۈمەتلىرىگە قارشى كۆتۈرۈلۈپ چىقىشلىرى كېرەك» دەپ مۇراجىئەت قىلىندى، پەتىۋادا يەنە «ئانتانتا دۆلەتلەر كاپىرلاردۇر، گېرمانىيە بىلەن ئاۋستىرىيە ئىسلام دىنىنىڭ تايانچىسى ھەم ھىمايىچىسىدۇر» دەپ ئىزاھات بېرىلدى.

گېرمانىيە بىلەن تۈركىيىنىڭ مۇناسىۋىتى 1883 - يىلىدىن باشلاپ قويۇقلاشقانىدى، ئەينى ۋاقىتتا گېرمانىيە ئوفىتسېرلىرى تۈركىيە ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ئىشىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. 1889 - يىلى پادىشاھ ۋىلھېلم ئىستانبۇلغا كېلىپ بېرلىن - بىزانتىيە - باغداد (B B B) نامىدىكى ئۇلۇغ پان گېرمانىزم پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. 1903 - يىلىغا كەلگەن-

ده، تۈركىيە دائىرىلىرىگە تۈركىيە ۋە كىچىك ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈپ باغدادقا بارىدىغان تۆمۈريول باشقۇرۇش ھوقۇقىنى گېرمانىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان بىر شەرتنامە ئىمزالاتقۇزۇۋالدى. 1908 - يىلى «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» پارتىيىسى سۇلتان ئابدۇلھەمىد II نىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋەتكەندە، ھۆرلۈك ۋە ئاساسىي قانۇن ئورناتقان ھۆكۈمەت قۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي دىكتاتورا تۈزۈمىدىكى گېرمانىيىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئويلىدى. ئەمما، كۈتۈلمىگەن يەردىن 1909 - يىلى ياش تۈركلەر ئەرمىنىيىدە زور قىرغىنچىلىق قىلغاچقا، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» نىڭ بۇ ھەرىكىتىنى زوراۋانلىق، دەپ ئەيىبلىدى. ئەمما، گېرمانىيە پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى. ياندۇرقى يىلى تۈركىيە ھۆكۈمىتى فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيىدىن قەرز پۇل سورىدى، ئەمما بۇ ئىككى دۆلەت يەنە ئېغىر شەرت قويۇپ تۇرۇۋالدى، بىراق گېرمانىيە شەرتسىز بەردى. بۇ ئىشلار ئەنۋەر پاشالارنىڭ گېرمانىيىلىكلەر بىلەن تېخىمۇ ئاپاق - چاپاق بولۇپ كېتىشىگە ئاساس سالدى.

ئەنۋەر پاشانىڭ گېرمانىيە باش قوماندانلىق شتابىدىكى گېنېراللارنىڭ ماقۇللىشىغا ئېرىشكەن ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى زور بولۇپ، ئۇ ئىككى فرونتتىكى ئۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى: بىرىنچى فرونت كاۋكازدا بولۇپ، ھۇجۇم نىشانى رۇسىيە ئىدى. ئىككىنچى فرونت سۇۋەيش قانىلىدا بولۇپ، ھۇجۇم نىشانى ئەنگلىيە ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى بارلىق جايلار ئىدى. ئۇلارنىڭ پىلانى بويىچە، رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۈشمەننىڭ قارشىلىقىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىتچىت قىلغىلى بولاتتى. سۇلتان ۋە خەلىپە تەرىپىدىن جاكارلانغان «غازات» نىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن قارىغاندا، ئۇرۇش ئىران بىلەن ئافغانىستاننى تۈركىيىگە جەلپ

قىلاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن گېرمانىيە گېنېراللىرى بىلەن ئەنۋەر پاشانىڭ پىلانى بويىچە، تۈركىيە، ئافغانىستان ۋە ئىراندىن ئىبا-رەت ئۈچ ئىسلام دۆلىتى ئارمىيىسى ئىرانغا توپلىنىپ، خەيبەر ئۆتكىلى ئارقىلىق ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى رايونلىرىغا كىرىپ، ئۇ يەردىكى ئىسلام مۇرىتلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالاتتى، ئارقىدىنلا تۈركىيە ئارمىيىسى سۇۋەيش قانىلىدىن بۆسۈپ ئۆتكەن-دىن كېيىن، مىسىرنى فەتھ قىلىپ پۈتكۈل شىمالىي ئافرىقىغا كېڭىيەتتى ۋە ئۇ يەردە سەنۇشى مۇرىتلىرى بىلەن سۇدانلىقلارغا ماسلىشىپ، «غازات» نى ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ئافرىقىدىكى باشقا مۇستەملىكە رايونلىرىغا كېڭەيتەتتى. كاۋكاز فرونتىغا كەلسەك، تۈركىيە ئارمىيىسى رۇسىيىنىڭ پۈتكۈل جەنۇبىي كاۋكازىيە را-يونىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئىران تەۋەسىدىكى ئەزەربەي-جانغا كىرىپ، تەرەپتىن كاسپىي دېڭىزىنى قورشايتتى ۋە تاتارلار ياشايدىغان ۋولگا ـ ئۇرال رايونى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىـ-يانى فەتھ قىلاتتى.

گېرمانىيە باش قوماندانلىق شتابىدىكى گېنېراللار ۋە ئو-فىتسېرلار «غازات» جاكارلىنىشتىن بۇرۇن ئارمىيىنىڭ ئورۇن-لاشتۇرۇلۇشى، ھوجۇم قىلىش يۆنىلىشى ۋە ۋاقتى قاتارلىقلار-نىڭ ھەممىسىنى تەقمۇتەق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغانىدى. «غازات» جاكارلىنىش بىلەنلا ئەنۋەر پاشا 9 ـ دېكابىر كۈنى شتاب باشلىقى گېنېرال ۋورونسارت فون شېلىندورف بىلەن بىللە تۈركىيىنىڭ داڭلىق 3 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىنى باشلاپ ساركامىش ① دېگەن يەردە رۇسىيە قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشتى. تۈركىيە 3 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىدە 87 باتالىئون ئەسكەر، رۇسىيە كاۋكاز گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىدە 72 باتالىئون ئەسكەر بار ئىدى. شىددەتلىك بىر مەيدان جەڭدىن كېيىن، رۇسلار

---

① سىرىق قومۇش دېگەن مەنىدە.

تۈركىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇۋالدى. ئەسلىدە ئەنۋەر پاشا يادا قان - ساركامىش - ئۈرمىيە فرونتىدا رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، زەربىدارلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، جەنۇبىي كاۋكازىيە بىلەن ئىراننى چاقماق تېزلىكىدە بېسىۋالماقچى ئىدى. بەختكە قارشى تۈركىيە ئارمىيىسى دەسلەپتە ئازراق جەڭ مېۋىسىگە ئېرىشىپ، كېيىن تالاپەتكە ئۇچرىدى. رۇسىيە قوشۇنلىرى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تۈركىيە ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق قىسىملىرىنى ئەسىرگە ئالدى. ئەنۋەر پاشانىڭ قول ئاستىدا 90 مىڭ جەڭچى بار ئىدى، 70 مىڭ جەڭچى چىقىمغا ئۇچرىدى، ئۇنىڭدىن 30مىڭ ئەسكەر توڭلاپ قېتىپ قالدى. ئەنۋەر پاشا ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىق شتابى ئىستانبۇلغا چېكىندى ۋە بۇ ئىشنى ئاخبارات ساھەسىدىكىلەردىن ئۇزاققىچە يوشۇردى. ياندۇرقى يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرىدا رۇسىيە قوشۇنلىرى ئىران تەۋەسىدىكى ئەزەربەيجاندا تۇرۇۋاتقان تۈركىيە قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم باشلىدى، ئىككى قوشۇن ھەمەدان ۋە كىرمانشاھلاردا قاتتىق ئېلىشتى، ئاخىرىدا رۇسىيە قوشۇنلىرى غالىب كېلىپ تەبرىزنى ئىشغال قىلدى.

ئىران شاھى ئەھمەدىخان 1914 - يىلى 2 - نويابىر كۈنى ئىراننىڭ ئۇرۇشتا بىتەرەپ مەيداندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما، ئۇنىڭ باياناتى ھېچنېمىگە ئەرزىمىدى، چاررۇسىيە ۋە ئەنگلىيە گېنېراللىرىنىڭ ئىراندا قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىلا ئىران جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇلار ئىران ھۆكۈمىتىنى قىلچىمۇ كۆزگە ئىلمىدى. ئىراننىڭ ئەڭ جەڭگىۋار كۈچى شىمالىي فرونتتىكى كازاك برىگادىسى بىلەن جەنۇبىي فرونتتىكى ژاندارما قىسىم ئىدى. كازاك برىگادىسىدىكى 8000 جەڭچىگە رۇسىيە ئوفىتسېرلىرى، ژاندارما قىسمىدىكى 7000 جەڭچىگە شۋېتسىيىلىك ئوفىتسېرلار قوماندانلىق قىلاتتى. بۇ ۋاقىتتا،

ژاندارما قىسىملارغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان شۋېتسىيىلىك ئو-
فىتسېرلار گېرمانىيە تەرەپتە تۇرۇپ، گېرمان - تۈرك سىياسى-
تىنى ئىجرا قىلىدىغان پىدائىيلارغا ئايلاندى.

گېرمانىيە 1903 - يىلىدىن باشلاپ، ئىران پايتەختى تېھ-
راندا ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن بىر ئىنستىتۇت قۇر-
غان بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى گېرمانىيىلىكلەر،
مەبلەغ ئىران ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاجرىتىلغان ئىدى. ئۇنىڭ-
دىن باشقا، گېرمانىيىلىكلەر تەبرىز ۋە بۇسىردە تارماق بانكا
قۇرغانىدى. 1913 - يىلى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى داڭلىق گېئو-
لوگ، توپچى قىسىم ئوفىتسېرى كاپىتان ئوسكانىرمىيەنى مەش-
ھەتكە ئەۋەتتى. بۇنىڭغا ئۇلاپ يەنە مۇتەخەسسىس زوگمايىرمۇ
ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ ئىراندىكى ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن
ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى بىلوجىستان ئۆلكىسىگە ئىچكىرىلەپ
كىردى.① 1915 - يىلى گېرمانلار بەندەبۇسىر، شىراز، كىرمان-
شاھ، ئىسپىھان، يەزىد ۋە كىرمانلاردا كەڭ كۆلەمدە ھەرىكەت
قىلدى. ئۇلار ئىران ئاھالىسىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى قىزغىنلى-
قىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى «غازات» قا دەۋەت قىلاتتى ۋە «ۋىل-
ھېلم II مەككىگە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلدى، گېرمانىيە ئىمان
ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى، بىز پادىشاھ ۋىلھېلم II نى ھاجى
ۋىلھېلم دەپ ئاتايمىز» دېيىشەتتى.

1915 - يىلى مايدا، چاررۇسىيىنىڭ 20 زەمبىرەك بىلەن
قوراللانغان خىللانغان 8000 ئەسكىرى گېنېرال بالاتوفنىڭ قو-
ماندانلىقىدا شىمالىي ئەزەربەيجاننىڭ پايتەختى باكۇدىن يولغا چى-
قىپ، كاسپىي دېڭىزىنى توغرا كېسىپ ئۆتتى ۋە ئىنجىل پورتى②
دىن قۇرۇقلۇققا چىقىپ، تېھران يۆنىلىشىدە ئەزەربەيجاننىڭ ئەڭ

---

① بۇ ۋاقىتتا بىلوجىستاندا تۇرۇۋاتقان ئەنگلىيە ئارمىيە قوماندانى سەيكىس پىرسكس شىرازدا زوگمايىرنى ئەسىر ئالدى. سەيكىس پىرسكس «ئافغانىستان تارىخى» دېگەن تۆت توملۇق كىتابنىڭ ئاپتورى ئىدى.

② پەھلىۋى پورتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قەدىمكى شەھىرى قازۋىننى ئىشغال قىلدى. بۇ چاغدا، گېرمانىيە بىلەن تۈركىيىنىڭ 8000 جەڭچىدىن تۈزۈلگەن بىر بۇزغۇنچى ئەترىتى ئىراندا ئاخبارات توپلاش، سىياسىيونلارنى ئۆز تەرىپىگە تارتىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى، بۇلار ناھايىتى قاتتىق مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر ئىدى. چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى يەنە تۆت زەمبىرەك بىلەن قوراللانغان 1000 نەپەر خىل جەڭچىسى بار تۈركىستان ھەربىي رايونىنىڭ خوراسان پولكىنىمۇ بالاتوفنىڭ قىسىملىرى بىلەن ئەنگلىيە ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىشقا ئەۋەتتى.

شۇ يىلى 9 - ئىيۇل كۈنى، تۈركىيىنىڭ 3- گورۇپپىۋوي ئارمىيىسى 89 باتالىئون، 48 ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسى ۋە 100 كىشىلىك بىر كىچىك ئەترەت بىلەن رۇسىيىنىڭ كاۋكاز گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىدىكى 4 - ئاتلىق ئەسكەرلەر كورپۇسىنىڭ 31 باتالىئون، 70 ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسى ھەم 100 كىشىلىك بىر ئەترىتىگە ئاراشكىرىت دېگەن يەردە ھۇجۇم قىلدى. مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان رۇسىيە ئارمىيىسى ھۇجۇم قىلىۋاتقان تۈركىيە قىسىملىرىنىڭ سول يان تەرىپى بىلەن كەينى تەرىپىنى زىيانغا ئۇچراتتى. تۈركىيە قوشۇنلىرى چېكىندى، بۇ جەڭ تۈركىيە 3 - گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ كارس يۆنىلىشىدە رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈش پىلانىنى بۇزۇۋەتتى. ئاراشكىرىت جېڭى 21 - ئىيۇلدا ئاخىرلاشتى.

گېنېرال بالاتوفنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قىسىملىرى شۇ يىلى 7 - ئۆكتەبىردىن 3 - دېكابىرغىچە بولغان ئارىلىقتا، گېرمانىيە - تۈركىيە ئاخبارات ئورگىنى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن قىسىملارنى تارمار قىلىپ، ھەمەدان، قۇم ۋە تېھرانلارنى ئالدى ۋە بىركىس، شىستان، ئومان قولتۇقى لىنىيىلىرىدە ھەرىكەتچان پاترۇن قويۇپ، گېرمانىيە - تۈركىيە جاسۇسلىرىنىڭ ئافغانىستانغا مەخپىي كىرىشىنى توستى.

قازۋىن شەھىرى رۇسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، تەھدىت بىۋاستە پايتەخت تېھرانغا قاراپ كېلىۋاتقان پەيتتە، ئىران شاھى ئەھمەدىخان رۇسىيىنىڭ ئىراندىكى ئەلچىسى بىلەن بالاتوۋق قوشۇنلىرىنىڭ ھەيۋىسى ئاستىدا مۇستاپا مەملۇك باش-چىلىقىدىكى گېرمانىيە - تۈركىيە پەرەسپارلامېنتىنى تارقىتىۋ-ۋەتتى. مۇستاپا مەملۇك گېرمانىيىنىڭ تېھراندا تۇرۇشلۇق ئەل-چىسى ھەم تۈركىيىلىك خادىملار بىلەن بىللە قۇمدا ۋاقىتلىق بىر مىللىي ھۆكۈمەت قۇردى. بۇنىڭدىن ئاۋۋال ئىراندا دەللال بۇرژۇئازىيە ۋە پومېشچىكلار «مىللەتنى گۈللەندۈرۈش كومىتې-تى»، «ئىراننىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش كومىتېتى» دېگەنگە ئوخشاش تەشكىلاتلارنى قۇرغان بولۇپ، شۋېتسىيىلىك ئوفىتس-ېرلارنىڭ قوماندانلىق تايىقى ئاستىدىكى بىر قىسىم ئىران ئارمىيىسى بىلەن ژاندارمىلىرى بۇ چاغدا مۇشۇ ئىككى كومىتېتقا تۇپلانغانىدى. 1915 - يىلى قىشتا، تۈركىيە ئارمىيىسى ئىران مىللەتچىلىرىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن كىرمانشاھ ۋە ھەمەدانلار-نى ئىشغال قىلدى، ئۇنىڭغا ئۇلاپ ئىران پومېشچىكلىرى ۋە بۇرژۇئازىيىسى تەرىپىدىن كىرمانشاھتا بىر مىللىي ھۆكۈمەت تەسىس قىلىندى. قۇمدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىل قىلغان مۇستاپا مەملۇك كىرمانشاھقا كېلىپ بۇلار بىلەن بىرلەشتى، چوڭ فېئودال نىزام سارتانۇ بۇ مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بولدى.

1916 - يىلى، ئەنۋەر پاشا ئۈچۈن ناھايىتى مۇشكۇل ۋە غەنىيمەتسىز بىر يىل بولدى. ھەمەداندا ھەرىكەت قىلىۋاتقان تۈركىيە ئارمىيىسى كازاكلار تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. كىرمانشاھ قولدىن كېتىپ رۇسلارنىڭ قولىغا چۈشتى، تۈركىيە ئارمىيىسى ۋە تۈركىيە، گېرمانىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئىراندىكى مىللىي ھۆكۈمەت بىلەن ئۇنىڭ مىللەتچى ئارمىيىسى تىرىپىرەن بولۇپ تۈركىيە چېگرىسىغا قاراپ قاچتى. گەرچە

كېيىن تۈركىيە ئارمىيىسى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، رۇسلارنى قوغلىۋېتىپ كىرمانشاھ بىلەن ھەمەداننى قايتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، بۇ غەلىبە ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە زور تەسىر كۆرسىتەلمىدى .

شۇ يىلى يانۋارنىڭ 10 ـ كۈنى، چارررۇسىيە ئارمىيىسى يەر شارائىتى ۋە ھاۋا رايىنىڭ ناچار بولۇشىغا قارىماي، 103 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تۈركىيىنىڭ 3 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئارزۇرۇم قەلئەسىگە ھۇجۇم باشلىدى، بۇ ۋاقىتتا ئارزۇرۇمدا تۈركىيە 3 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ 66 مىڭ ئەسكىرى مۇداپىئەدە تۇراتتى. تۈنجى قېتىملىق ھۇجۇمدىلا رۇسىيە قوشۇنلىرى ئارزۇرۇمنىڭ شىمالى، شەرقى ۋە جەنۇبىدىن تەڭلا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، تۈركىيە ئارمىيىسىنى 70 ~ 100 كىلومېتىرغىچە غەربكە چېكىندۈردى. فېۋرالنىڭ 3 ـ كۈنى ئەنۋەر پاشانىڭ ئاناتولىيىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەربىي بازىسى ـ ئارزۇرۇم قولدىن كەتتى. ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمدا رۇسىيە كاۋكاز گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ دېڭىز ساھىلى پولكى بىلەن قارا دېڭىز فلوتىنىڭ باتو روتىسىدىن تەشكىللەنگەن 15 مىڭ ئەسكەر 38 زەمبىرەك، بىر ئۇرۇش پاراخوتى، ئىككى قوغلىغۇچى پاراخوت، ئىككى مىنا توشۇغۇچى پاراخوت ۋە ئىككى زەمبىرەك پاراخوتىنىڭ ھىمايىسىدە، ئەنۋەر پاشانىڭ ئاناتولىيىدىكى يەنە بىر مۇھىم ھەربىي بازىسى ترابزۇن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىدى. ئاپرېلنىڭ باشلىرىدا، يېڭى روسىيىدىن دېڭىز ئارقىلىق يۆتكەپ بېرىلگەن 12 زەمبىرەك بىلەن قوراللانغان 18 مىڭ ئادىمى بار ئىككى بىرگادا بىر ئۇرۇش پاراخوتى ۋە بىر قوغلىغۇچى پاراخوتىنىڭ ياردىمىدە، ئەنۋەر پاشانىڭ قارا دېڭىز دەرياسى بويىدىكى قارارگاھىغا ھوجۇم قىلىپ، ترابزۇن ۋە ئېرزىنگىلەرنى ئىشغال قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ترابزۇن چارررۇسىيە كاۋكاز گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى بىلەن قارا دېڭىز فلوتىنىڭ

يېنىك تىپتىكى پاراخوت ياساش بازىسىغا ئايلاندى.
گېرمانىيە گېنېراللىرىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن، تۈركىيە-نىڭ قارا دېڭىزدا رۇسىيىگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ، ئاندىن رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ بىرلىشىپ ئۇلۇغ مۇسۇلمان دۆلىتى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقىنى ئافغانىس-تان ئەمرى ھەبىبۇللاخان ئەنگلىيىنىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق باش نازارەتچىسى ئارقىلىق ئۇقتى . ھەبىبۇللاخان 1901 - يىلى 3 - ئۆكتەبىردە تەختكە چىققان ئەنگلىيەپەرەس ئەمىر ئىدى. 1916 - يىلى 1 - ئايدا، ئۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق نازارەتچىسى بىلەن سۆزلىشىپ، ئەنگلىيە پادىشاھى-نىڭ ئۆزىگە يازغان مەكتۇپىدىكى پوزىتسىيىسىنى قوللايدىغانلى-قىنى، ئەمما ئافغانىستاندا ئىراندىكىدەك بىر ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. دەرۋەقە، ئۇ ئىراندىكىدەك بىر ئەھۋالنىڭ ئافغانىستاندىمۇ يۈز بېرىپ دۆلەت-نىڭ ئېغىر مالىمانچىلىققا ئۇچرىشىنى خالىمايتتى.
ھەبىبۇللاخاننىڭ 1915 - يىلىدىكى ۋەزىيىتى ناھايىتى تەڭ-قىسلىقتا ئۆتتى. كاپىتان ئوسكاندىرمىيە ۋە كازىم بەي باشچىلى-قىدىكى 80 كىشىدىن تەشكىللەنگەن گېرمانىيە - تۈركىيە ۋە-كىللەر ئۆمىكى ئىراننىڭ غەربىدىن يولغا چىقىپ، يەزدىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى نەيىن، لۇت، تاباس ۋە دوخوكلاردىن ئۆتۈپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە 1915 - يىلى ئاۋغۇستىنىڭ 24- كۈنى ھىرات-قا كەلدى ۋە ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، سېنتەبىر-نىڭ 7 - كۈنى كابۇلغا چۈشتى. ۋەكىللەرنىڭ كابۇلغا كېلىشى ئەمىر ھەبىبۇللاخاننى تەشۋىشكە سالدى. ۋەكىللەر شەھەر سىر-تىدىكى «باغى بابۇر» (بابۇر باغچىسى) غا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 26- ئۆكتەبىردە سىرتقا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنغانغا قەدەر شۇ يەردە تۇردى، ئەنگلىيىنىڭ كابولدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ھەبىبۇل-لاخاننىڭ مەلۇم قىلىشى بىلەن ۋەكىللەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خە-

ۋەر تاپتى.
ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى مۇھەممەد V نىڭ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا «غازات» جاكارلىشى ئافغانىستاندىكى موللىلار، تالىپلار ۋە غازاتقا تەشنا ئامىنىڭ غەيرىتىنى چەكسىز ئاشۇرۇۋەتتى. ئەمما، تۈركىيىدە جاكارلانغان «غازات» نىڭ ئافغانىستاندىكى رولى ئانچە چوڭ ئەمەس بولۇپ، ئافغانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئافغانىستان ئەمىرى يەنە ئۆز ئالدىغا «غازات» جاكارلىشى كېرەك ئىدى. 1916 ـ يىلى 24 ـ يانۋاردا كابۇل ئاھالىسى ئەمىر ھەبىبۇللاخان تۇرۇشلۇق سارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ نامايىش ئۆتكۈزۈپ، «غازات» قا پەرمان بېرىشكە قىستىدى. ئافغانىستاننىڭ دۆلەت سىياستى ئەزەلدىن ئەنگلىيە، رۇسىيىلەر بىلەن ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، ئافغانىستان ئەنگلىيىدىن شەرت قويۇپ پايدا ئالاتتى، گېرمانىيە بىلەن تۈركىيە بولسا ئافغانىستان بىلەن ئىلگىرى زادى بىۋاستە مۇئامىلە قىلىشىپ باقمىغان ھەم چېگرا قوشنىدارچىلىقى بولمىغان يىراقتىكى دۆلەتلەر ئىدى. شۇڭا، ئۇ گەرچە نەسرۇللاخان باشچىلىقىدىكى تۈركىيە پەرەس كۈچلەرنىڭ قاتتىق بېسىمىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى «غازات» قا پەرمان بېرىشكە قىستاۋاتقان مەسلىھەتچىلەرگە سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەنچە بېرىش قارارىغا كەلدى.
ئۇزاق ئۆتمەي، كۆپ تالاش ـ تارتىش ۋە غۇلغۇلىلاردىن كېيىن، ئەمىر ھەبىبۇللاخان گېرمانىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ئەھدىنامىسى ئىمزالىدى. ئۇنىڭدا كۈچلۈك بىر ھەربىي كۈچنىڭ ئافغانىستاننى قوغدىشى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، زور بىر تۈركۈم ئالتۇنلار كابۇلغا يۆتكەپ كېلىنگەندە، ئاندىن «غازات» قا پەرمان بېرىلىدىغانلىقى بېكىتىلدى. گېرمانىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى كاپىتان ئوسكاندىرمىيەنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «ھەبىبۇللاخان بۈگۈن گېرمانىيىنى ھىمايە قىلىمىز دېسە، ئەتە-

سى يېنىۋېلىپ قارشى تۇراتتى» . ئۇ بۇ چاغدا ھىندىستانلىق
پائالىيەتچىلەردىنمۇ ئۇمىدسىزلەندى ۋە كۈچلۈك بىر تۈركىيە
ئارمىيىسىنى ئافغانىستانغا يۆتكىمىگۈچە، بۇ چېچەن ۋە ھىيلىگەر
ئەمىرنى ئەيۋەشكە كەلتۈرگىلى بولمايدىكەن، دېگەن قارارغا كەل-
دى، ئۇ بىر سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاشنىمۇ ئويلىدى، بىراق
ئاخىردا يەنە ئۇنىڭدىنمۇ ۋاز كەچتى.

1916 ـ يىلى مارتتا، رۇسلار ئارزۇرۇمغا ھۇجۇم قىلغانلى-
قى تۈپەيلىدىن، تۈركىيىنىڭ 3 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىنى
ئافغانىستانغا يۆتكەپ كېلىشكە ئىمكانىيەت بولمىدى. ئەلچىلەر
ئۆمىكىنىڭ قايتىپ كېتىدىغان ۋاقتىمۇ توشتى، مايدا ھەبىبۇللا-
خان ئەلچىلەر ئۆمىكىنى شىردار نەسرۇللاخان ۋە ئەنەيتۇللاخاد-
نىڭ ئالدىدىلا يولغا سېلىپ قويدى. ۋەكىللەر كابۇلدىن ئايرىلى-
شىغىلا، ئەنگلىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. ئوسكاد-
دىرمىيە قاراقچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ يارىلاندۇرۇلدى ۋە مىڭبىر
تەسلىكتە ئاران ھەمەدانغا كېلىۋالىدى، ماھاندىرا پولاتاپ، كا-
زىم بەي ۋە بەركەتۇللالار ئافغانىستاندىن كېتىشنى خالىمىدى،
ھەبىبۇللاخانمۇ ئۇلارنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ئامالسىز قالدى①.

1914 ـ يىلى 22 ـ نويابىر كۈنى ئەنگلىيە ـ پارس نېفىت
شىركىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، پارس قولتۇقىدى-
كى ئابادانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەنگلىيە ھىندى بىرىگادىسى تېخى-
مۇ مۇھىم بولغان بىرەر جاينى ھەربىي بازا قىلىش مەقسىتىدە،
شىمالغا سىلجىپ، تىگرىس دەرياسى بىلەن ئىفرات دەرياسىنىڭ
قوشۇلۇش ئېغىزى بەسرەنى ئىشغال قىلدى. ئۇ مىسوپوتامىيە②

① ئەمىر ھەبىبۇللاخان 1919 ـ يىلى 20 ـ فېۋرال كۈنى ئەتىگەندە شىكارغا چىققان يېرىدە جېدىرى ئىچىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنى پولكوۋنىك شاھ ئەلى رىزا تۈركىيىپەرەس نەسرۇللاخاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئاتقانىدى. ھەبىبۇللاخان ئۆلگەندىن كېيىن، 3 ـ مارتتا ئامانۇللاخان تەختكە چىقتى ۋە ئۈز ئاتا ـ بوۋىلىرى تەرىپىدىن قەدىرلىنىپ كەلگەن سىياسەت نەتىجىسىدىكى دوستلۇقتىن ۋاز كېچىپ، ئەنگلىيىگە قارشى «غازات» جاكارلىدى. بۇ گېرمانىيە ۋە تۈركىيىلەر مەغلۇپ بولغان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مەشھۇر «ئۈچىنچى قېتىملىق ئافغانىستان ئۇرۇشى» ئىدى.

② بۈگۈنكى ئىراق تەۋەسىدە.

دىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر پورت ئىدى. بەسرە ئىشغال قىلىنىپ بىرقانچە ئايدىن كېيىن، ھىندىستان قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئالىي قوماندانى گېنېرال جون نىكسون بۇيرۇقىغا بىنائەن ئىككى پىيادىلەر دىۋىزىيىسى ۋە بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر برىگادىسىنى باشلاپ مىسوپوتامىيىگە كەلدى. بۇ ۋاقىتتا تۈركىيىنىڭ 8000 ئەسكىرى ئەمۋاستا، 18 مىڭ ئەسكىرى ئىفراتتا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى.

گېنېرال چارلېز ۋ. توۋېنسېھند قوماندانلىقىدىكى 6 - ھىندى دىۋىزىيىسى بۇيرۇققا بىنائەن، تۈركىيە ئارمىيىسىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن تىگرىس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، 1915 - يىلى 3 - ئىيۇندىن سېنتەبىرگىچە ئەمارا ۋە قۇت ئەمارانى ئېلىپ، ئۆكتەبىرنىڭ بېشىدا ئەزىزىيىگە كەلدى ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن باغدادقا يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى.

1915 - يىلى 3 - دېكابىر كۈنى، گېنېرال توۋېنسېھندنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قىسىملىرى باغدادنىڭ شەرقىي - جەنۇبىدىن 20 ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان قەدىمكى تەبىسفۇن خارابىلىقىدا ئەنۋەر پاشانىڭ تاغىسى خەلىل پاشا قوماندانلىقىدىكى تۈركىيىنىڭ 6 - ئارمىيىسى بىلەن ئۇچراشتى. تەبىسفۇن مۇداپىئە ئىستېھكاملىرى ناھايىتى پۇختا ھەربىي بازا بولۇپ، تۈنجى جەڭدىلا دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ تەقدىرى بەلگىلىنىپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بۇ قوشۇن ئىككى ئايلىق زاپاس ئاشلىقى بىلەن قۇت ئەماراغا چېكىندى. خەلىل پاشا قوغلاپ يۈرۈپ قۇت ئەمارادا ئۇلارنى قورشاۋغا ئالدى. توۋېنسېھند گەرچە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما 1916 - يىلى يانۋاردا 6000 ئادەمدىن، مارتتا 5000 ئادەمدىن ئايرىلدى، ئاچارچىلىقنىڭ دەردىنى بولۇشىچە تارتقان توۋېنسېھند 1000 دىن ئارتۇق جەڭ ئېتىنى سويدۇرۇۋەتتى. 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا توۋېنسېھند خەلىل پاشاغا تەسلىم

بولدى، رۇسىيە تەرەپتىن ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قوشۇنمۇ ۋاقتىدا كېلىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالالمىدى.

ئۇرۇش باشلىنىش بىلەن تەڭلا، ئەنۋەر پاشا بىر ئەرەب گېنېرالىنى تائوراس تاغلىرىدىن يەمەنگىچە سوزۇلغان ئالدىنقى سەپتىكى 4 ـ ئارمىيىگە قوماندان قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. ئۇزاق ئۆتمەي «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» پارتىيىسىدىكى ئۈچ باھادىرنىڭ بىرى بولغان دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى جامال پاشانى ئۇنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇردى. ئەنۋەر پاشا بىلەن تەلئەت پاشانىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇ-رۇشىغا بىرىنچىدىن، ئەرەبلەرگە ئىشەنمەسلىك، ئىككىنچىدىن، ئۆزىچە خەتەرلىك دەپ قارالغان جامال پاشانى ئىستىقبالى خەتەر-لىك بولغان مىسىر فەتھىسگە ئەۋەتىپ، كۆزدىن نېرى قىلىشتەك بىر خۇسۇسىي غەرەزمۇ يوشۇرۇنغانىدى. شۇنداق قىلىپ، جامال پاشا 4 ـ ئارمىيە قوماندانى، گېرمانىيىلىك پولكوۋنىك فون كرىشنېستان شتاب باشلىقى بولدى. تۈركىيىلىكلەر ئۇنى فون كرىس دەپ ئاتايتتى.

جامال پاشا قوماندانلىقىدىكى تۈركىيە 4 ـ ئارمىيىسى 1915ـ يىلى 3 ـ فېۋرالدىن 4 ـ فېۋرالغىچە، 1916 ـ يىلى ئاپرېلدا ۋە شۇ يىلى 19 ـ ئىيۇلدىن 4 ـ ئاۋغۇستقىچە بولغان ئارىلىقتا سۇۋەيش قانىلىغا ھۇجۇم قىلىپ، «بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ جان تومۇرى» غا تەھدىت سالدى. ئەمما، بۇ جايىنى ساقلاۋاتقان ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ زەربىسى ئاستىدا ئۆ-تەلمەي سىناي يېرىم ئارىلىغا چېكىندى.

سۇرىيە، پەلەستىن ۋە ھىجاز ئەرەبلىرى گېرمانىيە بىلەن تۈركىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بولۇۋاتقان بۇ ئۇرۇشقا ئاۋاز قوشمىدى. قوشۇنلار ئىچىدە پىتنە ـ ئىغۋالار كۆپەيدى، ئەرەب مىللەتچىلىرىنىڭ يەر ئاستى پائالىيىتى ھەممىلا يەردە ئەۋج ئېلىپ، ئىنقىلابىي گۇرۇپپىلار قۇرۇلدى. جامال پاشا 1915 ـ ۋە 1916 ـ يىللىرى زور بىر تۈركۈم ئەرەب

مىللەتچى داھىيلىرىنى قولغا ئېلىپ، بېيرۇت ۋە دەمەشقلەردە 32 ئادەمنى دارغا ئاستى. ھەربىي سوت ئۇلارنىڭ جىنايىتىنى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە ئاسىيلىق قىلىش ۋە سۇرىيە بىلەن ئىراقنى ئىمپېرىيىدىن ئايرىپ چىقىپ مۇستەقىل قىلىش، دەپ بېكىتتى. جامال پاشا بۇ ۋاقىتتا سۇرىيىدىن ئەرەب قوشۇنلىرىنى چىقىرىپ يىراق ئالدىنقى فرونتلارغا ئەۋەتتى، ئاندىن تۈرك باتالىئونلىرىنى ماڭدۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇردى. مانا مۇشۇ مەزگىلدە، نۇرغۇن سۇرىيىلىك مىللەتچى رەھبەرلەر ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىلىرى بويىچە ئاناتولىيىگە مەجبۇرىي كۆچۈرۈلدى.

1916 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇندا، مەككە ھۆكۈمرانى شەرىف ھۇسەين ئىبنى ئەلى ئەنگلىيىنىڭ مىسىردىكى ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارى ھېنرى مېكماخۇننىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئەنگلىيىنىڭ زور بىر تۈركۈم ئالتۇن ۋە قىزىل دېڭىزدىكى ئۇرۇش پاراخوتلىرىنىڭ ياردىمىدە ئەرەب مىللىي ئىنقىلابىنى قوزغاپ، تۈركىيە سۇلتانىغا ئاسىيلىق قىلىپ «غازات» جاكارلىدى. ئۇ ئوسمانلىلارنىڭ مەككىگە قويغان نائىبى بولۇپ، ئىلگىرى دەمەشقتە زىيارەتتە بولۇۋاتقان چېغىدا، دەسلەپىدە پارىژدا قۇرۇلۇپ كېيىن بېيرۇتقا كۆچۈرۈلگەن، كېيىن دەمەشقتىكى ھەربىي ئوفىتسېرلارنىڭ مەخپىي تەشكىلاتى —— «ئەلئەھد» (ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتى) بىلەن بىرلەشكەن «ئەل فاتات ئەل ئەرەبىيە» (ئەرەب ياشلار ئىتتىپاقى) دېگەن تەشكىلاتقا قاتناشقانىدى. ئۇ «غازاتنامە» دە «گېرمانىيىلىكلەر بىلەن ياش تۈركلەر كاپىرلاردۇر، ئەنگلىيە بولسا ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي تايانچىسى ۋە ھامىيسىدۇر» دېدى. ئۇنىڭ مەقسىتى سۇرىيىدە تۇرۇۋاتقان گېرمانىيە ـ تۈركىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىگە ئارقا تەرەپتىن زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھىندى ئوكيانىغا كىرىشىنى توسۇش ۋە نەجد ھۆكۈمرانى ئىبنى سەئۇدى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىغاندىن كېيىن پارس قولـ

تۇقىنى ئىشغال قىلىش ئىدى. تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاس-تىدىن ھىجازنى ئازاد قىلماقچى بولغان ھۇسەين «غازات» سەپە-رىدە، ياقابا دېگەن جايدا ئۇرغۇنلىغان سۈرىيىلىك پىدائىيلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنىغا قات-ناشقان سادىق بىر قوشۇننىڭ بولغانلىقىدىن، ئۇ تاشقى ئىئوردا-نىيە ۋە خاۋرەن رايونلىرىنى ئوڭايلا ئىستېلا قىلىپ، 150 مىڭ ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان ھىجاز ئۆلكىسىنى مۇستەقىل دۆلەت دەپ ئېلان قىلدى.

1916 ـ يىلى كۈزدە، گېنېرال فرېدرىك ستانلى موت بۇيرۇقىغا بىنائەن، مىسوپوتامىيىدە تۇرۇشلۇق ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيىسى قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى باغداد جېڭىنى پىلانلاش ئىدى. ئۇ 1917 ـ يىلى 9 ـ يانۋاردىن 24ـ فېۋرالغىچە قۇت ئەمارانى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا، تىگرىس دەرياسىنى بويلاپ باغدادقا يول ئالدى. توپچى قىسىملار ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلانلار ئىككى ئاتلىق قىسىملار برىگادى-سىنىڭ ھەربىي يۈرۈشىنى ھىمايە قىلىپ باراتتى، پىيادە قىسىم-لار ئاتلىقلارنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغانىدى. قىسقا ئۇرۇش 1917ـ يىلى 11 ـ مارت كۈنى ئاخىرلاشتى، باغداد ئەنگلىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى، مۇللېرنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، بۇ ئۇرۇشتا موللېرنىڭ 120 مىڭ ئەسكىرىگە تۈركىينىڭ 35 مىڭ ئەسكىرى تاقابىل تۇردى، تۈركىيە تەرەپتىن 9000 ئەسكەر ئەسىرگە چۈشتى، ئەنگلىيە تەرەپتىن 40 مىڭ ئەسكەر تالاپەتكە ئۇچرىدى، گېنېرال فرېدرىك ستانلى موت بۇ قېتىمقى جەڭدە ئۆلدى.

1916 ـ يىلى مايدا، گېنېرال ئاچبورد مۇللېر قوماندانلى-قىدىكى بىر ئەنگلىيە ئارمىيىسى سىناي يېرىم ئارىلىغا كىرىپ ئالىشنى ئىشغال قىلغانىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى سۈۋەيش قانىلىنى قوغداپ، ئۇنىڭ غەربىي جەنۇبى تەرىپىدىن تۈركىيە ئارمىيىسىگە

زەربە بېرىشىنىڭ شەرت ـ شارائىتىنى ھازىرلاش ئىدى. باغداد
جېڭى تاماملانغاندىن كېيىن، 1917 ـ يىلى 26 ـ مارت كۈنى
ئەتىگەندە، ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى 42 مىڭ جەڭچىدىن تەشكىل
تاپقان ئاتلىق قىسىم كومپاسنىڭ ياردىمىدە پەلەستىننى تۇتۇپ
تۇرۇۋاتقان 4000 كىشىلىك تۈركىيە ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلـ
ـدى. بۇ بىرىنچى قېتىملىق جاسا ئۇرۇشى بولۇپ، جاسانىڭ
غەربىدىن 4 ئىنگلىز چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئىستىھكاملار قولـ
ـدىن كەتتى. ئەمما ئەنگلىيىنىڭ ئۇسساپ چاڭقاپ كەتكەن ئىككى
دىۋىزىيە ئاتلىق ئەسكىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، سۇ بار جايغا
چېكىنىدى. بىر ھەپتىگە بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە ئەنگلىيە تەرەپـ
ـتىن 4500 ئادەم، تۈركىيە تەرەپتىن 2200 ئادەم ئۆلدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئېرۇسالىم بەكمۇ مۇھىم ئىـ
ـدى. ئۇلار بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلىش سىياسىي جەھەتتە ئوسـ
ـمانلىلارغا قانچىلىك زەربە بولسا، ئوخشاشلا ئەنگلىيە ئەسكەرلىـ
ـرىگە شۇنچىلىك زور ئىلھام ۋە شەرەپ ئېكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتـ
ـتى. گېنېرال موللېرنىڭ مارت ۋە ئاپرېل ئايلىرىدىكى ئىككى
قېتىملىق جاسانى ئېلىشقا بولغان تەۋەككۇلچىلىكى ئۈچ كۈنگە
بارمايلا ئاخىرلاشتى، ئەنگلىيە تەرەپ 6500 ئادىمىدىن، تۈركىيە
تەرەپ 2000 ئادىمىدىن ئايرىلدى. مۆللېرنىڭ قوشۇنلىرى داۋامـ
ـلىق ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى
كابىنېت باشلىقى روخ چارلېز ئوتتۇرا شەرق فرونتىدىكى قومانـ
ـدانىنى ئالماشتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. 1917 ـ
يىلى ئىيۇندا، غەربىي سەپتىكى 3 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە قومانـ
ـدانى گېنېرال ئېدموند ئاللۇن گېنېرال ئاچبورد مۆللېرنىڭ
ئورنىغا ئوتتۇرا شەرق فرونتى باش قوماندانى بولۇپ تەيىنلەندى.
روخ چارلېز ئۇنى قوبۇل قىلغاندا: «مەن سىزنىڭ ئېرۇسالىمنى
ئېلىپ دۆلىتىمىزنىڭ مىلاد بايرىمىغا سوۋغا قىلىشىڭىزنى ئۈمىد
قىلىمەن» دېدى.

ئېرۋسالىمغا بارىدىغان مۇساپىدە، جاسادىن بېرشېبىغىچە[①]
بولغان 20 ئىنگلىز چاقىرىم كەڭلىكتىكى جاي جامال پاشا قوماند-
دانلىقىدىكى تۈركىيە 4 - ئارمىيىسىنىڭ پۇختا مۇداپىئە ئىس-
تىھكاملىرى بىلەن تورلاشتۇرۇۋېتىلگەنىدى. بۇ ھەربىي ئەسلى-
ھەلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ياۋروپا فرونتىدىكىگە زادى ئوخ-
شىمايتتى. ئاكوپ، ئىستىھكاملارنىڭ ئوڭ قانىتى ئوتتۇرا دې-
ڭىزغا، سول قانىتى بولسا جۇدىيا تاغ تىزمىلىرىغىچە سوزۇلغا-
نىدى. گېنېرال ئېدموندئاللۇن سۇۋەيش قانىلىنىڭ شىمالىدا
تۇرۇۋاتقان ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىش
ھوقۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، جەڭگاھتىكى قارارگاھىغا كېلىشتىن
بۇرۇن ھېچقانداق بىرەر قوماندان تۈرك ئىستىھكاملىرىغا تاقابىل
تۇرۇشنىڭ تۈزۈكرەك بىرەر پىلانىنى تۈزۈشمىگەنىدى. ئۇ بۇ-
رۇنقى قوماندانلاردەك قاھىرەدىكى ياسىداق سارايلاردا ئولتۇرۇ-
ۋالماي، ئالدىنقى سەپكە كېلىپ جەڭچىلىرى بىللەن بىللە جەڭگە
چىقتى. ئۇ جەڭ تەجرىبىسىگە خېلى باي قوماندان بولۇپ، ئېرۇ-
سالمغا بېرىشتىكى بىرىنچى ھۇجۇم نىشانىنىڭ بېرشېبى ئىكەنلى-
كىگە ھۆكۈم قىلدى، چۈنكى ئۇنىڭغا بۇ دەشت چۆلدە ئەڭ ئاۋۋال
لازىم بولىدىغىنى سۇ ئىدى، سۇ بولمىسا ئۇنىڭ جەڭچىلىرى،
ئات - ئۇلاغلىرى، تۆگىلىرى ئېرۇسالمغا بارىدىغان بۇ ئۇزاق
چۆل سەپىرىدە ئۆلۈپ تۈگەيتتى.

بېرشېبىنى ئېلىش ئۇچۇن يان تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ،
تۈركىيە 4 - ئارمىيىسىنىڭ مەركىزىي بازىسىغا تاقابىل تۇ-
رۇش، ئاندىن پىيادىلەرنىڭ ئارقىسىغا ئاتلىق ئەسكەرلەرنى سې-
لىپ بۆسۈش ئېغىزى ئېچىش ھەم دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن
بېرشېبىنى قورشاش لازىم ئىدى. گېنېرال ئاللۇننىڭ قول ئاس-
تىدىكىلەر ئاۋستراليە ۋە يېڭى زېلاندىيىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر

---

① يەر ئىسمى، ئۇنىڭ مەنىسى يەتتە قۇدۇق دېگەنلىك بولۇپ، ھەقىقەتەن بۇ جايدا سۈيى بار يەتتە قۇدۇق بار ئىدى.

برىگادىسى بىلەن ھىندىستان ۋە سىلانىكتىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئىككى دىۋىزىيە ئەسكەر بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە يەرلىك ئاھالىلەر-دىن ئېلىنغان تۆگىچى ۋە ئاتچى ياللانمىلار سەپلەپ بېرىلگەن ئىدى. يېڭى تەيىنلەنگەن بۇ گېنېرال ئاخىرى يامغۇر - يېغىن كۆپرەك بولىدىغان ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىنى ھۇجۇم ۋاقتى قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بۇ ۋاقىتتا تۈركىيە ئارمىيىسى ئاكوپ ۋە ئىستىھكاملارغا يىغىلىپ قالغان يامغۇر سۈيىنى چىقى-رىش بىلەن ھەپىلىشىدىغان بولغاچقا، دەل مۇشۇ پەيتنى تۇتۇپ ھۇجۇمغا ئۆتسە غەلىبە تېز قولغا كېلەتتى.

رۇسىيىدە بولشېۋىزمنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە رۇمىنىيىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى بىلەن تەڭ، ئەنۋەر پاشا بۇ جايلاردا ئۇرۇشقا سېلىنىۋاتقان خېلى تۈرك جەڭچىلىرىنى پەلەستىن فرونتىغا يۆت-كىدى، ئۇنىڭ مەقسىتى ئەنگلىيىنىڭ قولىدىن باغدادنى قايتۇرۇ-ۋېلىش ئىدى. ئەنۋەر پاشانىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا گېنېرال فون فالكېنخېين قوشۇلمىدى. ئۇ رۇمىنىيە ئارمىيىسىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، تۈركىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئەسىنى پىلان-لاش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئەنگلىيە ئارمىيىسىنى يوقىتىشتا تۈركىيە ئەسكەرلىرىگە ئىرۇسالىمنى چىڭ قوغدىتىپ، ئۇنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇقەددەس ئورنىنى ساقلاپ قېلىشتىنمۇ ئەۋزەلرەك چارە يوق ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە «غازات» جاكارلىغان مەككە ھۆكۈمرانى ھۇسەيىن 1914 - يىلى قاھىرە پۇقراسى دېگەن سالاھىيەت بىلەن ئەرەبلەر ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىپ، تۈركىيە ئارمىيىسىگە قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىۋاتقان 29 ياشلىق ئەنگلىيە جاسۇسى پولكوۋنىك توماس ئېۋانس لاۋرېنس بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ھىجاز تۆمۈريولى، تېلېگراف سىم يولى بويلىرىدا، شۇنداقلا ياقابا ۋە ئۆلۈك دېڭىزنىڭ جەنۇبىي ساھىلىدا بۇزغۇنچى-لىق ئېلىپ بېرىپ، ئوسمانلى ئارمىيىسىگە زەربە بەرمەكتە ئى-

دى. لاۋرېنس ئۇرۇشتىن بۇرۇن پەلەستىن ۋە سۇرىيىلەردە ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش نامىدا ئاخبارات توپلاش بىلەن شۇغۇللانغان، ئەرەبلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدە خېلى مول بىلىمگە ئىگە، ئوتتۇرا شەرقنىڭ يەر شارائىتى ۋە ھەربىي كۈچلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىقلار بىلەن تولۇق تونۇشلۇقى بولغان ھېيلىگەر ئادەم ئىدى.

گېنېرال ئاللۇن بۇ قېتىمقى جەڭدە پولكوۋنىك لاۋرېنسنىڭ پىلانى بويىچە ئىش كۆرۈش لازىم دېگەن قارارغا كەلدى. 1917-يىلى 31 - ئۆكتەبىر كۈنى ئاللون جاساغا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا 75 مىڭ پىيادە، 7000 ئاتلىق ئەسكەر بار ئىدى، تۈركىيە ئارمىيىسىدە بولسا 42 مىڭ پىيادە، 1500 ئاتلىق ئەسكەر بار ئىدى. تۇنجى ھۇجۇمدا بېرشېبى قولدىن كەتتى، كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئەنگلىيەنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسىملىرى بۇ يەرنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىنلا ئەنگلىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيە فلوتلىرى جاسانى توپقا تۇتتى، بىر ھەپتىگە سوزۇلغان قاتتىق جەڭدە جاسا قولدىن كېتىپ، تەخمىنەن 10 مىڭ تۈرك جەڭچىسى ئەسىرگە چۈشتى. قالدۇق قىسىملار ئون نەچچە ئىنگلىز چاقىرىم شىمالغا چېكىندى. نويابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جاسا ۋوگزالىغا بارىدىغان يوللارنىڭ ھەممىسى قامال قىلىندى. جاسا ۋوگزالى ناھايىتى مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ، جەئفەدىن ئېرۇسالىمغا بارىدىغان ۋە جەنۇبتىن بېرشېبىگە كېلىدىغان پويىزلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ۋوگزالدىن ئۆتەتتى. تۆمۈريول لىنىيىلىرىنىڭ قامال قىلىنىشى بىلەن چېكىنىش يولى پەقەت قالمىدى. جەڭ ھاردۇقى تازا يەتكەن تۈركىيە قىسىملىرى ئېرۇسالىم شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىدىكى جۇدىيا تاغ تىزمىسى — «ئىنجىل» دەۋرىدىن بۇيانقى داڭلىق بولغان تەبىئىي توسۇقتا تۇرۇپ، دۈشمەن ئارمىيىسى بىلەن قەتئىي تىركەشتى. 9 - دېكابىردا تۈركىيە قوشۇنلىرى شىمالغا قاراپ چېكىندى،

يېرۇسالم دۈشمەن قولىغا چۈشتى. گېنېرال ئېدموند ئاللۇننىڭ
ئامىتى كېلىپ، ۋەدىسىگە ئاساسەن بۇ مىلاد سوۋغىتىنى بۈيۈك
برىتانىيىگە تەقدىم قىلدى. نۇسرەت تاپقان بۇ تاجاۋۇزچى ئەس-
كەرچە كىيىنىپ، مۇقەددەس شەھەر ئېرۇسالمغا پىيادە كىردى.

1917 - يىلى ئانتانتا دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ئەنگلىيىلىكلەر
ئۈچۈن ناھايىتى زور تالاپەتلىك يىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما 3-
قېتىملىق جاسا ئۇرۇشىدا مۇقەددەس شەھەر ئېرۇسالمنىڭ ئېلى-
نىشى ئەنگلىيىلىكلەرنى خۇشال قىلىۋەتتى، بۇ زەربە تۈركىيى-
لىكلەرنى قايتىدىن ئوتتۇرا ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارى-
دا تۇرالمايدىغان قىلىپ قويدى. باغدادنى ئىشغال قىلغان ئانتانتا
دۆلەتلەر ئارمىيىسى ھېچقانچە كۈچ ئىشلەتمەيلا، ئۇ يەردە تۇرۇش-
لۇق تۈركىيە ئارمىيىسىنى تىزگىنلىدى، شىمالدىكى مۇسۇل
ئۆلكىسىنى ئېلىشمۇ ئۇلار ئۈچۈن ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىش
بولۇپ قالدى.

1916 - يىلى، ئەنۋەر پاشا گېرمانىيە قوماندانلىق ئورنىدى-
كى گېنېراللارنىڭ تەلىپى بويىچە 120 مىڭ كىشىدىن تەشكىل-
لەنگەن ئەڭ كۈچلۈك تۈرك ئارمىيىسىنى گېرمانىيە - ئاۋستىرىيە
فرونتىغا ماڭدۇرغانىدى. ئۆز يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ
ياۋروپاغا كېتىۋاتقان يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى بۇ ئارمىيە ۋەتەندە
قېپقالغان قىسىملارنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە
ياخشى تەمىناتلارغا ئىگە بولۇپ، ئاجىز، ئەبگار گېرمان قوشۇن-
لىرى بىلەن ئالماشتۇرۇلدى. گېرمانلار ئەسلىدە ئۆزىنىڭ بۇ
ئىتتىپاقدىشىغا ھەقىقىي ياردەم بېرىشنى خالىمايتتى، شۇڭا چال-
شىيىدە بولغان ئۇرۇشتا 25 مىڭ تۈرك جەڭچىسى 25 مىڭ
گېرمان ئورنىدا قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، دۈشمەنگە پاجىئەلىك
توپ يېمى قىلىۋېتىلدى.

ئەنۋەر پاشا قوماندانلىقىدىكى تۈركىيە ئارمىيىسىنىڭ تاما-
مەن يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن گېرمانىيە ئەڭ

ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى گېنېرال لودوندورف[1] 1917-يىلىدىكى 3- قېتىملىق جاسا ئۇرۇشىدىن كېيىن، قوماندان ۋە شتاب خادىملىرى گېرمانلاردىن تەيىنلەنگەن، جەڭچىلەر تۈرك-لەردىن بولغان بىر پەۋقۇلئاددە ئارمىيە قۇرۇشنى قارار قىلدى ۋە ئۇنىڭغا تۈركچە «يىلدىرىم» دەپ نام بەردى، ئۇنىڭ مەنىسى چاقماق دېگەنلىك ئىدى. بۇ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ ۋەزىپىسى ئەنگلىيىنىڭ قولىدىن باغدادنى قايتۇرۇۋېلىپ، كېيىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ پارس قولتۇقىغا كىرىش ئىدى. گېنېرال فال-كىننخېين بۇيرۇق بويىچە بۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان «يىلدىرىم» گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. گې-نېرال لودوندورف كەينىدىنلا يەنە 6000 ئەسكەردىن تۈزۈلگەن، «ئاسىيا ئارمىيىسى» دەپ ئاتالغان بىر كورپۇس ئەسكەرنى شەرق-قە يۆتكىدى، ئەمما بۇلار ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلمەي يۇقىرى تەمىنات بىلەن بېقىلدى. گېرمانىيە ئەڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن 1916 - يىلىنىڭ بېشىدىلا لىمان فون ساندىرىس باشچىلىقىدا 200 ئوفىتسېر ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئارمىيە-سىگە سەپلەپ بېرىلگەن بولۇپ، ئەنۋەر پاشا ئۇلارنىڭ رۇخسىتى-سىز بىرمۇ گېرمانىيىلىكنى خالىغانچە يۆتكىيەلمەيتتى. بۇ قې-تىمدا ئەۋەتىلگەن «ئاسىيا ئارمىيىسى» دىكىلەرمۇ جەڭ قىلغۇچى جەڭچىلەر قاتارىدا ئىشلىتىلمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھاكا-ۋۇرلۇقى، ھەددىدىن ئاشقان يولسىزلىقى، ئاچ كۆزلۈكى، بۇلا-ڭچىلىقى تۈركىيىلىك ئوفىتسېر ۋە جەڭچىلەر ئارىسى-دا ئۇنتۇلغۇسىز نارازىلىق ۋە ئۆچمەنلىكلەرنى پەيى-دا قىلدى.

تۈركىيە ئارمىيىسى مېسوپوتامىيە فرونتىدا ناھايىتى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. 1918- يىلى ئىيۇندا، گېنېرال لىمان فون

[1] ئى. لودوندورف (1865~1937)، 1935 - يىلى مارشاللىققا كۆتۈرۈلگەن.

ساندېرس گېنېرال ئېرىك فون فالكىنخېيننىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قارارگاھىغا كەلدى. بۇ چاغدا، جەڭگاھتىن قېچىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ سانى قىسىمدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ئەسكەرلەردىنمۇ نەچچە ھەسسە كۆپىيىپ كەتكەنىدى. گېنېرال لىمان فون ساندېرس ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئارمىيىسى باش شتاب باشلىقى فون سەكتىنگە قىلغان دوكلاتىدا: «بۇرۇنقى ئۇرۇشلاردا تۈرك جەڭچىلىرى جەڭگاھتىن زادى قېچىپ باقمىغانىدى، شۇڭا بۇنى تۈركىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەنئەنىۋى كەمتۈكلۈكى دېگىلى بولماس» دەپ ئەسكەرتتى. بۇ چاغدا، بەزى جايلارنى قاچاقلار ئۆز تەسەررۇپىغا ئالدى. 1918-يىلى سېنتەبىردە قاچاقلار بەندۇمە شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، گېرمانىيىلىك ئوفىتسېرلارنى تۇتۇۋېلىپ تەسلىمنامىگە ئىمزا قويۇشقا قىستىدى. ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدا، گېنېرال ئاللون قوماندانلىقىدىكى ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيىسى پولكوۋنىك لاۋرېنس باشچىلىقىدىكى ئەرەب غەيرىي مۇنتىزىم قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمىدە دېڭىز بويلاپ، 300 ئىنگلىز چاقىرىم ئىچكىرىلەپ كىرىپ ھەلەبكە يېتىپ باردى. يىل ئاخىرىدا گېرمانىيە - تۈركىيە ئارمىيىسى ھەلەبنىڭ شىمالىغا مەجبۇرىي چېكىندى. تۆت يىللىق ئۇرۇش ئارقىلىق، دەمەشق، بېيرۇت ۋە باشقا شام شەھەرلىرى مەككە ھۆكۈمرانى ھۆسەيىننىڭ ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى، گېرمانىيىنىڭ سۈرىيە فرونتىدا ئەنگلىيە ئارمىيىسىنى چاقماق تېزلىكىدە يوقىتىش ئۈمىدى پۈتۈنلەي كۆپۈككە ئايلاندى.

1918 - يىلى مارتتا، تۈركىيە ئارمىيىسى جەنۇبىي كاۋكازىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، باتۇك ۋە كارىسلارنى ئىشغال قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئەرمىنىيىدىكى داشناقلار، ئەزەربەيجاندىكى موساۋاتلار ۋە گرۇزىيىدىكى مېنشېۋىكلار سوۋېت رۇسىيىسىگە قارام بولۇشتىن باش تارتىپ، ئۆز ئالدىلىرىغا مۇستەقىل بولۇشنى پىلانلى-



www.uyghurkitap.com

شىۋاتاتتى. شۇڭا، جەنۇبىي كاۋكازدىكى ئۆكتىچى كۇچلەر ئەنۋەر
پاشانىڭ مۇددىئاسىغا كۆرە، بۇ جايلارنى سوۋېت رۇسىيىسىدىن
مۇستەقىل دەپ جاكارلاپ، تۇركىيە ئارمىيىسىنىڭ باكۇ نېفتىلى-
كى بىلەن كاۋكازدىكى باشقا مۇنبەت زېمىنلارغا يۇرۇش قىلىشى
ئۇچۇن يول ئاچتى. ئىيۇندا، ئۇلار ئۇرگەنچتە ئەزەربەيجان مۇس-
تەقىل ھۆكۇمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى، ئەنۋەر پاشا-
نىڭ ئىنىسى نۇرى پاشا قوماندانلىقىدا بىر ئىسلام دۆلىتى ئارمى-
يىسى قۇرۇلۇپ، 15 ـ سېنتەبىر كۇنى باكۇ ئىشغال قىلىندى.
بۇ ئوسمانلىلارنىڭ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى
بىر تىركىشىشى ئىدى. 20 ـ سېنتەبىردە، يېڭى سوۋېت ھاكى-
مىيىتى تۇركىيىگە نوتا تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ باكۇنى بېسىۋالغان-
لىقىغا نارازىلىق بىلدۇردى.

گېرمانىيە بىلەن تۇركىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ بىرلىكتە تۇز-
گەن ھەرىكەت پىلانىدا زور خاتالىقلارغا يول قويۇلغان بولۇپ،
خۇددى تۇركىيىلىك ھەربىي ئالىم پولكوۋنىك پۇياد بەيىنىڭ كىتا-
بىدا ئېيتىلغىنىدەك، «بۇ پىلانغا ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە بولىدى-
غان بولسا نۆل نومۇر قويۇلغان بولاتتى».

بۇ قېتىمقى دۇنيا ئۇرۇشى ئىنسانىيەتكە ئىنتايىن ئېغىر
بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى، ئەمما مىللەتلەرنىڭ، دۆلەتلەرنىڭ
تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى. گېرمانىيە گېنېراللىرىغا ھە - ھۇ دېيىش-
كەن تەلئەت پاشا 1921 ـ يىلى 16 ـ مارتتا داشناق پارتىيىسىدى-
كى بىر تېرورچى ئەرمەن تەرىپىدىن بېرلىندا قەستلەپ ئۆلتۇ-
رۇلدى. جامال پاشا دەسلىپىدە ئافغانىستانغا بېرىپ بىر ئارمىيە
تەشكىللىدى، كېيىن 1922 ـ يىلى 21 ـ ئىيۇلدا تىبلىستا
قەتلى قىلىندى. ئەنۋەر پاشا 1920 ـ يىلى موسكۋا ئارقىلىق
بۇخاراغا كەلدى. بۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكا، تۇركىيە ۋە ئافغانىستان
دائىرىلىرىنىڭ، شۇنداقلا رۇس ئاق گۋاردىيىچىلىرىنىڭ قوللى-
شىغا ئېرىشكەن، يېڭى سوۋېت ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن «باسمى-

چىلار» دەپ ئاتالغان، شۇنداقلا ئىنقىلابىي رۇسلارنىڭ قوشۇۋې-لىش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مىللىي دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ئەرگەش، مەدەنبەك، كورشىرمەت، مۇھەممەد قۇربان جۇنەيدخان (1860~1938)، ئەمىر ئالىمخان قاتارلىق ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەشكۈچى فېئودال كۈچلەرنىڭ قوقەنت، فەرغانە، خارەزم ۋە بۇخارالاردىكى قوراللىق ھەرىكىتىنىڭ تەۋرىگىنىگە بىرقانچە يىل بولۇپ قالغان چاغ ئىدى. ئەنۋەر پاشا بۇخارادا تۈركىستاندىكى «باسمىچىلار» تەرىپىدىن قارشى ئېلىندى. ئۇ 1922 - يىلى 15- سېنتەبىر كۈنى 16 مىڭ كىشىلىك بىر ئىسلام ئارمىيىسى قۇردى ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇپ، سوۋېت قىزىل ئارمى-يىسىنىڭ تۈركىستاندىن چىقىپ كېتىشىنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ئىدى.

ئەنۋەر پاشا دۇنيا ئۇرۇشىدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاند-دىن كېيىن، قول ئاستىدىكى ئازراقلا ئادىمى بىلەن تۈركىستانغا كەلگەنىدى. ئۇ گەرچە بۇ يەردە 16 مىڭ ئادەمگە باشچىلىق قىلىۋاتقان بىر ھەربىي قوماندان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يېڭىدىن كۈچىيىپ بېرىۋاتقان بولشېۋىكلارنىڭكىدەك مۇنتىزىم ئارمىيە، جەسۇر جەڭچى ۋە زامانىۋى قورال يوق ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تۇنجى جەڭدە ئۇ ئاددىي قورال - ياراغلىرى بىلەن رۇسلارنىڭ قولىدىن دۇشەنبە شەھىرىنى تارتىۋالدى. قارىماققا، بۇخارا جۇمھۇرىيىتى پات ئارىدا بۇ ئىستىقلالىيەت جەڭچىسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئەمما، سوۋېت ھاكىمىيىتى «باسمىچىلار» نى يوقىتىشنىڭ كونكرېت پىلانىنى تۈزۈپ «بۇخا-را ئىشلىرى قارارى» نى ماقۇللىغانلىقتىن، 1922 - يىلى 15-ئىيۇلدىكى ئىككىنچى قېتىملىق جەڭدە، ئۇنىڭ ئارمىيىسى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ دۇشەنبە شەھىرى قولدىن كەتتى، ئۇنىڭ يەنە

بىر قېتىم تۇمانلىق ئايلىرى يېتىپ كەلدى، ئۇ بەلجۇۋان[1] چۆلىگە چېكىندى.

1922 - يىلى 4 - ئاۋغۇستتا، ئەرمەن بولشېۋىك ئاگابېكوف بىلەن تاجىك ئابدۇراھماننى يولچى قىلغان رۇس قوشۇنلىرى قۇربان ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئەنۋەر پاشانىڭ بەلجۇۋاندىكى قارارگاھىغا تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كەلدى ۋە ئابدەرە دېگەن يەردە ئۇنى پىلىموت ئوقىغا تۇتتى. ئەنۋەر پاشا ئۆزى يالغۇز ئات ئۈستىدە جەڭ قىلىپ، 11 نەپەر رۇس ئەسكىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. پۈتۈن ئۆمرىنى ھەربىي تەۋەككۈلچىلىككە ئاتاپ، سان - ساناقسىز جەڭلەرنى قىلغان بۇ ئادەمگە ئاللا نۇسرەت ئاتا قىلمىدى. رەھىمسىز تارىخ ئوسمان ئوغۇللىرىنىڭ ئاللانىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھقا لايىق بىرەر ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى ئەسلىتىش بىلەن بىللە، يەكمۇيەك مۇبارىز جەڭ قىلىدىغان شانلىق دەۋرنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى، قىزغىن ھېسسىيات، رومانتىك غايە ۋە تەۋەككۈلچىلىك بىلەن شەھەر ئېلىش ئەمەس، بەلكى ئۈستۈن ئەقىل - پاراسەت، كامىل ئىقتىدار ۋە زامانىۋى ھۈنەر - تېخنىكا بىلەن ئەل تۇتۇش دەۋرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى باھادىر تەۋەككۈلچىلەرنىڭ سېمىگە سالدى.

① سوۋېت دەۋرىدە ستالىنئاباد دېيىلگەن جاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەشىنچى باب

# نەس باسقان ئىستانبۇل

1918 ـ يىلى 8 ـ ئاۋغۇستتىن باشلاپ، گېرمانىيىنىڭ ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان تەخمىنەن 300 مىڭ ئەسكىرى ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيىسىگە تەسلىم بولغانلىقتىن، گېرمانىيە ئارمىيىسى ئەڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى قۇرۇقلۇق ئارمىيە تىزىملىكىدىن 32 دىۋىزىيىسىنى ئۆچۈرۈۋەتتى. 26 ـ سىنتەبىردە ئانتانتا دۆلەتلەر بىرلەشمە ئارمىيىسى زەمبىرەك، ئايروپىلان ۋە تانكىلارنى تەڭ ئىشقا سېلىپ گېرمانىيىنىڭ مۇز ئارغۇدىكى مۇداپىئەسىنى بۆزۈپ تاشلىدى. شۇ كۈنى بۇلغارىيە ئانتانتا دۆلەتلەر بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، دۇنيا ئۇرۇشىدىن چېكىنىپ چىقتى. لودوندورف گەرچە قوشۇنلارنى قايتىدىن تەڭشەپ ئۇرۇشنى تەلۋىلەرچە داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، نۇسرەتنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىگە ئاخىر ئىشەندى. 29 ـ كۈنى، ئۇ گېرمانىيە ھۆكۈمىتىدىن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئانتانتا دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمنامىسى ئىمزالاشنى ئۆتۈندى. زۆرۈرىيەت ئۈچۈن يېڭىدىن تەختكە چىققان دۆلەت باشلىقى شاھزادە ماكس ئۆكتەبىرنىڭ 4 ـ كۈنى شۋېيتسارىيە ئارقىلىق ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە مەكتۇپ يوللاپ، ۋىلسوننىڭ 14 تۈرلۈك تەلىپىدىكى شەرت بويىچە تىنچلىققا ئېرىشىش ھەققىدە سۈلھ تەلەپ قىلدى.

ئانتانتا دۆلەتلەر بىرلەشمە ئارمىيىسى 220 دىۋىزىيىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە فرانسىيىنىڭ 120، ئەنگلىيىنىڭ 60، ئامېرىكىنىڭ 42، بېلگىيىنىڭ 12، ئىتالىيىنىڭ 2، پورتۇگالىيىنىڭ 2 دىۋىزىيىسى بار ئىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ بولسا 197 دىۋىزىيىسى بولۇپ، 113 ى ئالدىنقى سەپتە، 84 ى ئارقا سەپتە تۇراتتى. ئانتانتا دۆلەتلەر 160 دىۋىزىيىسىنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ، 60 دىۋىزىيىسىنى ئارقا سەپتە قالدۇرغانىدى. گېرمانىيىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىشى ۋە ئانتانتا دۆلەتلەر بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى فرونتلاردىكى غەلىبىسېرى ئىلگىرىلىشى گېرمانىيە، ئىتالىيە، رۇمىنىيە ۋە سېربىيىلىكلەرنى قايتىدىن روھلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرىدىن ئۈزلىنىرىگە قايتا ياردەم كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەندۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئانتانتا دۆلەتلەر بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ياردىمىگە ئېرىشكەن ئىتالىيە ئۆز مەملىكىتىدىن ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرىنى ھەيدەپ چىقاردى. نويابىرنىڭ 3 ـ كۈنى ئاۋستىرىيە ئارمىيىسى تەسلىم بولدى.

گېرمانىيىنىڭ ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە جىددىيلىشىپ، يېرىم ئاچارچىلىق بېرلىن ۋە باشقا شەھەرلەرنى ئىسكەنجىگە ئالدى. تارقىلىشچان زۇكام مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدى، يىقىلغۇ يېتىشمىدى، پادىشاھ بۇرۇنقىدەك ئولۇغلىنىشتىن قېپقالدى. «گېرمانىيە پادىشاھىنى يوقىتايلى» دېگەن شوئار پۈتكۈل گېرمانىيىدىكى بايلار بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ ئورتاق ساداسىغا ئايلاندى.

پادىشاھ ئۆكتەبىرنىڭ 27 ـ كۈنى، لودوندورفنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋەتتى. ئۇ مۇشۇنىڭ بىلەن ئۆز مەغلۇبىيىتىنى ياپماقچى ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ تەدبىرىمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمىدى، ئەتىسىگە ۋىلىيام پورتىدا دېڭىز ئارمىيىسى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇرۇش پاراخوتلىرىنىڭ ئۈستىدە قىزىل تۇغلار لەپىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـدەپ، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ماتروسلار مارسېل مارشى[①]نى ئوقۇپ كوچىلاردا نامايىش قىلدى. ياندۇرقى ئايدا قوزغىلاڭ پۈتكۈل شىمالىي، غەربىي ۋە جەنۇبىي گېرمانىيىگە كېڭىيىپ، رېين دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان ھەرقايسى ئېقىنلارنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن قامال قىلىندى. گېرمانىيىنىڭ يېڭى- دىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى مادياس ئاسبوك باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە ئۇرۇش توختىتىش ۋەكىللەر ئۆمىكى كومپىيىن ۋوگزالىدا توختىتىپ قويۇلغان پويىز ئىچىدە ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيىسى مارشالى فوش بىلەن سۆھبەت ئۆت- كۈزدى. پادىشاھ ۋىلھېلىم نەسىھەت بويىچە 48 سائەتكە يەتمىگەن مۆھلەت ئىچىدە سەلتەنەت تەختىنى بىكارلاپ فىنلاندىيىگە قاچ- تى. 11 ـ نويابىر كۈنى كومپىيىن ئورمانلىقىدا ئۇرۇش توختى- تىش كېلىشىمى ئىمزالاندى.

كومپىيىن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمنامىسىگە كۆرە، گېرمانىيە 1871 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىشغال قىلغان بارلىق زې- مىنلىرىدىن چېكىنىپ كېتىشكە، ئەسىرگە چۈشكەن ئانتانتا دۆلەت- لەر ھەربىيلىرى بىلەن پۇقرالىرىنى شەرتسىز قويۇپ بېرىشكە، ھازىرقى نەق بار بولغان 5000 زەمبىرەك ۋە 25 مىڭ پىلىموتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق قورال ـ ياراغلىرىنى دەرھال تاپشۇ- رۇشقا قوشۇلدى، ئون دانە ئۇرۇش پاراخوتى، ئالتە ئوكيان چار- لىغۇچى پاراخوت ۋە 50 قوغلىغۇچى پاراخوتتىن تۈزۈلگەن بىر دېڭىز فلوتى بارلىق سۇ ئاستى كېمىلىرى بىلەن بىرگە تۇتۇپ قېلىنىپ، كېيىن سكافاپىلودىكى ئەنگلىيە دېڭىز بازىسىغا ئۆت- كۈزۈپ بېرىلدى. فرانسىيىلىكلەر بۇ پاراخوتلارنىڭ بىر قىسمى-

① مارسېل مارشى — فرانسىيە ئىنقىلابى ناخشىسى، فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت گىمنى. 1792 ـ يىلى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى مەزگىلىدە يېزىلغان. فرانسىيىنىڭ 2 ـ چوڭ شەھىرى مارسېلدىن پارىژغا ياردەمگە بارغان پىدائىيلار بۇنى پارىژغا تارقاتقان. ئەڭ دەسلىپىدە «رېين جەڭ مارشى» دەپ ئاتالغان، بۇ ناخشا 19- ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا رۇسىيىگە تارقالغان ۋە «مارسېلليوزا» دەپ ئاتالغان.

نىڭ ئۆزلىرىگە تۆلەم ئورنىدا بېرىلىشىنى ناھايىتى ئۈمىد قىلاتـتى. ئەمما، 1919 ـ يىلى ئىيۇلدا گېرمانىيە ماتروسلىرى بۇ پاراخوتلارنى سۇغا چۆكتۈرۈۋەتتى، ئەنگلىيىلىكلەر قاراپ تۇرۇپ ھېچبىر ئامال قىلالمىدى.

گېرمانىيە گېنېراللىرى شەرتلىك تەسلىمدە ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشقا زورلىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دەرھال ئۆزلىرىنى ياقىغا ئېلىشتى. ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىـمىنى ئىمزالاشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلارغا ئالىي دەرىجىـلىك ھەربىي دائىرىلەردىن بىرىمۇ ئارىلاشمىدى، لودوندورف پۇقراچە كىيىنىپ شۋېيتسارىيىگە قاچتى. گېرمانىيىنىڭ ئۇـرۇش توختىتىشقا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئاسبوك 1921 ـ يىلى ئىككى نەپەر سابىق ئوفىتسېر تەرىپىدىن گېرمانىيىنىڭ مەنپەئىتىنى ساتقان ۋەتەن خائىنى دەپ ئېتىپ تاشلاندى.

1919 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇل كۈنى كومپىېن كېلىشىمنامىـسىگە ئاساسەن پارىژدا ۋېرسال شەرتنامىسى ئىمزالىنىپ، پولـشا، چېخسلوۋاكىيە، يۇگوسلاۋىيە، ئاۋستىرىيە ھەم ۋېنگرىيىلەرـنىڭ مۇستەقىللىقى ئېتىراپ قىلىندى. پارىژ يىغىنى دۇنيادىكى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئولجا تەقسىملەش يىغىنى ئىدى. يىغىنـدىن كېيىن، گېرمانىيە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تېررىتورىيىسىنىڭ سەككىزدىن بىر قىسمى (67 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر) ۋە ئاھالىسىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىدىن ئايرىلىپ قالدى. گېرماـنىيىنىڭ دېڭىز سىرتىدىكى زېمىنلىرىغا ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، بېلگىيە، جەنۇبىي ئافرىقا فېدېراتسىيىسى، پورتۇگالىـيە، ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيىلەر ئىگىدارچىلىق قىلدى. مىسىر ئەنگلىيىگە، ماراكەش فرانسىيىگە قارام بولدى. گېرمانىـيىنىڭ پەقەت 100 مىڭ ئەسكەر، 40 مىڭ ئوفىتسېر ۋە 5000 كىشىلىك بىر دېڭىز ئارمىيىسى ساقلىشىغا رۇخسەت قىلىنىپ،

www.uyghurkitap.com

ھەربىي ئەسلىھە ۋە قورال - ياراغلار مىنىموم دائىرە ئىچىدە
چەكلەندى. گېرمانىيە ئەمدى سۇ ئاستى كېمىسى بىلەن ھاۋا
ئارمىيىسىنىمۇ ساقلىيالمايدىغان، ئايروپىلان، تانكا، تۆمۈر قاپ-
لىمىلىق (برونېۋىك) پويىزلارنى ياسىمايدىغان ۋە زەھەرلىك گاز
ئىشلەپچىقارمايدىغان بولدى. بۇ نەرسىلەرنى ياسايدىغان زاۋۇت،
ئۇسكۇنە ۋە قەلئەلەر پاچاقلىۋېتىلدى. شەرتنامىنىڭ ئىجرا قىلى-
نىشىغا ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ مۇپەتتىشلىرى نازارەتچىلىك قىلىشقا
كىرىشتى.

ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇش توختىتىش
كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇشىدىن بۇرۇنلا تەسلىم بولدى.

1918 - يىلى ئىيۇلدا، سۇلتان ئابدۇلھەمىد II نىڭ ئىنىسى
مۇھەممەد ۋاھىدەدىن يېڭىدىن ئوسمانلىلارنىڭ سەلتەنەت تەختىگە
چىقتى. گېرمانىيە ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇش
بىلەنلا سادارازام تەلئەت پاشا خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى، ئەمما
بۇ ئىستېپا يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغۇچە مەخپىي تۇتۇلدى. 13-
ئۆكتەبىرگە كەلگەندە ھېچقانداق بىرەر پارتىيە بىلەن ئالاقىسى
بولمىغان، ئەمما «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» گە مايىلراق بولغان
ئەھمەد ئىززەت پاشا يېڭى سۇلتان تەرىپىدىن سادرازاملىققا تەيىن-
لەندى. تەلئەت پاشانىڭ ئىستېپا بېرىشىنى سۇلتاننىڭ ئۆزى
تەلەپ قىلغان بولۇپ، تەلئەت پاشامۇ يېڭى قۇرۇلىدىغان ھۆكۈ-
مەتكە ئىككى نەپەر ئىتتىھاتچى نازىرنىڭ كىرگۈزۈلۈش شەرتى
بىلەن ئىستېپانى قوبۇل قىلغانىدى. ئۆكتەبىرنىڭ 19 - كۈنى
ئۈچ كۈنلۈك سۆھبەت ئارقىلىق ئىلگىرىكى «ھەمىد» نامىلىق
ئوكيان چارلىغۇچى پاراخوتنىڭ باشلىقى، ئىمپېرىيە دېڭىز ئار-
مىيە باش ۋەزىرى ھۈسەين رائوف (ئورباي) باشچىلىقىدىكى
ئىمپېرىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئېگەي دېڭىزىدىكى لىمنوس ئارىلى-
نىڭ موندۇروس پورتىغا يېتىپ باردى ۋە ئون نەچچە كۈنلۈك
تەييارلىق خىزمىتى پۈتكەندىن كېيىن ئۆكتەبىرنىڭ 30 - كۈنى

ئەنگلىيىسىنىڭ شۇ يەردە توختىپ قويۇلغان «ئاگامېمنۇن»① ناملىق
پولات قاپلىمىلىق ئۇرۇش پاراخوتىنىڭ سۇپىسى ئۈستىدە ئەنگلى-
يە دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالى كارتوف بىلەن ئۇرۇش توختىتىش
كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇ تارىختا «30 ـ ئۆكتەبىر مۇندۇروس
مۇتارىكەسى» دەپ ئاتالدى. بۇ كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشىنى
ئىززەت پاشا ھۆكۈمىتى 1918 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىردە شامدا
ئەسىرگە چۈشۈپ بۈيۈك قەلئەسىدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئەنگلىيە
ئارمىيە گېنېرالى توۋېنسھىند ئارقىلىق ئەنگلىيىگە مۇراجىئەت
قىلىش يولى بىلەن قولغا كەلتۈرگەنىدى.

مۇندۇروس مۇتارىكەسىگە كۆرە، ئىمپېرىيە ئارمىيىسى تار-
قىلىپ كېتىشى، ھەرقايسى بوغۇزلار ئانتانتا دۆلەتلەر تەرىپىدىن
ئىشغال قىلىنىشى، ئەرەب، سۇرىيە، مىسۇپوتامىيە قاتارلىق
جايلاردا تۇرۇشلۇق ئىمپېرىيە ئارمىيىسى دەرھال ئانتانتا دۆلەت-
لەر ئارمىيىسىگە تەسلىم بولۇشى، ئانتانتا دۆلەتلەر ھەربىي ئو-
فىتسېرلارنى ئەۋەتىپ بارلىق تېلېگراف ئىدارىلىرى، رادىئو
ئىستانسىلىرىنى نازارەتتى ئاستىغا ئېلىشى، تۈركىيە ئۇرۇش ئە-
سىرلىرىنى ئانتانتا دۆلەتلەرگە دەرھال تاپشۇرۇشى لازىم ئىدى.
«مۇتارىكە» دە يەنە، ئىمپېرىيىنىڭ ھەرقانداق بىر جايىدا ئانتانتا
دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلسە،
ئۇلارنىڭ خالىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ بىتەرەپ قىلىشقا ھو-
قۇقلۇق ئىكەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئالاھىدە بەلگىلەندى.

1918 ـ يىلى نويابىرنىڭ 2 ـ كۈنى «ئىتتىھات ۋە تەرەق-
كى» پارتىيىسىنىڭ تەلئەت، ئەنۋەر، جامال پاشا قاتارلىق ئۈچ
سىياسەت بەلگىلىگۈچىسى گېرمانىيىنىڭ بىر زەمبىرەكچى پارا-
خوتىغا ئولتۇرۇپ چەت ئەلگە قاچتى. تۈركىيىنى ئۇرۇشقا قىزىق-
تۇرغان گېرمانىيە گېنېراللىرى بىر ـ بىرلەپ چېكىنىدى. تەل-

---

① ئاگامېمنۇن — قەدىمكى يۇنان رىۋايەتلىرىدىكى تروياللىقلارغا قارشى ئۇرۇشقا قوماندان-
لىق قىلغان قۇدرەتلىك بىرلەشمە چوڭ ھەربىي كېمە قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى.

ئەت پاشا تۈركىيىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن، «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» قۇرۇلتىيىدا نۇتۇق سۆزلەپ: «سىياسىتىمىز مەغلۇپ بولدى، ھەرقانداق يول بىلەنمۇ ھاكىمىيىتىمىزنى ساقلاپ قالالمايمىز» دېدى. شۇنداق قىلىپ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ھالاك بولۇپ، دۇنيا خەرىتىسىدىن ئۆچتى. 60 پاراخوتتىن تۈزۈلگەن ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە رۇسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ بىر ھەربىي فلوتى نويابىرنىڭ 13 ـ كۈنى ئىستانبۇل پورتىغا كېلىپ توختىدى.

گېنېرال ئەھمەد ئىززەت پاشا ئاران 25 كۈن تەختتە ئولتۇردى. ئۇ سۇلتان تەرىپىدىن ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمنامىسىگە ئىمزا قويۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ۋەزىپىسىنى سابىق سادرازام، قوشۇمچە تۈركىيىنىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى بولغان ئەھمەد تەۋپىق پاشاغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 8ـ دېكابىر كۈنى ئىستانبۇلدا ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئىشغالىيەتچى ئارمىيە ھەرقايسى جايلار، پورتلار، تىراللىبۇسلار، مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى، ژاندارما ۋە ساقچى تۇرۇشلۇق جايلاردا قاتتىق ئىدارە قىلىشنى يولغا قويدى.

1919 ـ يىلى 8 ـ فېۋرال كۈنى، فرانسىيە ئارمىيىسى باش قوماندانى فرانشى دېسفىر بىرقانچە ئەسىرنىڭ ئالدىدىكى بۈيۈك تۈرك ئىستىلاچىسى سۇلتان مۇھەممەد ـ پاتىھ) نىڭ[1] مۇسۇلمان غازاتچىلىرىنى باشلاپ كونستانتىنوپولغا كىرگىنىگە ئوخشاش، يەرلىك گرېكلەر تەرىپىدىن ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىنغان بىر بوز ئاتقا مىنىپ ھەيۋەت بىلەن ئىستانبۇلغا كىردى. ئەسلىدە بۇ گېنېرال قوماندانلىقىدىكى ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيىسى 1918 ـ يىلى 15 ـ سېنتەبىردىلا تۈركىيە ـ بۇلغارىيە قوشۇنلىرىنىڭ

① ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ 7 ـ سۇلتانى بولۇپ، مىلادىيە 1451 ـ يىلدىن 1481 ـ يىلغىچە سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان، ئۇنىڭ ۋاقتىدا ئىستانبۇل فەتھ قىلىنغان.

ماكېدونىيەدىكى بازىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ بۇ شەھەرگە كىرىشىنىڭ تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ بولغانىدى. نەس باسقان ئىستانبۇل ئەمـدى جاھانگىرلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ - توزانلار ئىچىدە قالدى. ئانتانتا دۆلەتلەر ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىدە بېكىتىلگەن شەرتلەرگە رىئايە قىلىش لازىملىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھەممە نەرسە يوللۇق ھەم قانۇنلۇق ئىدى، فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى سۈرىيىدىن يولغا چىقىپ سىلىسىيە ۋە ئادانا رايونلىرىنى ئىشغال قىلدى، ئەنگلىيە ئارمىيىسى داردانېل، مېرزىفن، سامسۇن ، ئۇرفا، ماراش، ئەنتەبۇ ھەم باشقا مۇھىم بازىلارنى، ئاناتولىيىدىكى بارلىق تۆمۈريول لىنىيىلىرىنى ئىشغال قىلدى. ئىتالىيە ئارمىيىسى ئانتالىيىدە قورۇقلۇققا چىقىپ، كونيا قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى.

سۇلتان ۋاھىدەدىن ئاكىسى ئابدۇلھەمىد II نىڭ ئىزىدىن ماڭدى. ئۇ بارلىق رەزىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئۆزىنىڭ جېنى ۋە تاجۇتەختىنى ساقلاپ قېلىشنىلا ئويلايتتى. ئۇ دېكابىرنىڭ 21- كۈنى مەجلىسنى تارقىتىۋېتىپ داماد فەرىد پاشانى سادارازاملىققا تەيىنلىدى. داماد فەرىد پاشا باشچىلىقىدىكى ئىچكى كابىنېت ئاجىز، نوپۇزى يوق، قورقۇنچاق بولۇپ، سۇلتاننىڭ سىزىقىدىن چىقمايتتى ھەم ئىشغالىيەتچىلەر بىلەن قورچاق ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ھەرقانداق ئىشلارغا لەببەي دەپ تۇرۇپ مۇرەسسە قىلاتتى. شۇڭا ئۇ مىللەتپەرۋەرلەرگە چېنىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى، ئىمپېرىيەنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشىنى شۇلاردىن كۆرەتتى، ئاممىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئامانلىقىغا سېلىنغان تەھدىت، دەپ قارايتتى. «موندۇروس مۇتارىكەسى» ئىمزالىنىش بىلەن تەڭلا، سۇلتان ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى بىر تەرەپتىن ئارمىيىنى تارقىتىش بىلەن ئالدىراش بولسا، يەنە

بىر تەرەپتىن «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» نىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاشقا چۈشتى. 1918 ـ يىلى 26 ـ نويابىردىن باندۇرقى يىلى 1 ـ يانۋارغىچە، ھەربىي سوت مەھكىمىسى ئېچىپ ئەنۋەر پاشا بىلەن جامال پاشالارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئاي ئاخىرىدا «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» نىڭ كونا رەھبەرلىرى ۋە ئەزالىرى تۇتقۇن قىلىندى، مەشھۇر تارىخچى زىياكۆك ئالپ (1874~1924 يىللىرى) قاتارلىقلار مالتا ئارىلىغا پالاندى. بۇ ۋاقىتتا پايتەخت ئىستانبۇلدىكى يېڭى رەھبەرلەر ئارىسىدا مۇستەقىل ئىش كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بىرەرمۇ كىشىنى تاپقىلى بولمايتتى، سىياسىي غۇلغۇلىلارنىڭ ھەممىسى تۈركىيە قايسى يول بىلەن باشقىلارنىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ؟ ئامېرىكىغا بېقىنسا بولامدۇ ياكى ئەنگلىيىگە بېقىنسا ياخشىراق بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىگىلا مەركەزلەشتى. ئىستانبۇلدىكى تەشكىلاتلار ماقالىلەر ئېلان قىلىپ تۈركىيىلىكلەرنىڭ تۈركىيىگە بولغان ھوقۇقى مەسىلىسىنى شەرھلىشىپ، ئانتانتا دۆلەتلەرگە مۇراجىئەتنامىلەر چىقىرىشاتتى ۋە سۇلتاندىن مەجلىسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشاتتى. ئەھمەد ئەمىن (يالمان) ۋە خالىدە ئەدىب خانىمغا ئوخشاش داڭلىق پائالىيەتچىلەرمۇ ئامېرىكىنىڭ تۈركىيىگە بولغان زىممىيلىكىنى قوبۇل قىلىشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلاتتى.

گېرمانلار بىلەن «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» نىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى تۈركىيىنى ئۇزۇل ـ كېسىل تۈگەشتۈرۈۋەتتى. بىر مەزگىل ئۈلۈغلىنىپ كەتكەن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى سەككىز يىللىق ئۇرۇشتا ھالىدىن كەتتى. خەلقتە نامراتلىق بىلەن ئاچارچىلىقتىن باشقا ھېچنېمە قالمىدى. نوپۇس كېمىيىپ، تېرىلغۇ يەرلەر قاقاسلىققا ئايلاندى، چايچىلىق، پاختىچىلىق يوقلىلىش گىردابىغا باردى. تۈركىيە ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى

بولغان قۇرۇق ئۈزۈم (كىشمىش) ۋە ئەنجۈرلەر ھوسۇل بەرمە-
دى، كۆمۈر زاپىسى ئازىيىپ كەتتى، دۆلەتنىڭ ئىچكى - تاشقى
قەرزى كۆپەيدى. گېرمانىيىنىڭ بەرگەن قەرزى نەق پۇل بولماس-
تىن، بەلكى قورال - ياراغ ياكى خەزىنىدە بېسىلىپ قالغان
قەغەز پۇللار ئىدى. مال باھاسى ئۆرلەپ يېمەك - ئىچمەك قىس
بولۇپ كەتتى، خەلق گۆش، گۈرۈچ، قەنت، شېكەر ۋە سارمايغا
ئوخشاش كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالالمىدى. باجنى
ھۆددىگە ئالغۇچىلار، ھايانكەشلەر، جازانىخورلار مىغىلداپ كەت-
تى. ئىستانبۇلدىكى «ئەسناف جەمئىيىتى» گەرچە نامدا «قول
سانائەتچىلەر جەمئىيىتى» ياكى «ئۇششاق تىجارەتچىلەر جەمئىيە-
تى» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يېمەك - ئىچمەكنى
مونوپول قىلىدىغان ئەڭ چوڭ جازانىخور شىركەت بولۇپ، پاي-
تەخت ئاھالىسىنىڭ ئاچ - توق قىلىشى شۇلارغا باغلىق بولۇپ
قالدى. بۇ شىركەتنى «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» مەركىزىي كومى-
تېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قارا كامال باشقۇراتتى. دېھقانچىلىق
ۋەزىرى ئىسمائىل ھاكى، «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» نىڭ يېرىم
ھۆكۈمەت گېزىتى — «سادا» نىڭ مۇھەررىرى ھۈسەين جاھىد
(يالچىن)، داڭلىق مۇخبىر ئەھمەد ئەمىن (يالمان) ۋە ئىتتى-
ھاتچىلارنىڭ شۇ چاغدىكى چوڭ - كىچىك پائالىيەتچىلىرىنىڭ
ھەممىسى بۇ ۋاقىتتا ھايانكەشلىك بىلەن بېيىدى، ئىستانبۇلدىكى
بىر كوچا مەخسۇس شۇلارغا تەۋە بولۇپ، ئۇ يەردىكى دۇكانلاردا
قەنت، شېكەر، كۆمۈر - يېقىلغۇ، تاغار - خۇرجۇنغا ئوخشاش
نەرسىلەر سېتىلاتتى. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا، «ئىتتىھات ۋە تەرەك-
كى» نى قۇرغۇچىلاردىن بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچى-
لەر ئورنىنىڭ باشلىقى ئەھمەد رىزا ئەپەندى ئىستانبۇل شەھىرى-
نىڭ باشلىقىغا بۇلارنىڭ ھايانكەشلىك قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەپ
ئەرز سۇنغاندا، ساقچىلار تەرىپىدىن 24 سائەت قاماپ قويۇلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۈستىدىن ئەرز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلمايدىغان بولدى.

دۇنيا ئۇرۇشى تۈركىيىنىڭ تاشقى سودىسىغا ئېغىر زەربە بەردى. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىمپېرىيىنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى تەبىئىي ھالدا ئاناتولىيىگە يۆتكەلدى. ئاناتولىيىدىكى سودا بۇرژۇئازىيىسى، پومېشچىكلار ۋە بىر قىسىم دېھقانلار ئارىسىدىكى ھايانكەش ئېكسپلاتاتورلار دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى گېرمانىيە بىلەن ئاۋستىرىيىگە چىقىرىشقا باشلىدى، ئەمما بۇنداق چىقىرىش ئەسلىدىكى خام ئەشيالارنى رەھىمسىز دەپسەندە قىلىش ھېسابىغا ئورۇندىلاتتى.

1915 ـ يىلى كۈزدە، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ ئۇرۇش مۇتەخەسسىسى مارك سەيكس بىلەن چارلېز پېك ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاسىيا قىسمىنى بۆلۈشۈۋېلىش لايىھىسىنى تۈزدى ۋە ياندۇرقى يىلى چارروسىيىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن لوندوندا ئولتىماتۇم تاپشۇرۇپ، كىچىك ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەرەب ئەللىرىنى رەسمىي بۆلۈشۈۋېلىش كېلىشىمنامىسى ئىمزالىدى. بۇ قەتئىي مەخپىي بولۇپ، «سەيكس ـ پېك كېلىشىمى» دەپ ئاتالدى. ئەنگلىيىنىڭ مەقسىتى تۈركىيىنى ئىستېلا قىلىش ئىدى، ئۇلار تۈركىيىدىن ئىبارەت بۇ «كېسەل كۆرپىسى» نى ئەمدى ئۆلىدۇ، بەلكى ئەنگلىيىگە ئەڭ قولايلىق بولغان بىر چاغدا ئۆلىدۇ، دەپ قارايتتى. ئەلۋەتتە خەلقئارا ۋەزىيەتمۇ ئەنگلىيىنىڭ پىلانىغا پايدىلىق بولۇۋاتاتتى. چارروسىيە ئەنگلىيىنىڭ يېقىن شەرقتىكى كونا رەقىبى بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىتى ئىلگىرى دائىم ئەنگلىيىنىڭ سىياسىتى بىلەن زىتلىشىپ قالاتتى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى سوۋېت ھاكىمىيىتى دەسسىگەنىدى. سوۋېت روسىيىسى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ نەزەرىدە ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، كۆپ ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئانتانتا دۆلەتلەر سىياسىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى سوۋېتكە قارشى تۇرۇش، قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى

بولشېۋىكلارغا قارشى ئۆكتىچى كۈچلەرنى ئاشكارا قوللاشقا قارد-
تىلغانىدى.

ئەنگلىيىنىڭ يېقىن شەرقتىكى نىيىتى ھەقىقەتەن ياماندى-
شىپ بېرىۋاتاتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، ئەنگلىيە ھۆكۈمد-
تىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ۋالىيسى «ھىندىستاننىڭ چېگرا
پاسىلى ئىفرات دەرياسىغىچە بولۇشى كېرەك» دەپ ئوچۇق جار
سالدى. ئەمدى بولسا يېڭى ئېھتىياجلار ئۇلارنىڭ بۇ نەپسىنى
تېخىمۇ چوڭايتىۋەتتى. نەتىجىدە ھىندىستاننىڭ چېگرا پاسىلى
ئىفرات دەرياسىدىنمۇ سىرتقا كېڭىيىپ باغداد، مۇسۇل، قاھىرە،
خارتۇم، كابۇل، تېھران، ئىزمىر ۋە ئىستانبۇللارغىچە بولۇشى
كېرەكلىكى مۆلچەرلەندى. ئەنگلىيە سوۋېت رۇسىيىسىگە قورال-
لىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈشتىن تاشقىرى يەنە باكۇنىڭ نېفىتلىرىنى
بۇلاپ ـ تالاپ، ئافغانىستان بىلەن ئىرانغىمۇ زېمىنلىك ھوقۇقى
يۈرگۈزمەكچى بولدى، بۇنداق بولغاندا ھىندىستاندىن تارتىپ
بوسفور بوغۇزىغىچە بولغان جايلاردا ئەنگلىيە مۇستەملىكىسى ئاس-
تىدىكى يېرىم مۇستەملىكە بەلبېغى ھاسىل بولۇپ، بۇ سىستېما
ئىچىدە ئىستانبۇل ئىككىنچى جەبىلتارىق، ئاناتولىيە بولسا ئىك-
كىنچى مىسىر بولاتتى.

مانا مۇشۇنداق زور پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى
بىلەن تۈركىيىنى بۆلۈشۈۋالماي بولمايتتى. ئەنگلىيىنىڭ تۈركى-
يە زېمىنىدا ئىشغالىيەتچى ئارمىيىنى ئۇزۇن مۇددەت تۇرغۇزۇ-
شىغا ئانچە زور ئىمكانىيەتلەر يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇرۇشتىن
كېيىنكى ۋەزىيەت ئەنگلىيە ئارمىيىسىدىكى مەجبۇرىيەت ئۆتەۋات-
قان ئەسكەرلەرنى تېزلىكتە ھەربىي سەپتىن چېكىنىشكە مەجبۇر-
لايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىلد-
كىگە ئايلاندۇرماقچى بولغان ئىران، ئۆز مۇستەقىللىقى ئۈچۈن
جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان ئافغانىستان، ئاھالىلىرى ئۆزىگە ـ
ئۆزى خوجا بولۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلىۋاتقان مىسىر ۋە باشقا

www.uyghurkitap.com

ئەرەب ئەللىرىگە ئەسكەر چىقارمىسا ھەم بولمايتتى. شۇڭا، ئەنگ-
لىيە تۈركىيىنى بىرقانچە بۆلەككە پارچىلاپ، ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا
مۇستەقىل بولالمايدىغان، ئەنگلىيىلىك خوجايىنلىرىنىڭ ئىسمى
بار جىسمى يوق ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلالمايدىغان قىلىۋېتىش
ياكى بولمىسا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە رايونلىرىدا يۆلەپ تۇر-
غۇزغان قوۋۇق ئىچىدىكى قورچاق ھاكىمىيەتلىرىگە تايىنىدىغان
قىلىۋېتىشنى ئەڭ ياخشى چارە (چىقىش يولى) دەپ ھېسابلىدى.

1919 - يىلى فېۋرالدا، گرېتسىيە پادىشاھى ۋېنىزېلوس
ئانتانتا دۆلەتلەرگە ئىلتىماس سۇنۇپ، ئىزمىرگە كىرىش مۇددى-
ئاسىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلدى. بۇ چاغدا بۇنداق خىياللارنى
قىلىۋاتقانلار يالغۇز گرېتسىيىلا ئەمەس ئىدى. ئانتانتا دۆلەتلەر
گرېتسىيىنىڭ ئاۋۋال قۇرۇقلۇققا چىقىشىغا رۇخسەت قىلدى.
شۇنداق قىلىپ تۈركىيىلىكلەرنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغان دەۋ-
رى باشلاندى. مايىنىڭ 15 - كۈنى، گرېتسىيە ئارمىيىسى ئەنگلى-
يە، فرانسىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھىمايىسىدە
ئىزمىردا قۇرۇقلۇققا چىقتى.

ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ گرېكلەرگە ئىزمىردا قۇرۇقلۇققا چى-
قىش ھوقۇقىنى بېرىشى ئۇلارنى پەۋقۇلئاددە دەرىجىدە خۇش
قىلىۋەتتى. گرېكلەرنىڭ ئىزمىرگە كىرىش مۇددىئاسى ناھايىتى
ئايدىڭ بولۇپ، ئۇلار غەربىي ئاناتولىيىنى ئىگەي دېڭىزىنىڭ
ئىككى قىرغىقىدىكى بۈيۈك گرېتسىيىگە قوشۇۋېتىپ، 500 يىل-
نىڭ ئالدىدا كونستانتىنوپول دەپ ئاتىلىدىغان ھازىرقى ئىستان-
بۇلدا خرىستىئان ئىمپېرىيىسىنىڭ قەدىمكى شۆھرىتىنى ئەسلى-
گە كەلتۈرۈش «بۈيۈك غايە» سىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئويلايتتى.
دەل شۇنداق بولغانلىقتىن، ۋېنزېلوسنىڭ بۇ «ئۇلۇغ غايە» سى
ئوسمانلى تۈرك ئىمپېرىيىسىگە قىلىنغان بىۋاستە تەھدىت بو-
لۇپ، گرېكلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانلىكى جايلاردا ياشاۋات-
قان تۈركلەر بۇ خىل ئىشغالىيەت مۇددىئاسىنىڭ ئۆزلىرىگە بول-

غان كۆچلۈك بېسىمىنى سېزىشكە باشلىدى. ئىشغالىيەتچى قوشۇن ئىزمىرنىڭ يېنىدىكى مەنمەن كەنتىدە تۈرك ئاھالىلىرىنى قىرغىن قىلىپ، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ نومۇسىغا تەگدى. بۇ خىل ھاقارەت خورلانغان تۈرك خەلقىنىڭ يۈرىكىگە ئۆچمەس قىساس ئوتى سالدى، ئەمدى بۇ ئوتنى ئۆچۈرمەك تەس ئىدى.

ئىزمىرنىڭ گرېكلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى تۈركىيە مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقتى. شۇ كۈنى پۈتۈن شەھەر ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى، كىشىلەر نۇتۇق سۆزلەشمەكتە ئىدى. گۈگۈم چۈشۈشى بىلەنلا ئاھالىلەر تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، قىسىمدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە ساقچىلار بېقىۋاتقان ھەربىي قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتىغا ھۇجۇم قىلىپ، مىلتىق ۋە ئوق ـ دورىلارنى بۇلىدى. ھەربىي تۈرمىلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ چەت ئەللىكلەرگە «ھۆرمەتسىزلىك» قىلغانلىقتىن ۋە باشقا سىياسىي ئىشلار تۈپەيلىدىن قولغا ئېلىنغان بىگۇناھ مەھبۇسلارنى قويۇپ بەردى. تاڭ يورۇشى بىلەنلا ھەل قىلغۇچ پەيت يېتىپ كەلدى، شەھەردە قارشىلىق كۆرسىتىشكە مۇمكىنچىلىك بولمىغانلىقتىن، قوللىرىغا قورال ئالغان ئامما شەھەرنىڭ سىرتىغا قاراپ ئالدىراش مېڭىشتى. ئارمىيە قوماندانى شەھەرنى قوغداشقا ھېچقانداق تەدبىر تۈزەلمىدى. ئەكسىچە، ياش ھەربىيلەرنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى گازارمىدىن ئايرىلماسلىققا قەتئىي بۇيرۇدى. شۇنداقتىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر قوللىرىغا قورال ئالغان ھالدا شەھەردىن ئايرىلدى.

ئىزمىرنىڭ ئىشغال قىلىنىشى ۋە سۇلتان ۋاھىدەددىننىڭ ئىزمىردا تۇرۇشلۇق دۆلەت ئارمىيىسىگە ئىشغالىيەتچى گرېكلەرنىڭ تۈرك ئاھالىسىنى تۇتقۇن قىلىپ، خوتۇن ـ قىزلارنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىقىغىمۇ قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشى ئىستانبۇلنى زىلزىلىگە سالدى. ئىستانبۇلدا

غەزەپكە كەلگەن ئاما ئىشغالىيەتچى قوشۇنلارنىڭ توپ - زەمبە-
رەكلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدىمۇ قىلچە پىسەنت قىلماي، تۈر-
كۈم - تۈركۈملەپ كوچىلارغا چىقىپ ئاممىۋى يىغىلىشلارنى
ئۆتكۈزدى ۋە مەخپىي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى تەش-
كىللىدى. ئاما «قوشۇۋېلىشقا قارشى تۈرۈش»، «مىللىي قۇ-
رۇلتاي»، «ئىتتىپاقداشلار بىرلەشمىسى»، «كومىتېت» ۋە
«ئىتتىپاقداشلار» دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن تەشكىلاتلارغا
ئۇيۇشتى. 1919 - يىلى 23 - ماي كۈنى، ئاما سۇلتان ئەھمەد
مەيدانىدا زور كۆلەملىك ئاممىۋى نامايىش ئۆتكۈزدى. ئاي ئاخى-
رى گرېك ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى بىرىنچى پاي ئوق ئىزمىر-
نىڭ شىمالىدىكى ئايدىلىق دېگەن جايدا ئېتىلدى. پارتىزانلار 600
كىشى ئىدى، بۇنىڭ بىلەن تۈركىيە خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىل-
لىقى ئۈچۈن قىلىنغان ئۇرۇشنىڭ سەھىپىسى ئېچىلدى. ئۇرۇش
يالغۇز گرېكلەرگە قارشى تۇرۇشنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئارقا
تىرىكى بولغان ئانتانتا دۆلەتلەرگە قارشى تۇرۇشنى، ئوچۇقراق
قىلىپ ئېيتقاندا، ئەنگلىيىگە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان-
دى.

ئىيۇندا تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئانتانتا دۆلەتلەر تەرىپىدىن پا-
رىژدا ئېچىلغان يارىشىش يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتتى. ئەمما، سۇل-
تان ۋە ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ
قېلىش توغرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر بىچارىلەرچە ئۈمىدى
ئوسمانلى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ پارىژ يىغىنىدىكى تەلتۆكۈس
مەغلۇبىيىتى بىلەن يوققا چىقتى. پارىژ يىغىنىدا تۈركىيە تەرەپ
ۋەكىلى سادرازام داماد فەرىد پاشا ئون كىشىدىن تەشكىل تاپقان
ئانتانتا دۆلەتلەر كومىتېتىغا بىر پارچە پىكىرنامە سۇنۇپ،
1913 - يىلى يانۋاردىكى ئەنۋەرنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن ئې-
تىبارەن تۈركىيە سىياسىتىنىڭ «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» پارتى-
يىسىدىكىلەر تەرىپىدىن تىزگىنلىنىۋېلىنغانلىقى، شۇڭا مەيلى

سۇلتان بولسۇن، ياكى ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى بولسۇن، تۈركىيە-
گە قارىتىلغان شەپقەتسىز ۋە ئېغىر بولغان سىياسەتنى ئىجرا
قىلىشقا مەسئۇل بولمايدىغانلىقى، ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ تۈركىيە-
گە نىسبەتەن بۇنداق ئېغىر شەرت قويسا بولمايدىغانلىقى قاتارلىق-
لار ھەققىدە گەپ ساتتى ھەمدە ئالاھىدە قىلىپ ئۆزىنىڭ بۇ
سۆزىنىڭ يالغۇز تۈركىيىگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى
300 مىليون مۇسۇلمانغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئا-
نتانتا دۆلەتلەر بۇ شەرتنى تۈركىيىگە مەجبۇرىي تاڭىدىكەن، ئۇ
ھالدا پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار بىلەن قارشىلىشىپ قالىدى-
غانلىقىنى ئەسكەرتتى. ئەمما، ئانتانتا دۆلەتلەر ۋەكىللىرى ئەڭ
كەسكىن پوزىتسىيىسى بىلەن ئۇنىڭ بىچارىلەرچە قىلغان مۇرا-
جىئىتىنى رەت قىلدى، ئەكسىچە ئۇلتىماتوم يوللاپ: «تارىختى-
كى ئەڭ جىددىي پەيتتە تۈركىيىنىڭ ئىشلىرى ھېلىقىدەك قىل-
چىمۇ ئەخلاقىي ئاساسى يېتىلمىگەن، ھەتتا قوماندانلىق قىلىش-
نىمۇ بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان، دېگەننى
باھانە ـ سەۋەب قىلىپ تۇرۇپ تۈركىيە ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن باش
تارتىسا بولمايدۇ» دەپ ئۇقتۇردى. ئۇلتىماتۇمنىڭ ئاخىرىدا يەنە،
ئانتانتا دۆلەتلەر ئۆزلىرى مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ تۈركىيە
مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ، ئوسمانلى ۋەكىللەر ئۆمىكى يى-
غىنغا داۋاملىق قاتنىشىمىز دېسە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ
ئېنىق كۆرسىتىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئانتانتا دۆلەتلەر ئوسمانلى
ۋەكىللەر ئۆمىكىنى، يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ چاقىرىلمىغان
مېھمانلارنى پارىژدىن كېتىشكە قىستىدى.

1919 ـ يىلى ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋەكىللەر ئۆمىكى
ئىلاجسىز ئىستانبۇلغا قايتتى. داماد فەرىد پاشا ئاخبارات ساھە-
سىدىكىلەرگە بىر يالغان دوكلات سۇنۇپ، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ
پارىژدىكى بىچارىلىكىنى يوشۇردى. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ
يالغانچىلىقى تۈركىيە خەلقى ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، ئۇ-

نىڭغا بولغان ئۆچمەنلىك، مەسخىرە ۋە نەپرەت بارغانسېرى كۈچە-يىپ كەتتى، خەلقنىڭ ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىگە بولغان ھەممە ئارزۇ - ئۈمىدلىرى پۈتۈنلەي كۆپۈككە ئايلاندى. ئاناتولىيىدىكى مىللىي ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار ئەمدى خەلقنىڭ كۈچىگە تايىنىش كېرەك، دېگەن قارارغا كەلدى، خەلق بولسا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆزلىرىنى ۋەتەنگە ئاتاپ، مىللىي مۇستەقىللىق ئۈرۈشى-غا قوماندانلىق قىلىدىغان بىر پاراسەتلىك ۋە جاسارەتلىك رەھ-بەرنىڭ — داھىينىڭ مەيدانغا كېلىشىنى كۈتۈپلا قالدى.

## ئالتىنچى باب

# ئاناتولىيىدە ئۆتكەن كۈنلەر

«موندۇروس مۇتارىكەسى» نىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن تەڭ، سۇلتانلىق ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ قولىدىكى بىر ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالدى.

مۇستاپا كامال پاشا تۈرك خەلقىنىڭ ھايات - ماماتلىقى، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىملىق ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ ئىستانبۇلدىكى سۇلتان ھۆكۈمىتى بىلەن مىللەت مەجلىسىگە كۆپ قېتىم تەكلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك بىر ھەربىي كابىنېت تەشكىللەپ، ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قەتئىي تاقابىل تۇرۇش تەلىپىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، سۇلتان ئۇنىڭغا زادى قۇلاق سالمىدى. مۇستاپا كامال چەت ئەللىكلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدىكى ئىستانبۇلدا ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدىغانلىقىنى، سۇلتان ھۆكۈمىتىگە تايىنىپ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغان بىر خىيال ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەر توپلانغان، شۇنداقلا ئىنقىلاب ئوتى لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىغان ئاناتولىيىگە كەتمەكچى بولدى.

مۇستاپا كامالنىڭ ئورۇندىماقچى بولغان چەت ئەل تاجاۋۇز-

چىلىرىغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ پىلانى ئىستانبۇلدا چوقۇم مەغلۇپ بولاتتى. چۈنكى، بۇ چاغدا دەللال بۇرژۇئازىيە بەك ئاجىز ئىدى، ھۆكۈمەت ۋە سۇلتان ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ قوماندانلىق تايىقى ئاستىدا بولۇپ، پەقەت كارغا كەلمەيتتى، بەلكى مۇستاپا كامالLARنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىغا پۇتلىكاشاڭ بولاتتى. بۇ ۋاقىتتا، فرانسىيە ئىشغالىيەتچى قوشۇنلىرى ئاناتولىيىدىكى جەنۇبىي ئۆلكىلەردە دېھقانلاردىن تەشكىللەنگەن پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقتىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى مىللىي تەشكىلاتلار گرېتسىيە بىلەن داشناق پارتىيىسىدىكى ئەرمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ھەم پاراكەندىچىلىككە زەربە بېرىشنى بىردەك تەلەپ قىلىشىۋاتاتتى. سۇلتان ئارمىيىسى ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەر ئوفىتسېرلار تاجاۋۇزچىلار بىلەن قوراللىق ئېلىشىشقا ھەردائىم تەييارلىنىپ تۇراتتى.

مۇستاپا كامال ئاناتولىيىدە مىللىي كۈچلەرنى تەشكىللەپ بىر قېتىملىق خەلق ئۇرۇشى قىلغاندىلا، ئاندىن مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئاناتولىيە تۈركلەرنىڭ بۆشۈكى، شۇنداقلا چەت ئەل ئىشغالىيەتچى قوشۇنلىرى بىلەن ئارىلىقى ئەڭ يىراق بولغان جاي، يەنە كېلىپ پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى خېلى بۇرۇن قانات يايغان كونا ھەربىي بازا بولۇپ، مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مانا مۇشۇنداق بىرقاتار شارائىت ۋە ئىمكانىيەتلەر يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا ئاندىن غەلىبىگە ئېرىشەتتى.

مۇستاپا كامالنىڭ ئانتانتا دۆلەتلەر ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى پايتەخت ئىستانبۇلدىن ئاناتولىيىگە كېلىشى ئانچە تەسكە توختىمىدى. بۇ چاغدا ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىگە بىر ھەربىي مۇپەتتىشنىڭ سامسۇنغا ئەۋەتىلىشى لازىم بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ پۇرسەتنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ كۆپتىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن ئارزۇسى سۇلتان

بىلەن سادرازام داماد فەرىد پاشانىڭ گۇمانىنى قوزغىمىدى. مۇس-
تاپا كامال ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ ھۆكۈمەتتە بىرەر مەنسەپ-
كە تەيىنلىنىشىنى ئويلايتتى. ئەمما، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆكتىچە-
لىك كەيپىياتى كۈچلۈك، ئابرۇيى يۇقىرى گېنېرالنى پايتەختتە
قالدۇرۇپ قالسا، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باش ئاغرىقى تېپىۋېلى-
شى تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇڭا، سۇلتان ۋاھىدەدىن ئۇنىڭ ئاناتو-
لىيىگە بېرىپ ئارمىيە مۇپەتتىشى بولۇش تەلىپىنى ناھايىتى تېز
تەستىقلىدى، ئىمپېرىيىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى گۇمان
قىلىپ مۇستاپا كامالغا بېرىلگەن ئاناتولىيىدە ھوقۇق يۈرگۈزۈش
گوۋاھنامىسىگە ئىمزا قويۇشتىن باش تارتقان بولسىمۇ، سۇلتان-
نىڭ يارلىقى بولغانلىقتىن ئىلاجسىز مۆھۈرىنى باستى، ئەپسۇس
ئۇنىڭ ئىمزاسى ناھايىتى چاپاق قويۇلغانىدى.

1919 ـ يىلى ئاپرېلنىڭ 30 ـ كۈنى، مۇستاپا كامال 3 ـ
ئارمىيە دەپ تىزىمغا ئېلىنغان قىسىملارنىڭ مۇپەتتىشلىكىگە تە-
يىنلەندى ۋە مايدا سۇلتان ۋاھىدەدىن بىلەن ئاخىرقى سۆھبەتنى
تۈگىتىپ خوشلاشتى. ئۇ ئىستانبۇلدىن ئايرىلىشقا تەمشىلىۋاتقان-
دا، ئۇنىڭغا تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇ چۈشمەكچى بولغان پاراخوتنىڭ
سۈيىقەست بىلەن سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىلىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر-
لەر يېتىپ كەلدى. مۇستاپا كامال ئىستانبۇلدا تۇرۇپ قولغا
ئېلىنىشتىن كۆرە، دېڭىزدا سۇغا چۆكۈپ كېتىشكە رازى ئىدى.
گرېتسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئىزمىرنى ئىشغال قىلىپ ئىككىنچى
كۈنى، ئۇ ئىستانبۇلدىن ئايرىلدى ۋە 19 ـ ماي كۈنى سائەت
7 دە سامسۇندا قۇرۇقلۇققا چىقتى. سامسۇن ئاناتولىيىنىڭ قارا
دېڭىز بويىدىكى بىر مۇھىم پورتى ئىدى.

مۇستاپا كامالنىڭ بۇ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم سەپە-
رىگە كۆرماي ئالباي[1] رەفەت (بەلە)، كۆرماي ئالباي كازىم

① كۆرماي ئالباي — پولكوۋنىك ئۇنۋانلىق شتاب ئوفىتسېرى.

(دىرىك)، دوكتور ئالباي[1] ئىبراھىم تالى (ئۆنگۆرەن)، كۆرماي يارباي[2] مەخمەد ئارىف (ئايىجى)، كۆرماي بىنباشى[3] ھۆسرەۋ (گەرەدە)، توپچى بىنباشى كەمال[4] (دوغان)، دوكتور بىنباشى رەفىق[5] (سايدام)، يۈزباشى جەۋاد[6] ئاببا (گۈرەر)، يۈزباشى مۇمتاز (تۇنئاي)، يۈزباشى ئىسمايىل ھاككى (ئەدە)، يۈزباشى ئەلى شەۋكەت (ئۆندەرسەۋ)، يۈزباشى مۇستاپا ۋاسىغى (سۇسوي)، ئۇستەگمەن[7] ھاياتى، ئۇستەگمەن ئارىف ھېكمەت (گەرچەكچى)، ئۇستەگمەن ئابدۇللاھ، تەگمەن[8] مۇزەففەر (قىلىچ)، بىرىنچى دەرىجىلىك كاتىپ فائىق (ئايبارسىن) ۋە تۆتىنچى دەرىجىلىك كاتىپ مەمدۇھ (ئاتاسەۋ) قاتارلىق 18 كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر ھەيئەت ھەمراھ ئىدى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن بۇيرۇقتا ئۇنىڭدىن ئاناتولىيىنىڭ تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمانلار بىلەن كاتولىك مۇخلىسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل - ماجىرالارنى بېسىقتۇرۇش، توپلىشىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان يېرىم ھەربىي خاراكتېردىكى كۈچلەرنى قورالسىزلاندۇرۇپ ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇۋاتقان تەشكىلاتلىرىنى تارقىتىۋېتىش، شۇنىڭدەك ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى قورالسىزلاندۇرۇش ۋە ھەربىيلەرنىڭ قىسىمدىن چېكىنىش خىزمىتىنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالىغا نازارەتچىلىك قىلىش تەلەپ قىلىنغانىدى.

ئۇ سامسۇندا قۇرۇقلۇققا چىققان كۈندىن ئېتىبارەن دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، ئاناتولىيىدە جاپالىق خىزمەت ئىشلەپ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان تەشكىلاتلار بىلەن تېز ئارىدا مۇناسىۋەت ئورناتتى

---

① دوكتور ئالباي — پولكوۋنىك ئۇنۋانلىق دوكتور.
② كۆرماي يارباي — پودپولكوۋنىك ئۇنۋانلىق شتاب ئوفىتسېرى.
③ كۆرماي بىنباشى — مايور ئۇنۋانلىق شتاب ئوفىتسېرى.
④ توپچى بىنباشى — توپچى قىسىم باتالىئون كوماندىرى
⑤ دوكتور بىنباشى — مايور ئۇنۋانلىق دوكتور.
⑥ يۈزباشى — شاڭۋېي، ستارشىي لېيتېنانت دېگەن مەنىدە.
⑦ ئۇستەگمەن — جۇڭۋېي، لېيتېنانت.
⑧ تەگمەن — شياۋۋېي، مىلادشىي لېيتېنانت.

ۋە مىللىي ئارمىيىسىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئادەم ئىزدەپ،
ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. مۇستاپا كامال
سامسۇنغا كەلگەن ۋاقىتتا، شەرقتىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ
نۇرغۇن شەھەرلىرىدە غەربتىكى ئۆلكىلەردىكىگە ئوخشاش «مىل-
لىي ھوقۇقنى قوغداش جەمئىيىتى» (مۇداپائەئى ھوكوكو مىللى-
يە جەمئىيىتى) دېگەن بىر ئىنقىلابىي تەشكىلات بارلىققا كەلگە-
نىدى. مۇستاپا كامال 1919 - يىلى ماينىڭ 21 - كۈنىدىن
ئىيۇننىڭ 21 - كۈنىگىچە بولغان بىر ئاي ۋاقىت ئىچىدە،
ئارزۇرۇمدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان 15 - يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ
قوماندانى گېنېرال كازىم قارا بەكىر، ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق 20-
يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ئەلى فۇئات بەي، تراكىيادا
تۇرۇشلۇق قىسىملار قوماندانى جەئفەر تايىيار پاشا ۋە يەنە ھۈسەين
رائوف (ئورباي) پاشالار بىلەن بىللە بالى كەسىردە ئۇچرىشىپ،
سىۋاستا بىر مىللىي قۇرۇلتاي ئېچىش توغرىسىدا ئۇلار بىلەن
مەخپىي كېڭەشتى ۋە كېيىندىنلا ئىيۇننىڭ 21 - كۈنى ئىستانبۇل-
دىكى ئابدۇراھمان شەرەف، رەشىد ئاكىف، ئەھمەد ئىززەت،
سەئىد، خالىدە ئەدىب (ئادىۋار)، قاراۋاسىف، تىنچلىق ۋە ساق-
لىقنى ساقلاش جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى فەرىد، جامى بايقۇرت ۋە
ئەھمەد رىزالارغا ئايرىم - ئايرىم خەت يېزىپ، بۇنىڭدىن كېيىن
ئىستانبۇلنىڭ ئاناتولىيىنى نەزەردە تۇتۇپ ھەرىكەت قىلىشىنى
تەلەپ قىلدى.

بۇ چاغدا ئاناتولىيىنىڭ غەربىدىكى مىللەتپەرۋەر تەشكىلاتلار
بىلەن شەرقىدىكى مىللەتپەرۋەر تەشكىلاتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تې-
خى مۇناسىۋەت ئورنىتىلمىغان بولۇپ، ھەتتا شەرقتىكى بىرقانچە
ئۆلكىلەردە قۇرۇلغان مىللىي ھوقۇقنى قوغداش جەمئىيەتلىرى-
نىڭ بىرتۇتاش مەركىزىمۇ يوق ئىدى. مۇستاپا كامال مىللەتپەر-
ۋەر تەشكىلاتلارنى بىرلەشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى ۋە
مەملىكەت ئىچىدىكى بەزى ھەربىي، سىياسىي دائىرىلەرگە مەخ-

پىي شىفىر بىلەن تىزىپ چىقىلغان بىر تېلېگىراممىا يوللىدى. بۇ 1919 - يىلى ئىيۇننىڭ 22 - كۈندىكى ئاماسىيا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى ئىدى، ئۇقتۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى كېيىنكى بىر-قانچە يىللىق دۆلەت پروگراممىسىنىڭ ئاساسىي ھۇلى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

بىرىنچى، دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكى، مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى ھازىر خەۋپ ئىچىدە قالدى.

ئىككىنچى، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئامالسىز تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا بىرچە دۆلەت مەۋجۇت ئەمەس.

ئۈچىنچى، مىللىتىمىزنىڭ ئىرادىسى ۋە غەيرىتى بولغاندىلا، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

ئۇقتۇرۇشتا يەنە «بۈگۈندىن باشلاپ ئىستانبۇل ئەمدى ئاناتولىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ، ئەكسىچە ئۇ ئاناتولىيىگە قارام بولىدۇ» دەپ ئېلان قىلىندى ھەمدە خەلقنىڭ ئۆز ئاۋازىنى، تىلەك - ئارزۇلىرىنى بىلدۈرەلىشى ئۈچۈن دۆلەتلىك مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشى كېرەكلىكى، بۇ مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ھەرقانداق تەرەپلەرنىڭ تەسىرى، توسقۇنلۇقى ۋە ئارىلىشىشىغا ئۇچرىماسلىقى ھەمدە پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئالدىدا ئۆز مىللىتىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىدە چىڭ تۇرۇشى لازىملىقى قاتارلىق ئىشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇقتۇرۇشتا يەنە بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ساندجاق (رايون) تىن ئۈچتىن ۋەكىلنىڭ سايلىنىشى، بۇ ۋەكىللەرنىڭ خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان ئادەملەردىن تەركىب تېپىپ، ئاناتولىيىدىكى ئەڭ بىخەتەر جاي — سىۋاسقا مەخپىي ئەۋەتىلىشى تەلەپ قىلىندى. كازىم قارا بەكىر شەرقتىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە ئىيۇلدا ئارزۇرۇمدا ئېچىلىدىغان مىللىي قۇرۇل-

تاينىڭ تەكلىپنامىسىنى ئەۋەتىشنى ئۈستىگە ئالدى.

بۇ چاغدا قورچاق تۈركىيە ھۆكۈمىتى پارىژ سۈلھ يىغىنىغا
ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ مۆتىدىل پوزىت-
سىيىسىدىن پايدىلىنىپ يوللۇق تىنچلىققا ئېرىشىشنى ئويلاۋاتات-
تى. سۇلتان ئوچۇقنى قىلىپ ئېيتقاندا، تۈركىيە ئۈچۈن ئە-
مەس، بەلكى ئۆزى ئۈچۈن پايدا ئىزدەيتتى، ئۇ دۆلەتنىڭ مۇستە-
قىللىقىنى قىلچىمۇ ئويلىمايتتى، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەنگلى-
يە، فرانسىيە ۋە ئامېرىكىدىن تۈركىينى زىممىلىكى ئاستىغا
ئېلىشنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، غەرب
جاھانگىرلىكىگە تەۋە بولغان دۆلەتتىلا ئۇ ئۆزىنىڭ فېئودال ئىلا-
ھىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئاسان ئىشقا ئاشۇرالايتتى. ئۇ ئانتانتا
دۆلەتلەردىن ئىستانبۇل ۋە ئاسىيادىكى مۇمكىنچىلىكى بار بولغان
زېمىنلىرىنىڭ كۆپرەكىنى ئۆزىنىڭ ئۆپكىسى تۈگەپ كارنىيى
قالغان، ئىسمى بار جىسمى يوق ئىگىدارچىلىقى ئاستىغا ئۆتكۈزۈ-
ۋېلىشنى ئويلايتتى.

مۇستاپا كامالنىڭ ئاناتولىيىدە ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى دەر-
ھال ئىستانبۇلغا ئاڭلاندى، بەزىلەر خۇشاللىقتا چۆمدى، بەزىلەر
چۆچىدى، سۇلتان ھۆكۈمىتى بولسا ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى.
ئاناتولىيىدىكى ھەرىكەتلەر ۋە ئىمپېرىيىدىكى ئەڭ ئالىي ھەربىي
ئۇنۋاننىڭ ئىگىسى بولغان، يەنە كېلىپ سۇلتان تەرىپىدىن زور
ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا ئىگە قىلىنغان مۇستاپا كامالنىڭ بۇ ھەرى-
كەتكە قاتنىشىشى ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرىقى پىلانىنى
ھەرگىز ئىشقا ئاشۇرغۇزمايتتى. شۇڭلاشقا، ئىنگلىزلار ئاناتولى-
يىگە ئەۋەتىلگەن گېنېرالنىڭ ئانتانتا دۆلەتلەرگە قارشى ھەرىكەت
قىلىۋاتقانلىقىدىن ھوشيار بولۇش توغرىسىدا سۇلتاننى ئاگاھلان-
دۇردى. 1919 - يىلى ئىيۇننىڭ 17 - كۈنى ئىستانبۇلدىكى
ئىشغالىيەتچى بىرلىكلەرنىڭ باش كومىسسارى ئەنگلىيە ئادمىرا-

① ئادمىرال — دېڭىز ئارمىيىسى بويىچە گېنېرال لېيتېنانت ئۇنۋانى.

www.uyghurkitap.com

لى[1]گوت هورفه ھەربىي نازارەتكە ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپ، مۇستاپا
كامالنى ئاناتولىيىدىن ئىستانبۇلغا قايتۇرۇپ كېلىشنى تەلەپ
قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئىشلار
ۋەزىرى ئەلى كامال بەي ئاناتولىيىدىكى ھەرقايسى ئۆلكە باشلىق-
لىرىغا بىر ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئەۋەتتى. ئۇقتۇرۇشتا: «مۇس-
تاپا كامال پاشا ناھايىتى ئۇلۇغ بىر قوماندان، ئەمما ئۇ نۆۋەتتى-
كى سىياسىينى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ
ئالىي دەرىجىلىك خادىملىرىنىڭ قەتئىي چىڭ تۇرۇۋېلىشى ھەم
تەلىپى بويىچە، ئۇ ئۆز ئورنىدىن دەرھال قايتۇرۇلىدۇ» دېيىلگە-
نىدى.

مۇستاپا كامال سامسۇندا قۇرۇقلۇققا چىقىپ قىسقا ۋاقىت
شۇ ئەتراپتا پائالىيەت ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە فلوتلى-
رىنىڭ زەربىسىگە ئاسان ئۇچراپ تۇرىدىغان بۇ جايدىن ئاناتولىيى-
نىڭ ئىچكى رايونلىرىغا يۆتكىلىپ، دەسلەپتە ھاۋزاغا، ئاندىن
ئاماسياغا كەلگەنىدى. ئىيۇننىڭ 25 - كۈنى، ئۇ ئاماسىيادىن
سىۋاسقا قاراپ يولغا چىقتى ۋە 27 - كۈنى سىۋاسقا يېتىپ
باردى. مۇستاپا كامال سىۋاسقا يېتىپ بارغان بۇ كۈندە ئەل
ئازىغ[1]نىڭ ۋالىيسى، قوشۇمچە شتاب باشلىقى ئەلى غالىب ئۇنى
قولغا ئېلىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ بولغانىدى . ئەلى غالىبنىڭ
سۇيىقەستى ئىشقا ئاشمىدى، مۇستاپا كامال بىر كېچە قونۇپلا
ئارزۇرۇمغا كېتىش ئۈچۈن سىۋاستىن ئايرىلدى. ئىيۇلنىڭ 2-
كۈنى ئىستانبۇلدىكى ئىشغالىيەتچى بىرلىكلەرنىڭ يۇقىرى دەرى-
جىلىك كومىسسارى ئەنگلىيە ئادمىرالى گوت هورفه ھەربىي
ئىشلار نازىرىغا ئىككىنچى قېتىم قايتا ئەرز سۇنۇپ، مۇستاپا
كامالنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى دەپ ئېلان قىلىشنى تەلەپ
قىلدى. كەينىدىنلا مۇستاپا كامال ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى قۇرۇق-
لۇق ئارمىيە ۋەزىرىنىڭ سۇلتانغا ۋاكالىتەن چۈشۈرگەن ئۇنىڭ

---

[1] ئەل ئازىغ — ئاماسىيادىكى بىر ناھىيە بولۇپ، ئوزۇق، ئەل ئۆزۈقى دېگەن مەنىدە.

ئىستانبۇلغا دەرھال قايتىپ كېلىشى توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئەمما، مۇستاپا كامال ئىستانبۇلغا قايتىشنى رەت قىلدى. بۇ چاغدا، ئۇ ئاللىقاچان سىۋاستىن ئارزۇرۇمغا يېتىپ بېرىپ بولغانىدى.

ئىمپېرىيە قورچاق ھۆكۈمىتى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى سۇلتانغا مەلۇم قىلىپ، مۇستاپا كامالنىڭ داۋاملىق ھەربىي ۋەزىپە ئۆتۈشىنى توختىتىش توغرىسىدا يارلىق ئالدى. ئىيۇلنىڭ 7 ـ كۈنى، ئىستانبۇل ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئارقاڭغا قايت دېگەن ئەمرگە بويسۇنمىغانلىقى سەۋەبلىك 3 ـ ئارمىيىنىڭ مۇپەتتىشلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. سۇلتانغا سادىقەتسىزلىك قىلىپ قانۇنلۇق ئوسمانلى ھۆكۈمىتىگە ئاشكارا ئاسىيلىق قىلىش قىلمىشىنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مۇستاپا كامال شۇ كۈنىلا بۇنىڭغا جاۋابەن ئۆز خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكىنى ئىستانبۇلغا خەۋەر قىلدى، ئەتىسىگە ھەربىيلىكتىنمۇ ئىستېپا بەرگەنلىكىنى ھەربىي ئىشلار نازارىتىگە ئۇقتۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىك ھاياتىنىڭ 1 ـ بېتى يېپىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ مۇشۇنداق قارار قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى تۈركىيە خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن تامامەن بىرلەشتۈرۈۋەتمەكچى ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ ھەربىي فورمىلارنى سېلىپ تاشلاپ پۇقراچە كىيىندى ۋە شەرقىي ئاناتولىيە ھوقۇقىنى قوغداش جەمئىيىتىگە قاتناشتى. بۇ جەمئىيەت 1919 ـ يىلى مارتنىڭ 3 ـ كۈنى ئارزۇرۇمدا قۇرۇلغانىدى، كېيىن قانۇنلۇق رەسمىيەتلەرنى ئۆتىگەندىن كېيىن تىزىمغا ئېلىنىپ، مۇستاپا كامال ئىنقىلابىنىڭ ئۇچىقى، شۇنداقلا تەشكىلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەشتىكى قورالغا ئايلاندى.

1919 ـ يىلى ئىيۇلنىڭ 23 ـ كۈنى، شەرقىي ۋىلايەتلەرنى مۇداپىئە قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش جەمئىيىتىنىڭ دۆلەتلىك قۇرۇلتىيى (ۋىلايەتى شاركىيە مۇداپائىئى ھوكوكو مىللىيە جەم-

ئىيتى كونگرىسى) مۇستاپا كامالنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئارزۇ-رۇمدا چاقىرىلدى، يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنغان مەسىلىلەر ئاناتو-لىيىنىڭ شەرقىنى بۆلۈشۈۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بۇ جايلا-ردا گرېكلەر ھەم ئەرمەنلەرنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قورغۇزماس-لىق قاتارلىق ئىشلار ئىدى. مۇستاپا كامال يىغىننىڭ 1 - كۈنىلا رەئىسلىككە سايلاندى. ئۇ تۈركىيىنىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيە-تىنى تەھلىل قىلىپ، جاھانگىرلارنىڭ بۆلاڭچىلىق پىلانىنى ھەم ئىستانبۇل ھۆكۈمىتىنىڭ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇش سىياسىتىنى پاش قىلدى ھەمدە خەلقنىڭلا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىملىقىنى ئېنىق كۆرسەتتى. مۇستاپا كامال «موندۇروس مۇتارىكەسى» ئىمزالىنىشنىڭ ئالدى - كەينىدىلا دوستى ئەلى فۇئات پاشاغا «ئەمدى سۆز ۋە ھەرىكەت خەلقنىڭ-دۇر. ئارمىيىنىڭ ۋەزىپىسى بۇ كۈرەشتە خەلققە ياردەم قىلىش-تىن ئىبارەتتۇر» دېگەن ئىدى. ئۇ قۇرۇلتايدا، مىسىر، ھىند-ىستان، ئافغانىستان، سۈرىيە، ئىراق ۋە ئەرەب مىللەتلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، رۇسلارنىڭ مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، دۇنياغا خوجا بولۇشنى خىيال قىلغۇچىلار بىلەن قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتقانلىقلىرىنى بايان قىلدى. ئۇ ئاخىرىدا تۈر-كىيە بۇ كۈرەشتە ھەرگىز يالغۇز ۋە يېتىم ئەمەس، دەپ كۆرسەت-تى.

ئارزۇرۇم قۇرۇلتىيى ئىككى ھەپتە ئېچىلىپ ئاۋغۇستنىڭ 6 - كۈنى غەلىبىلىك يېپىلدى. قۇرۇلتاينىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى شۇ بولدىكى، كېيىن «مىللىي مى-ساك» (Milli Misak) دەپ ئاتالغان دۆلەت خەلق ئەھدىنامىسى-نىڭ ئورگىنالى مۇشۇ يىغىندا تۈزۈپ چىقىلدى. قۇرۇلتاي مەزگىلىدە گېنېرال كازىم قارا بەكىر ئىستانبۇلنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇيرۇق ئىيۇلنىڭ 30 - كۈنى فرانسىيە ئارمى-

يىسى گېنېرالى دى. ئەسپەرەيىننىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئىمپېرد-
يە ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار نازارىتى تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن
بولۇپ، ئۇنىڭدا كازىم قارابەكىرنىڭ مۇستاپا كامال بىلەن رەفەت
(بەلە) بەينى دەرھال قولغا ئېلىپ، مۇستاپا كامالنىڭ ئورنىغا
ئۆزىنىڭ ئارمىيە مۇپەتتىشى بولۇپ ئولتۇرۇشى ئۇقتۇرۇلغانى-
دى. كازىم قارابەكىر بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىدى. نائىلاج قالغان
ئىستانبۇل ھۆكۈمىتى ئاۋغۇستىنىڭ 9 - كۈنى مۇستاپا كامالنىڭ
ئارمىيىدىن چىقىرىلغانلىقىنى، «سەلتەنەت سىۋەزلىكى» قاتار-
لىق بارلىق نىشان، مېدال، ئوردېنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر-
دەك بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى.

مۇستاپا كامال ئاۋغۇستىنىڭ 29 - كۈنى سىۋاسقا بېرىش
ئۈچۈن، ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ئەزالار بىلەن بىللە ئارزۇرۇمدىن
ئايرىلدى. ئەمما، ئەل ئازىغ ۋالىيسى ئەلى غالىب، ئىنگلىز
مىڭبېشى①نوئەل، ئەكرەم ۋە بەدىرخانلار بىلەن ھەمكارلىشىپ،
سىۋاس قۇرۇلتىيىنى ئېچىش مەقسىتىدە بۇ يەرگە كېلىۋاتقان
مۇستاپا كامال ۋە ئۇنىڭ بارلىق سەپداشلىرىنى قولغا ئېلىش
ئۈچۈن جىددىي تەييارلىقلارغا كىرىشتى. شۇنداق بولۇشىغا قارى-
ماي، سېنتەبىرنىڭ 4 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە، جاي -
جايلاردىن كەلگەن ۋەكىللەر قاتناشقان تېخىمۇ مۇھىم بولغان 2-
قېتىملىق قۇرۇلتاي سىۋاستا ئاخىر چاقىرىلدى. مۇستاپا كامال
يەنە رەئىسلىككە سايلاندى ھەم يىغىننىڭ مۇزاكىرىلىرىگە بىۋاسى-
تە يېتەكچىلىك قىلدى. ئارزۇرۇم يىغىنى ئاناتولىيىنىڭ شەرقى-
دە قانداق قىلىپ ئەرمەنلەر بىلەن گرېكلەرنىڭ دۆلەت بەرپا
قىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغان
بولسا، سىۋاس يىغىنى ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قانداق
قارشى تۇرۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئارزۇرۇم يىغى-

① مىڭبېشى — باتالىئون كوماندىرى، يىڭجاڭ.

ىنىڭ قارارىنى پۈتۈن مەملىكەتكە يەتكۈزۈپ، ھەرقايسى جايلاردا قۇرۇلغان تەشكىلاتلارغا قارىتا زۆرۈر ھەم مۇۋاپىق تەڭشەشلەرنى ئېلىپ باردى. «شەرقىي ئاناتولىيە ھوقۇقىنى قوغداش جەمئىيە-تى» ئەمدى «ئاناتولىيە ـ رۇمېلىيە ھوقۇقىنى قوغداش جەمئى-يىتى» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭ ئاستىدا مۇستاپا كامال باش-چىلىقىدا بىر دائىمىي ھەيئەت تەسىس قىلىندى.

سىۋاس قۇرۇلتىيى يېپىلىشى بىلەنلا، سۇلتان ئەنگلىيە بىلەن بىرلىشىپ كوردلارنىڭ توپىلىڭىنى تەشكىللىدى ۋە قۇرۇل-تاي ۋەكىللىرىنى تارقىتىۋېتىپ، مەسئۇل رەھبەرلەرنى قولغا ئېلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. گەرچە بۇ سۈيىقەست ئىشقا ئاشمىغان بولسىمۇ، ۋەكىللەر كومىتېتى ئاناتولىيە بىلەن ئىستانبۇل ئوتتۇ-رىسىدىكى پوچتا ئالاقىسىنى قەتئىي توختاتتى.

بۇ ۋاقىتتا، مۇستاپا كامال سۇلتانىنىڭ ئۆزىگە ئاشكارا قار-شى چىقمىدى. مۇستاپا كامالنىڭ بىرلىكسېپىگە ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك ئادەملەر قاتناشقانىدى، ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى خەلى-پىنىڭ پۈتكۈل تۈركىيىگە ھامىي بولۇشىنى ۋە ئۆز ئىمتىيازلى-رىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مۇستاپا كامالنى ئۆزىگە باشپاناھ قىلدى. «ئىتتىھات ۋە تەرەق-كى» نىڭ بەزى ئاتاقلىق ئەزالىرى، گېنېراللار، سابىق ۋەزىر-لەرمۇ مۇستاپا كامال بىلەن بىرلەشتى. ئۇلار خەلقنىڭ ئىنقىلا-بىي ھەرىكىتى ئارقىلىقلا ھاكىمىيەت تىكلەشنى ئويلايتتى. ئىس-تانبۇلدىكى دەللال بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى مىللىي ھەرىكەتكە ھېسىداشلىق قىلاتتى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى، ئاناتولىيىنىڭ غەرب كۆچتۇڭگورلىرى بىلەن مۇرەسسە قىلىشىنى، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مۇستاپا كامالنىڭ ئامېرىكىنىڭ زىممىيلىكىنى قوبۇل قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ئۇلار سىۋاس قۇرۇلتىيىدا بۇ كۆزقارىشىنى قەتئىي ئىپادىلىدى، سۇلتانلىق تۈزۈمىنى بىچا-رىلەرچە قوغداپ قېلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان مانا مۇشۇنداق كىشى-

لەر كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان مۇرەككەپ دەۋردە، مۇستاپا كامال ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىپ دۈشمەنلىرىنى كۆپەيتىۋالماسلىق ئۈچۈن، سۇلتان ۋە خەلىپىلىك ئورنىدىكى بۇ مۇقەددەس شەخسكە ھۇجۇم قىلىشتىن ۋاقتىنچە ۋاز كەچتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇستاپا كامالنىڭ ئۆزىمۇ خەلقئارادىكى ئىسلام كۈچلىرىنىڭ ھېسداشلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى قەتئىي خالىمايتتى. شۇڭا تىغ ئۇچىنى سادرازام بىلەن ئىچكى كابىنېتقا قارىتىپ، ئۇنى سۇلتان بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئارىلىقىغا سوغۇقچىلىق سالدى، دەپ ئەيىبلىدى. سېنتەبىرنىڭ 10 ـ كۈنى، مۇستاپا كامال ئىمپېرىيە ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ئادىل بەيگە تېلېگرامما يوللاپ مۇنداق دېدى:

«سىلەر پۈتكۈل مەملىكەتتىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەھۋالىنى سۇلتانغا ئېيتىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىسىلەر. سىلەر بىر ئوچۇم توخۇ يۈرەك، قورقۇنچاق گۇناھكارلار، سىلەر دۈشمەنلىرىمىز بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلدىڭلار، مەن سىلەرنىڭ مىللىتىمىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە غەيرىتىنى پەقەت چۈشەنمەيدىغانلىقىڭلاردىن قىلچە شۈبھىلەنمەيتتىم. ئەمما، مەن سىلەرنى ۋەتەن بىلەن خەلقنى سېتىۋېتىپ، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلار دەپ ئويلىماپتىمەن، قىلغان ـ ئەتكىنىڭلارنى ئويلاپ كۆرۈڭلار. . . »

ئەتىسى، ھەرقايسى ئارمىيە قوماندانلىرى سۇلتانغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ ساداقىتىنى بىلدۈردى ھەمدە سۇلتاندىن «سۇلتان ئالىيلىرىغا ۋە خەلىپىنىڭ ئىمتىيازىغا سادىق بولغان بىر يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىش» نى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە پۈتكۈل قۇرۇلتاي نامىدىن سادرازام داماد فەرىد پاشاغا بىر تېلېگرامما يوللىنىپ، ئۇنىڭ مىللەتنىڭ تەقدىرى، ھوقۇقى، سۇلتاننىڭ شانۇشەۋكىتى بىلەن ئويناشقان قىلمىشى تەنقىدلەندى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«پۈتكۈل مەملىكەت خەلقى سۇلتاندىن باشقا سىلەرنىڭ ئا-

www.uyghurkitap.com

راڭلاردىكى ھېچقانداق ئادەمگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈۋاتىدۇ. شۇڭا، قۇرۇلتىيىمىز سۇلتانغا ئەھۋال دوكلات قىلىدۇ ھەم مۇراجىئەت قىلىدۇ. سىلەرنىڭ ئىچكى كابىنېتىڭلار... ئاللىقاچان پۈتكۈل خەلق بىلەن سۇلتاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پۈتلەكاشاڭغا ئايلىنىپ قالدى. فەرىد، سەن ئەگەر يەنە مۇشۇنداق قىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىڭغىچە جاھىللىقىڭدا چىڭ تۇرىمەن دەيدىكەنسەن، پۈتكۈل مەملىكەت خەلقى ھازىردىن باشلاپ ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆزلىرى مۇۋاپىق دەپ قارىغان ھەرقانداق ھەرىكەتنى قوللىنىدۇ ھەمدە سېنىڭ قانۇنسىز ئىچكى كابىنېتىڭنىڭ پۈتكۈل دۆلەت بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. بۇ بىزنىڭ ساڭا قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇشىمىز...»

ئەمەلىيەتتە، سۇلتان ۋاھىدەدىن سادرازام داماد فەرىد پاشانىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى بىلىپ تۇراتتى ھەم ئۇنىڭغا مەدەت بېرەتتى ۋە يېتەكچىلىك قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ سۇلتاننىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن قانات ئاستىغا ئېلىشى ئارقىسىدا، پايتەخت ئىستانبۇلدا تۈركىيە - ئەنگلىيە دوستلۇق جەمئىيىتى دېگەن بىرنېمىنى پەيدا قىلدى. ئۇنىڭغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى سۇلتان ئوردىسىدىكى بيۇروكرات ئەمەلدارلار بىلەن مۇتەئەسسىپ موللىلار بولۇپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىرى داماد فەرىد پاشا بىلەن ئەنگلىيىلىك بىر باستېر[1] ئىدى. بۇ جەمئىيەت تۈركىيىگە قارىتىلغان زىممىلىك ھوقۇقنى ئەنگلىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشى مەقسەت قىلغان بولۇپ، تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىپ مۇستاپا كاماللارغا قارشى مەخپىي ھەرىكەت قىلاتتى. ئاناتولىيىگە ئىشپىيون ۋە بۇزغۇنچىلارنى ئەۋەتەتتى. داماد فەرىد پاشا ھەتتا سۇلتاننىڭ قوللىشى بىلەن زىممىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ئەنگ-

---

① باستېر — خرىستىئان چېركاۋىدا خىزمەت قىلىدىغان دىنىي خادىم.

لىيە بىلەن بىر مەخپىي سۆھبەتمۇ ئۆتكۈزدى، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ سىرلار ئاشكارىلاندى. 1921 ـ يىلى 11 ـ ئۆكتەبىردە، فرانسىيىنىڭ «سەھەر» گېزىتى تۇنجى بولۇپ بۇ خەۋەرنى باستى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«1919 ـ يىلى سېنتەبىردە، داماد فەرىد پاشا ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن مەخپىي كېلىشىم ئىمزالىدى، ئەنگلىيە تۈركىيىنى ئۆز زىممىيلىكى ئاستىغا ئالىدىغان بولدى. دېڭىز بوغۇزى ئەنگلىيىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى. تۈركىيە مىسىرغا بولغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كەچتى، كوردىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئېتىراپ قىلىندى ھەمدە ئۆزىنىڭ مەنىۋى ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىكى ئىناۋىتىگە تايىنىپ ئەنگلىيىنىڭ ئىراق، سۈرىيە ۋە باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە مەسئۇل بولىدىغان بولدى. تۈركىيە ئارمىيىسىنى تەشكىللەش ئەنگلىيىگە ھاۋالە قىلىندى. بۇ شەرتلەر ئۈچۈن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ياردىشىش يىغىنىدا تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ بېرىش قىلىدىغان بولدى.»

بۇ خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى گېزىت ـ ژۇرناللار ئارقىلىق باياناتى ئېلان قىلىپ، بۇ ئۈچىغا چىققان يالغانچىلىق، دېدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، فرانسىيە سىياسىئونلىرى ۋە تارىخچىلىرى بۇ كېلىشىمنىڭ راستلىقىدا چىڭ تۇراتتى. مۇستاپا كامال تەرەپدارلىرى يازغان «تارىخ» دېگەن كىتابتا ئۇنىڭ راست ـ يالغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، بۇ شەرتنامە شەرتسىز تىلغا ئېلىندى. تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق ئايال يازغۇچىسى ۋە سىياسىي پائالىيەتچىسى خالىدە ئەدىب ئادىۋار خانىم ئەسلىمىلىرىدە، ئەينى چاغدا ئۆزىنىڭ ئاناتولىيىدە يەر ئاستى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چېغىدا بۇ كېلىشىمنامىنىڭ تۈركچە نۇسخىسىنى ئىستانبۇلدا كۆرگەنلىكىنى، ئەمما ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلىكىنى يازغانىدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ كېلىشىمنامىنى تۈركىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناھايىتى زىيانلىق ۋە نومۇس دەپ قارىمىغاندىمۇ، ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىش يولىدا كۈشەندىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، فرانسىيە ۋە ئانتانتا دۆلەتلىرىدىكى باشقا ئەللەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. شۇڭا ئەنگلىيە تەرەپ يارىشىش يىغىنىدا بۇ پىكىرنى ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاناتولىيىدە ھېچكىممۇ ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى ئەنگلىيىگە سېتىۋەتكەنلىكىدىن ئاسانلىقچە گۇمانلانمايتتى. سىۋاس قۇرۇلتىيىغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ سىناق قىلىنىشى خەلقنىڭ قارشىلىقىنىڭ پارتلاپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. خەلق ئاشكارا ھالەتتە داماد فەرىدنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇقىنى ئەيىبلىدى. گەرچە مۇستاپا كامالىلار سۇلتانغا قارشى چىقىشنى چەكلىگەن بولسىمۇ، ئەمما خەلق يەنىلا قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي سۇلتاننى تىللايتتى ۋە مەسخىرە قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭ يىغىلىش دولقۇنلىرى پۈتكۈل ئاناتولىيىنى قاپلىدى. ئاناتولىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تارقاق ھەرىكەت قىلىۋاتقان پارتىزانلار ئەترىتى بىرلىشىپ چوڭ قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشتى ھەمدە ئۇنىڭغا «مىللەت ئارمىيىسى» نامىنى بەردى. بۇ چاغدا تالاي قارارلار ماقۇللىنىپ، ئىستانبۇلغا يۈرۈش قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. مۇستاپا كامال سۇلتانغا قارشى ھەرىكەتنىڭ كۆلىمىنىڭ بارغانسېرى ئۆلغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىغا سالماق پوزىتسىيە تۇتتى. شۇڭا ئۇ سۇلتاننى «ئەگەر داماد فەرىدنى خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگۈزمەيدىكەنسەن، ئۇنداقتا خەلق ئۆزلىرى زۆرۈر ھەرىكەت قوللىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئۇ چاغدا ھېچنەرسە ئۇلارنى توسۇۋالالمايدۇ» دەپ قاتتىق ئاگاھلاندۇردى.

1919 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ 1 - كۈنى، سۇلتان ۋاھىدەددىن سادرازام داماد فەرىدنىڭ ئىستېپا بېرىشىگە قوشۇلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا خەلقنىڭ ئۆچمەنلىكى ئانچە كۈچلۈك بولمىغان ئەلى رىزا

پاشا چىقتى. يېڭى ھۆكۈمەت مۇستاپا كامالنىڭ ئوسمانلىلارنىڭ مەجلىسىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. 20 ـ ئۆكتەبىردە، دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى سالىھ پاشا باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاماسىيادا مۇستاپا كامال تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بۇ چاغدا مۇستاپا كامالنىڭ ئىستانبۇل ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن سىۋاستىن ئاماسىياغا كەلگىنىگە تۆت كۈن بولغانىدى. سۆھبەتتە يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مۇستاپا كاماللارنى ئېتىراپ قىلىشى ھەم ئىستانبۇلنىڭ كامالىزمچىلارنىڭ پروگراممىسىدىكى ئاساسلىق سىياسىي پرىنسىپلارنى قوبۇل قىلىش لازىملىقى شەرت قىلىپ قويۇلدى. بۇ سۆھبەت ئارقىلىق مۇستاپا كامال بىلەن ئىستانبۇلنىڭ مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلدى ۋە دېكابىردا مىللەتپەرۋەرلەرنىڭ سەييارە نۇتۇق سۆزلەپ، جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ بېسىم ئىشلىتىشى نەتىجىسىدە، يېڭى ئوسمانلىلار مەجلىسى سايلام ئۆتكۈزىدىغان بولدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تۈركىيە ئۆزىنىڭ مىللەت مەجلىسىنى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈشى لازىم، دەپ تۇرۇۋالدى. مۇستاپا كامال بولسا بۇ مەجلىسنى ئاناتولىيىدە ئېچىش لازىم، دەپ قارايتتى. ئۇ مەجلىسنىڭ چەت ئەل زەمبىرەكلىرىنىڭ ھەيۋىسى ئاستىدا تۇرىۋاتقان ئىستانبۇلدا ئېچىلىشىغا قەتئىي قارشى ئىدى. ئۇ ناھايىتى يىراقنى كۆرەتتى. شۇڭا، سىۋاستىن ئىستانبۇلدىكى مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنى قوللاۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا بىر پارچە مەكتۇپ يوللىدى. مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«جانابلارنىڭ ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا مىللەت مەجلىسى ئىستانبۇلدا ئېچىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ. ئانتانتا دۆلەتلەر مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن بىرلىكتە مەجلىسنى ئۆزىنىڭ نازارىتى ئاستىغا ئالماقچى ھەم ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان ھېلىقى قارارلارنى ئۇنىڭغا مەجبۇرىي تاڭماقچى. ناۋادا مەجلىس

www.uyghurkitap.com

ئۆز ئەركىنلىكىنى قوغداشنى ئازراق ئاشكارا قىلىدىغانلا بولسا، ئۇنداقتا ئۇ جەزمەن توپ يېمى قىلىنىپ ئوققا تۇتۇلىدۇ ياكى تارقىتىۋېتىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا خەلق ئۆزىنىڭ ھازىرقى بار بولغان تەشكىلاتلىرىنى قوغداپ ھەم ئۇنىڭغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان ھەرىكەتلەرگە بىرلىكتە قارشى تۇرماي بولمايدۇ.»

ئەپسۇسكى، مەيلى مۇستاپا كامالنىڭ ئىستانبۇلدىكى ھىمايىچىلىرى بولسۇن ياكى مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاناتولىيىلىك پائالىيەتچىلەر بولسۇن، بۇ مەسىلىدە مۇستاپا كامالنى قوللىمىدى. مىللەت مەجلىسى ئاخىرىدا ئىستانبۇلدا ئېچىلىدىغان بولدى.

مۇستاپا كاماللار سايلام ئۆتكۈزۈپ ئىستانبۇلدىكى مىللەت مەجلىسىگە قاتنىشىدىغان ۋەكىلنى سايلاپ چىقتى، بۇ ۋەكىل يەنىلا مۇستاپا كامال بولدى. ئەمما، ئۇ ئىستانبۇلغا بېرىشنى قەتئىي رەت قىلدى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ 1919 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ سىۋاستىن ئەنقەرەگە يۆتكەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەنقەرە ۋەكىللەر كومىتېتىنىڭ باش شتابى ھەم مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. ئىستانبۇل بىلەن ئاناتولىيە ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق بىرقانچە ئاي داۋاملاشتى.

1920 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، يەنى يانۋارنىڭ 20 ـ كۈنى ئوسمانلىلارنىڭ مەجلىسى ئىستانبۇلدا رەسمىي ئۆتكۈزۈلدى كامالىزمچىلار ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلار مەجلىستە مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىدى. يېڭىدىن سايلانغان مەجلىس ئەزالىرى ئىچىدە ئاناتولىيىدىن كەلگەن مىللەتپەرۋەرلەر، جۈملىدىن ھۈسەين رائوف بەي قاتارلىقلار بار ئىدى. 28 ـ يانۋار كۈنى، مەجلىس ئارزۇرۇم ۋە سىۋاس خىتابنامىسى ئاساسىدىكى مىللىي ئەھدىنامىنى، يەنى «مىللىي مىساك» نى ماقۇللىدى. بۇنىڭ بىلەن تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكى ۋە مىللىي مۇستەقىللىقنىڭ ئاسا-

سىي تەلەپلىرى ئورۇندالدى. «مىللىي مىساك» ئارزۇرۇم ۋە سىۋاس قۇرۇلتىيى ئېلان قىلغان تۆرلۈك پرىنسىپلارنى مۇقىم-لاشتۇرۇپ، ھەيۋەتلىك تۈركىيە مىللىي مۇستەقىللىق خىتابنا-مىسى شەكلىدە ئېتىراپ قىلىنىپ، مىللىي ئازادلىق كۆرىشىنىڭ بايرىقى بولۇپ قالدى.

«مىللىي مىساك» يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى ئاساسىدا ئۆز ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەش يولى ئارقىلىق ئەرەبلەر ئولتۇرۇشلۇق جايلارنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىش تەكلىپىنى بەر-دى ھەمدە مۇشۇنداق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق غەربىي سىرىستىكى ۋە ئاناتولىيىنىڭ شەرقىدىكى ئۈچ شتاتنىڭ تەقدىرى-نى ھەل قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىستان-بۇل ۋە مەرمەر دېڭىزىنىڭ بىخەتەرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچ-رىماسلىقى ھەققىدىكى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دېڭىز بوغۇزى ھاۋا بوشلۇقىنىڭمۇ شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى. يىغىنچاق-لىغاندا، «مىللىي مىساك» نىڭ ئەڭ مۇھىم جېنى تۈركىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ھەققىدىكى بەلگىلىمىسى ئىدى.

مۇستاپا كامال ۋە «ۋەكىللەر كومىتېتى» ئەمدى ئەنقەرەدە بىراقلا ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتى. چۈنكى، ئىستانبۇلدا ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان بىر مەجلىسنىڭ بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەجلىسنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى ئاناتولى-يىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئورۇنغا ئىگە قىلغانىدى. ئۇلار تەشۋىقات ۋە نۇتۇقلىرى ئارقىلىق مۇستاپا كا-مالنى قوللاپلا قالماستىن، بەلكى ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ قورال-ياراغ ئىسكىلاتلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ئولجا ئالغان قورال-لارنى ئۇدۇللۇق ئاناتولىيىگە يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

ئانتانتا دۆلەتلەر بۇنىڭدىن چۆچۈپ تاقابىل تۇرۇش تەدبىر-لىرىنى قوللاندى. مارتنىڭ 3 ـ كۈنى، ئىچكى كابىنېت قايتا تەشكىللىنىپ، ئەلى رىزا پاشا ۋەزىپىسىدىن مەجبۇرىي ئىستېپا

بەرگۈزۈلدى. 8 ـ كۈنى، دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى سالىھ پاشا سادرازاملىققا تەيىنلەندى. ھۆكۈمەت تەركىبىدە كامالىزم تەرەپ‑دارلىرىدىن بولغان بىرقانچە نەپەر داڭلىق پائالىيەتچىلەر بار ئىدى. بۇلارنىڭ بۇنداق مۇھىم ئورۇنلاردا تۇرۇشى ئەنگلىيىلىك‑لەر بىلەن سۇلتاننى ئەنسىزلىككە سالدى. نەتىجىدە، ئانتانتا دۆلەتلەر ئالىي كومىتېتى ئىستانبۇلنى ئىشغال قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى.

1920 ـ يىلى 16 ـ مارت كۈنى، ئەنگلىيىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسىملىرى ئىستانبۇلدىن قۇرۇقلۇققا چىقىپ، تۈركلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا باستۇرۇپ كىردى. «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» ئەزالىرى ھەم باشقا مىللەتپەرۋەرلەرگە ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنى تۇتقۇن قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇق ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيىسى باش قوماندانى گېنېرال ۋىلسون تەرىپىدىن چۈشۈرۈلۈپ، پۈتكۈل ئىستانبۇلنىڭ ئىشغال قىلىن‑غانلىقىنى جاكارلىدى. ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئىستانبۇلدىكى ھۆ‑كۈمەت ئورگانلىرى، گازارمىلار، پوچتا ئىدارىسى، تېلېگراف ئىدارىسى قاتارلىق جايلارنى قامال قىلدى. شەھەردە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلۈپ، ئۆيمۇئۆي، كوچىمۇكوچا، بىنامۇبىنا ئاخ‑تۇرۇشلار نەتىجىسىدە، ھۈسەيىن رائوف قاتارلىق 150 نەپەر كى‑شى قولغا ئېلىندى، بۇلارنىڭ ئىچىدىن 10 نەپىرى مەجلىس ئەزاسى ئىدى. ناھايىتى ئاز بىر قىسىم مەجلىس ئەزالىرى مىڭ‑بىر مۇشەققەتتە ئاناتولىيىگە قېچىپ كېلىۋالالىدى. قولغا ئېلىن‑غانلارنىڭ ھەممىسى مالتا ئارىلىغا پالىنىپ، ياندۇرقى يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاناتولىيىدە مىللەتپەرۋەرلەر تەرىپىدىن قولغا چۈشۈپ تۇرغاق قىلىنغان ئەنگلىيىلىك ئوفىتسېرلارنى قويۇپ بېرىدىغان چاغدا، ئاندىن ئەسىرلەر بىلەن ئالماشتۇرۇلدى.

مەجلىس ئەزالىرى تۇتقۇن قىلىنغان كۈنى، مۇستاپا كامال پۈتۈن دۇنيادىكى ھەرقايسى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنت، تاشقى

ئىشلار مىنىستىرلىقلىرىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تېلېگراممىا يوللاپ، بۇ ۋەقەگە نارازىلىق بىلدۈردى. 18 ـ كۈنى، ئىستانـ بۇلدىكى ئوسمانلى مەجلىسى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق مەجـ لىسنى ئاچتى. بۇ مەجلىستە مەجلىس ئەزالىرىنىڭ قولغا ئېلىنـ غانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بىر قارار ماقۇللاندى. شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزاققىچە مەجلىس ئېچىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا جاكارنامە ئېلان قىلىندى ۋە 23 كۈندىن كېيىن سۇلـ تاننىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى مەجلىسى تارـ قىتىۋېتىلدى.

1920 ـ يىلى ئاپرېلنىڭ 5 ـ كۈنى، سۇلتان قايتىدىن داماد فەرىد پاشانى يېڭىغا تارتىپ، ئۇنىڭ ئاۋۋالقى سادرازاملىق ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە ئەنگلىيىنى يۆلەنچۈك قىـ لىپ تۇرۇپ ئاناتولىيىگە قارشى ئاشكارا مەيدانغا ئۆتتى. ئاپرېلـ نىڭ 11 ـ كۈنى، شەيخۇلئىسلام دۈررىزادە ئابدۇللا ئەپەندى پەتىۋا چىقىرىپ، خەلىپىنىڭ يارلىقىغا ئاساسەن ئاسىيلارنى ئۆلـ تۈرۈش دىنىي مەجبۇرىيەت، دەپ جاكارلىدى. سادرازام داماد فەرىد ئېلان چىقىرىپ «يالغاندىن دۆلەت ۋەكىلى بولۇۋالغان» كىشىلەرنى ئەيىبلىدى، ئارقىدىنلا سىپتەبىردىن بۇيان مىللەتپەرـ ۋەرلەرگە ئىنچىل قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان شىركاشىنلىق ژاندـ دارما ئەنزەفەرگە «پاشا» ئۇنۋانىنى بەردى. ئاپرېلنىڭ 18 ـ كۈنى، «ئاسىيلارغا جازا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسى» دېگەن بىر مىللەتپەرۋەرلەرگە جازا يۈرۈشى قىلغۇچى ئەكسىيەتچى ئارمىيىنى تەشكىللىدى. ئەنزەفەرنىڭ لوكچەكلەردىن تەشكىللەنگەن بۇ «خەـ لىپە ئارمىيىسى» نى ئەنگلىيە ھەربىي پاراخوتلىرى ئاناتولىيىگە توشۇدى.

ئوسمانلى مەجلىسىنىڭ تارقىتىۋېتىلىشى ۋە ئىستانبۇلنىڭ ئىشغال قىلىنىشى مۇستاپا كاماللارنىڭ سۇلتان ھۆكۈمىتى بىلەن «تىنچلىق» تا بىللە تۇرغان ۋاقتىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئىستانبۇل

www.uyghurkitap.com

ئەمدى ئاناتولىيىگە ئاشكارا ئۇرۇش ئېلان قىلدى، ئاناتولىيىمۇ شەكىل جەھەتتىن سۇلتان ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلمىدى.

مۇستاپا كامال ناھايىتى مۇھىم بىر يىغىننىڭ ئېچىلىشى توغرىسىدا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇش قىلىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەنقەرەدە يىغىن چاقىرىپ ئۆزلىرىچە خائىنلىق ھەم ۋەتەن ساتقۇچلۇق بولۇش ئېھتىمالى بار، دەپ قارىغان ھەممە قەدەم - باسقۇچلارنى رەت قىلدى، ئەكسىچە بارلىق چارە - ئامالLARنى قوللىنىپ قانۇنلۇق پائالىيىتىنى داۋام-لاشتۇرۇشتا چىڭ تۇردى. مۇستاپا كامالنىڭ ئەنقەرەدە ئاچقان بۇ مەجلىسى «TBMM» (تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى) دەپ ئاتالدى، بۇ 1920 - يىلى ئاپرېلنىڭ 23 - كۈندىكى ئىش ئىدى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئىستانبۇلدىن قېچىپ كەلگەن مەجلىس ئەزالىرى ۋە ئاناتولىيىدىن قوشۇلغان ھەرقايسى جايلار-دىكى ھوقۇقنى قوغداش جەمئىيىتىنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، مەج-لىستە مۇستاپا كامال تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسىنىڭ رەئى-سى بولۇپ سايلاندى. مىللەت مەجلىسى ئىستانبۇل ئىشغال قى-لىنغاندىن كېيىنكى سۇلتان ۋە ئىچكى كابىنېت تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەمىر - پەرمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردەك ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاناتولىيىدە بىر مىللىي ھاكىمىيەت بار-لىققا كەلدى. 1920 - يىلى ئاپرېلنىڭ 26 - كۈنى، مۇستاپا كامال لېنىنغا مەكتۇپ يوللاپ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنى-تىشنى مۇراجىئەت قىلدى ھەمدە ئىنقىلابىي تۈركلەرنىڭ جاھان-گىرلىككە قارشى كۈرىشىگە ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈندى. بۇ يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ سوۋېت رۇسىيىسىگە ئەۋەتكەن مۇراجىئەتنامىسى تارىختا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى دىپلوماتىك ھۆججىتى بولۇپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئەنقەرە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى موسكۋاغا يۈرۈپ كەتتى.

مىللەتپەرۋەرلەر ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىمپېرىيىنىڭ سۇل-
تانى ۋە ئىسلام خەلىپىسى مۇھەممەد VI (ۋاھىدەددىن) گە بولغان
ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ، كۆپ قېتىم ئۇنى دۈشمەننىڭ ئىسكەنجى-
سىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشنى كۆزدە تۇتۇپ كۆپ ئىزدەنگەن
بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق ئىمكانىيەتلەرنىڭ ھەممىسى يوققا چىق-
تى. ئەمدى «تەخىر قىلىشنىڭمۇ چېكى بار» دېگەندەك، ئۇلار
ئىستانبۇل ھۆكۈمىتىگە قايتۇرما زەربە بېرىشكە تەييارلاندى.
ماينىڭ 3 ـ ۋە 4 ـ كۈنلىرى تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى
ۋەزىرلەر مەجلىسى تەسىس قىلدى ھەمدە ئەنقەرەنىڭ شەيخۇلئىس-
لامى بولىكچىزادە مۇھەممەد رىفاد ئەپەندى «TBMM» نامىدا
ئاناتولىيىدىكى 152 نەپەر دىنىي زاتنىڭ بىردەك گۇۋاھلىق بې-
رىپ ماقۇللىشى بىلەن ئىسلام دۇنياسىغا بىر خىتابنامە چىقى-
رىپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا چىقىرىلغان پەتىۋالار-
نىڭ قەتئىي كۈچكە ئىگە بولمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. خىتابنا-
مىدە پۈتكۈل مۇسۇلمانلاردىن «ئۆزلىرىنىڭ خەلىپىسىنى باشقىلا-
نىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىرىش» مۇراجىئەت قى-
لىندى، بۇ تىرىشچانلىقلارمۇ بىكارغا كەتتى. ماينىڭ 11 ـ كۈنى
ئىستانبۇل ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان نەمروت مۇستاپا باش-
چىلىقىدىكى ھەربىي سوت مەھكىمىسى مۇستاپا كامال ۋە مىللەت-
پەرۋەرلەرنىڭ باشقا داھىيلىرى ئۈستىدىن ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم
قىلىپ، ئاناتولىيىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى «ئىسيان»
دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى
بارلىق دىنىي، سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ،
ئاناتولىيىدە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان مىللىي ھاكىمىيەتكە چىش-
تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىشقا باشلىدى.

1920 ـ يىلى 19 ـ ماي كۈنى، يەنى مۇستاپا كامالنىڭ
ئىستانبۇلدىن سامسون ئارقىلىق ئاناتولىيە چوڭ قۇرۇقلۇقىغا
قەدەم باسقانلىقىغا توپتوغرا بىر يىلغا توشقان كۈنى، تۈركىيە

www.uyghurkitap.com

بۈيۈك مىللەت مەجلىسى مەخسۇس قارار ماقۇللاپ، داماد فەرىد پاشانى مىللەتنىڭ خائىنى دەپ جاكارلىدى. ئەپسۇس، بۇ تەدبىر ۋە قارشىلىقلار سۇلتان (خەلىپە)، سادرازام دېگەنگە ئوخشاش تارىخى ئۆزۈن، ھۆرمەتكە سازاۋەر، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە قارىتا ئېيتقاندا، چەكلىك ئۈنۈمگە ئىگە ئىدى. شۇڭا، نۇرغۇن جايلاردا مىللەتپەرۋەرلەرگە قارشى قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلۈپ، تۇرلۇك غەيرىي مۇنتىزىم ئارمىيىلەر ئىستانبۇل دائىرىلىرىنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە كۈشكۈرتۈشى ئارقىسىدا ئۆزۈلمەي پاراكەندىچىلىك سېلىشقا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن مىللەتپەرۋەرلەر ئەنقەرە ئەتراپىدا ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى.

ھەربىي جەھەتتە، ئەسلىدە گرېكلار، ئەرمەنلەر ۋە فرانسۇزلار تەرىپىدىن قىلتاقتا ئىلىنىپ تۇرغان مىللەتپەرۋەرلەرنىڭ ئەمدىلىكتە يەنە «خەلىپە ئارمىيىسى» نىڭ ھۇجۇمى ۋە قارشىلىقىغا دۇچ كېلىشى ئۇلارنىڭ ۋەزىيىتىنى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئەمما، 1920 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 1921 - يىلدىكى ۋەزىيەت ئۇلارغا سەل - پەل قولايلىق بولۇش تەرىپىگە قاراپ مېڭىشقا شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

سېۋر كېلىشىمنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى تۈركىيىدە خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ كېلىشىمنامىنى قوبۇل قىلغان ھاكىمىيەتكە بولغان قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. بۇ مۇستاپا كامالنىڭ مۇۋاپىق سۆھبەت ئارقىلىق ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت بەردى. ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن داماد فەرىد پاشا ئاخىر ئىستانبۇلدا 1920- يىلى 17 - ئۆكتەبىر كۈنى سادرازاملىقتىن ئاخىرقى قېتىم ئىستېپا بېرىپ ۋەزىپىسىنى تەۋپىق پاشاغا تاپشۇردى. ئەنقەرەدە ۋەزىرلەر 1921 - يىلى 1 - ئايدا فەۋزى (چاقماق) پاشانى رەئىسلىككە سايلىدى. ئۇ 1920- يىلى ئاپرېلدا ئوسمانلى

ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرلىكىدىن ئىستېپا بې-
رىپ، مىللەتپەرۋەرلەر سېپىگە قوشۇلغان گېنېرال ئىدى. مانا
بۇ چاغدا گرېكلەرگە قارشى كۇرەشنىڭ تەرەققىياتى ئەنقەرە هاكى-
مىيىتىنى مىللىي ئىشلار بىلەن بىرلەشتۇرۇۋەتتى. ئەمدى تۇر-
كىيىلىكلەرنىڭ نەزەرىدىن ئەڭ قاتتىق چۇشكۇچىلەر ئەنقەرە ها-
كىمىيىتىگە قارشى چىققۇچىلار بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باب

# ساكاريا دەرياسى بويىدىكى جەڭ

1920 ـ يىلى ئاپرېلنىڭ ئاخىرىدا، ئانتانتا دۆلەتلەر سان رېمودا يىغىن ئېچىپ تۈركىيىنى بۆلۈشۈۋېلىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈشتى. ئىيۇن ۋە ئىيۇل ئايلىرىغا كەلگەندە، ئەنگلىيىنىڭ زور مىقداردىكى ئالتۇن ۋە قورال ـ ياراغلىرىغا ئېرىشكەن گرېتسىيە ئارمىيىسى تۈركىيىنىڭ 3 ـ چوڭ شەھىرى ئىزمىردىن يولغا چىقىپ، بالى كەسىر، بورسا ۋە باشقا شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىپ ئاناتولىيىنىڭ كىندىك رايونىغا بېسىپ كىردى، ئارقىدىن ئۇزاق ئۆتمەي يەنە سىرىسقا كىرىپ ئەدىرنەنى ئىشغال قىلدى.

مۇستاپا كامال بۈيۈك مىللەت مەجلىسىدە نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

«ئەپەندىلەر، ناۋادا دۆلىتىمىز زېمىنىنىڭ ئەللىكتىن بىر قىسمى ئەمەس، بەلكى ھەممىسى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچراپ، پۈتۈن مەملىكەت بىر ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بىز تاغقا چىقىپ كۈرەشنى شۇ يەردە داۋاملاشتۇرۇۋېرىمىز!»

ئانتانتا دۆلەتلەر مۇستاپا كامالنىڭ قارشىلىقىنى ئانچە ئۇزاققا بارمايدۇ، دەپ ئويلاشتى. ئىمپېرىيە ئارمىيىسى قىسقا مۇددەت قارشىلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن تەسلىم بولدى. ئاۋغۇستىنىڭ 10 ـ كۈنى، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، بېلگىيە، گرېتسىيە، ھىجاز، پولشا، پورتوگالىيە، رۇمىنىيە، يۇگوسلاۋىيە، چېخ ـ سلوۋاكىيە ۋە ئەرمىنىيىدىكى داشناق پارتى-

يىسىنىڭ باشلىقلىرى پارىژنىڭ يېنىدىكى سېۋر دېگەن يەردە يىغىن ئېچىپ، تۈركىيىنى بۆلۈشۈۋېلىشنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىنغا يالغۇز تۈركىيە بىر تەرەپ بولۇپ قاتناشتى. 12 ـ كۈنى «سېۋر شەرتنامىسى» ئىمزالاندى.

سېۋر شەرتنامىسى 13 چوڭ بۆلۈمگە ئايرىلغان بولۇپ، ھەربىر بۆلۈملىرى يەنە مۇناسىۋەتلىك باب، ماددىلارغا بۆلۈنگەن، جەمئىي 433 ماددا ئىدى. ئۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، تۈركىيە ئۆزدنىڭ ياۋروپادىكى زېمىنلىرىدىن مەھرۇم قېلىشى، ئىستانبۇل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىككىنە بىر جايغىلا ئىگىدارچىلىق قىلىشى، يەنە ئاسىيادىكى كەڭ كەتكەن ئەرەب زېمىنلىرىدىنمۇ قۇرۇق قېلىشى لازىم ئىدى. كىلىكىيە بىلەن سۈرىيە چېگرىسى بويلىرىدىكى كەڭ كەتكەن بىپايان زېمىنلار فرانسىيىگە، مۇسۇل بولسا ئەنگلىيىگە بېرىلەتتى.

شەرتنامىنىڭ «سىياسىي ماددا» سىغا كۆرە، ئاتانتا دۆلەتلەر يەنە ئىستانبۇلنى قايتۇرۇۋېلىشقىمۇ ھوقۇقلۇق ئىدى. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى بولۇپ تۇرغان بۇ شەھەر شەرتنامىنىڭ باشقا ماددىلىرىنى شەرتسىز ئىجرا قىلغان ئەھۋالدا ئاندىن تۈركلەرگە تەۋە بولاتتى، بولمىسا قولدىن كېتەتتى. شەرتنامىدە، دېڭىز بوغۇزى رايونى پەۋقۇلئاددە خەلقئارا دېڭىز بوغۇزى كومىتېتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ، بوسفور، مەرمەر، ۋە داردانېل بوغۇزىنىڭ سۇ تەۋەلىكى ۋە ساھىل تەۋەلىكىگە ئۇلار نازارەتچىلىك قىلىدۇ، بايراقلىرىنى قادايدۇ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ئوفىتسېر، ساقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، دېيىلگەندى.

سېۋر شەرتنامىسىگە ئاساسلانغاندا، ئىزمىر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كەڭ كەتكەن رايونلار ئالاھىدە رايون قىلىپ بېكىتىلىپ شەكىلدە تۈركىيىگە، ئەمەلىيەتتە گرېتسىيىگە تەۋە بولاتتى، ئوسمانلىلار بايرىقىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى بىر قەلئە

www.uyghurkitap.com

ئۇستىدە قاداقلىق تۇرۇشغا رۇخسەت قىلىنىپ، بەش يىلدىن كېيىن ئىزمىر پۇتۇنلەي گرېتسىيە پادىشاھلىقىغا قوشۇۋېتىلەتتى. كىچىك ئاسىيانىڭ شەرقىدە كوردلارنىڭ مۇستەقىل بىر دۆلىتى قۇرۇلاتتى، بۇنى تۈركىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر ئۆزلىرى تەشكىللەيتتى. ئار زۇرۇم، ترابزۇن، ۋان كۆلى، بىتلىس قاتارلىق ئۆلكىلەر داشناق پارتىيىسىدىكى ئەرمىنىيىگە قوشۇۋېتىلەتتى. تۈركىيىنىڭ بۇ جايلاردىكى چېگرا پاسىللىرىنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ھۆكۈم قىلىپ بېكىتىپ بېرەتتى. قىسقىسى، ئانتانتا دۆلەتلەر تۈركىيىگە پەقەت ئەنقەرە بىلەن قارا دېڭىز ئارىلىقىدىكى كىچىككىنە بىر جاينى قالدۇرغان بولۇپ، بۇ جاي تەبىئىي بايلىقى، سانائىتى ۋە قاتناش- ترانسپورت ئىشلىرى راۋاجلانمىغان قالاق يەر ئىدى. بۇ جايدا ئەقەللىيسى تۈركلەرنىڭ مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن ھېچقانداق نەرسە تېپىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەنە باشقىلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىناتتى.

شەرتنامىگە ئاساسلانغاندا، تۈركىيە قورالسىزلاندۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا سۇلتاننى قوغداش ئۈچۈن 700 كىشىلىك بىر مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى، 50 مىڭ ئادىمى بار بىر ژاندارما ئەترەت، قوماندانلىق شتاب، ئوفىتسېرلار، ھەربىي مەكتەپ خادىملىرى ۋە جەڭ قىلمايدىغان خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئالاھىدە ھەرىكەت ئارمىيىسى شۇنداقلا يەتتە كىچىك كاتېر بىلەن ئالتە تورپېدالىق كېمىدىن تۈزۈلگەن بىر فىلوت ساقلاش ھوقۇقى بېرىلگەنىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيىدىن تەشكىللەنگەن بىر پەۋقۇلئاددە مالىيە كومىتېتى قۇرۇلۇپ، تۈركىيىنىڭ خامچوتلىرىنى شۇلار تەستىقلايدىغان ھەم خامچوتنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، مالىيە قائىدىلىرى ۋە نىزاملىرىغا ئەمەل قىلىش ئەھۋاللىرى ئۈستىدىن شۇ ئورگان تەپتىش قىلىدىغان قىلىپ

بېكىتىلدى.

يىغىنچاقلىغاندا، سېۋر شەرتنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەر ناھايىتى شەپقەتسىز بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساسلانغاندا تۈركىيە ئۈزۈل-كېسىل يوقۇلۇپ كېتىشى لازىم ئىدى. شۇڭا، تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى دەرھال قارار ماقۇللاپ سېۋر شەرتنامىسى ئىمزالانغان كۈننى دۆلەتنىڭ نۇمۇس كۈنى قىلىپ بېكىتتى، بۇ چاغدا پۈتۈن تۈركىيە ماتەمگە چۆمدى، شۇ كۈنى نەشىردىن چىققان گېزىتلەرگە قارا ماتەم سىزىقى سىزىلدى، ئويۇنخانا، تىياتىرخانىلار تاقالدى، خەلق قاتتىق ھاقارەت ۋە ئېغىر مۇسىبەتكە مۇپتىلا بولدى. سودىگەرلەر سودىسىنى توختاتتى، مۇسۇلمانلار نامازلىرىدا خۇداغا نالە قىلىشتى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ كۆڭلىدە بۇ ناھايىتى ئاسان ئويۇنىغىلى بولىدىغان بىر ئويۇن ئىدى، فرانسىيە سىياسىئونلىرى بۇنىڭغا بىر خىل ئەندىشە بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. تۈركىيە مەسىلىسىدە ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ ئىختىلاپى خېلى چوڭ ئىدى. «مۇندوروس مۇتارىكەسى» ۋاقتىدا ئىنگلىزلار يېقىن شەرقتە ناھايىتى نۇرغۇن جايلارغا ئىگە بولۇۋالغان بولۇپ، فرانسىيە بۇنىڭغا ھەسەت قىلاتتى. يەنە كېلىپ، بۇ قېتىمقى ئىنگلىزلارنىڭ تۈركىيىنى بۆلۈشۈۋېلىش پىلانى ۋە مۇستاپا كامالغا قوللانغان تەدبىرلىرى فرانسىيىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. بارلىق جاھانگىر دۆلەتلەر ئىچىدە فرانسىيىنىڭ تۈركىيىگە سالغان مەبلىغى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئوسمانلىلارنىڭ قەرز سوممىسىدا 60% نى ئىگىلەيتتى. تۈركىيە فرانسىيىگە 20 مىليارد ئالتۇن فرانك قەرز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيىنىڭ ئاناتولىيىدە قوزغىغان «ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئۇرۇشى» دا، فرانسىيىنىڭ تۈركىيىدىكى سانائەت، تۆمۈريول، جامائەت ئەسلىھەلىرى، سودا، بانكىلارغا سالغان مەبلىغى، بەش مىليارد فرانك بىلەن ياسالغان تۆمۈريول، كارخانا ھەم مەبلەغ سېلىش

www.uyghurkitap.com

بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلگەن يەر - زېمىنلىرى ھەركۈنى دېگۈدەك
زىيانغا ئۇچراپ تۇراتتى. ئىزمىرنىڭ گرېكلەرگە بۆلۈپ بېرىلد-
ىشىنى فرانسۇزلار ئۆزلىرىنىڭ نەرسىسىنى باشقىلارغا ئوغرىلد-
ىتىپ قويغانلىق، دەپ قارايتتى.

شۇڭا، سېۋر شەرتنامىسىنىڭ سىياھى تېخى قۇرۇماي تۇ-
رۇپلا، فرانسىيە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىر-
گۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. كىلىكىيە ۋە ئىستانبۇلدا تۇرۇۋاتقان
فرانسىيە ئارمىيىسىدىن ھەر كۈنلۈكى دېگۈدەك ھەر خىل شەكىلد-
ىكى فرانسۇز ئەمەلدارلىرى ئەنقەرەنى زىيارەت قىلىپ مۇستاپا
كامالغا ھېسداشلىق قىلىشقا باشلىدى.

ئىتالىيىمۇ ئەنگلىيىنىڭ سىياسىتىگە نارازى ئىدى. پرىند-
ىسىپ جەھەتتە ئۇلار ئاناتولىيىنى بۆلۈشۈۋېلىشكە قارشى ئەمەس
ئىدى. ئەمما، ئىزمىر مەسىلىسىدە ئۇلارنىڭ ئەندىشىسى كۆپرەك
ئىدى. چۈنكى، شەرتنامىدە ئىزمىر ئىتالىيىگە بېرىلىدۇ دېيىل-
گىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ گرېتسىيىنىڭ بولۇپ بولغانىدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىتالىيە ياۋروپادا بىزگە ئاز زېمىن تېگىپ قال-
دى، دەپ ئەنگلىيىدىن ئاغرىناتتى. شۇڭا، ئىتالىيىنىڭ ئاناتو-
لىيىنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتىلگەن قوماندانلىرى ھەم ئىستانبۇل-
دا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى ھە دېسىلا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەنگ-
لىيىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ تۇراتتى. ئەمدى ئىتالىيىلىكلەر قو-
رال- ياراغلىرىنى مۇستاپا كامالغا سېتىپ بېرىشكە باشلىدى، بۇ
قورال - ياراغلار بولسا گرېك ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇش
ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى.

ئاتانتا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆز زىددىيەتلىرى-
دىن باشقا، يەنە ئەنگلىيە ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ كۈچلۈك
قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. ئاتانتا دۆلەتلەرنىڭ ئاناتولىيىگە ۋە
خەلىپىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى ئىستانبۇلغا ھۇجۇم قىلىشى ھەر
قايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇستاپا كامالغا بولغان كۈچلۈك

ھېسداشلىقىنى قوزغىدى. ھىندىستان، مىسىر، شىمالىي ئافرىقا
ئىئانە توپلاپ ئاناتولىيىگە ماڭدۇردى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ
تۈركىيىگە قارشى تۇرۇش سىياسىتى ھىندىستاندىكى ھىندى دىنى
مۇرتلىرى بىلەن ئىسلام دىنى مۇرتلىرىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى
ئىتتىپاقىنى ئىلگىرى سۈردى. ئەنگلىيىنىڭ تۈركىيىگە قارشى
ئەۋەتكەن ھىندىستان ئارمىيىسى ئاناتولىيىدە بارغانسېرى ئىشەن-
چىسىز بولۇپ قالدى، بىر قېتىم ئەنگلىيە بىلەن گرېتسىيە
ئارمىيىسى تۈركىيىنىڭ بىر كىچىكرەك شەھىرىنى ئىشغال قىل-
غاندا، ھىندى ئەسكەرلىرى كېچىسى تۈرك ئەسكەرلىرىگە ئە-
مەس، بەلكى گرېك ئەسكەرلىرىگە قارىتىپ ئوق ياغدۇردى. بۇنى
ئۇلار كېيىن ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قاپتۇ، دەپ چۈشەندۈردى.

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ نەزەرىدە ئەنقەرە بۇ چاغدا
ئىككىنچى مەككە ئىدى. ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىنىڭ ۋەكىللى-
رى بۇ چاغدا تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئاناتولىيىگە كېلىشكە باشلى-
دى. ئۇلار ئاناتولىيىنى ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشنىڭ
مەركىزى دەپ قارايتتى. ئافغانىستان پادىشاھى ئامانۇللاخان
مۇستاپا كامالغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ كۈرەش قىلىۋاتقان تۈركلەرگە
بولغان ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈپ، تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەج-
لىسىدىن بىر ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ، ئافغانىستان
ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.
چوڭ ئىشان ئىدرىس ئىبنى مەھدى سەنۇشى ئافرىقىدىكى يىراق
لىۋىيىدىن ئەنقەرەگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى
يۈكسەك ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ، مۇستاپا كامال تۈركىيىسى
ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بۇ ناھايىتى زور
كۈچ ئىدى. ئىراق، ئەرەب قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ داھىيلىرى
بايانناملار ئېلان قىلىپ يېڭى تۈركىيىنى قوللايدىغانلىقىنى بىل-
دۈرۈشتى. نەجىدنىڭ سۇلتانى ئىبنى سەئۇدى تۈركىيىنىڭ يە-
مەندىكى ۋەكىلىگە مەكتۇپ يوللاپ مۇستاپا كامال پاشانى تەبرىك-

لىدى ۋە ئۇنىڭغا ئاتاپ چوڭ بىر تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۇيۇش-
تۇردى.
1920 ـ يىلى 2 ـ ئىيۇندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى
بۈيۈك مىللەت مەجلىسىگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ كۈرىشى-
نى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
ئوقۇغۇچىلىرى لېنىنغا نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى بېرىشنى تەلەپ
قىلىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشىگە
ئاناتولىيىدىكى گېزىتلەر خەۋەرلەر باستى، بەزى جايلاردىكى يەر-
لىك گېزىتلەر «لېنىن ئىنسانىيەتنىڭ پەخرى»، «لېنىن دۇنيا-
نىڭ قۇياشى ۋە شان ـ شۆھرىتى» سەرلەۋھىلىك ماقالىلەرنى
ئېلان قىلدى.
مۇستاپا كامالغا كېلىۋاتقان ياردەم ۋە رىغبەتلەندۈرۈشلەر
شۇنداق كۆپ بولسىمۇ، تۈركىيە يەنىلا ئېغىر ئەھۋالدا ئىدى.
ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى تۆت تەرەپتىن چۇمۇلىدەك ئولىشىپ چىقىپ
ئاناتولىيىنى قورشىدى. گرېتسىيە ئارمىيىسى غەربىي تەرەپتىن
ھۇجۇم باشلاپ شەرقىي سىرىسنى ئىشغال قىلدى، ئىتالىيە قو-
شۇنلىرى ئەنتالىيىگە كىردى. داشناق پارتىيىسىدىكى ئەرمەنلەر
شەرقتە غەلىيان كۆتۈردى. ئەنگلىيە ـ گرېتسىيە فلوتلىرى قارا
دېڭىز بويلىرىنى قامال قىلدى. فرانسىيە ئارمىيىسىنى ئاساسىي
گەۋدە قىلغان ئىككى ئانتانتا دۆلەتلەر بىرلەشمە ئارمىيىسى ئىس-
تانبۇل بىلەن دېڭىز بوغۇزى رايونلىرىنى ئىشغال قىلدى. تۈر-
كىيىنىڭ ياۋروپا قىسمى پۈتۈنلەي ئىشغالىيەتچى ئارمىيىنىڭ
قولىغا ئۆتتى.
بۇ ۋاقىتتا، تۈركىيىدە ئالدىنقى كاۋكاز ئۇرۇش فرونتىدىكى
قىسىملاردىن باشقا، كونا ئارمىيىنىڭ ھەممىسى تارقىتىۋېتىلگەن
بولۇپ، ئاناتولىيىدە مۇنتىزىم ئارمىيە تېخى يوق ئىدى. دېھقانلا-
ردىن تەشكىللەنگەن پارتىزانلار «خەلىپە» باندىتلىرىنى ئوڭاي
تازىلىيالىغان بىلەن، زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان ئەنگ-

لىيە باشچىلىقىدىكى گرېتسىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل
تۇرالمايتتى. گرېتسىيە ئارمىيىسى ئەسكىرىي كۈچى، تېخنىكا
ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇش جەھەتلەردە تۈركلەردىن كۆپ ئۈستۈنلۈككە
ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۆمۈريول لىنىيىلىرىنىڭ ھەممى-
سىنى ئىشغالىيەتچى ئارمىيە ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالغا-
نىدى. ئاناتولىيىدىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى ئىككى كالا قو-
شۇلىدىغان كۆتەك ھارۋا بولۇپ، بۇ ھارۋىلار ئاناتولىيىنىڭ كاتاڭ
ۋە پاتقاقلىق يوللىرىدا يىراق- يىراقلاردىن ئالدىنقى سەپكە ئوق-
دورىلارنى توشۇيتتى. بۇ چاغدىكى ئوق - دورا، قورال - ياراغلار
ناھايىتى كەمچىل بولۇپ، بار دېيىلگەنلىرىمۇ دۇنيا ئۇرۇشىدىن
قېپقالغان ئاز بىر قىسىم قالدۇق نەرسىلەر ئىدى. بىر بۆلۈك
ئوق - دورىلارنى پارتىزانلار ئىشغالىيەتچى قوشۇنلارنىڭ ئوق-
دورا ئىسكىلاتلىرىدىن ئولجا ئېلىپ ئەكىلەتتى، يەنە بىر بۆلۈك-
لىرىنى ئىستانبۇللۇق ۋەتەنپەرۋەرلەر ئەۋەتەتتى، يەنە بىر بۆلۈك-
لىرى چەت ئەلدىن سېتىۋېلىنغانىدى. بۇ ۋاقىتتىكى تۈركىيىنىڭ
دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇغدىلىپ قالغان بولۇپ، ھەممىلا جايدا
ئاچارچىلىق، ۋەيرانچىلىقلار ھۆكۈم سۈرەتتى.

بۇ ۋاقىتتا، ئاناتولىيىدە بىر قىزغىنلىق كەيپىياتى ئۆزلۈ-
كىدىنلا مەيدانغا كەلدى. يېڭى پىدائىيلار پارتىزانلارغا قوشۇلدى،
ئاياللار بالىلىرىنى ئۆشنىسىگە تېڭىۋېلىپ، كالا ھارۋىسى بىلەن
ئالدىنقى سەپكە ئوق - دورىلار توشىدى، جەڭگاھتا ئەر جەڭچىلەر
بىلەن بىللە جەڭ قىلدى، زەمبىرەك ئوقلىرىنى مۆرىلىرىگە ئې-
لىپ كۆتۈردى، قورال يېتىشمىسە ئوۋ مىلتىقلىرى بىلەن دۈش-
مەنلەرنى ئاتتى. ئىشچىلار مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنى بارلىق
كۈچى بىلەن قوللىدى. ئالدىنقى سەپكە بېرىپ جەڭگە قاتناشتى،
يەرلىك ئاددىي قورال - ياراغ زاۋۇتلىرىدا زەمبىرەك ئوقلىرىنى
ياسىدى ۋە تۈرلۈك خېيىمخەتەرلەرگە قارىماي، ئوق - دورىلارنى
ئاناتولىيىگە مەخپىي توشىدى. ئاناتولىيىنىڭ قارا دېڭىز قىرغى-

قىدىكى ھەرقايسى پورتلارنىڭ پرىستان ئىشچىلىرى ئاناتولىيىگە قورال- ياراغلار توشۇيدىغان ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ قالدى.

مىللىي ئازادلىق كۈرىشى دولقۇنىنىڭ تازا ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، مۇستاپا سۇبھىنىڭ باشچىلىقىدا تۈركىيە كوممۇنىست- لار پارتىيىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كوممۇنىزم گۇرۇپپىسى 1918 — 1919 - يىللىرى رۇسىيىدە مەيدانغا كەلگەن ئىدى. تۈركىيە كومپارتىيىسى ناھايىتى ئاجىز بىر تەش- كىلات بولۇپ، ئۇنىڭغا قاتناشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇششاق بۇر- ژۇئازىيە ۋەكىللىرى ئىدى. مۇستاپا كامال بۇ پارتىيىگە ئانچە قىزىقمىدى، چۈنكى ئۇ بۇنىڭغا باشقىچە بىر قاراشتا ئىدى①. ئۇ ئۆزىنى قوللاۋاتقان لېنىننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن باش- قىچە ئۇسۇل قوللىنىپ، بۇرۇنقى «ئىتتىھات ۋە تەرەققىي» ئەزا- لىرى بىلەن بىر قىسىم مۇسۇلمان مۇجاھىدلىرىدىن بىر «كومپار- تىيە» تەشكىل قىلدى. ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تۈركىيىدىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ تۇراتتى. غەربىي ياۋروپادىكى جاھانگىر دۆلەتلەر مۇستاپا كامالنىڭ بۇ ئىچكى سىياسىتىنى ناھايىتى تېزلا بىلىۋالدى ھەم ئۇنى يېتىم قالدۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئەمما، مۇستاپا كامال سوۋېت رۇسىيىسىگىمۇ، غەرب جاھانگىرلىكىگىمۇ ئاغمايتتى. فرانسىيىلىكلەر ئۇنى بولشېۋىكلا- ردىن ئالاقىسىنى تېزرەك ئۈزسە دەيتتى، ئەنگلىيىلىكلەر قورال- لىق مۇداخىلىسىنىڭ بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق ئىشقا ئېشىشى- نى ئارزۇ قىلاتتى.

1920 - يىلى سېنتەبىردە، ئەنگلىيىنىڭ قول چومىقى

---

① مۇستاپا سۇبھى — تۈركىيىلىك سوتسىئولوگ، ئىستانبۇل ۋە پارىژلاردا ئوقۇغان. 1908 - يىلى مۇخبىر بولغان. 1910- يىلى ئوسمانلى سوتسىيالىزمچىلار ئارمىيىسىگە قاتناشقان ھەم سۇلتان ھۆكۈمىتىگە مۇخالىپ يول تۇتقاچقا تۈرمىگە تاشلانغان. 1914 - يىلى رۇسىيىگە قېچىپ بارغان. 1917 - يىلى رۇسىيە كومپارتىيىسىگە ئەزا بولغان، 1918 - يىلى رۇسىيىدە تۈركىيىلىك ئەسىرلەردىن تۇنجى تۈرك كوممۇنىزم گۇرۇپپىسى قۇرغان. 1921 - يىلى 1 - ئايدا تۈركىيە كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرى بىلەن بىللە ۋەتىنىگە ئەۋەتىلگەن. ئۇلار تىرانىزۇنغا كىرىشى بىلەن تەڭ يەرلىك ساقچىلار تەرىپىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

بولغان داشناق پارتىيىسى تۈركىيىگە قاتتىق ھەربىي ھەرىكەت قوللاندى. بۇ ئىش ئەرمەنلەرگە ئىنتايىن يامان ۋە ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت كەلتۈردى. گېنېرال كازىم قارا بەكر قوماندانلىقىدا يېڭىدىن بىر پەۋقۇلئاددە ئارمىيە تەشكىل قىلىنىپ، داشناق پارتىيىسىدىكى ئەرمەنلەرنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. گېنېرال كازىم قارا بەكرنىڭ ھەرىكىتى ھەرگىز يەككە - يېگانە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىي ھەرىكىتى باشلىنىش بىلەن تەڭلا ئانتانتا دۆلەتلەر تۈركىيە بىلەن يارىشىشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، داشناق پارتىيىسىدىكىلەر پۈتۈنلەي بىتچىت قىلىۋېتىلدى. ئەرمەنلەر كۆپ قېتىم ئانتانتا دۆلەتلەردىن ياردەم سورىغان بولسىمۇ، ئۇلارغا ھېچكىم ياردەم بەرمىدى. داشناقلار 1920 - يىلى 2 - دېكابىر كونى تۈركىيە ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابى بىلەن ئالېكساندىر قەلئەسىدە كېلىشىم ئىمزالىدى. گېنېرال كازىم قارا بەكر قاتتىق قوللۇق ۋە زورلۇق ۋاسىتىسى بىلەن بۇ كېلىشىمگە ئېرىشتى.

داشناق پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنى ئىستراتېگىيە جەھەتتە بىر - بىرىگە ۋاقىتلىق يېقىنلاشتۇردى. بۇ ئىككى جاھانگىر دۆلەت مۇستاپا كامالغا تەسىر كۆرسەتمەكچى بولۇپ، ئىستانبۇل گۇرۇھىدىن ياردەم سورىدى.

1920 - يىلى ئۆكتەبىردە، تەۋپىق پاشا ھېچقانداق رولى قالمىغان داماد فەرىد پاشانىڭ ئورنىغا سادرازاملىققا تەيىنلەندى. ئۇ ئانتانتا دۆلەتلەر بىلەن ئەپ ئۆتەلەيدىغان، يەنە كېلىپ مۇستاپا كاماللارغىمۇ كۆپ ئاۋارىچىلىك سالمىغان بىر مۆتىدىل ئادەم بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ ھەر ئىككىلا تەرەپكە نىسبەتەن ئېيتقاندا خېلى ئىناۋەتلىك ئىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەۋپىق پاشا ئارقىلىق مۇستاپا كامالغا «تۈركىيىلىكلەر مىللىي كۆرەشنى توختىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزسىلا،

ئانتانتا دۆلەتلەر ئۇنىڭغا ناھايىتى زور دەرىجىدە يول قويىدۇ» دېگەن پىكرىنى يەتكۈزدى. ئىستانبۇل ھۆكۈمىتى ئەنقەرەگە ۋە-كىل ئەۋەتىپ، مۇستاپا كامال بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. جاھاڭ-گىرلارنىڭ گېزىتلىرى مۇستاپا كامالنىڭ ئانتانتا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىگە ئۆتۈ-شىنى دەۋەت قىلىپ ماقالىلەر ئېلان قىلىشتى.

تۈركىيىنىڭ ۋەزىيىتى قىل ئۈستىدە تۇراتتى. ئاناتولىيىدى-كى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى داۋاملىق ھالدا ئۆزىنىڭ جاھاڭ-گىرلارغا قارشى خاراكتېرىنى ساقلىشى كېرەكمۇ ياكى مىللىي ئازادلىق كۈرىشىدىن ۋاز كېچىپ، جاھانگىرلارغا بېقىنىش تەرە-پىگە ئېغىشى كېرەكمۇ؟ مانا بۇ مۇستاپا كامالنىڭ ئالدىغا قويۇل-غان كەسكىن مەسىلە ئىدى.

مۇستاپا كامال مىللىي ئازادلىق كۈرىشىدىن قەتئىي ۋاز كەچمىدى. ئىستانبۇل ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ئۇنىڭدىن ھېچنېمە ئۇندۇرەلمىدى، ئەكسىچە ئۇلار ئاناتولىيىدە ناھايىتى پاسسىپ كۈتۈۋېلىندى. مۇستاپا كامال ئۆزىنىڭ ئالدىغا سۇلتان تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ۋەزىرلەرنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئازراق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلدى. ئەمما، ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەردىكى ئانتانتىلارنىڭ مۇددىئاسىنى پۈ-تۈنلەي رەت قىلىپ، «مىللىي مىساق» دىكى پرىنسىپلاردا چىڭ تۇردى. ئىستانبۇل ۋەكىللىرى بۇ يەردە ئەسىرگە چۈشكەنلەرگە قىلىنىدىغان مۇئامىلىگە ئوخشاش مۇئامىلىگە ئۇچراپ، خىجىل-چىلىق ئىچىدە ئىستانبۇلغا قايتتى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ بولدى، ئەمدىلىكتە بالدۇرقى كونا ئادىتى بويىچە گرېتسىيە ئارمىيىسىنى قەپەستىن چىقارمىسا بولمىدى. گرېتسىيە پادىشاھى كونستاڭ-تىن ئۆزىنىڭ ئەنگلىيىلىكەرنىڭ ئالتۇن ۋە ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەنگەن ئارمىيىسىگە ئاناتولىيىگە ھۇجۇم قىلىش توغ-

ـرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

ئاناتولىيىدىكى دېھقانلاردىن تەشكىللەنگەن پارتىزانلارنىڭ كۆچى بىلەن گرېتسىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىزانلارنىڭ بەزى كاتتىباشلىرى ھەربىي تەۋەككۈلچىلەرگە ئايلىنىپ ئىنتىزامسىز-لىق، ھۆكۈمەتسىزلىك قىلسا، يەنە بەزىلىرى ئىنقىلابىي مەنپەئە-تىنى سېتىپ، مىللىي ئىشلارنىڭ خائىنلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. مۇستاپا كامال بۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، دەرھال يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلار مەجلىسىنى ئاچتى ۋە مۇنتىزىم دۆلەت ئار-مىيىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ ۋەزىپە 1921 ـ يىلىنىڭ بېشىدا پولكوۋنىك ئىسمەد بەيگە تاپشۇرۇلدى. ئىسمەد بەي بۇي-رۇق بويىچە غەربىي فرونت قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى ۋە غەربىي جەنۇبىي رايونلاردىكى پارتىزانلار ئەترەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەش-كىل قىلىشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىدە بىر تۈركۈم قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن پارتىزانلار باستۇرۇلدى، بەزىلىرى مۇھا-سىرىگە ئېلىنىپ ئەل قىلىندى. ئەڭ چوڭلىرى ئۆزلۈكىدىن كېلىپ مۇنتىزىم ئارمىيىگە قوشۇلدى.

گرېتسىيە ئارمىيىسى باش قوماندانلىق ئورنى مۇستاپا كا-माللارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇرەككەپ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپ-تى ۋە دەرھال پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مۇستاپا كامالنىڭ ئاناتو-لىيىدىكى ئەڭ مۇھىم بازىسى بولغان ئەسكى شەھەرگە ھۇجۇم باشلىدى.

1921 ـ يىلى يانۋارنىڭ 10 ـ كۈنى، مۇستاپا كامال تەرىپى-دىن ئەمدىلا تەشكىللەنگەن تۈركىيە ئارمىيىسى ئىنۆنۈ دېگەن يەردە گرېتسىيە ئارمىيىسى بىلەن ئۇچراشتى. گرېتسىيە ئارمى-يىسىدە 60 مىڭ جەڭچى، تۈركىيە ئارمىيىسىدە ئاران 15 مىڭ جەڭچى بار ئىدى. ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدىلا گرېتسىيە قوشۇنلىرى يېڭىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاناتولىيىگە قىلغان تۇنجى ھۇجۇمى ئۇنۇم-

www.uyghurkitap.com

لىۇك هالدا توسۇۋېلىندى. غەلىبە تۈرك جەڭچىلىرىنىڭ غەيرىتىد-
گە غەيرەت قوشتى، ئىسمەد بەيگە «پاشا» لىق ئۇنۋانى بېرىلدى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئىچكى جەھەتتە مۇستاپا كامالالارنىڭ
بۈيۈك مىللەت مەجلىسىدىكى ئىناۋىتىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى.
توققۇز ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت دەتالاش قىلىپمۇ بىرلىككە كېلەلمى-
گەن بەزى مەسىلىلەر ئەمدى بىراقلا ھەل قىلىنىپ، تۈركىيىنىڭ
يېڭى ئاساسىي قانۇنى ماقۇللاندى. ئىلگىرى مىللەت مەجلىسىتى-
دىكى فېئودال مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ۋەكىللىرى بەزىدە سولتاننىڭ
ئىمتىيازىنى قانۇن ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا،
بەزىدە بۈيۈك مىللىي مەجلىسنىڭ هوقۇقىغا چەك قويۇپ، ئانتانتا
دۆلەتلەر تىزگىنلىۋالغان «سۇلتان ۋە خەلىپە» قويۇپ بېرىلگۈچە
هوقۇق يۈرگۈزۈپ تۇرسا، دەيتتى. مۇستاپا كامال بۇنىڭغا قەت-
ئىي قارشى ئىدى. شۇڭا ئۇ 1920 ـ يىلى سېنتەبىردە بۈيۈك
مىللەت مەجلىسىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا، سۇلتان ۋاهىددە-
دىنىنى ۋەتەن ساتقۇچ دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىش-
نىڭ قەتئىي دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن ئى-
دى. ئېنۆنۇ سوقۇشىدىن بۇرۇن، مۇستاپا كامالالار ئىچكى قىس-
مىدىن كېلىۋاتقان قارشىلىقلارنى تېخى بىر تەرەپ قىلىپ بولال-
مىغانىدى. ئۇرۇش مەيدانىدىكى غەلىبە بۇ مەسىلىلەرنىڭ تېز
ھەل قىلىنىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. يېڭى ئاساسىي قانۇن بۈ-
يۈك مىللەت مەجلىسىنىڭ رەئىسى، هەيئەتلەر، هۆكۈمەت ۋە
يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلار، ناھىيە ھاكىملىرى ۋە يېزا باشلىقلى-
رىنىڭ هوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرىنى بېكىتتى. ئاساسىي قانۇندا
سۇلتان ۋە خەلىپە تىلغا ئېلىنمىدى. يېڭى ئاساسىي قانۇن
1876ـ يىلىدىكى «مىتھەت ئانا ياسا» سىنى ئاساسەن ساقلاپ
قالدى ۋە تولۇقلىدى. بۇ مۇستاپا كامالالارنىڭ ناھايىتى زور
غەلىبىسى ئىدى.

بۇ قېتىمقى ئېنۆنۇ سوقۇشىدىن كېيىن، ئانتانتا دۆلەتلەر

مۇستاپا كاماللارنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە قايىل بولمىساق بولمايدىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلدى. 1921 ـ يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرىدا ئېچىلغان ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ يىغىنىدا، فرانسىيە بىلەن ئىتالىيە بۇ يىغىنغا ئىستانبۇلنىڭ «قانۇنلۇق» ۋەكىلى قاتنىشىشتىن تاشقىرى ئەنقەرە ۋەكىلىنىڭمۇ قاتنىشىشىنى ئەنگلىيىدىن تەلەپ قىلدى، ئەنگلىيە ئامالسىز قوشۇلدى. 1921 ـ يىلى فېۋرالنىڭ ئاخىرىدا، ئانتانتا دۆلەتلەر گرېتسىيە بىلەن تۈركىيىنى قاتناشتۇرۇپ لوندوندا يىغىن ئاچتى. تۈركىيە تەرەپتىن لوندونغا ئىككى ۋەكىللەر ئۆمىكى كەلدى، بىرى ئىستانبۇلدىن كەلگەن ۋەكىللەر، يەنە بىرى ئەنقەرە ۋەكىللىرى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن تېخى يېقىندىلا ئىنگلىزلار تەرىپىدىن «توپىلاڭچى باندىتلار» دەپ قارىلىۋاتقان ئەنقەرە ھۆكۈمىتى ئەمدى ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. يىغىندا ئىستانبۇلدىن كەلگەن تۈركىيە سادرازامى سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، بايانات ئېلان قىلىپ: «مېنىڭ ئورنۇمدا بۈيۈك مىللەت مەجلىسىنىڭ ۋەكىلى سۆز قىلسۇن، چۈنكى بۈيۈك مىللەت مەجلىسى تۈركىيە خەلقىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىدۇ» دېدى.

يىغىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشمەي تۈرۈپلا تارقىلىپ كەتتى. ئەنقەرە ۋەكىللىرى «مىللىي مىساق» تىكى پرىنسىپلاردا چىڭ تۇردى، ئانتانتا دۆلەتلەر سېۋر شەرتنامىسىدىكى ماددىلارنى تەكىتلەپ ئۆز پىكرىدە قالدى، ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ مۇستاپا كامال تۈركىيىسىنى سوۋېت رۇسىيىسىدىن يىراقلاشتۇرۇش غەرىزى مەغلۇپ بولدى. ئەسلىدىكى ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يىغىنغا قاتناشقان ئەنقەرە ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى دىپلوماتىيە مىنىستىرى بەكىر سامى بەي لوندوندا تۈركىيىنى سوۋېتقا قارشى سەپ ئىچىگە كىرگۈزۈشنى ئەنگلىيىدىن مەخپىي تەلەپ قىلىپ، ئەنگلىيە ناۋادا تۈركىيە بىلەن ياردىشىدىغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنقەرە ھۆكۈمىتىنى شىمالىي كاۋ-

كاز تاغلىق رايونىدىكى سوۋېت رۇسىيىسىگە قارشى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ ئورتاق ھالدا بولشېۋىكلارغا قارشى تۇرۇشقا ماقۇل كەلتۈرىدىغانغا ۋەدە قىلدى. ئۇ يەنە فرانسىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ ئاناتولىيىدىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشىنى شەرت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئالاھىدە ئىمتىيازلارنى بېرىدىغان ئايرىم كېلىشىمنامىلەرنىمۇ ماقۇللىدى.

بەكىر سامى بەيىنىڭ مەخپىي ھەرىكىتى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، ئەنقەرەگە قايتىش بىلەنلا ۋەزىپىسىدىن مەجبۇرىي ئىستېپا بەردى، ئۇنىڭ فرانسىيە ۋە ئىتالىيىلەر بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمنامىلىرىنى بۈيۈك مىللەت مەجلىسى رەت قىلدى. تۈركىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا تارىختىن قېپقالغان نۇرغۇن چېگرا تالاش - تارتىش مەسىلىلىرى بار ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن موسكۋادا سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى، جاھانگىرلار، بولۇپمۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تۈركىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا مەسىلىسى ھەققىدە ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدىن پايدىغا ئېرىشسەك دەيتتى ۋە تۈركىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر مەيدان چېگرا ئۇرۇشى قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇنداق بولغاندىلا، تۈركىيە مىللەتچىلىرى ئەنگلىيە - گرېتسىيىنىڭ قوراللىق مۇداخىلىسىگە قارشى قىلىۋاتقان مىللىي ئازادلىق كۈرەشتىن ۋاز كېچىپ، كاۋكازدا قاراقچىلىق قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇراتتى.

ئەنگلىيىنىڭ يامان غەرىزى ئىشقا ئاشمىدى. چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈركىيىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەشتىكى مەنپەئەتى بىر ئىدى. ئاخىر 1921 - يىلى 16 - مارت كۈنى موسكۋادا تۈركىيە - رۇسىيە دوستلۇق كېلىشىمنامىسى ئىمزالىنىپ، ئىلگىرى چار رۇسىيىنىڭ خەرىتىسىگە كىرگۈزۈۋېلىنغان قاش، ياداقان، ئارتۋىن قاتارلىق ئۈچ شتات تۈركىيىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئەنگلىيە ۋەزىيەتنىڭ بارغانچە تۈركلەرگە

پايدىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، تۈركىيە مەسىلىسىنى دەرھال
قوراللىق كۈچ بىلەن ھەل قىلماقچى بولدى. لوندون يىغىنى
مەغلۇپ بولۇشى بىلەنلا، ئەنگلىيە ئاناتولىيىدە يېڭى - يېڭى
ھۇجۇملارنى ئورۇنلاشتۇردى، گرېتسىيە ئارمىيىسى 1921 -
يىلى 31 - مارت كۈنى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ تۇنجى مەغلۇپ بولغان
جايى ئېنۆنۈ كەنتىدە يەنە بىر قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى،
ئەمما ئەنگلىيە بارلىق ئۈمىدىنى گرېكلەرگە باغلاپ تانكا، زەمبى-
رەك قاتارلىق ئەڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن جابدۇندۇرۇلغان
كۈچلۈك قوشۇنلىرىنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئاناتولىيىگە ئەۋەت-
تى. ئەسكەر ئېلىش دائىرىسى ۋە قىسىمدا ھەربىي مەجبۇرىيەت
ئۆتەشتىكى ياش چەكلىمىسىدىكى ئۆلچەم - بەلگىلىمىلەر قايتى-
دىن تەڭشەلدى.

1921 - يىلى يازدا، پادىشاھ كونستانتىن ئۆزىنىڭ ئالغا
ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان ھۇجۇمچى قىسىملىرىغا: «سېۋر شەرتنا-
مىسى ئارقىلىق بەرپا قىلىنغان قائىدە - تەرتىپلەرنى بۇزۇۋېتىش-
كە ئۇرۇنغان ئاناتولىيە باندىتلىرىنىڭ قارشىلىقىنى پاچاقلىۋې-
تىڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

گرېتسىيە ئارمىيىسىدىكى 96 مىڭ ئەسكەر 5600 پىلى-
موت، 345 زەمبىرەك بىلەن قوراللانغانىدى. تۈركىيە ئارمىيى-
سىدە بولسا 51 مىڭ ئادەم، 440 پىلىموت، 162 زەمبىرەك
بار ئىدى. ئەمما، تۈركلەرنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى گرېكلەرنىڭ-
كىدىن سەل ياخشىراق بولۇپ، تۈركلەردە 4727 چەۋەنداز،
گرېكلەردە بولسا 1300 چەۋەنداز بار ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى
گرېتسىيە ئارمىيىسى تۆمۈريوللارنىڭ ھەممىسىنى قامال قىلى-
ۋالغان بولۇپ، ئەنگلىيە - گرېتسىيە فلوتلىرى ئېگەي دېڭىزىنى
بازا قىلغان ئىدى، قارا دېڭىز ئەنگلىيە - گرېتسىيە فلوتلىرىنىڭ
كونتروللۇقىدا بولۇپ، تۈركىيە ئۆزىنىڭ ئەڭ يىراق چېگرىسى
بولغان كاۋكاز ئارقىلىقلا ئىتتىپاقدىشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن

ئالاقە قىلالايتتى.

گرېتسىيە ئارمىيىسى ئەسكىرىي كۆچى ياكى تېخنىكا جە-ھەتتىن بولسۇن، تۈركىيە ئارمىيىسىگە قارىغاندا كۆپ ئۈستۈن-لۈكتە ئىدى. شۇڭا دەسلەپكى ھۇجۇمدىلا ئەسكى شەھەر، ئەف-يۇن، كىر شەھەر قاتارلىق جايلار قولدىن كەتتى. ئاۋغۇستنىڭ بېشىدا، تۈركىيە ئارمىيىسى ساكاريا دەرياسىنىڭ ئوڭ يان قىر-غىقىغا چېكىندى، بۇ دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 790 كىلومېتىر بو-لۇپ، كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىدىن باشلى-نىپ قارا دېڭىزغا قۇيۇلاتتى. ئۇرۇش ئەنقەرەنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالدى، مۇستاپا كامال دۆلەت ئارمىيىسى دۇچ كەلگەن ئېغىر ۋەزىيەتنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلدى ۋە ئەنقەرەدىن ۋاقتىن-چە ۋاز كېچىش قارارىغا كەلدى. ئۇ مۇشۇنداق بىر ئىستراتېگى-يىلىك چېكىنىشنى پىلانلاش ئارقىلىق، كۈچلۈك دۈشمەننى ئا-دەم ناھايىتى شالاڭ بولغان ئاناتولىيىنىڭ ئىچكى رايونلىرىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭ يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ھەم دۈشمەننىڭ ئارقا سەپ لىنىيىسىنى ئۈزارتىپ بىر - بىرلەپ يوقاتماقچى ئىدى. شۇڭا، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى بىر قىسىم ئورگانلار ئەنقەرەدىن قەيسەرىگە كۆچۈرۈلدى.

1921 - يىلى 15 - ئاۋغۇست كۈنى، گرېكلەر ئومۇمىي ھۇجۇم باشلىدى، پادىشا كونستانتىن ئۆزى قوشۇن باشلاپ جەڭ-گە چىقتى. ئۇنىڭ ئەلپازى ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولۇپ، ئەنگلى-يىنىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنغا چۈشۈرۈلگەن مۇقەددەس ھۇجۇم بۇيرۇقىنىڭ ئاخى-رىدا «ئەنقەرەگە قاراپ ئالغا!» دېيىلگەنىدى. قارىماققا بۇ بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا گرېتسىيە ئارمىيىسى غەلىبە قىلىپ كېتىدى-غاندەكلا تۇراتتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ھۇجۇمچى گرېكلەرنىڭ روھىغا ئىلھام بېرىپ، بەزىدە «بىز يەنە قايتا يىغىن ئېچىپ، گرېتسىيە - تۈركىيە مەسىلىسىنى مۇزاكىرىلىشىپ باقساق،

ئېھتىمال بۇ قېتىم گرېكلەر تېخىمۇ چوڭراق رازى بولار» دېسە،
يەنە بەزىدە ئۇلارغا يەل بېرىپ: «گرېتسىيە بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا
غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، سېۋر شەرتنامىسىدە بەلگىلەنگەن ئىم-
تىيازلار بىلەن قانائەتلىنىپ قالماسلىقى، بەلكى تېخىمۇ كەڭرەك
بولغان دائىرە ئىچىدە ئۆز مەنپەئەتلىرىنى ئويلىشىشلىرى كې-
رەك» دەيتتى. رۇمىنىيە ھۆكۈمىتىمۇ بۇ ۋاقىتتا پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ، بىرەر نەپ ئېلىش غەرىزىدە ئەگەر ئانتانتا دۆلەتلەر-
نىڭ بىرەر ھاۋالىسىگە ئېرىشسىلا، ئۆزلىرىنىڭ دەرھال تۈرك-
لەرگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىنلا بىر خام خىيال ئىدى. مۇس-
تاپا كامال دۆلەت ئارمىيىسىگە: «مۇداپىئە لىنىيىسى مەۋجۇت
ئەمەس، مۇداپىئە دائىرىسىلا مەۋجۇت، بۇ مۇداپىئە دائىرىسى
ۋەتەندۇر. ۋەتەننىڭ ھەربىر غېرىچ يېرى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ
ئىسسىق قېنى بىلەن بويىلىشىدىن بۇرۇن، ئۇنى ھەرگىز دۈش-
مەنگە تاشلاپ بېرىشكە بولمايدۇ» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. مۇس-
تاپا كامال ۋە ئۇنىڭ خەلقى مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن
بولۇۋاتقان بۇ جەڭگە جېنىنى ئاتاپ قويغان بولۇپ، تولۇپ تاشقان
مىللىي ئىنقىلابىي قىزغىنلىقتا ئىگە باتۇر، قورقماس تۈرك خەل-
قى گرېتسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىغا قەتئىي تاقا-
بىل تۇرالايتتى. تۈركلەر «ساكارىيا سوقۇشى» دەپ ئاتىغان بۇ
ئۇرۇش ئاخىرى ساكارىيا دەرياسى بويىدا مىلادىيە 1921 ـ يىلى
ئاۋغۇستنىڭ 23 ـ كۈنى باشلاندى. ئاناتولىيە دۆلەت مىللىي
ئارمىيىسى ئۆزىنىڭ دانا، قابىلىيەتلىك ۋە باتۇر ئالىي قوماندانى
مۇستاپا كامالنىڭ رەھبەرلىكىدە جاسارەت بىلەن قان كېچىپ
جەڭ قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. جەڭ
سېنتەبىرنىڭ 10 ـ كۈنى تۈركلەرنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسى
بىلەن تاماملاندى. بۇ غەلىبە ئۈچۈن تۈركىيە بۈيۈك مىللەت
مەجلىسى مۇستاپا كامالغا مارشال ۋە «غازى» ئۇنۋانىنى بەردى.

www.uyghurkitap.com

ساكارىيا سوقۇشىنىڭ غەلىبىسى بۈيۈك مىللەت مەجلىسى ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى مۇستەھكەملىدى. ئاتانتا دۆلەتلەر تۈركىيە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان كۈچ ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. ئىلگىرى تازا ئىشەنچ قىلالماي كېلىۋاتقان فرانسىيە، ئىتالىيىلەر ئەمدى ئەنقەرە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش قارارىغا كەلدى. ئەنگلىيىمۇ تەۋرەندى، ئەمەما ئۇ مەغلۇبىيىتىگە زادى تەن بەرمەيتتى. شۇنداقتىمۇ تۈركىيەگە ئاكتىپ ھەرىكەت قوللىنىشقا پېتىنالمىدى، نەتىجىدە ئۆزىگە تولىمۇ بىئەپ ۋە پايدىسىز بولغان كۈتۈپ تۇرۇشتىن ئىبارەت پاسسىپ يولنى تاللىدى.

ساكارىيا دەرياسى بويىدىكى جەڭ ئاخىرلىشىپ بىر ئاي ئۆتكەندە، ئەنقەرەدە فرانسىيە ـ تۈركىيە شەرتنامىسى ئىمزالىنىپ، فرانسىيە تۈركىيىگە قارىتىلغان بۇ ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقتى. فرانسىيە ھۆكۈمىتى سېۋر شەرتنامىسىدە قويغان ئىمزاسىدىن يېنىۋېلىپ تۈركىيە بىلەن بولغان چېگرا پاسىللىرىنى بېكىتتى، كىلىكىيە تۈركىيىگە، ئىسكەندىرۇن سۈرىيىگە بېرىلىدىغان بولدى. بۇ ھەقتە ئەھدۇپەيمانلار تۈزۈلدى. ئەڭ مۇھىمى فرانسىيە ھۆكۈمىتى قىسىملىرىنى ئاناتولىيىدىن قايتۇرۇپ كېتىدىغان چاغدا، ئىشلىتىپ بولالماي قېپقالغان قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ۋە ھەربىي ئۈسكۈنىلىرىنى تۈركىيىگە سېتىپ بەردى. فرانسىيىنىڭ تۈركىيە بىلەن ئىمزالىغان بۇ مەخپىي كېلىشىمنامىسى ئەلۋەتتە ئەنگلىيىگە پايدىسىز ئىدى. شۇ تۈپەيلىدىن ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئىختىلاپ كېلىپ چىقتى.

ئىتالىيە كىچىك ئاسىياغا بولغان قوراللىق مۇداخىلىسىنى توختاتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىزمىرغا ئىگە بولالمايدىغانلىقىغا، ھەتتا 1921 ـ يىلى 3 ـ فېۋرال كۈنىدىكى لوندون يىغىنىدا بەكىر سامى بەينىڭ ئۇلارغا قىلغان ۋەدىسىنىڭمۇ ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەنىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزىگە

ھېچبىر پايدىسى تەگمەيدىغان ئاناتولىيىگە قىزىقمىدى. شۇنداق قىلىپ، 1921 ـ يىلى كۈزدە ئىتالىيە قوشۇنلىرى ئاناتولىيىدىن چىقىپ كەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈركىيىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. 1921 ـ يىلى 13 ـ ئۆكتەبىردە تۈركىيە ھۆكۈمىتى جەنۇبىي كاۋكازدىكى گرۇزىيە، ئەرمىنىيە ۋە ئەزەربەيجان قاتارلىق ئۈچ سوۋېت جۇمھۇرىيىتى بىلەن قاش دېگەن يەردە كېلىشىم ئىمزالىدى. ياندۇرقى يىلى 2- ياندۇاردا فرونزې①باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالاھىدە ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەنقەرەگە كەلدى. شۇ يىلى ئوكرائىنا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى تۈركىيە بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، چېگرا پاسىللىرىنى بېكىتتى. فرونزېنىڭ ئەنقەرەگە كېلىشى ئاناتولىيىدىكى دۆلەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ مېڭىشىغا كۈچ قوشتى. بۇنى تۈركىيە ئارمىيىسى ئالىي قوماندانلىق شتابى بىلىپ تۇراتتى.

بۇ ۋاقىتتا، گرېتسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ھەربىي تەۋەككۈلچىلىكىدىن ۋاز كېچىشكە تەمشەلدى، ئەمما ئەنگلىيە گرېكلەرنىڭ ھەربىي مۇداخىلىسىنى توختىتىشقا ئۇنىمايتتى. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چارلېز كىچىك ئاسىيانىڭ بايلىقى ۋە ئاياسوفىيە چېركاۋىنىڭ دەۋىتى بىلەن پادىشاھ كونستانتىن ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىنى كولدۇرلىتىپ تۇراتتى. كونستانتىنمۇ ئاناتولىيىدىن چېكىنىپ چىقىپ «ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالدى» دېگەن ئاتاققا قېلىپ، ئىناۋىتىگە نۇقسان يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ مۇقەددەس ئابرۇيى ساكارىيا دەرياسى بويىدىكى جەڭدىلا تۆكۈلۈپ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. كونستانتىن ۋە

---

① تولۇق ئىسمى مىخائىل ۋاسىلېۋىچ فرونزې (1855~1925 ـ يىللىرى) قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئۆمرىدە نۇرغۇن ئۇرۇش قىلغان، ئۇ ۋاپات بولغان چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئىدى.

ئۇنىڭ باش ۋەزىرى گۇنارىس ئەپچىل بىر چارە ئويلاپ تاپتى، ئۇ بولسىمۇ ئاناتولىيىنى تاشلاپ چىقىپ ئىستانبۇلنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، پادىشاھنىڭ ۋە گرېتسىيىدىكى پادىشاھلىقنى قوغدىغۇچىلارنىڭ ئىناۋىتى يەنە داۋاملىق ساقلىنىشى ياكى ئەسلىگە كېلەتتى. شۇڭا، ئۇلار ئاناتولىيىدىن ۋاز كېچىش، ئىزمىرنى تۇتۇپ تۇرۇش، ئىستانبۇلغا ئىرىشىش قارارىغا كەلدى.

پادىشاھ كونستانتىننىڭ يېڭى سىياسىتىنىڭ تۇزۇلۇشى بىلەنلا، 1922 ـ يىلى ئىيۇلدا گرېتسىيە ھۆكۈمىتى ئىزمىر رايونىنى «ئىئونىيە① ئاپتونوم قوغدىنىش رايونى» دەپ ئېلان قىلدى، ئارقىدىنلا ئاناتولىيىدىكى ئالدىنقى سەپتىن بىرقانچە باتالىئوننى يۆتكەپ كېلىپ، شەرقىي سىرىستا تۇرۇشلۇق گرېتسىيە ئارمىيىسىنى تولۇقلىدى ھەمدە پۈتكۈل قىسىملارنى ئاناتولىيە يۆنىلىشىگە توغرىلاپ سەپراس قىلدى. پادىشاھ كونستانتىن بىلەن باش ۋەزىر گۇنارىسقا قىسىملىرىنى باشلاپ ئىستانبۇلغا كىرىشكە ئانتانتا دۆلەتلەر باشلىقلىرىدىن رۇخسەت ئالىدىغان بىرلا ئىش قېپقالدى.

گرېتسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىستانبۇلنى ئىشغال قىلىش پىلانى ھەممىدىن بۇرۇن فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. فرانسىيىنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق ئالىي دەرىجىلىك خادىمى گرېكلەرنىڭ ئىستانبۇلغا قاراپ ھەرىكەت قىلىشىنى قوراللىق توسۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئىتالىيىمۇ فرانسىيىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، دېڭىز ئارمىيە قىسىملىرىنى دەرھال ئىستانبۇلغا يۆتكىدى. قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئەنگلىيە باش ۋەزىرى لوخ چارلېز ئامالسىزلىقتىن گرېتسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىستانبۇلغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا باياننا-

---

① ئىئونىيە — قەدىمكى يۇناندا ئىئون دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئاھالە بولۇپ، كىچىك ئاسىيانىڭ دېڭىز بويلىرىدا ياشايتتى، ئىئونلار ياشايدىغان بۇ جايلار ئىئونىيە دەپ ئاتىلاتتى.

مه جاكارلىدى.

بۇ گرېتسىيه پادىشاھلىقىنىڭ دىپلوماتىيه جەھەتتە ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر بەلگە-سى ئىدى. ساكارىيا سوقۇشىدىن كېيىن، جاھانگىرلارنىڭ ئىت-تىپاقى پارچىلىنىپ كەتتى، مۇستاپا كامال ئۇرۇش ئارىلىقلىرى-دىكى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىستراتېگىيىلىك قايتۇرما ھۇجۇم-نىڭ ھەربىي تەييارلىقلىرىنى پۇختىلاشقا كىرىشتى. ئۇ 1922-يىلىدىن باشلاپ چاقىرىققا بىنائەن، ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ قىسىملارنى تولۇقلىدى. بۇرۇنقى تارماق ئەترەت تۈزۈلمىسىنى پولك، دىۋىزىيه، ئارمىيه ۋە گورۇپپىۋوي ئارمىيه تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتتى. چەت ئەلدىن ھەربىي قورال - ياراغ كىرگۈزۈپ، كۈچلۈك غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنى قۇرۇپ چىقتى. غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىدە 100 مىڭ پىيادە ئەسكەر، 5000 دىن كۆپرەك ئاتلىق ئەسكەر بولۇپ، بۇ قىسىم 98 مىڭ 670 تال مىلتىق، 3000 پىلىموت، 350 زەمبىرەك، 5286 قىلىچ ۋە 20 ئايروپىلان بىلەن قوراللاندۇرۇلغانىدى. ئەڭ مۇھىم-مى بۇ ئارمىيىدە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكلىرى قۇرۇ-لۇپ، ئەسكىرىي كۈچ ۋە قورال - ياراغلار جەھەتتە گرېتسىيه ئارمىيىسى بىلەن ئاساسەن تەڭلىشىپ قالغانىدى، ئەسكى شە-ھەر، ئەفيۇن، كىر شەھەردەك مۇداپىئەسى كۈچلۈك قەلئەلەرنى توپقا تۇتالىغۇدەك چوڭ تىپتىكى زەمبىرەكلەرگە ئىگە بولۇپ قالغانىدى.

مۇستاپا كامال كۈچلۈك دۈشمەننى يېڭىشتە ئىستراتېگىيه بىلەن تاكتىكىنى تەڭ قوللىنىپ تۇيدۇرماي ھۇجۇم قىلىش ئۇ-سۇلىنى قوللانغانلىقتىن، دۈشمەن قايمۇقۇپ قېلىپ تاقابىل تۇ-رۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. مۇستاپا كامالنىڭ ھەربىي ھەرىكىتى ناھا-يىتى مەخپىي بولۇپ، ئالدىنقى سەپتىن ھېچقانداق شەپە ئاڭلان-مايتتى. ئۇ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پىلان تۈزۈپ چىقتى.

ئۇنىڭ ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئەنقەرە گېزىتلىرى 1922 - يىلى 25 - ئاۋغۇستتا مۇستاپا كامالنىڭ ئەنقەرەدە «چاي» ئۆتكۈزۈپ مىللەت مەجلىسى ئەزالىرى ھەم چەت ئەللەر-نىڭ دىپلوماتىيە خادىملىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقاتتى. ئەمەلىيەتتە «چاي» ئۆتكۈزۈلىدۇ دې-يىلگەن ئاشۇ كۈنى، مۇستاپا كامال ئاللىبۇرۇنلا ئالدىنقى سەپكە يېتىپ بېرىپ بولغان بولۇپ، قانداقتۇر «چاي» ئۆتكۈزۈش دې-گەن ئىش مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

غازى مۇستاپا كامالنىڭ ئۇرۇش پىلانىدا دۈشمەننىڭ ئەسكە-رىي كۈچىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىپ، پۈتكۈل ئاناتولىيىنى قەتئىي ئازاد قىلىش بەلگىلەنگەنىدى. ئاناتولىيە دۆلەت ئارمىيە-سى باش قوماندانلىق شتابى دەسلەپكى ھۇجۇمنى ئەفيۇن، كىر شەھەر رايونىغا قارىتىشنى قارار قىلدى. 1922 - يىلى ئاۋغۇست-نىڭ 25 - كۈنى كېچىدە، ئالىي باش قوماندان مارشال مۇستاپا كامال، غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى باش قوماندانى گېنېرال ئىسمەد پاشا ۋە باش شتاب باشلىقى فەفۇش قاتارلىقلار ئەفيۇن ۋە كىر شەھەرنىڭ جەنۇبىدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كۆچ تەپە دېگەن ئېگىزلىككە يېتىپ باردى، تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئومۇ-مىي ھۇجۇم باشلاندى. گرېتسىيە ئارمىيىسىنىڭ بارلىق ئاكوپ، ئىستىھكاملىرى تۈرك زەمبىرەكلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ تىرىپىرەن بولدى. تۈرك پىيادىلىرى ئىستىھكاملاردىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ دۈشمەنگە قارشى ئاتا-كىغا ئۆتتى، ئاتلىق ئەسكەرلەر يان تەرەپتىن چىقىپ گرېكلەرنى قورشىدى. بىر كۈن داۋاملاشقان قاتتىق جەڭ ئارقىلىق گرېك-لەرنىڭ مۇداپىئە بازىسى بۇزۇۋېتىلىپ، ھەتتا چېكىنىش يوللىرى-مۇ ئۈزۈپ تاشلاندى. ئاۋغۇستنىڭ 27 - كۈنى، تۈركىيە ئارمى-يىسى ئەفيۇن ۋە كىر شەھەرنى دۈشمەننىڭ قولىدىن تارتىۋالدى ھەم ئەسكى شەھەردە تۇرۇشلۇق گرېك ئارمىيىسىگە قاقشاتقۇچ

زەربە بەردى. بۇ ۋاقىتتا، تۈركىيە پارتىزانلىرى مۇنتىزىم قىسىملارغا ياردەملىشىپ، دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن كەلمەكتە ئىدى.

گرېتسىيە ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتابى نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى، ئۇلار تۈركلەرنى ئەمدى ھۇجۇم قىلمايدۇ دەپ ئويلىغانىدى ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ چاغدا دۈشمەن ئارمىيىسى باش قوماندانى ھاجىنىنىسدىس ئالدىنقى سەپتە ئەمەس، بەلكى ئىزمىردا ئىدى. ھۇجۇم باشلىنىش بىلەنلا، ئۇنىڭ قىسىملىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان گرېتسىيە ھۆكۈمىتى ئۇنى ئالدىنقى سەپ باش قوماندانلىقىدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا ئەسكى شەھەرنى ئىشغال قىلغان قوشۇنلار قوماندانى گېنېرال تىركوبىسنى تەيىنلىدى. تىركوبىسنىڭ قوماندانلىقى ھېچنېمىگە ئەسقاتمىدى، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا غازى مۇستاپا كامالدىن «ئوتتۇرا دېڭىزنى نىشانلاپ ئالغا» دەپ بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغان تۈرك ھۇجۇمچىلىرى دۈشمەننىڭ ئەفيون ۋە كىر شەھەر بىلەن ئەسكى شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ئالاقىلىرىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىغانىدى.

گرېتسىيە ئارمىيىسى قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ كەتتى، ئەسكەرلەر قوماندانلىققا بويسۇنمىدى، گرېك خەلقى تۈركىيىلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىقنى خېلى بۇرۇنلاردىن تارتىپ ئويلاپ يۈرەتتى. چۈنكى، ئۇلار تۈركلەرنىڭ چىشىغا تېگىپ پايدا ئالالمايدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىغانىدى. مانا بۇ پىكىر - خىياللار ئەمدى ئۇرۇش قىلىۋاتقان گرېك جەڭچىلىرىنى ھەسرەت ۋە پۇشايمانغا سېلىشقا باشلىدى. تۈرك جەڭچىلىرى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ۋوگزاللارنىڭ يېنىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز بىنالارنىڭ ئۈستىگە گرېك ئەسكەرلىرى يېزىپ قويغان: «بىزنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنلەر ئۆلسۇن!» دېگەنگە ئوخشاش چوڭ خەتلىك پىلاكاتلارنى ئۇچرىتىشقا باشلى-

ـدى.

ئاۋغۇستنىڭ 30 ـ كۈنى، دوملوپپىنار دېگەن يەردە ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭ بولدى. بۇ تۈركىيە تارىخىدىكى «باش قوماندان ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان جەڭ ئىدى. بۇ جەڭدە تۈركىيە ئارمىيىسى گرېكلەرنىڭ قالدۇق قىسىملىرىغا ئەجەللىك زەربە بەردى. گرېكلەر تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. قېچىش يولىدا ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى شەھەر، كەنتلەرنى بۇلىدى، ئوت قويدى. ئىككى كۈندىن كېيىن تۈركىيە ئارمىيەسى ئەسكى شەھەر ۋە ئۇشاك قاتارلىق جايلارنى گرېكلەرنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىپ، گرېتسىيە ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتابىنى قورشىدى، باش قوماندانلىق شتابى كوللېكتىپ تەسلىم بولدى، باش قوماندان گېنېرال تىركوبىس تىرىك قولغا چۈشتى. بۇ قېتىمقى قايتۇرما ھۇجۇمدا تۈركىيە ئارمىيىسى گرېكلەردىن 40 مىڭ ئەسكەر، 284 زەمبىرەك، 400 دانە پىلىموت ۋە 15 ئايروپىلان غەنىيمەت ئالدى. قالدۇق گرېك قىسىملىرى شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە كۈندە ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ، ئۇدۇل دېڭىز بويىغا بېرىپ توختىدى. توزغاقتەك توزۇپ كەتكەن گرېكلەرنىڭ قالدۇق قىسىملىرى ئاناتولىيىنىڭ ھەرقايسى دېڭىز ساھىلى شەھەرلىرىدىن ئالدىراش ئايرىلىپ، پاراخوت ۋە كېمە بىلەن قاچتى. سېنتەبىرنىڭ 9 ـ كۈنى، تۈركىيە ئارمىيىسى ئىزمىرگە كىردى. مۇستاپا كامال «ئارمىيىمىز قارا دېڭىز بويىدىن پۈتكۈل مەملىكەتنى تەبرىكلەيدۇ» دەپ خىتابنامە جاكارلىدى. پۈتكۈل ئاناتولىيە خەلقى بۇ غەلىبىنى قىزغىن تەبرىكلەپ خۇشاللىققا چۆمدى.

1922 ـ يىلى سېنتەبىرنىڭ 18 ـ كۈنى، ئاناتولىيىدىكى گرېك ئارمىيىسى پاكپاكىز تازىلاندى. ئىككى كۈندىن كېيىن گرېتسىيە ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتابى ئافىنادا ئاخبارات ئېلان قىلىپ «كىچىك ئاسىيا سوقۇشى ئاخىرلاشتى» دېدى.



www.uyghurkitap.com

1920 ـ يىلى ئاۋغۇستنىڭ 10 ـ كۈنى، بۈيۈك مىللەت مەجلىسى ماتەم ۋە مۇسىبەتنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تۈركىيە مىللىي مەجلىسى رەئىسلەر سەھنىسىدىكى شىرە ئۈستىگە قارا يوپۇق يېپىشنى قارار قىلغانىدى. ئەمدى غازى مۇستاپا كامال بۇ نومۇسنى ئاقلاپ شىرە ئۈستىدىكى قارا يوپۇقنى ئېلىۋېتىپ، ئورنىغا ئىسلام ۋە نۇسرەتنىڭ سىماسى بولغان ماش رەڭ يېشىل يوپۇق يەڭگۈشلىدى.

گرېتسىيە ئارمىيىسىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن تەڭلا، ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ پۈتكۈل يېقىن شەرققە قاراتقان سىياستى، بولۇپمۇ ئەنگلىيىنىڭ سىياستى مەغلۇپ بولدى. «سېۋر شەرتنامىسى» غەزەپكە كەلگەن تۈركلەرنىڭ قىلىچ ـ نەيزىلىرىدە تىتما ـ تالاڭ قىلىۋېتىلدى. گرېتسىيىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى جاجىسىنى يېدى، ئارمىيە ئىسيان كۆتۈردى. كونستانتىن تەختتىن چۈشتى. باش ۋەزىر گۈنارىس قاتارلىق بەش ۋەزىر ھەم ئالدىنقى سەپ قوماندانى ھاجىنىنىسدىس ھەربىي سوتتا سوراققا تارتىلىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. ئەنگلىيىنىڭ كىچىك ئاسىيادىكى تەۋەككۈلچىلىكىنىڭ بەربات بولۇشى ئۇلارغا ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈردى. كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتكەن لوخ چارلېز ئۇزاق ئۆتمەي ئەنگلىيە پادىشاھلىقىنىڭ باش ۋەزىرلىكىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

ئانتانتا دۆلەتلەر سىياستىنىڭ چىقىش نۇقتىسىنىڭ ئۆزدىلا بىر كەمتۈكلۈك بولۇپ، ئۇلار دەسلەپ سىياسەت بېكىتكەندە سۇلتان ھەم ۋەزىرلەر تۈركىيىسىنىلا كۆرۈپ، مۇستاپا كامال ۋە خەلق تۈركىيىسىنى كۆرمىگەنىدى. ئەمدى ئەنگلىيە تۈركىيىنى بۆلۈشۈۋالىمىز دېگەن شېرىن چۈشنى كۆرمەيدىغان بولدى، ئەكسىچە ئۆزلىرىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى دېڭىز بوغۇزى رايونلىرى بىلەن ئىستانبۇلغا تۈركىيە ئارمىيىسىنىڭ كىرىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ئۇخلىيالمايدىغان بولدى. شۇڭا،

مۇستاپا كامالغا تەكلىپنامە يوللاپ، ئارمىيەڭلار داردانىل بوغۇزى ئەتراپىدا ھەرىكەتلىنىپ تۇرسا ۋە دېڭىز رايونىنىڭ «بىتەرەپ» لىك ھالىتىنى بۇزۇۋەتمىسە، دەپ يالۋۇردى. ئەنگلىيەنىڭ بۇ تەكلىپىگە فرانسىيە بىلەن ئىتالىيىلەرمۇ ئاۋاز قوشتى.

مۇستاپا كامال تاجاۋۇزچى گرېك ئارمىيىسىنى ئاناتولىيە ۋە ئىزمىرلاردىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ياۋروپا تۈركىيىسى تەرەپتە كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇشقا يەنە تەييارلىنىپ، گرېكلەرنى شەرقىي سىرىستىن قوغلاپ چىقارماقچى بولدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئۇ ئامال قىلىپ بىرلەشمە ئارمىيە ئىشغالىيىتىدىكى داردانىل بوغۇزىدىن ئۆتۈشى لازىم ئىدى. بۇ چاغدا فرانسىيە بىلەن ئىتالىيە ئارمىيىلىرى چېكىندۈرۈلگەنىدى، ئەمما ئەنگلىيە ئارمىيىسى تېخىچە شۇ يەردە تۇراتتى. قارىماققا بىر قېتىملىق ئەنگلىيە ـ تۈركىيە سوقۇشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا تۇراتتى.

مۇستاپا كامال ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە جاۋاب قايتۇرۇپ، «تۈركىيە تېررىتورىيىسىدە قانداقتۇر ‹بىتەرەپ رايون› دېگەن بىر جاينىڭ بارلىقىنى مەن زادى بىلمەيدىكەنمەن، مەن شەرقىي سىرىسنى گرېكلەرنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدىن ئازاد قىلىشقا قەتئىي بەل باغلىغان تۈرك جەڭچىلىرىمىزنىڭ ھازىرقى تۇرقىدىن ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلىيەلمەي يېرىم يولدا توختاپ قالىدىغاندەك بىرەرمۇ بەلگىسىنى كۆرەلمىدىم» دېدى. 1921 ـ يىلىدىكى سۆھبەتتە، تۈركلەرگە بەك تونۇش بولۇپ كەتكەن فرانسىيىنىڭ دىپلوماتىيە خادىمى فرانكلىن بوئۇللۇن ئاتايىتەن ئىزمىرغا كېلىپ غازى مۇستاپا كامال بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ، نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بەردى، ئۆزىنىڭ تۈركلەر بىلەن بولغان دوستلۇقىنى پەش قىلىپ، ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە مۇستاپا كامالدىن بىر تامچە قان ئاققۇزماي تۇرۇپ شەرقىي سىرىسقا ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى، شۇڭا

ھەربىي ھەرىكەت قوللانماسلىقنى ئۆتۈندى. مۇستاپا كامال ئاخىـ
ـرى ئۇلارنىڭ ئۇرۇش توختىتىش ھەققىدىكى سۈلھىسىگە قوشۇلدى
ۋە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قىسىملىرىغا دەرھال توختاش
توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

1922 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ 3 - كۈنى، مەرمەر دېڭىزى
بويىدىكى مۇدانىيە شەھىرىدە ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى يىغىـ
ـنى ئۆتكۈزۈلدى. غەربىي فرونت قوماندانى گېنېرال ئىسمەد پاشا
تۈركىيىگە ۋاكالىتەن يىغىنغا قاتناشتى. گرېتسىيە ۋەكىلى بۇ
سۆھبەتكە كېچىكىپ كەلدى، ئەمما قاتناشمىدى، ھېچكىمنىڭ
ئۇنىڭ بىلەن كارىمۇ بولمىدى ھەم بۇ ئىشتىن ھېچكىم ئەجەبلەنـ
ـمىدى. چۈنكى، نۇسرەت قولدىن كەتكەندە ئىش مانا مۇشۇنداق
بولاتتى. سۆھبەتكە قاتناشقان ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيىنىڭ
ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق ئالىي دەرىجىلىك خادىملىرى ئۆزلىرىنىڭ
تۈركىيىگە قارشى جەڭگە قاتناشقانلىقىدىن تېنىۋالمىدى.

فرانكلىن بوئۇللۇن سۆھبە نۇرغۇن قېتىم كاپالەتنامىلەر
بەردى. ئەمما، ئانتانتا دۆلەتلەر ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى قايرىپ
قويۇپ قارشى پىكىرلەرنى قىلدى. ئۇلارنىڭ شەرقىي سىرىسنى
تۈركىيىگە زادى بەرگۈسى كەلمەيتتى. نۆۋەتتىكى ھەربىي ۋە
سىياسىي ۋەزىيەت ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ قانچىلىك جاھىللىق قىـ
ـلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارغا قەتئىي پايدىسىز بولماقتا ئىدى،
بۇ چاغدا دېڭىز بوغۇزى رايونلىرىدا ئەنگلىيىنىڭ ئاجىز بىر
تۈركۈم گارنىزون قىسمى تۇراتتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ھېچـ
ـكىمنىڭ ياردىمىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ چاغدا
ئەنگلىيە پرولېتارىياتى كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ،
ئۆز ھۆكۈمىتى — ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ داۋاملىق شەرق
ئۇرۇشى قىلىۋاتقىنىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى.

فرانسىيە بىلەن ئىتالىيە ئەنگلىيىگە ياردەم بېرىدىغاندەك
قىلمايتتى. ئىستانبۇلنى قوغداۋاتقان قوشۇنلارنىڭ ئەھۋالى بەكـ

www.uyghurkitap.com

مۇ ناچار ئىدى. گېنېرال ئىسمەد پاشا سۆھبەتتە، ئانتانتا دۆلەت-
لەر ۋەكىللىرىگە: «سىلەر شەرقىي سىرىسنىڭ قولىمىزغا قاي-
تىپ كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتىسىلەر» دەپ كەسكىن كۆر-
سەتتى. سۆھبەتتە پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلدى، سۆھبەت ئۈزۈلۈپ
قالدى. تۈركىيە ئارمىيىسى دېڭىز بوغۇزى رايونلىرىغا ھەيۋە
قىلىپ كۈچ كۆرسىتىش خاراكتېرلىك ھەرىكەت قوللاندى. مانا
مۇشۇ چاغدا ئانتانتا دۆلەتلەر تۈركىيىنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى
بىلەن ژاندارما قىسىملىرىنىڭ شەرقىي سىرىسقا كىرىشىگە قو-
شۇلدى ھەمدە ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ئىستانبۇلدىن كېتىدىغان ۋاق-
تى كېلىشىمنامىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۈزۈلۈپ بولىدىغان كۈنىگىچە
ئۇزارتىلسا، دېدى.

ئانتانتا دۆلەتلەر ۋەكىللىرىنىڭ مۇدانىيىدە تۈركىيە ھۆكۈ-
مىتى ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت قىلغان ۋاقىتىدىكى بىچارىلىكى
ئۇلارنىڭ تۆت يىلنىڭ ئالدىدىكى مۇندۇروس مۇتارىكەسىنى ئىم-
زالىغان چېغىدىكى ئەلپازىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمىدى. ئەنگلىيە-
نىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارى گېنېرال خالىنتون ئىسمەد
پاشاغا: «پاشا ئالىيلىرى، سىز ئالدىرىمىسىڭىزمۇ بىز كېتە-
مىز، ئەمما بىزگە ئازراق يۈز - خاتىر قىلىڭ» دېدى بىر قانچە
قېتىم قايتا - قايتىلاپ.

1922 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ 11 - كۈنى، ئىككى تەرەپ
مۇدانىيىدە ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. كېلىشىم-
گە ئاساسەن، گرېك ئارمىيىسى شەرقىي سىرىستىن دەرھال
ئايرىلدى. كەينىدىنلا 800 تۈرك ژاندارمىسى سىرىسقا كىردى.
كېيىنىش ۋە جابدۇنۇش جەھەتتە تۈرك ژاندارمىلىرى بىلەن ئانا-
تولىيە ئارمىيىسىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى. ئىستانبۇل
بىلەن دېڭىز بوغۇزى رايونى كېلىشىمنامە ئىمزالىنىشتىن بۇ-
رۇن، گەرچە ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيىسىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاس-
تىدا بولسىمۇ، ئەمما بۇ جايلار يەنىلا مۇستاپا كامالنىڭ مەمۇرىي

باشقۇرۇشىدا ئىدى. ئەمدى ئىستانبۇلنىڭ دەللال بۇرژۇئازىيىسى
ئۆزلىرىنىڭ مۇستاپا كامالغا ۋە ئۇ قوزغىغان مىللىي ئىنقىلابقا
بولغان سادىقلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ
كېتىشتى، ھەتتا قۇرۇق مۇردا بولۇپ قالغان سۇلتان ۋاھىدەدىن-
مۇ بۇ ھەربىي غەلىبىنى تەبرىكلىمەي تۇرالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ
ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تېخى يېقىندىلا مالتا ئارىلىنىڭ
ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن ئەنگلىيە مارشالى پولومېرنىڭ ھەمراھ-
لىقىدا مەسچىتكە كىردى. سۇلتان مەسچىتكە كېتىۋاتقاندا، ئۇ-
نىڭ ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئۆزىنىڭ بۇ سۇلتانىنى مەسخىرە ئى-
چىدە قارشى ئېلىپ، سۇلتانغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپ «ياشى-
سۇن مۇستاپا كامال پاشا» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراشتى.

كېلىشىمنامىگە ئاساسەن، ھەرقايسى ئانتانتا دۆلەتلەر ھۆ-
كۈمەتلىرى ئىستانبۇل، دېڭىز بوغۇزى رايونلىرى، شۇنداقلا
شەرقىي سىرىسقا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى تۈركىيىلىك-
لەرگە قايتۇرۇپ بەردى. كېلىشىم ئىمزالىنىش بىلەن تەڭلا،
تۈركلەر بۇ جايلارنى قايتىدىن ئىشغال قىلدى. ئۆكتەبىرنىڭ 19-
كۈنى، رەفەت پاشا ئەنقەرە مىللەت مەجلىسىنىڭ بىر پەۋقۇلئاددە
خىزمەت كومىتېتىنى باشلاپ، مۇدانىيىدىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ
دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتۈپ ئىستانبۇل شەھىرىگە كىردى.

www.uyghurkitap.com

## سەككىزىنچى باب

# سۇلتان ئوردىدىن چىقىپ كەتتى

گرېكلەر بىلەن ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ قوراللىق مۇداخىلىسى بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، تۈركىيىدە بىر ـ بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى چوڭ كۈچ تىركىشىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بىرى ئۇزۇلدۇرمەي ئۇرۇش قىلىپ بارغانسېرى خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىۋاتقان، غەيرەت ـ شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان مۇستاپا كامال باشچىلىقىدىكى مىللەتپەرۋەرلەر ھۆكۈمىتى بىلەن بۈيۈك مىللەت مەجلىسى ئىدى. يەنە بىرى بولسا، ئۇزاق تارىخقا ئىگە سۇلتانلىق، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت شەكلى بولغان خەلىپىلىك ئىدى. ھەرقايسى تەبىقىلەردىكى مۇ-سۇلمان تۈركلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كېيىنكىسى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ دۈشمەنگە تەسلىم بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا چەكسىز ئىناۋەت ۋە ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئانتانتا دۆلەتلەر بۇ چاغدا تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولغان سۇلتان ھۆكۈمىتى بىلەن جاھاننى زىلزىلىگە سېلىپ يېڭى قىيا-پەت بىلەن دۇنياغا كۆز ئېچىۋاتقان مۇستاپا كامال ھاكىمىيىتىنى تەڭ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى. نەتىجىدە لوزان يىغىنىغا ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى تەڭ تەكلىپ قىلىندى.

لوزان يىغىنى 1922 ـ يىلى 20 ـ نويابىردا شۋېيتسارىيە-دىكى جەنۋە كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى كىچىكرەك بىر تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان گۈزەل شەھەر لوزاندا چاقىرىلغانىدى. تەك-

لىپكە بىنائەن يىغىنغا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، رۇسىيە، ياپونىيە، بۇلغارىيە، رۇمىنىيە، يۇگوسلاۋىيە، گرېتسىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. يىغىنغا ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى كېرزون رىياسەتچىلىك قىلدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يىغىنغا غەيرىي رەسمىي كۆزەتكۈچى ئەۋەتتى. يىغىن باشلىنىپلا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى دېڭىز بوغۇزى مەسىلىسىدە بىرلىككە كېلەلمەي قاتتىق تۇشۇپ قالدى. تۈركىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئىسمەد پاشانىڭ دەسلەپىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتە تۇرۇپ، كېيىن ئەنگلىيىنىڭ مەنپەئىتىگە مايىل بولۇشىدەك ئارىسالدىلىق پوزىتسىيىسى، ئەنگلىيە بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدا تۈركىيىگە پايدىسىز كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشىغا سەۋەب بولدى. ئىسمەد پاشانىڭ لوزان يىغىنى جەريانىدا كۆپرەك سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتە تۇرۇپ سۆزلىشىدە، ئەينى چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىيە ئىنقىلابىغا قىلغان ياردىمى كۆزدە تۇتۇلغانىدى. ئەپسۇسكى، يىغىن مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە ئەمەلدارى سىىرلىق يوسۇندا ئۆلتۈرۈلدى. 1923 ـ يىلى يانۋار ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا، تۈركىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئارىلاشتۇرماي تۇرۇپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆز ئالدىغا دېڭىز بوغۇزى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. كۆپچىلىك بۇ يىغىنغا كېلىشتىن بۇرۇن ئىسمەد پاشانى كۆزلۈپ باقمىغان ھەم ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە جىۋەككىنە كەلگەن ئىسمەد پاشا ئىلگىرىكى ھىندىستان ۋالىيسى، نۆۋەتتىكى بۈيۈك برىتانىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى قامەتلىك كېرزونغا ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيتتى. ئەمما، ئەمەلىيەت ئىسمەد پاشانىڭ ناھايىتى كۈچلۈك، ئىگىلمەس ـ سۇنماس ۋە تەدبىرلىك بىر سۆھبەتچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئىسمەد پاشا 1918 ـ يىلىدىكى 30 ـ ئۆكتەبىر مۇتارىكەسىدىن كېيىن ئەنگـ

لىيە تەرەپنىڭ مۇتارىكەدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاشكارا خىلاپلىق قىلىپ مۇسۇلنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقىنى، ئەمدى مۇسۇلنى تۈركىيىگە قايتۇرۇپ بېرىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىن، مۇسۇل تۈركىيىگە ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيىنىڭ زىممىسىدىكى ئاستىدىكى ئىراققا قايتۇرۇلىدۇ، دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى. مۇسۇل ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولغان، يەنە كېلىپ نېفىت چىقىدىغان جاي ئىدى. ئەنگلىيە ۋەكىللىرى بىلەن تۈركىيە ۋەكىللىرى مانا مۇشۇ مەسىلىدە زادى بىرلىككە كېلەلمىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئىسمەد پاشاغا ناھايىتى قاتتىق قوللۇق بىلەن بېسىم ئىشلىتىپ ئۇلتىماتۇم تاپشۇردى. ئەمما، ئىسمەد پاشا ئۇلتىماتۇمنى قەتئىي رەت قىلدى. شۇ سەۋەبتىن 1923 - يىلى 4 - فېۋرالدا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى باشلىقى كېرزون بۇتناپ يىغىننى يېپىپ لوزاندىن كەتتى، ئىسمەد پاشامۇ ئەنقەرەگە قايتتى، يىغىن ئارىلىقتا ئۈزۈلۈپ قالدى.

ئىسمەد پاشانىڭ لوزان يىغىنىدىكى ئوڭۇشسىزلىقى مەملىكەت ئىچىدىكى ئۆكتىچىلەرنى قۇترىتىۋەتتى. ئۇلار ئىسمەد پاشانى خاتا سىياسەت يۈرگۈزدى دەپ ئەيىبلەپ، ئۇنى ئامالىنىڭ بارىچە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنۇشتى. ئارقىدىن مۇستاپا كامالغا قارشى تۇرغۇچىلارمۇ مەيدانغا كەلدى. مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، مىللە مەجلىسى ئىچىدە فېئودال دىنىي كۈچلەردىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇھ مەيدانغا چىققانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى «ھوقۇقنى قوغداش جەمئىيىتىنىڭ ئىككىنچى پولكى» دەپ ئاتاپ، مۇستاپا كامالنىڭ «بىرىنچى پولكى» دىن پەرقلەندۈرەتتى. بۇ «ئىككىنچى پولك» نىڭ پەردە ئارقىسىدا، كۆرۈنۈشتە «بىرىنچى پولك» قا قاتناشقان رائوف بەي ۋە قارا بەكىر باشچىلىقىدىكى كونىلىقنى ياقلىغۇچى گېنېراللار تۇراتتى. بۈيۈك مىللەت مەجلىسى باشلىقى ھۈسەين رائوف بەي مۇستاپا

كامالغا ئۆزىنىڭ لوزان يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر ئۆمىكىدە
گە باشلىق بولۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، مۇس-
تاپا كامال ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى تەلەپلىرىنى رەت قىلدى. بۈيۈك
مىللەت مەجلىسى يەنىلا ئىسمەد ئىنۆنۈنى نامزاتلىققا كۆرسەتتى.
ئەمما، قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلمەكچى بولغان لوزان يىغىنىغا
قاتنىشىدىغان تۈركىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىچىگە «غەربپەرەسلەر»
دىن بولغان ھاشىم بەي (يەنە بىر ئىسمى ساقا) ۋە دوكتور رىزا
نۇرى قاتارلىق دەللاللارنىڭ ھىمايىچىلىرىمۇ كىرىپ قالدى. سا-
بىق «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» پارتىيىسىنىڭ مالىيە ۋەزىرى جەۋ-
دى بەي بۇ ئۆمەكنىڭ مالىيە - ئىقتىساد ۋەكىلى بولۇپ تەيىنلەن-
دى. لوزان يىغىنى 1923 - يىلى ئاپرېلدا ئەسلىگە كەلدى.
لوزان يىغىنىدا ۋەكىللەر ئىستانبۇل دەللاللىرىنىڭ مەنپەئىتى-
نى، مۇنداقچە ئېيتقاندا غەرب كاپىتالىستلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى
ياقلاپ پىكىر بايان قىلىشتى، تۈركىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ھەققى-
دە بولسا ناھايىتى ئاز ئويلاشتى. ئىچكى كابىنېت باشلىقلىقىغا
تەيىنلىنىپ ئەنقەرەدە قېپقالغان ھۈسەين رائوف، شۇنىڭدەك مى-
نىستىر ۋە ھەيئەتلەر ئىچىدىكى ئۇلارنى قوغدىغۇچىلار لوزانغا
يوللىنىۋاتقان يوللانمىلارغا ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي غەرەزلىرىنى قو-
شۇپ يوللايتتى.

ئەكسىيەتچىلەر تۈركىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ لوزاندىكى
ئوڭۇشسىزلىقى تۈپەيلىدىن بولۇۋاتقان بەزى ئۆزگىرىشلەرنى باھا-
نە قىلىپ، مۇستاپا كامال بىلەن ئىسمەد پاشاغا بولغان ھۇجۇمىنى
بارغانسېرى چىڭىتتى. «ئىككىنچى پولك» دىكىلەر «ھازىرقى
تۈركىيىدە تۇغۇلغان تۈركىيىلىك بىلەن بىر سايلام رايونىدا ئۇدا
بەش يىل مۇقىم تۇرغان تۈركىيىلىكلا مىللەت مەجلىسىگە ھەيئەت
بولالايدۇ» دېگەن مەزمۇندا بىر لايىھە تۈزۈپ چىقىپ، تۈركىيە
بۈيۈك مىللەت مەجلىسىنىڭ ماقۇللىشىغا سۇندى. بۇ لايىھە
شەك- شۈبھىسىز مۇستاپا كامالغا قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان

بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا ئۇپا ـ ئەڭلىك سۇرتۇلگەنىدى. كۆپچىلىككە ئايدىڭ ئىدىكى، مۇستاپا كامال سىلانىكتا تۇغۇلغان، سىلانىك بولسا بالقان ئۇرۇشىدىن كېيىن تۈركىيىنىڭ زېمىنى بولۇشتىن قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر ھەربىي ئادەمنىڭ كەسپىدىن ئېيتقاندا، ئۇ 1917 ـ يىلىدىن 1922 ـ يىلىغىچە بولغان بەش يىلدا ئۇدا بىر سايلام رايونىدا مۇقىم تۇرالمىدى. شۇڭا ئۇلار مۇستاپا كامالدا ھازىرلانمىغان ئەجەللىك ئىككى شەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن ئۇنىڭ سايلىنىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ ئۆزلىرى ھوقۇق تارتىۋالماقچى ئىدى. لايىھە مۇزاكىرىگە قويۇلدى، مۇستاپا كامال ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مۇددىئاسىنى بىلەتتى، ئۇ: «مېنىڭ تۇغۇلغان يۇرتۇم گەرچە بۈگۈنكى دۆلىتىمىز تېررىتورىيىسىنىڭ سىرتىدىكى بىر جاي بولسىمۇ، ئەمما مەندە ھېچقانداق يامان نىيەت ۋە گۇناھ سادىر بولغىنى يوق ... ناۋادا دۈشمەنلىرىمىزنىڭ پىلانلىرى ئىشقا ئېشىپ قالىدىغان بولسا، ئېھتىمال ھېلىقى لايىھىگە ئىمزا قويغۇچى ئەپەندىلەرنىڭ تۇغۇلغان يېرى دۆلىتىمىز چېگراسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئاللا بىزنى بۇنداق بالايىئاپەتتىن ساقلىسۇن» دېدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا لايىھە تۈزگۈچىگە ناھايىتى خاپا بولغان ھالدا: «ئەپەندىلەر، كىم سىلەرنى مېنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقۇمنى تارتىۋېلىشقا ئەۋەتتى؟ مەن بۈگۈن بۇ مەسىلىنى سىلەرنىڭ ئالىي مەجلىسىڭلارغا، سىلەرنى ۋەكىل قىلىپ سايلىغان سايلام رايونىدىكى خەلققە ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمەن، بۇ مەسىلىگە شۇلار جاۋاب بەرسۇن!» دېدى.

خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا، بۇ لايىھە كۆپ سانلىق ئاۋازنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن قەتئىي رەت قىلىندى، ئەمما بۇ لايىھىنىڭ بۈيۈك مىللەت مەجلىسىنىڭ ماقۇللىشىغا سۇنۇلغانلىقى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىۋاتقانلى-

قىنى ئاشكارىلاپ قويدى. «ئىككىنچى پولك» بۆلۈنمىسى بىلەن قورال تاشلىمىدى. ئۇلار «خەلىپىلىك تۈزۈمىنى قوغدايمىز» دېگەن شوئار ئاستىدا كۈچەپ ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى. مىللەت مەجلىسى ئىچىدىكى بىر دىندار ھەيئەت ئەنقەرەدە كىچىك بىر كىتابچە نەشر قىلدۇرۇپ، «خەلىپە مىللەت مەجلىسىگە بېقىنىغانىكەن، ئۇنداقتا مىللەت مەجلىسمۇ خەلىپىگە بېقىنىشى كېرەك» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بۇ ئارقىلىق خەلىپە بۈيۈك مىللەت مەجلىسىگە رەھبەرلىك قىلسۇن، دېمەكچى ئىدى.

«ئىتتىھات ۋە تەرەققى» پارتىيىسى 1918 ـ يىلىلا ئىستانبۇلدا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە جانلىنىپ ئەسلىگە كەلدى ۋە ئىستانبۇل شەھىرىنىڭ ھۆكۈمەت سايلىمىدا كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئېرىشتى. ئىستانبۇلدىن كەتمەي قېپقالغان ئانتانتا دۆلەتلەر ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ خادىملىرى ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ مۇستاپا كامال ئۈچۈن قەتئىي ئۆكتىچىلەردىن بولۇپ قېلىشىنى ئويلايتتى. «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» پارتىيىسىنىڭ ئەينى چاغدىكى ۋەزىرلىرىدىن قارا بەكىر ھەم جەۋدى بەيلەر بۇ پارتىيىنىڭ ئاتاقلىق «ئۈچ باھادىرى» ھېسابلانغان ئەنۋەر، تەلئەت ۋە جامالىلار چەت ئەلگە قاچقاندىمۇ ئۆز سۆكۈناتىنى ساقلاپ، دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ھايانكەشلىك بىلەن تاپقان مال ـ دۇنيالىرىغا تايىنىپ پىنھان يۇرمەكتە ئىدى. ئەمدى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرى ئارقىلىق خەلىپىلىك تۈزۈمىنى قوغداپ، غەرب كاپىتالىستلىرىغا ئېتىبار بېرىش توغرىسىدا ئاشكارا تەشۋىقاتلار ئېلىپ باردى.

مۇستاپا كامالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر تۇراقسىز ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئۇ ئىتتىپاقلىقنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن، 1923 ـ يىل فېۋرالدا لوزان يىغىنىنىڭ ئارىلىقتا توختىتىلىپ تۇرۇلغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئىزمىردا چوڭ يىغىن ئاچتى،

www.uyghurkitap.com

بۇ ئىزمىر ئىقتىسادىي قۇرۇلتىيى ئىدى. ئۇ ئەمگەكچى خەلقنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، مەشھۇر نۇتۇقلارنى سۆزلىدى. ئىشچىلارنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى. دېھقانلارنى دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرى دەپ ئاتىدى، مۇستاپا كامال نۇتۇق سۆزلەپ: «ساپان تۈركىيە تارىخىنى يازىدىغان قەلەمدۇر» دېدى. ئۇ ھەقىقەتەن بىر سىياسىئون ئىدى.

ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ۋە دۇنيا تىنچلىقپەرۋەر ئەللىرىنىڭ لوزاندا ئاچقان يىغىنىغا تۈركىيىدىكى ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ تەڭ تەكلىپ قىلىنىشى ۋە بۇنداق جىددىي پەيتتە تەكلىپ تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان پارچىلىنىش ھالىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئويلىغان مۇستاپا كامال پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، سۇلتاننىڭ ھاكىممۇتلەقلىقىنى بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولدى. ئەمما، ئىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن بۇ مەسىلىدە ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ كۆردى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن سۇلتانغا بولغان ساداقەتمەنلىكتىن باشقا ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدى. رائۇف بەيىنى گەپكە سېلىپ باققانىدى، ئۇ مۇستاپا كامالغا ھېچبىر تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرماستىنلا مۇنۇلارنى دېدى:

«ۋىجدانىم بىلەن سۆزلىسەم، مەن سۇلتان ۋە خەلىپىدىن ئايرىلالمايمەن ... مېنىڭ سۇلتانغا سادىق بولۇش مەسئۇلىيىتىم بار، مېنىڭ خەلىپىگە بولغان ھۆرمىتىم ئاتا - ئانامنىڭ تەربىيىسىدىن كەلگەن، بۇ ئىشتا مەن كۆز ئالدىمىزدىكى ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىمەن. راستىنى ئېيتقاندا، بىزنىڭ ۋەزىيەتنى تىزگىنلىشىمىز ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جامائەت تەرىپىدىن ناھايىتى يۇقىرى دەپ قارالغان ئابرۇيغا تايانماي بولمايدۇ. بۇنداق يۇقىرى ئابرۇي

پەقەت سۇلتان بىلەن خەلىپىدىلا بار. سۇلتان بىلەن خەلىپىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە باشقا بىر خاراكتېردىكى ھۆكۈمەتنى تەسىس قىلغاندا، تەبىئىيكى، مەغلۇپ بولىمىز. كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ كىشىلەرگە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلغىلى بولمايدۇ.»

رائوف بەيىنىڭ يېنىدا رەفىت پاشا ئولتۇراتتى. ئۇ رائوفنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى ۋە دەرھال: «ئەمەلىيەتتە سۇلتانلىق ۋە خەلىپىلىك تۈزۈمىدىن باشقا يەنە ھېچقانداق شەكىلدىكى ھۆكۈمەت مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس» دېدى.

مۇستاپا كامال بۇ بىر قاتار سۆھبەتلەردىن كېيىن ئەقىل تېپىشقا باشلىدى، ئۇ سۇلتانلىق بىلەن خەلىپىلىكنى چوقۇم بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھەمدە ئاۋۋال سۇلتانلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەكلىكىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان بولماسلىقى، ئوسمانلىلارنىڭ بىر شاھزادىسى خەلىپىلىككە تەيىنلىنىشى، ئۇنىڭدا دىنىي ھوقۇقلا قالدۇرۇلۇپ، سىياسىي ھوقۇق بولماسلىقى كېرەك ئىدى. مۇستاپا كامال مۇشۇ يول بىلەن دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنى پارچىلاپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئىسلاھاتقا قارشىلىق كۆرستىشلىرىنى توسۇپ، سۇلتاننىڭ ھاكىممۇتلەقلىقىنى دەپنە قىلىۋەتمەكچى بولدى.

1922 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ 31 - كۈنى، مۇستاپا كامال ئۆزىنىڭ بۇ تەكلىپىنى ھوقۇقنى قوغداش جەمئىيىتىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىغا سۇندى، ئىككىنچى كۈنى بۇ تەكلىپنى يەنە بۈيۈك مىللەت مەجلىسىگىمۇ سۇندى. شۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملىق كەسكىن بەس - مۇنازىرە باشلىنىپ قارىمۇقارشى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. مەجلىسنىڭ شەرىئەت كومىتېتىدىكى ئەزالار (مۇتلەق كۆپچىلىكى دىنىي زاتلار ئىدى) قانۇن ۋە دىنغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مۇستاپا

كامال ئادەملەر بىلەن لىققىدە تولۇپ كەتكەن بۇ مەجلىسخانىدا ئولتۇرۇپ بۇنداق ئايىغى چىقمايدىغان مۇنازىرىلەر ئارقىلىق ھېچقانداق بىرەر قانائەتلىنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بايقىدى. ئاخىرىدا، ئۇ بىرلەشمە كومىتېت رەئىسىدىن سۆزگە رۇخسەت ئالدى ـ دە، ئالدىدا تۇرغان ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

«ئەپەندىلەر، ھۆكۈمرانلىق ۋە سۇلتانلىق قانداقتۇر ئۆلىمالارنىڭ ئىسپاتلىغىنىدەك كىمنىڭ كىمگە بېرىشى، بىرەر ئادەمنىڭ بىرەر ئادەمگە بېرىشى مەسىلىسى ئەمەس ياكى مۇزاكىرە- مۇنازىرە ئارقىلىق ھەل قىلىنىدىغان ئىشمۇ ئەمەس. ھۆكۈمرانلىق ۋە سۇلتانلىق كۈچ ـ ھوقۇق ۋە زوراۋانلىق ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان نەرسە. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوسماننىڭ ئوغۇللىرى تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىلەن سۇلتانلىقىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ خەقنىڭ قولىدىن ھوقۇقنى تارتىۋالغىنىغا ئالتە ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت بولدى. بۈگۈن تۈركلەر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارشى چىقماقتا، ئۇلارنى توسماقتا ھەمدە ھۆكۈمرانلىق بىلەن سۇلتانلىقنى ئۆزىنىڭ قولىدا ئۇنۇملۇك تۇتماقتا. بۇ ھازىر بىر پاكىتقا ئايلاندى. ھازىر بىزنىڭ مۇزاكىرە قىلىدىغىنىمىز سۇلتانلىق سەلتەنەت تەختىنى ۋە ھۆكۈمرانلىقنى تۈركلەرنىڭ ئۆزىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈش كېرەكمۇ، يوق دېگەن مەسىلە بولماستىن، بەلكى ئۇنى قايسى يول بىلەن ئىشقا ئاشۇرىمىز دېگەن مەسىلىدۇر. بۇ قانداقلا بولمىسۇن بەرپىر بولىدىغان ئىش. ناۋادا بۇ يەردە ئولتۇرغان جانابلار، قۇرۇلتاي ئەھلى ۋە خادىملار بۇنىڭغا بىردەك مۇئامىلە قىلىدىغان بولسا، تونۇشىمىزنىڭ بىرلىككە كېلىشىدە گەپ يوق. ئەگەر بىرلىككە كېلەلمىدۇق دېگەندىمۇ، ھامان بەرىبىر يولىنى تېپىپ چىقالايمىز. ھالبۇكى، بۇ جەرياندا بەزىلىرىمىزنىڭ بېشى يەردە

دومىلىشى مۇمكىن. »

«بۇنىڭ دىنىي جەھەتتىكى تەرىپىگە كەلسەك، دىنىي ساھە-دىكى ئەپەندىلەرنىڭ ئارتۇقچە غەم قىلىپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. قېنى مېنىڭ ئىلمىي چۈشەندۈرۈشىمنى ئاڭلاپ باققايسىلەر ··· »

شۇنداق قىلىپ مۇستاپا كامال بۇ مەسىلىگە ئۆزۈن بىر چۈشەنچە بېرىپ ئۆتتى. ئەمما، ئەنقەرەلىك خوجا مۇستاپا ئەپەندى دېگەن بىر ۋەكىل ئورتتۇرىغا چىقىپ: «كەچۈرسىلە ئەپەندى، بىز بۇنىڭغا باشقىچە بىر قاراشتىمىز، سىلىنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشلىرى بىزنى تولىمۇ بىئارام قىلدى» دېدى.

خوجا مۇستاپا ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە بىرلەشمە كومىتېتتا ھەل بولدى. مەجلىس تېزلا بىر نۇسخا قانۇن لايىھە-سىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە شۇ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن 2 - قېتىم-لىق يىغىندا قاراپ چىقىلدى. بەزىلەر ئۇنى ئاۋازغا قويۇش ئۇسۇ-لى ئارقىلىق ھەل قىلىش تەكلىپىنى بەردى، ئەمما مۇستاپا كامال مۇنبەرگە چىقىپ: «ئۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، مەن مەجلىسنىڭ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق پرىنسىپىنى قو-بۇل قىلىدىغانلىقىغا ۋە ئۇنى مەڭگۈ قوغدايدىغانلىقىغا ئىشىنى-مەن» دېدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا، بىرىنىڭ «ئاۋازغا قويايلى» دېگەنلىكى ئاڭلاندى. رەئىس لايىھىنى ئاۋازغا قويدى، ئاندىن ئۇنىڭ بىردەك ماقۇللانغانلىقى جاكارلاندى، شۇنداق قى-لىپ ئوسمانىلار سۇلتانلىق تۈزۈمى دەپنە قىلىنىۋېتىلدى.

1922 - يىلى نويابىرنىڭ 1 - كۈنى، سۇلتانلىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى جاكارلىنىپ ئىستانبۇل ھاكىمىيىتىنىڭ تا-ماملانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان ئىككى ماددىلىق قارار ماقۇللا-ندى. قارارنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا « تۈرك خەلقى ئىستانبۇلدىكى شەخسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تايىنىدىغان ھېلىقى ھۆكۈمەتنى 1920 - يىلى مارتنىڭ 16 - كۈنىلا مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان دەپ

قارايدۇ، بۇ مەڭگۇ بىر تارىخ بولۇپ قالسۇن» دېيىلگەن، قارارنىڭ ئىككىنچى ماددىسىدا «خەلىپىلىك ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسىگە مەنسۇپ، ئەمما خەلىپىنىڭ بەلگىلىنىشى تۈركىيە دۆلىتىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە مىللەت مەجلىسى ئوسمانلىلارنىڭ خان جەمەتى ئىچىدىن ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ خەلىپىلىككە قويىدۇ» دېيىلگەنىدى.

بۇ ۋاقىتتا، مەخمۇد ۋاھىدەددىن ئىبنى ئابدۇلمەجىد ئىبنى مەخمۇد①ئوسمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى ئىدى. سۇلتانلىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى بىلەنلا، ئۇنىڭ قولىدا مەھكىمە شەرئىنىڭ قازىلىقىدىن باشقا ھېچقانداق ھوقۇق قالمىدى. بۈيۈك مىللەت مەجلىسى تەرىپىدىن ئۇنىڭ قانداقلىقىغا تېخى باھا بېرىلىپ بولماي تۇرۇپلا، پوستىنى سويۇۋەتكەن پىيازغا ئوخشاپ قالغان بۇ سۇلتان 1922 - يىلى 17 - نويابىر كۈنى ئوغلى بىلەن بىللە ئوردىدىن ئوغۇرلۇقچە قېچىپ چىقىپ ئەنگلىيىنىڭ بىر ئوكيان چارلىغۇچى ھەربىي پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ مالتا ئارىلىغا قاچتى. 18 - كۈنى، ئەنقەرە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى ئۇنىڭ تاجۇ تەختىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى، بىر نەۋرە ئىنىسى ئابدۇلمەجىدنىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا خەلىپىلىكتە ئولتۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ۋاھىدەددىن مالتا ئارىلىدا قىسقا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ھىجازغا باردى ۋە ئۇ يەردە ھىجاز ھۆكۈمرانى ھۈسەيىن ئىبنى ئەلىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تائىفتىكى داڭلىق شوبرە قەسرىسىدە تۇردى، كېيىن سۈرىيىگە كۆچۈپ بېرىپ، 1926 - يىلى دەمەشقتە ئۆلدى، جەسىتى سالاھىددىن ئەيۇبى مەسچىتى ئىچىگە قويۇلدى.

---

① ۋاھىدەددىن (1861~1926) ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ 36 - سۇلتانى ئىدى، ئىمپېرىيىدە جەمئىي 37 سۇلتان ئۆتكەن.



www.uyghurkitap.com

## توققۇزىنچى باب

# ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك

ھەربىي جەھەتتە غەلىبە قولغا كەلدى، مىللەتپەرۋەرلەرنىڭ سىياسىي پروگراممىسىمۇ مەقسىتىگە يەتتى، ھەتتا خەلقئارالىق بىر شەرتنامە ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشتە مۇستاپا كامال ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ئالدىنقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە سىياسىئون ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا، ناھايىتى نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتلەر ئۇرۇشتا نۇسرەت تاپقان بۇ باتۇرنى داۋاملىق ھۇجۇمغا ئۈندەپ، تېخىمۇ كۆپ شەھەر، قەلئەلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىشقا قىزىقتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ چاغدا ئوسمانلىلارنىڭ ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئۆلكىلىرىگە قويغان ھاكىملىرى قاتمۇقات قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، ناۋادا مۇستاپا كامال مۇشۇ ئۆلكىلەرنى قايتىدىن ئۆز ئىلكىدە تۇتماقچى بولۇپ ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىدىغان بولسا، ھېسداشلىق قىلىپ ئۇنىڭغا كۈچ بېرىدىغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى.

مۇستاپا كامال تۈرك تارىخى ھەم ياۋروپانىڭ قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان تارىخىنى بىرقەدەر ئەتراپلىق تەتقىق قىلغان ئىستېداتلىق ھەربىي ئالىم، شۇنداقلا فرانسىيىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئىللەتلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر قىلىپ ئىسلاھات لايىھىلىرىد-

www.uyghurkitap.com

نى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ھەممىدىن بۇرۇن ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمنى تەشەببۇس قىلغان مەشھۇر مۇتەپەككۇرى، فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ مەنىۋى يولباشچىسى ۋولتېر (1697~1778) بىلەن رۇسسو (1712~1778) نىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان چوڭقۇر پىكىرلىك جەمئىيەتشۇناس پەيلاسوپ ئىدى. ئۇ «بارلىق ئەللەرنىڭ مۇۋاپىق مۇئامىلىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار. شۇڭا، ھەرقانداق بىر ئەلنىڭ يەنە بىر ئەلنىڭ تېررىتورىيىسىگە تاجاۋۇز قىلماسلىقى لازىمدۇر» دەيتتى. شۇڭا، مۇستاپا كامالنىڭ ئۇرۇش، تارىخ ۋە پەلسەپە بىلىملىرى بۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ ئۇنتۇغا قىلدۇرمىدى.

تۈركىيىنىڭ داڭلىق مۇخبىرى ۋە يازغۇچىسى ئاتاي[1] 1953- يىلى يازغان «نېچىن كۈرتۇلماماك» (نېمىشقا قاچىدۇ) دېگەن ماقالىسىدە ئاتا تۈرك مۇستاپا كامال بىلەن ياش تۈركلەر پارتىيىسىنىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىسى ئەنۋەر پاشانى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دەپ يازدى:

«ئەنۋەرنىڭ ئالاھىدىلىكى قورقماسلىقتا، مۇستاپا كامالنىڭ بولسا يىراقنى كۆرەرلىكتە ... ناۋادا 1914 - يىلىدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى مۇستاپا كامال بولىدىغان بولسا، ئۇ ھەرگىزمۇ دۆلەتنى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا سالمىغان بولار ئىدى. ناۋادا 1922 - يىلىدا ئىزمىرغا كىرگۈچى ئەنۋەر بولىدىغان بولسا، ئۇ شۇنچىۋالا زور ھەربىي كۈچ بىلەن ئۇدۇللا سۈرىيە بىلەن ئىراققا كىرەتتى - دە، قولغا كېلىپ بولغان نەرسىنى يەنە قولدىن چىقىرىپ قوياتتى.»

ئۇرۇش توختىتىلىشى بىلەنلا، مۇستاپا كامال دەرھال گرېتسىيە بىلەن ياراشتى ھەم ياۋۇز، ۋەھشىي ئۇسۇل قوللانماي تۇرۇپ، ئاھالىلەرنى ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت تارىختىن قېپقال-

---

[1] تولۇق ئىسمى فالىخ رىفكى ئاتاي (1894~1971)، ئىستانبۇللۇق، ئاتا تۈرك مۇستاپا كامال ھەققىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان ھوسۇللۇق يازغۇچى.

غان قالدۇق، چىگىش مەسىلىلەرنى ئۇنۇملۇك ھەل قىلدى. گرېك ـ تۈرك ئاھالىلىرىنى ئالماشتۇرۇش تەكلىپى ئەسلىدە 1913 ـ يىلىدىكى بالقان ئۇرۇشىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ چاغدا ئىشقا ئاشمىغانىدى. مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە تۇرمۇش كىچىك ئاسىيادىكى گرېكلەر بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى كونا ئاداۋەتنى ئۇلغايتىۋەتتى. كىچىك ئاسىيادا ئولتۇرۇشلۇق گرېك ئاھالىسى تەخمىنەن 250 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى. گرېتسىيە قوماندانلىق شتابى بىلەن گرېتسىيە پادىشاھلىقىنىڭ شوۋىنىزمنى يولغا قويغانلىقى تۈپەيلىدىن تۈرك ئاھالىسى قىرغىن قىلىندى، تۈركىيە دائىرىلىرىمۇ ئاھالىنى گرېكلەرگە قارشى سەپەرۋەر قىلدى. نەتىجىدە بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۇرۇش مەزگىلىدە تازا كەسكىنلىشىپ ئۇچىغا چىقتى. ئۇرۇش دائىرىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئاھالە بىھۇدە قىرىلىپ كەتتى، ئۇرۇشتىن كېيىن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ناھايىتى چوڭ زۆرۈرىيەتكە ئايلاندى. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ئاھالىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئىدى. 1923ـ يىلى يانۋارنىڭ 30 ـ كۈنى، لوزان يىغىنىنىڭ 1 ـ سانلىق مەجلىسىدىكى قارار بويىچە، ئۇرۇشتا ئۆلمەي تىرىك قالغان تۈركىيە تەۋەلىكىدىكى 150 مىڭ گرېتسىيە پۇقراسى كىچىك ئاسىيادىن گرېتسىيىگە، گرېتسىيە تەۋەلىكىدە تۇرۇۋاتقان 50 مىڭ تۈرك ئاھالىسى گرېتسىيىدىن كىچىك ئاسىياغا كۆچۈرۈلۈپ كېلىندى.

مۇستاپا كامال سىرتقا قارىتا بولىدىغان ۋە بولۇش ئېھتىمالى بولغان بارلىق ئىستىلاچىلىق، كېڭەيمىچىلىك، شۇنداقلا ھەرقانداق شەكىلدىكى تۈركىزم، ئوسمانىزم ۋە ئىسلامىزم ئەنئەنىلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ۋە ئارزۇلىرىنى شەرتنامىلەردە كۆرسىتىلگەن «تۈرك مىللىتى» دېگەن دائىرە ئىچىدە تىزگىنلىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئۆمرىنى جاپالىق، كۆچ

www.uyghurkitap.com

كېتىدىغان، ئەمما كىشىلەر ئانچە سەپسېلىپ كەتمەيدىغان قۇرۇلۇش خىزمىتىگە ئاتىدى. 1923 ـ يىلىدىكى بىر نۇتقىدا، ئۇ تۈركىيە خەلقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:

«بۇگۈنكى كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئارمىيىمىزنىڭ قولغان كەلتۈرگەن غەلىبىلىرىگە قاراپ ئۇنى دۆلىتىمىزنى ھەقىقىي قۇتقۇزۇۋالدى دېگىلى بولماس، بۇ غەلىبىلەر پەقەت بىزنىڭ كەلگۈسى غەلىبىمىز ئۈچۈن ئاساس ياراتتى. بىز ئۆزىمىزنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى غەلىبىمىز بىلەن ھەرگىز قانائەتلىنىپ قالماسلىقىمىز، ئىلىم ـ پەن ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە يەنە تېخىمۇ نۇرغۇنلىغان يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىنىشىمىز كېرەك.»

ئۇ بۇ قارىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يەنە بىر قېتىملىق نۇتقىدا مۇنداق بايان قىلدى:

«بىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىمىز بىزنى تېخى تەرەققىيات بىلەن مەرىپەتكە باشلىغىنى يوق. بىراق، بىز ئۈچۈن تەرەققىيات ۋە مەرىپەتكە بارىدىغان بىر يولنى ئېچىپ بەردى. بىز ۋە بىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ زىممىمىزگە ئالغان مەسئۇلىيىتىمىز مانا مۇشۇ يولنى بويلاپ توختىماي قەتئىي ئالغا بېسىشتۇر.»

تۈركىيە مىللەتپەرۋەرلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ زادى ئۇنتۇلالمايدىغىنى مۇنقەرز بولغان چارروسىيە ئىمپېرىيىسى تەۋەلىكىدە تۇرۇۋاتقان ئالاھەزەل 20 مىليونچە كېلىدىغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلار دەل مانا مۇشۇ چاغدا بولشېۋىكلار ئىنقىلابىغا دۇچ كېلىپ، تاشقى جەھەتتىكى ئارىلىشىۋېلىش بىلەن ئىچكى جەھەتتىكى ئۇرۇشنىڭ بالايىئاپەتلىرى ۋەجىدىن زۇلۇم ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە ئۇچرىماقتا ئىدى. شۇڭا، يېڭى تۈرك ھاكىمىيىتى ئىچىدىكى بىر بۆلۈك كىشىلەر مانا شۇلار بىلەن بىرلىشىش ھەم ئۇلارنى ئازاد قىلىش

توغرىسىدا بەزى تەكلىپ ـ تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئەمما، مۇستاپا كامال قەتئىي قوشۇلمىدى، ئەكسىچە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ تۈركىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى، ھەرگىزمۇ مىللەتنىڭ دائىرىسىدىن چەتنەپ كەتكەن دىنىي ئېتىقاد ياكى ئىرقلار بويىچە بۆلۈنگەن تۇتۇق ھەم كەڭ گەۋدە ئۈچۈن كۈرەش قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1921 ـ يىلى دېكابىرنىڭ 1 ـ كۈنى، نۇتۇق سۆزلەپ ئۆزىنىڭ بۇ كۆز قارىشىنى مۇنداق بايان قىلدى:

«ئەپەندىلەر! قېرىنداشلىرىمىز ۋە دىنداشلىرىمىز ئارىسىدىكى ھەربىر كىشىنىڭ كاللىسىدا چوقۇمكى بىردىن ئالىي غايە يېتىلىپ چىقىدۇ. ئۇ تامامەن شۇنداق بولۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا چات كېرىۋالالمايدۇ. ئەمما، تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى بىلەن ھۆكۈمىتى قەتئىي، ئاكتىپ ۋە كونكرېت بولغان بىر سىياسەتنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ بەلگىلەنگەن چېگرا ـ پاسىللار ئىچىدىكى تۈرك مىللىتىنىڭ ھايات ـ ماماتلىقى ۋە مۇستەقىللىقى ئۈچۈندۇر ... تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى ۋە ھۆكۈمىتى ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان مىللەت ئالدىدا شۇنداق قەسەم بېرىدۇكى، ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق، بۇ ھەرگىزمۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خام خىيال ئەمەس، ئەكسىچە مۇكەممەل بىر رېئاللىقتۇر ...

ئەپەندىلەر! بىز ناھايىتى زور خام خىياللارنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىدىغان، ساختا قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىمىزنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنىمۇ قىلىمىز دەيدىغان كىشىلەردىن ئەمەسمىز. ئەپەندىلەر، قارىماققا كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە بىز ھازىر بۈيۈك، ئەمما ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خام خىياللارنى قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان ئوخشايمىز. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ ئۇنداق ئىشلارنى قىلغىنىمىز يوق. ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساق، دۆلىتىمىز ۋە خەلقىمىزنى پۈتۈن دۇنيانىڭ لەنە-

تى بىلەن نەپرىتىگە قالدۇرۇپ ئۆزىمىزگە دۈشمەن قىلىپ قويدۇق. بىز پان ئىسلامىزم ئۈچۈن ئىشلىمىدۇق. بىز ئىلگىرى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىدۇق ۋە ئىشلەيمىز دېگەنىدۇق. لېكىن، بىزنىڭ ئۇنداق قىلغىنىمىز يوق. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز ئۇلار شۇنداق قىلغۇچە بىز ئۇلارنى جايلىۋېتەيلى، دەيدۇ. بىز پان تۇرانىزم ئۈچۈن ئىشلىمىدۇق، بىز ئىشلىيەلەيمىز ۋە كەلگۈسىدە ئىشلەيمىز دېسەك، بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز يەنە ئۇلارنى جايلىۋېتەيلى، دەيدۇ. گەپ مانا مۇشۇ يەردە ... بىز ئەمەلدە قىلمىغان، قىلساقمۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان تەشەببۇسلارغا بېرىلىپ كېتىپ، دۈشمەنلىرىمىزنى كۆپەيتىپ، ئۈستىمىزدىكى بېسىمنى ئېغىرلاشتۇرۇپ يۈرگەندىن كۆرە، ئۆزىمىزنىڭ تەبىئىي، قانۇنلۇق بولغان ھوقۇقىمىزنى قوغداپ قىلىمىزغا قايتقىنىمىز ياخشى، بىز ئۆزىمىزنى ئوبدان بىلىشىمىز كېرەك. ئەپەندىلەر، بىز ياشاشنى، مۇستەقىللىقنى ئارزۇ قىلىدىغان مىللەت، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋە پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا جېنىمىزنى پىدا قىلىمىز».

دەرۋەقە، بۇ چاغدا مۇستاپا كامالنىڭ پەرۋىشىدە يېتىلگەن تۈرك مىللىتى دېگەن ئىدىيە تۈركىيىدىكى زىيالىيلار ئارىسىدا تېز تارقىلىشقا باشلىغاچقا، يەنە يېڭى تەۋەككۈلچىلىك ھەم خېيىمخەتەرلەرنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلدى. ئوسمانلىلارنىڭ يۈرىكى ھېسابلانغان بالقاننىڭ قولدىن كېتىشى، ئەرەبلەر ئولتۇراقلاشقان كەڭ زېمىنلار، شۇنىڭدەك ئىسلامىيەتنىڭ بۆشۈكى بولغان ئەرەبىيىنىڭ ئوسمانىيلارنىڭ ئىتائىتىدىن باش تارتىپ مۇستەقىل بولۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇشلىرى نۇرغۇن كىشىلەرنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇردى. ئاناتولىيىدە ئەرمەنلەر بىلەن گرېكلەرگە قارشى بىر قانچە قېتىملىق قانلىق جەڭلەر قىلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ جاي تۈركلەرنىڭ زېمىنىغا ئايلاندى، ھەتتا دۆلەتنىڭ پايتەختى بولغان دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئىستانبۇلمۇ ئەمدى شەھەر -

قەلئەلىرى تامامەن سالجۇق تۈركلىرىنىڭ مىمارچىلىق ئۇسلۇبىـ
ـنى ساقلاپ قالغان تاغلىق شەھەر ئاناتولىيىگە ئورۇن بوشاتتى.
ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ كىچىكرەك بولغان مىللىي دۆلەت
قۇرۇش ئىدىيىسى ئېھتىياجدىن يىراقتا بولۇپ، ئۇلارنى زادى
رازى قىلالمايتتى ھەم ئۇلارنىڭ كۆڭلىگىمۇ ياقمايتتى. ئۇلارچە
بولغاندا، كۆپ تىللىق ۋە كۆپ مىللەتلىك كونا ئوسمانلى ئىمپېـ
ـرىيىسىنى تىرىلدۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئېگەي دېڭىزىدىن سەددىـ
چىنگىچە بولغان كەڭ كەتكەن زېمىندا ياشايدىغان تۈركىي تىلدا
سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يېڭى تۈرك
ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت بىر غايىۋى تەقدىر
بۇ چاغدا نۇسرەت تاپقان «غازى» مۇستاپا كامالنى كۈتۈپ تۇراتـ
ـتى.

مۇستاپا كامال بۇ غايىۋى تەقدىرگە قىزىقمىدى، ئەكسىچە
بۇ پىلان ۋە ئۇرۇنۇشلارنى قەتئىي رەت قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى:
«ئوخشىمىغان مىللەتلەرنى ياكى دۆلەتلەرنى بىر تۇغ ئاستىغا
يىغىش ياكى ئوخشاشمىغان ئەزالارنى ئوخشاش بىر قائىدە ـ
تۈزۈمگە بويسۇندۇرۇپ، كۈچلۈك بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىش
كىشىنى تولىمۇ ھاياجانلاندۇرىدىغان سىياسىي تەكلىپ بولسىمۇ،
ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا، ئۇ ئادەم ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.
مەسىلەن، باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ تۈركلەرنى ئالايلى، پۈتكۈل
دۇنيادىكى تۈركلەرنى يىغىپ بىر ئايرىم دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ
چىقىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، بۇ ئىلگىرىكى
ئەسىرلەر قالدۇرۇپ كەتكەن پاكىت، تالاي ئەسىرلەردىن بۇيانقى
ئىنسانىيەتنىڭ قايغۇ ـ ئەلەملىرى ۋە قان تۆكۈلۈشلەرنىڭ مەھـ
ـسۇلى، پان ئىسلامىزم ۋە پان تۇرانىزم تارىخىدا ئۇلارنىڭ سىياـ
ـستىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ۋە ياكى بىرەر ئەمەلىي تەشەببۇسلىـ
ـرىنىڭ ئىسپاتلانغانلىقى ھەققىدە مىسال يوق. تارىخ ئىنسانلارنىڭ
ئىرق پەرقىگە قارىماستىن، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دۇنياۋى ئىمـ

www.uyghurkitap.com

پېرىيىسىنى قۇرۇش چۈشىنى كۆرگۈچىلەرنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالدۇرغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر قالدۇرغان . . . خەلقلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئاچچىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ ۋە شەخسىي ئارزۇ - ئىستەكلىرىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ، باراۋەرلىك ئاساسىدا بىرلىككە كەلگەن ئىنسانپەرۋەر ھۆكۈمەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بۇنداق خىيال ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

بىزنىڭ پىكرىمىزچە، سىياسەتنىڭ ئەڭ ئاقىدىغان شەكلى دۆلەتتۇر. دۇنيانىڭ ھازىرقى كېتىپ بېرىۋاتقان ئەھۋالى، شۇنداقلا كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى قېپقالغان رېئاللىق ھەم تەجرىبە-ساۋاقلاردىن قارىغاندا، خىيالغا بېرىلىپ كېتىشتىن ئارتۇق خاتالىق يوق، مانا بۇ تارىخنىڭ بىزگە ئېيتىپ بەرگىنى. بىز چوقۇم ئىلىم - پەن، ئەقىل ۋە لوگىكىغا ئەگىشىپ مېڭىشىمىز كېرەك.»

مۇستاپا كامال تۈركلەرنىڭ ئانا ۋەتىنى بولغان ئاناتولىيىدە ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە جاپالىق خىزمەتلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقى، خەلقئارا مۇناسىۋەت، خەلقئارا دوستلۇق ھەم تىنچلىقتا ھەممىدىن كۆپ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ «ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق، ئوچۇق - يورۇقلۇق، مېھرىبانلىق بىلەن بىللە ياشاش روھى بولمىسا، ئۇنداقتا ھېچقانداق بىر خەلق تىنچلىقتا ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇ ھەرقانچە كۈچىگەن بىلەنمۇ بىكار» دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇ تۈرك خەلقىدىن ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنىنى سۆيۈشنى، ئوبيېكتىپ ۋە قانۇندا بېكىتىلگەن، تولۇق ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە تۈرك ۋەتىنىدىكى جۇمھۇرىيەتكە سادىق بولۇشنى، چەك - چېگرالىرى ئېنىق بولمىغان، يەنە كېلىپ ھەرخىل تەبىرلەر بېرىلىۋاتقان تۇتۇق گەۋدىگە ئەقىدە قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى.

«ۋەتەن» دېگەن ئىسىم يېقىنقى زامان تۈرك تارىخىدا بىر

قانچە دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى جەۋدەت پاشانىڭ قەيتلىرىگە كۆرە، ئۇنى ھەر بىر تۈرك جەڭچىسى ئۆزى تۇرۇۋاتقان يېزا بىلەن كەنتنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمىگەن ھالدا چۈشەنگەنىدى. 19ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، نامىق كامال ئۇنى پۈتكۈل ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى نۇقتىسىدىن ئىزاھلىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ۋەتەن يەنە ئەرەب ئەللىرىدىكى ھەرقايسى مۇقەددەس شەھەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1911 ـ يىلىغا كەلگەندە، پان تۈركىزم نەزەرىيىچىسى زىياكۆك ئالپ ۋەتىنىمىز تۈركىيىلا ئەمەس، تۈركىستانمۇ ئەمەس، بەلكى كەڭ كەتكەن تۇراندۇر، دەپ تەبىر بەرگەنىدى. 1917 ـ يىلى ئاۋغۇستتا، سادرازام مۇھەممەد سەئىد خەلىم پاشا «شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمى يېتىپ بارغان جايلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنىدۇر» دېدى.

مانا مۇشۇنداق رەڭگارەڭ ۋە خىلمۇخىل ئەنئەنىۋى ئىدىيىۋى ئارقا كۆرۈنۈشلەرگە قارىتا مۇستاپا كامال تۈركلەرنىڭ بىر مىللىي ۋەتىنى ھەققىدىكى غۇلغۇلىلارنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، ئاناتولىيىدىكى تۈرك ۋەتىنى دېگەن بىر يېڭى ئۇقۇمنى ۋەتەن ھەققىدە غۇلغۇلا ۋە مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان جامائەتنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇنىڭ مەقسىتى تۈرك خەلقىنى كونا ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىگە بولغان ئەڭ ئاخىرقى مېھىر ـ مۇھەببىتىدىن ئۈمىد ئۈزدۈرۈپ، ھەرخىل سىياسىي مەسلەكلەرنىڭ تەشەببۇس ۋە چاقىرىقلىرى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى چېچىلاڭغۇلۇقلارنى تۈگىتىش ۋە ئۇلارنىڭ قەدىمكى زېمىنىغا بولغان يېڭى مۇھەببىتىنى ئۇرغۇتۇش ئىدى.

ئۇزاق ئەسىرلەر داۋام قىلغان ئىمپېرىيە ئەنئەنىسى بىلەن ئىسلام ئەنئەنىسىنىڭ قوش بېسىمى ئاستىدىكى مەجۇسىيلەر بىلەن بىدئەتكە قارشى كۈرەشتە يېڭىدىن بىخلىنىۋاتقان تۈرك روھى تۈنجۇقۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. 19ـ ئەسىرنىڭ

ئوتتۇرىلىرى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ خېلى كېيىنكى بىر ۋاقىتلارغىچە بولغان زامانلاردا ئوسمانلىلارنىڭ ھۆججەتلىرىدىن «تۈرك» دېگەن گەپنى ئىزدەپ تاپقىلى بولمايتتى. شۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، «ئىتتىھاتىيە ئوسمانى» پارتىيىسىدىكىلەر ياۋروپالىقلارنىڭ تۈركىيىدە ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىگە نام بەرمەكچى بولۇشتى. ئەمما، بۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان بىرەر ئىسىم تاپالماي، ئاخىرى «تۈركىستان» دەپ ئاتىدى. كېيىنچە بۇ ئىسىمنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيانى كۆرسىتىدىغانلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن داۋاملىق ئاتاشتىن قالدى. «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» پارتىيىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ياۋروپالىقلارنىڭ ئىسىم ياساش ئادىتى بويىچە «تۈركىيە» دېگەن نام ئىجاد قىلىنىپ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىشقا باشلىدى.

1908 ـ يىلىدىن كېيىن، مەدەنىيەتى جەدىد (يېڭى مەدەنىيەت) ھەرىكىتىنىڭ ئۇلغىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تۈركلەشتۇرۇش غايىسى كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بىر ئادەتنى يېتىلدۈردى. مۇستاپا كامال ئەمدى كىشىلەرگە «تۈركىيە تۈركلەرنىڭ ۋەتىنىدۇر» دېگەن بىر يېڭى ئىدىيىنى بەخشەندە قىلدى. بۇ بەكمۇ يېڭى ئىدىيە بولۇپ، تۈرك تىلى ئىچىدىن ھەتتا ئۇنىڭ تەڭداش مەنىسىنى ئىزدەپ تېپىشمۇ تەسكە چۈشتى. ياش شائىر مۇھەممەد ئەمىن بۇ يېڭى دۆلەتكە «تۈرك ئېلى» (Turk eli) دەپ ئات قويۇش تەكلىپىنى بەردى. ئەمما، «ئىتتىھات ۋەتەرەككى» زامانىسىدا «تۈركىيە» دېگەن ئىسمنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغانلىقى نەزەرگە ئېلىنىپ، 1923 ـ يىلىدىن باشلاپ «تۈركىيە» دېگەن بۇ ئىسىم رەسمىي ھالدا مۇستاپا كامال قۇرغان بۇ دۆلەتنىڭ نامىغا ئايلاندى.

ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ دەسلەپىدىلا، مۇستاپا كامالدا ئۆزگىچە بىر خىل جەمئىيەت ۋە ئىقتىساد چۈشەنچىسى پەيدا بولدى. ئۇ 1921 ـ يىلى دېكابىرنىڭ 1 ـ كۈنى، ئەنقەرەدە نۇتۇق سۆزلەپ

مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:
«ناۋادا بىز ئۆزىمىزنىڭ ھۆكۈمىتىگە چوقۇم جەمئىيەتشۇ-
ناسلىق قائىدىسى بويىچە بىر تەبىر - تەرىپ بېرىمىز دەيدىكەن-
مىز، ئۇنداقتا ئۇ ‹خەلق ھۆكۈمىتى› دېيىلىشى كېرەك. بىز ھەممىمىز
ئەمگەكچى خەلق، يوقسۇل خەلق، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۆز-
لىرىنىڭ ھاياتى ۋە مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئەمگەك قىلىدۇ. بىز
ئۆزىمىزنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىمىزنى بىلىشىمىز كې-
رەك. بىز خەلق، ئەمگەك ۋە ئەمگەك ئارقىلىقلا جېنىمىزنى
باقىدىغان ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىدىغان خەلقمىز. ھەممىمىز-
نىڭ ئۆز مەنپەئىتىمىزنى قوغداش بۇرچىمىز ۋە ھوقۇقىمىز بار،
ئەمما بىز ئەمگەك ئارقىلىقلا بۇ ھوقۇقنى ئېرىشەلەيمىز، ياستۇق-
نى ئېگىز قىرلاپ يېتىپ ئەمگەك قىلماي تۇرۇپلا ياشايمىز دېگۈ-
چىلەر بىزنىڭ بۇ جەمئىيىتىمىز بىلەن كېلىشەلمەيدۇ، بىزنىڭ
بۇ جەمئىيىتىمىز ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىغىمۇ ھەم يول قويماي-
دۇ. خەلقچىللىق بىر ئىجتىمائىي پرىنسىپ، ئۇ ئىجتىمائىي
تەرتىپنى خىزمەت ۋە قانۇنلار ئاساسىدا ئورنىتىپ چىقىشنى مەق-
سەت قىلىدۇ. ئەپەندىلەر، بىز مۇنداق بىر پرىنسىپقا ئەمەل
قىلغۇچىلارمىز، بىز دەۋاتقان بۇ پرىنسىپ بىزنى ئەنە شۇنداق
ھوقۇقتا ئىگە قىلالايدىغان بولۇشى، مۇستەقىللىقىمىزنى كاپالەت-
لەندۈرۈشى، دۆلىتىمىزنى تارمار قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنىدىغان جا-
ھانگىرلارغا، بىزنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشنى دائىم ئويلايدىغان كاپى-
تالىزمغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئومۇمىي خەلق ئۇرۇشى قىلالى-
شى كېرەك . . . مانا بۇلار بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭمۇ
روشەن بىر ئاساسى . . . ئەمما، بىز دېموكراتىيىگە ئوخشىماي-
مىز، سوتسىيالىزمغىمۇ ئوخشىمايمىز، ھېچنېمىگە ئوخشىماي-
مىز، ئۇنداقتا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەپەندىلەر، بىز ئۆزىمىزنى
باشقىلارغا تەقلىد قىلىش ئارقىلىق پەخىرلىنىپ يۈرمەيمىز،

www.uyghurkitap.com

چۈنكى بىزنىڭ ئوخشايدىغىنىمىز دەل ئۆزىمىزدۇر.»

مۇستاپا كامالنىڭ خەلقچىللىق مەسلىكى ھەرگىز قۇرۇق گەپ ئەمەس ئىدى. كېيىن بۇ جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسىغا ھەم تۈركىيە «ئانا ياسا» (ئاساسىي قانۇن) سىغا كىرگۈزۈلدى. خەلقچىللىق جامائەتكە ئايدىڭ بولغان سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ئۇقۇمىدىن باشقا، يەنە مەلۇم دەرىجىدىكى ئىقتىساد ۋە كەڭ دائىرىدىكى ئىجتىمائىي ئاڭ ئۇقۇملىرىنىمۇ ئىگە ئىدى، شۇڭا جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك تەدبىرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

1923 ـ يىلى فېۋرالنىڭ 17 ـ كۈنى، ئىزمىردا چاقىرىلغان ئىقتىسادىي خىزمەت قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش نۇتقىدا، مۇستاپا كامال ئىقتىسادنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۇسۇل ـ چارىلىرىنى تېز تېپىپ چىقىپ، نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئېتىبارسىز قارىلىپ كەلگەن خەلق ئىگىلىكىنىڭ جاراھەتلىرىنى دەرھال داۋالاشنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

«خەلق كېسەل بولۇپ قالسا، چوقۇم بالايىئاپەتكە دۇچار بولىدۇ. قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ كېسىلىگە دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش كېرەك، داۋالاش ئىلمىي ۋە تېخنىكىلىق ئاساستا بولسا تېز ساقىيىدۇ. . . خەلقنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرىدىغان، يۈكسەلدۈرىدىغان ۋە قۇدرەت تاپتۇرىدىغان ئامىللار بار، بۇ ئامىللار ئەقلىي ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەردىن تەشكىل تاپىدۇ . . . دۆلەتنى ۋە خەلقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاتلانغانلار چوقۇم ياخشى نىيەتلىك، مېھرىبانلىق ۋە پىداكارلىق روھىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. جەمئىيەتتىكى كېسەللەرنى بايقاشتا، داۋالاشتا، شۇنداقلا قانۇن ـ تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ قانات يايدۇرۇشتا يالغۇز بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بولۇشى بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ . . .»

«ئەپەندىلەر، خەلقنىڭ مەسئۇلىيەتچان سىياسىئونلىرى ئا-رىسىدا شەخسىي غايە، جەڭگى - جېدەل ئەۋج ئېلىپ، خەلقپەر-ۋەرلىك بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك مەسئۇلىيىتى تەلەپ قىلىدىغان پەزىلەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ ھالدا دېيىلىۋاتقان دۆلەت پارچىلىنىپ گۇمران بولۇشتىن ساقلىنالمايدۇ. سىلەر ھەممىڭلا-ر خەلقىمىزنىڭ ھەقىقىي ۋەكىللىرىسىلەر، سىلەرنىڭ بۇ خىل نامۇۋاپىق بولغان پائالىيەتلەردىن ئۆزۈڭلارنى دائىم نېرى تۇتۇپ تۇرغىنىڭلاردا ھېچقانداق گۇمان يوق. سىلەرنىڭ يۇقىرى دەرى-جىلىك تەشكىلاتلىرىڭلاردىكى قېرىنداشلىق، ئىتتىپاقلىق، مېھ-رىبانلىق ھەم ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى تەبىئىي ھالدا پۈتكۈل خەلققە تارقايدۇ، ئۇلار دائىم بۇخىل پەزىلەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.»

«يولداشلار، سىلەر مىللىتىمىزنى ھەقىقىي تەشكىل ئەتكۈ-چى خەلق ئاممىسىنىڭ ھەرقايسى تەبىقە، قاتلاملىرىدىن كەلدىڭ-لار، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ سايلاپ كۆرسىتىپ بېرىشىدىن ئۆت-تۈڭلار، شۇڭا دۆلىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئېھتىياجى، غايىسى ۋە قىيىنچىلىقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلىسى-لەر، ئۇلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشالايسىلەر، سۆزلىشەلەيسى-لەر، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارنى، تۈزگەن تەدبىرىڭلارنى بىۋاسىتە خەلقنىڭ ئاغزىدىن چىققان دېسەكمۇ بولىدۇ . . . خەلقنىڭ ئىدا-سى خۇدانىڭ ساداسىدۇر.»

مۇستاپا كامال ئۆتمۈشتىكى بۈيۈك ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى-نىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ تالاي قانلىق ئۇرۇشلار-نى قىلىپ، ئاخىرىدا جىمجىتلا پەسكارىغا چۈشۈپ قالغانلىقى ھەققىدە ناھايىتى ئوبرازلىق توختىلىپ مۇنداق دېدى:

«دوستلار، قىلىچ بىلەن شەھەر ئالغۇچى ئىستېلاچىلار چو-قۇم ساپان بىلەن يەر ئاغدۇرغۇچى دېھقانلارغا يېڭىلىدۇ، ھەتتا ئۇلارغا ئاخىر ئورۇن بىكارلايدۇ، بۇ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدە

بولغان ئىش، قىلىچىنىڭ دەستىسىنى تۇتقان بىلەك ھامان تالى-
دۇ، قىلىچ غىلاپقا كىرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن داتلىشىدۇ، ئاخى-
رىدا كاردىن چىقىدۇ. ئەمما، ساپان تۇتقان بىلەك تۇتقانسېرى
چېنىقىدۇ، كېيىن يەرنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىدۇ، ئاخىرىدا ھەمـ-
مىگە ئىگە بولىدۇ ...»

مۇستاپا كامال دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىق بىرلىشىپ ئاندىن ھەقىقىي مۇستەقىللىقنىڭ مەركىزىي پرىنسىپلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى بىردىنبىر يول ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش بولۇپ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى ئەمگەك ۋەپەقەت ئەمگەك ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:

«ئىنسان ئەقىللىق، ئىجادكارلىق ۋە غايىلىك (ئىرادىلىك) بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىدىكى پايدىلىق ئەۋزەل شارائىتلارنىڭ ھەممىسىدىن تەڭ پايدىلىنالايدۇ. بۇ ئەمگەكنىڭ ئەخلاقىغا ياتىدىغان خاراكتېرىنى ھەم ئۇنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ بىر خىل ھوقۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. جاپا تارتماي تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن يېتىلىشى ياكى يۈكسەك مەنىۋى تەرەققىيات دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس. ھورۇنلۇق بارلىق بالايىئاپەتلەرنىڭ ئانىسى، ئەمگەك يۈك ئەمەس، ئەمگەك قىلىش ھەددىدىن زىيادە جاپالىق ئىش ئەمەس. لېكىن، تاللانغان بىر خىل كەسىپ بىلەن شۇ كەسىپنى تاللىغان كىشىنىڭ ئىقتىدارى ھەم قىزىقىشىدا چوقۇم بىردەكلىك بولۇشى لازىم. ئادەم ئۆزىنىڭ خىزمەت ياكى سودىسىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن خۇشال بولىدۇ. دېھقانلارنىڭ مول ھوسۇلىدىن، بىناكارلىق ئۇستىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سالغان ئۆي ـ ئىمارەتلىرىدىن، ھەيكەلتىراشلارنىڭ ئۆزى ياسىغان ھەيكەللىرىدىن، ئالىملارنىڭ بايقاشلىرىدىن، ئارتىسلارنىڭ ئۆز ئىجادىيەتلىرىدىن سۆيۈنۈشلىرىمۇ دەل

يۇقىرىقى ھەقىقەتكە ياتىدۇ. بۇ خىل خۇشاللىق ياكى مەمنۇنىيەت
ئۇلارغا بارلىق ھارغىنلىقلىرىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. تارتقان جاپا -
مۇشەققەتلەرمۇ كۆرۈنمەي قالىدۇ. ئارتىسلار ياكى مۇتەپ-
ەككۇرلارنىڭ قاتتىق ھېرىش - چارچاشلىرىنىمۇ ئۇنتۇلدۇ-
رۇۋېتىدۇ.»

«ئەمگەك بىر خىل ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت، كىشلەر ئۆز
ئىشىنى قىلىدۇ، لېكىن جەمئىيەت بولغاچقىلا، ئۇلار ئۆزلىرى-
نىڭ ئىشلىرىنى بىر خىل پايدىلىق ھەم قىممەتكە ئىگە نەرسىگە
ئايلاندۇرىدۇ. شۇڭا، شەخسنىڭ ئۆز خىزمىتى بىلەن مەڭگۈلۈك
باغلىنىشى بولىدۇ. ئەگەر قىلىنغان ئىش ھېچكىمگە پايدىلىق
بولمىسا، چىقىرىلغان كۈچ زايە بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا،
چوقۇم جەمئىيەتكە پايدىلىق بولغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش
لازىم. ئەمگەك بىرخىل ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت، خىزمەت بول-
سا بىر خىل مەنىۋى مەسئۇلىيەت، ھەتتا كىرىمى ناھايىتى يۇقى-
رى بولغان باي كىشلەرمۇ يۇقىرىقى مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە
ئالىدۇ. شەخسنىڭ بايلىقلىرى چوقۇم دۆلەت بايلىقىنى ئاشۇرۇش
ئۈچۈن ياردەم قىلىشقا ئىشلىتىلىشى كېرەك. بىر باي كىشى
بەلكىم جىسمانىي ئەمگەكتىن خالى بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ
شۇنداقتىمۇ يەنە چوقۇم ئۆز ئەقىل - پاراسىتىنى تېخىمۇ جارىي
قىلدۇرىدىغان بىرەر كەسىپنى تاللىشى كېرەك.»

«پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق ئىشلارغا، مەدەنىيەتكە، ھاياتلىققا
ۋە غەلىبىگە بولغان ئەڭ توغرا يېتەكچى نەرسە ئىلىم - پەن بىلەن
تېخنىكىدۇر. ئۆز ھاياتىمىزدا دائىم ئىلىم - پەن بىلەن تېخنى-
كىنىڭ راۋاجى ھەم تەرەققىياتىغا يېتىشىپ مېڭىش بەكمۇ زۆ-
رۈر. بىز چوقۇم دۇنيانىڭ ھەر كۈنلۈك تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ
مېڭىشىمىز لازىم.»

مۇستاپا كامالچە بولغاندا، مىللىي ئىگىلىك ھوقۇقى چوقۇم
ئىقتىسادىي ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك

ئىدى. ئىقتىسادىي ئىگىلىك ھوقۇقى بولمىسا، سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى غەلىبىنىڭ قانچە زور بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ئەگەر ئىقتىسادىي تىرىشچانلىق بولمىسا، ئەڭ بۈيۈك ۋە مۇقەددەس ھېسابلانغان خەلق ئىگىلىكىنىڭ نىشانىمۇ ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ بولۇپ قالاتتى، بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن زور ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش — يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە قاتناش ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاش لازىم ئىدى. شۇڭا ئۇ، بىر قېتىملىق نۇتقىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:

«دۆلەت چوقۇم پۇقرالارنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. قانۇن - تۈزۈم ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، دۆلەت چوقۇم زور قىزغىنلىق بىلەن تاشيول، تۆمۈريول، پوچتا - تېلېگراف، تېلېفون مۇلازىمىتى، ئۇلاغ ۋە باشقا ھەرخىل قاتناش - ترانسپورتنى كۈچەيتىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى لازىم. بۇ خۇددى دۆلەتنىڭ بايلىقىغا كۆڭۈل بۆلگىنىگە ئوخشايدۇ. دۆلەتنى باشقۇرۇش ۋە مۇداپىئە قىلىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، يۇقىرىقى مىساللار توپ - زەمبىرەك ياكى مىلتىقلاردىن مۇھىم تۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق قورالدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ ...»

«شەخسىي مەنپەئەت دائىم ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، شەخسىي مەنپەئەت رىقابەتنى ئاساس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇخىل رىقابەت ئىقتىسادىي تەرتىپنى قۇرۇپ چىقىشقا يېتەرلىك بولمايدۇ. ئاشۇنداق بولىدۇ دېگۈچىلەر پەقەت ئۆز - ئۆزىنى خام خىيال بىلەن ئالدىغۇچىلاردۇر.»

«بىز دۆلىتىمىزنى تۆمۈريول ۋە تاشيوللىرى تورلاشقان بىر ئەلگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك ... چۈنكى، غەربلىكلەر ۋە

دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرى ئاپتوموبىل بىلەن پويىز ئىشلىتىۋاتقان
چاغدا، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئېشەك ھارۋىسى ۋە كالا ھارۋىلىرىمىزنى
ھەيدەپ چىقىپ، ئۇلار بىلەن بەسلىشىشىمىز مۇمكىن
ئەمەس.»

يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ تۇنجى شەپىسى 1930 ـ يىلى
ئىسمەد پاشانىڭ سېۋاستا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇقتىدىن كەل-
دى. بۇ چاغدا ئىسمەد پاشا دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى-
نى كۆپىنچىرەك ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە قارىتىشنىڭ زۆرۈر-
لۈكىنى تەكىتلىدى. 1931 ـ يىلى مۇستاپا كامال مەشھۇر خىتاب-
نامىسىنى ئېلان قىلىپ، «ئاساسلىق ۋە ئۆزگەرتكىلى بولمايدى-
غان پرىنسىپلار» نى بەلگىلىدى. بۇ پرىنسىپلار شۇ يىلى ئېچىل-
غان جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلتىيىدا ماقۇللى-
نىپ، كېيىن ئاساسىي قانۇنغا رەسمىي كىرگۈزۈلدى. «خىتابنا-
مە» نىڭ بىرىنچى ماددىسىدا، «جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسى
جۇمھۇرىيەتچىل، مىللەتچىل، خەلقچىل، دۆلەتچىل، لايىقچىل
ۋە ئىنقىلابچىل پارتىيىدۇر» دەپ بېكىتىلدى ۋە ئارقىدىنلا جۇم-
ھۇرىيەت خەلق پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى بىلەن پارتىيە گېربى
ماقۇللاندى. گېرب ئالتە بۇرجەكلىك بولۇپ، ھەربىر بۇرجىكى
بىردىن مەسلەك ـ شوئارغا سىمۋول قىلىندى. ئالتە بۇرجەكنىڭ
بىرىنچى بۇرجىكى جۇمھۇرىيەتكە ۋەكىللىك قىلدى. بۇ ئۇنىڭ
تۈركىيىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىردىنبىر ھاكىمىيەت شەكلى
ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئىككىنچى بۇرجىكى مىل-
لەتپەرۋەرلىككە ۋەكىللىك قىلدى. بۇ تۈركىيىنىڭ مىللىي مۇس-
تەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە مىللىي ئورنىنى كۆتۈرۈش جەر-
يانىدىكى غەيرىتىنى ئىپادىلەپ، مۇستاپا كامالنىڭ تولۇق مۇستە-
قىللىق غايىسىنىڭ دۇنيادىكى بارلىق ئاسارەتتە قالغان مىللەتلەر-
نىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا ئۆرنەك بولارلىق رولىنى نامايان قىلىپ
تۇراتتى. ئۈچىنچى بۇرجىكى خەلقچىللىققا ۋەكىللىك قىلدى. ئۇ

خەلقنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداپ، مىللەتنىڭ ھاياتى ۋە مۇستەقىللىقىنى بوغماقچى بولغان جاھانگىرلار ۋە كاپىتالىستلار بىلەن كۈرەش قىلىشنى، خەلقنىڭ ئۇزۇندىن بېرى تارتىۋاتقان كەمبەغەلچىلىكنىڭ سەۋەبلىرىنى يېڭى ۋاستە ۋە يېڭى تەشكىلاتلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باياشات ۋە بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇش ئورنىتىشنى ئەڭ ئاساسىي نىشان قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. تۆتىنچى بۇرجىكى دۆلەتچىلىككە ۋەكىللىك قىلىدى. ئۇ دۆلەتنىڭ ياردىمى، مەدەت بېرىدشى ۋە نازارىتى ئاستىدا مىللىي سانائەتنى بەرپا قىلىش مۇددىئاسىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بەشىنچى بۇرجىكى لائىقچىللىققا ۋەكىللىك قىلىدى. ئۇ دىن بىلەن ھاكىمىيەت ئايرىۋېتىلگەن ئەنئەنىۋى ئادەت ئاساسىدىكى ئومۇمىي دۆلەت پرىنسىپىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەڭ ئاخىرقى بۇرجىكى ئىنقىلابقا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، ئۇ مۇستاپا كامالنىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيىسىگە بولغان ساداقەتمەنلىك بىلەن زامانىۋىلىشىش يولىدا ئېلىپ بارغان بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلىرىنىڭ مېۋىلىرىنى قوغداشنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

مۇستاپا كامال بەرپا ئەتكەن بۇ دۆلەتنىڭ يىلتىزىدا ياتقان بۇ ئالتە پرىنسىپ بىر - بىرىدىن ئايرىلسا بولمايدىغان مۇقەددەس ئەقىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر بۆلەكلىرى مۇستاپا كامالنىڭ ئۇنىۋېرسال ھايات قارىشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىدى. بۇ پرىنسىپلار ئىچىدىكى تۆتىنچى پرىنسىپ — دۆلەتچىلىكنىڭ① تەبىرىگە قارىتا «خىتابنامە» نىڭ 3 - ماددىسىدا مۇنداق چۈشەنچە بېرىلدى:

---

① دۆلەتچىلىك — 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا گېرمانىيىدە مەيدانغا كەلگەن مەسلەك. ئۇ ناتسىئونالىزم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى لاسسال، لوبېرتوس، ۋاگىنا قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار دۆلەت «ھەممە ئۇچۇن مەۋجۇت» بولۇپ تۇرىدىغان «مىللىي ئورتاق گەۋدە»، ئۇنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى «ئىنسانلارنىڭ ھۆرلۈككە قاراپ تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر» دەپ قارايدۇ.

«بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ خۇسۇسىيلار كەسپى
ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى نەزەردە تۇتۇش بىزنىڭ ئاساسىي
تەشەببۇسىمىزدۇر، دۆلەتنىڭ مىللەتكە ئالاقىدار بولغان ئادەتتىـ
كى ۋە زور ئىشلارغا، بولۇپمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىقتىسادىي مەسىـ
لىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، قىسقا ۋاقىت
ئىچىدە ئىمكانقەدەر دۆلەت ۋە مىللەتنى گۈللەندۈرۈش بىزنىڭ
تۈپ سىياسىتىمىزنىڭ بىرىدۇر.»
مۇستاپا كامال يېڭى تۈركىيىنىڭ ئىقتىسادىي ئۇلىنى دۆلەتـ
چىلىك بىلەن قوغداش تەرەپدارى ئىدى. شۇڭا، ئۇ «دۆلەت
پرىنسىپ جەھەتتىن شەخسنىڭ ئورنىنى ئالماسلىقى، بەلكى شۇ
شەخسنىڭ ياردەمگە ئېرىشىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئومۇـ
مىي شارائىتلارنى ياخشىلىشى لازىم. خۇسۇسىيلارنىڭ تىرىشىشى
ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم بىر قورالى، ھۆكۈمەت شەخسـ
لەرنى ئۆزلىرىنىڭ يولىغا قويۇپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي
ئەركىنلىكىگە چات كېرىۋالىدىغان توزاقلارنى قۇرماسلىقى كېـ
رەك. بۇ دېموكراتىيىنىڭمۇ مۇھىم پرىنسىپلىرىنىڭ بىرى» دەپ
ھېسابلىندى. ئۇ بىر قېتىملىق نۇتقىدا دۆلەتچىلىك ھەققىدە توخـ
تىلىپ مۇنداق دېدى:
«خەلقىمىزنى پاراۋان، خۇشال ـ خۇرام، جانلىق ۋە جۇشـ
قۇن تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، ھۆكۈمىتىمىز قەتئىي بىر
ساپ دۆلەت سىياسىتىگە ئەمەل قىلىشى زۆرۈر. بۇ سىياسەت
چوقۇم دۆلىتىمىزدىكى تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيـ
غۇن كېلىشى كېرەك، تەشكىلىي ئاپپاراتلارمۇ دۆلەت ئەھۋالىغا
ئۇيغۇنلىشىش ئاساسىدا قۇرۇلغان تەشكىلاتلار بولۇشى كېرەك.
مەن دۆلەتچىلىك سىياسىتى دېگەندە، ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ چېگرىـ
سى ئىچىدە ئىشلەپ، خەلق ۋە دۆلەتنىڭ ھەققىي بەخت ـ سائادىـ
تى ھەم تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇش، بۇ جەرياندا ئاساسلىقى
ئۆزىمىزنىڭ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىمىزـ

www.uyghurkitap.com

نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوغداش، يەتكىلى بولمايدىغان نىشانلارنى قوغلىشىپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ، دۆلەتكە زىيان يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق بىر قانچە مەسىلىنى كۆزدە تۇتتۇم. بىر مەدەنىي دۇنيا چوقۇم بىر مەدەنىي بولغان ئىنسانىي پائالىيەتلەرنى، دوستلۇقنى ۋە چۈشىنىشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.»

«بىز ئۆز پەرزەنتلىرىمىزنى تەربىيىلىگەن چېغىمىزدا، ئۇلارغا چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ھوقۇقى ۋە بىرلىكىگە تەھدىت سالىدىغان چەت ئەل تەسىرلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قاتتىق ئەسكەرتىشىمىز لازىم. ھەممىدىن ئاۋۋال، بىز چوقۇم پەرزەنتلىرىمىزنى ئۆز دۆلىتىنى قوغداش ئۈچۈن دۆلەتكە زىيان سالغۇچىلار بىلەن كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىشىمىز كېرەك.»

1929 ـ يىلىدىكى دۇنيا كرىزىسى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى. ئىقتىسادىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ كۆچلۈك بېسىمى ئاستىدا تۈركىيە كۈندىن ـ كۈنگە كېڭىيىپ بېرىۋاتقان ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە مەجبۇرىي قاتناشمىسا بولمىدى. شۇ يىلى دېكابىردا «يارىن» (ئەتە) ناملىق بىر يېڭى گېزىت نەشر قىلىنىپ ھۆكۈمەتنى تەنقىد قىلىشقا باشلىدى. بۇ گېزىت 1924ـ يىلىدىكىگە ئوخشاش تىغ ئۇچىنى مۇستاپا كامالنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى باش باكان[1] ئىسمەدنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتىگە قاراتتى. بۇ گېزىت ئەسلى ئاپرېلدىلا پەرمان بىلەن بىر كۈن توختىتىۋېتىلگەندى، ماينىڭ 17 ـ كۈنى گېزىتنىڭ مۇھەررىرى ئارىف ئولوچى ماقالە يېزىپ ئوتتۇرىغا قويغان گۇناھ بىلەن بىر ئاي قامالغان، مۇددىتى توشۇپ قويۇپ

---

① ئىچكى كابىنېت زۇڭلىسى.

بېرىلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىغا قايتىپ ھۆكۈمەتنى ۋە ئايرىم ھۆكۈمەت خادىملىرىنى داۋاملىق تەنقىد قىلىپ تۇردى.

ھۆكۈمەتنىڭ بۇنداق مۆتىدىل پوزىتسىيىسى يەنە بىر تۈركۈم ئۆكتىچىلەرنىڭ سىناق قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇنداق تۇنجى سىناق مۇستاپا كامالنىڭ ئۆزىدىن كەلدى. ئۇ يالۋادا[①]ئۇزاققا بارمىغان بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر سىياسىي پارتىيىنىڭ قۇرۇلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. 1930 ـ يىل ئاۋغۇستنىڭ 9 ـ كۈنى، ئەمدىلا پارىژدىن قايتقان ئەلى فەتىش مۇستاپا كامالغا مەكتۇپ يېزىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە ۋە ئىقتىسادىي سىياسىتىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى، بۈيۈك مىللەت مەجلىسىدە تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنىڭ كەم بولغانلىقىنى، بۇنىڭ ئىچكى كابىنېت ئىچىدە بىرمۇنچە مەسئۇلىيەتسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بىر ئۆكتىچى پارتىيە قۇرۇش لازىم ئىدى. شۇڭا، ئۇ رەئىس جۇمھۇردىن ئۆزىنىڭ بىر ئۆكتىچى پارتىيە قۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر ـ تەلەپ ۋە قاراشلىرىنى ئاڭلاپ بېقىشنى ئۆتۈندى. مۇستاپا كامال جاۋاب خېتىدە بۇنى ئوبدانراق بىر مۇھاكىمە قىلىپ باقايلى، دېدى. چۈنكى، ئۇ «تەنقىد قىلىش ھەم مۇنازىرە قىلىشقا چوقۇم تولۇق ئەركىنلىك بولۇشى كېرەك . . . تەنقىد قىلىش ئەركىنلىكى ھۆكۈمەت بىلەن مىللەت مەجلىسىنى دائىم سەزگۈر ھالەتتە ساقلايدۇ»، «ھەرقانداق بىر ياخشى ھۆكۈمەت چوقۇم بارلىق تەنقىد ۋە مۇنازىرىلەرگە قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرەلىشى ھەم ئۇلارنىڭ ئاساسىنى تېپىپ بېرەلىشى كېرەك. ئەگەر بۇ ئاساس قىلىنسا تەنقىد ۋە مۇنازىرە دۆلەتكە پايدىلىق بولىدۇ ھەمدە بۇ دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ساپاسىنىڭ ئۆسۈ-

① يالۋا — جاي ئىسمى.

شىگە ياردەم بېرىدۇ»، شۇنداقلا «ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەن‍ـ
قىد قىلىش ئەركىنلىكى ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا
تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ھاسىل قىلىدۇ» دەپ قارايتتى. شۇڭا
مۇستاپا كامال خېتىدە ئەلى فەتىشنىڭ قاراشلىرىغا بولغان مايىل‍ـ
لىقىنى ئىپادىلىدى، بۇ ئىككى پارچە خەت گېزىتتە ئاشكارا ئېلان
قىلىندى. ئاۋغۇستنىڭ 12 ـ كۈنى، ئەلى فەتىش ئۆزى قۇرماق‍ـ
چى بولغان ئەركىن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ تەشكىلىي
پروگراممىسىنى ئىستانبۇل ۋالىيسىنىڭ ۋاكالەتچىسىگە تاپشۇ‍ـ
رۇپ، «يىغىلىش قانۇنى» غا ئاساسەن تىزىمغا ئېلىشنى ئۆتۈن‍ـ
دى. گەرچە بۇ پارتىيە ئۈچ ئاي مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، ئەمما
ئۇنىڭ قىسقا ھەم كۆڭۈلسىز تارىخى كىشىلەرنى بەكمۇ ئەجەبلەن‍ـ
دۈردى. بەزى ئەربابلار مۇستاپا كامال تۈركىيىدە ھەقىقەتەن
كۆپ پارتىيىلىك بىر دېموكراتىك تۈزۈمنى ئورناتماقچى ئىدى،
ئەمما ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئىسيان پىلانلىغانلىقىدىن پەيتىنىڭ تېخى
پىششىپ يېتىلمىگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ رايىدىن قايتقان دېسە،
يەنە بەزىلەر بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا بىر ئۆكتىچى پارتىيە لازىم بوپقال‍ـ
غان، ئۇ مۇشۇ ۋاسىتە ئارقىلىق شۇ ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي
كرىزىس كەلتۈرۈپ چىقارغان جىددىيچىلىكنى ئىزىغا سېلىپ،
كېيىن لازىمى قالمىغاندا ئاندىن ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى
ئويلىغان دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر بۇ ۋاقىتتىكى تارىخنى مۇستاپا
كامال بىلەن ئىسمەد ئىنۆنۈ ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپى
تارىخى دېيىشەتتى. مۇستاپا كامال بۇ چاغدا ھەقىقەتەن بۇ ئۆكتى‍ـ
چى پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يوشۇرۇن كۆرسەتمە بېرىپ، سىڭ‍ـ
لىسى ماقبۇلە خانىم بىلەن يېقىن بۇرادىرى ئەھمەد ئاجايىشنى
ئەلى فەتىشنىڭ يېڭىدىن قۇرغان ئۆكتىچى تەشكىلاتىغا قاتنىشىش‍ـ
قا دەۋەت قىلغان ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي راسخو‍ـ
تىنىمۇ سەرپ قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئۇنىۋېرسال
دۆلەت باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى چۈشىنەلمىگەنلەر مۇستاپا كامال‍ـ

نىڭ بۇنداق قىلىشىدا ئۆكتىچىلەرنى قانۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق يوشۇرۇن دۈشمەنلىرىنى ئاشكارىلاشنى مەقسەت قىلغان ياكى بول- مىسا ئىككى پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئەركىن جۇمھۇرى- يەتچىلەرنىڭ كۈچى ئارقىلىق چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن گۇمانلارنى قىلىشقاندى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەلى فەتىشنىڭ ئۆكتىچى پارتىيە قۇرۇشىنىڭ مەقسىتى ئىسمەد ئىنۆنۈنىڭ ۋە جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسىنىڭ رولىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بىر كۈچ ئىزدەش ئى- دى. مۇستاپا كامال ئەلى فەتىشنىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويمى- دى، نەتىجىدە ئەركىن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى 1924 - يىلىدىكى تەرەققىيپەرۋەر جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىچىلىكمۇ ئىش قىلالمىدى.

ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇزاق ئۆتمەيلا كىشىلەر بۇ خىل سىناقنىڭ بەك بالدۇر بولۇپ كەتكەنلى- كىنى ھېس قىلدى. ئەلى فەتىش بىلەن ئىسمەد ئىنۆنۈ كۆرۈنۈش- تە ھەرقانچە ئەپ ئۆتكەندەك قىلىسمۇ، ئەمما ئۇزاقلاردىن بېرى يىغىلىپ قالغان ئاداۋەت ۋە قورساق ئۆرۈشى بىراقلا ئوتتۇرىغا چىقتى.

دۆلەتچىلىك ئاناتولىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۇردى، بۇرژۇئازىيە دۆلەت خامچوتى بىلەن دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ياردىمىدە مىللىي سانائەتنى بەرپا قىلىپ، چەت ئەل كاپىتالىنىڭ تۈركىيە بازارلىرىدىكى بازىلىرىنى ۋەيران قى- لىۋەتتى ھەمدە جاھانگىر ۋە كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن ئالاقى- سى قويۇق بولغان ئىستانبۇل ۋە ئىزمىردىن ئىبارەت ئىككى پورت شەھىرىدىكى دەللال بۇرژۇئازىيىگە قاتتىق زەربە بەردى. ئەلى فەتىش باشچىلىقىدىكى ئەركىن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى مانا مۇشۇ ئىستانبۇل ۋە ئىزمىردىن كەلگەن نارازىلىق كەيپىياتى كۈچلۈك ئۆكتىچىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، چۈنكى شۇ ۋاقىت-

تىكى دۇنياۋى كرىزىس بۇ ئىككى شەھەرنىڭ سودىسىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ئەلى فەتىشنىڭ ئىزمىردىكى كۆپ قېتىملىق نۇتقى بۇ بىر تۈركۈم ئۆكتىچىلەرنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈ-رۈپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ گېزىتخانىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلا-پ، كوچىلارغا چىقىپ ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن ئاشكارا ئېلى-شىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ پارتىيە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ كۆپرەك بولۇشىنى، دۆلەتچىلىكنىڭ ئازراق بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلار جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسىنى خەلق ئىگىلىكى-نى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ناھايىتى ئاز ئەھمىيەت بەردى دەپ ئەيىبلىدى. بۇ پارتىيە غەلىبە قىلسا بولمايتتى، شۇڭا نويابىرغا كەلگەندە، مۇستاپا كامال تۈركىيىدە بىردىن ئارتۇق پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرسا بولمايدىغانلىقىنى پەملىدى ـ دە، ئەركىن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنى تارقىتىۋەتتى. گەرچە ئە-لى فەتىش بۈيۈك مىللەت مەجلىسىدە، ھۆكۈمەتنى سايلامدا نامۇ-ۋاپىق ۋاستە قوللاندى دەپ ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ «غازى» مۇستاپا كامالغا قارشى تۇرۇشقا پېتىنالمىدى.

1931 ـ يىلى، دۆلەتچىلىك تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى سىيا-سىي پروگراممىسىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ بېكىتىلدى. گەرچە كامالىزمچىلارنىڭ رادىكاللاردىن تەشكىل تاپقان كۈچلۈك يادرو-سىنىڭ ئۆكتىچىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، دۆلەتچىلىك پرىن-سىپىنىڭ پارتىيە پروگراممىسىغا كىرگۈزۈلۈشى بۇ سىياسەتكە ئوچۇق ـ ئاشكارا ھۇجۇم قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى يوققا چىقارغان بولسىمۇ، دۆلەتچىلىكنىڭ دۈشمەنلىرى يەنە ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىڭغا ھۇجۇم ياسىدى ۋە «كادرو» (Kadro) دېيىلىدىغان بىر مەسلەك ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە پەيدا بولدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى ئەينى چاغدىكى ئاتاقلىق يازغۇچى، كېيىنكى ۋاقىتتىكى دىپلومات ياقۇب قادىرى قارا ئوسمان ئوغلو (1889～1974) ئىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 1932

~ يىلىدىن 1934 ـ يىلىغىچە «كادرو» نامىلىق بىر ژۇرنال نەشر قىلدى. «كادرو» چىلار دەسلەپىدە ھۆكۇمەت دائىرىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىتى «يۇزەكى ماركسىزم، مىللەتچىلىك ھەم سىندىكالىزم[1] نىڭ داشقاينىقى» دەپ قارالدى. ئۇلار تۈركىيىدە كاپىتال يوق، سىنىپىي كۆرەشمۇ يوق، دۆلەتنىڭ كاپىتال جۇغلاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، بۇ ئارقىلىق سىنىپىي كۆرەشنىڭ مەيدانغا چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەجبۇرىيىتى بار دەپ قارايتتى. مانا مۇشۇنداق بىر يېڭى ئىقتىسادىي ئەھۋال ئاستىدا، كونا دەسمايە ئىقتىدارىغا ئىگە بىر تۈركۈم پېشقەدەم كادىرلار ئۆزلىرىگە ئەگىشىشنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغان خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە ئاساسەن دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىغا يېتەكچىلىك قىلدى. تۈركىيە ئىنقىلابى كاپىتالىزم بىلەن جاھانگىرلىكنىڭ بويۇنتۇرۇ- قىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان دۇنياۋى كۆرەشنىڭ بىر قىسمى ئىدى. شۇڭا، تۈركىيە دۆلىتىنىڭ ئاساسەن ئەھمىيەت بەرگىنى ئىلغار تېخنىكا بىلەن تەرەققىي تاپقان ئىقتىسادنى بەرپا قىلىش بولۇپ، دۆلەت بارلىق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي پائالى- يەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىي سىياسەت بەلگىلىگۈچىسى، شۇنداقلا پائال يېتەكچىلىك قىلغۇچىسىغا ئايلاندى.

رىم، ئىستانبۇل ۋە موسكۋادىن قوبۇل قىلىنغان ھەرخىل ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ داۋاملاشقان ۋاقتى ئانچە ئۇزاققا بارمىدى. ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەركىن پىكىر- لىك مۇھاكىمە ۋە غۇلغۇلىلار يۈرگۈزۈلگەنلىكتىن، بەزى كۆچ- لۈك رادىكال تەھلىللەر ۋە ھەل قىلىش لايىھىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، نەتىجىدە «كادرو» چىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن

---

① سىندىكالىزم — خەلقئارا ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكى سىياسىي كۆرەشنى، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ۋە ئىشچىلار سىنىپى پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى ئىنكار قىلىپ، ئىشچىلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى تەشكىللەش ۋە ئىقتىسادىي كۆرەش ئېلىپ بېرىش بىلەنلا چەكلىنىشى كېرەك، دەيدىغان بىر خىل ئېقىم.

ھەمنام بولغان ژۇرنىلى باستۇرۇلدى، ژۇرنالنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى تۈركىيىنىڭ ئالبانىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى قىلىپ ماڭدۇرۇلدى، بۇ بىر خىل سۈرگۈن قىلىش ئىدى. گەرچە «كادرو» چىلار بېسىقتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما دۆلەتچىلىكنى «كادرو» چە مۇھاكىمە قىلىش ئىشى يەنىلا تۈركىيە زىيالىيلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولۇپ قېلىۋەردى.

دۆلەتچىلىك تۈركىيىنىڭ ئارقىدا قالغان قالاق ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. تۈركىيىدىكى سانائەت تەرەققىياتىنىڭ قەدىمى ناھايىتى ئاستا ۋە كېيىن بېسىلغان بولۇپ، دۆلەت قوللىمىسا، ئۇ زادى مۇستەھكەملىنەلمەيتتى. شۇڭا، ئاتا تۈركچىلىك سىياسىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ھەممىدىن بۇرۇن يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان تۈركىيىنىڭ ئاجىز سانائىتىنى قوللاپ ۋە قوغداپ، كۈچلۈك غەرب دۇنياسىنىڭ باي ۋە مول كاپىتالىنىڭ زەربىسىدىن ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلدى.

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دۆلەتچىلىككە تايىنىپ ئىقتىسادىي جەھەتتە ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇ چاغدا يۈز بەرگەن دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي كرىزىس تۈركىيىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشى بىراقلا پەسلەپ كەتكەنلىكتىن، چەت ئەل سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ تۈركىيىگە ئىمپورت قىلىنىشىنى ناھايىتى زور مىقداردا ئازايتىشقا توغرا كەلدى. ئۇنداق بولمىغاندا سودىدىكى پاسسىپ بالانس ئىگىلىكنى ۋەيران قىلىۋېتەتتى. 1931 - يىلى، تۈركىيە ھۆكۈمىتى چەت ئەل ماللىرىنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلىدى. نەتىجىدە ئىمپورت سوممىسى 1930 - يىلىدىكى 148 مىليون لىرادىن 1933 - يىلىدىكى 75 مىليون لىراغا چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى چەت ئەل رىقابىتى ئاجىزلاپ، تۈركىيە مېلىغا بولغان ئېھتىياج ئاشتى.

دۆلەتچىلىكنىڭ تۈركىيە مىللىي مۇستەقىللىقىنىڭ مۇس-
تەھكەملىنىشىگە بولغان ياردىمى ئىنتايىن چوڭ بولدى. بەزى
چوڭ تىپتىكى يېڭى كارخانىلار، ھەتتا ئىلگىرىدىن تارتىپ زادىلا
كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى سانائەت تارماقلىرى بەرپا بولدى، تۈر-
كىيە سانائىتىنىڭ دائىرىسى زورايدى. 1927 - يىلىدىكى سانا-
ئەت بۇيۇملىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 58 مىليون لىرا بولغان
بولسا، 1931 - يىلىغا كەلگەندە 105 مىليون لىراغا، 1939-
يىلىغا بارغاندا بولسا، 331 مىليون لىراغا يەتتى. ئۇلار ئەمدى
ئىلگىرى چەتتىن كىرگۈزىدىغان شېكەر، رەخت، گەزمال، قۇ-
رۇلۇش ماتېرىياللىرى، قەغەز قاتارلىق ماللارنى ئۆزلىرى ئىش-
لەپچىقىرىپ بازارنى تەمىنلىيەلەيدىغان بولدى. ئاناتولىيىنىڭ
شەرقىي، غەربىي تەرەپلىرىگە، ھەتتا قارا دېڭىز، شۇنداقلا ئوت-
تۇرا دېڭىزغىچە تۇتىشىدىغان يېڭى تۆمۈريوللار ئەمدىلىكتە دۆلەت-
نىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن ياسىلىپ پۈتتى. ھۆكۈمەت چەت
ئەللىك ئىجارىكەشلەرنىڭ قولىدىن كونا تۆمۈريوللارنى سېتىۋال-
دى. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆمۈركان، پورت ۋە جامائەت ئىشلىرى
ئورۇنلىرىغا ئوخشاش بەزى مۇھىم بولغان ئىجارىسى ئۆتۈنۈپ
بېرىلگەن كارخانىلارمۇ سېتىۋېلىندى.
چەت ئەللىك ئىجارىكەشلەر مۇستاپا كامالنىڭ ئىقتىسادىي
تەدبىرىدىن قاتتىق نارازى ئىدى. ئۇلارغا يۆلەنچۈك بولۇۋاتقان
جاھانگىر دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرى ۋە گېزىتلىرى تۈركىيىگە ھەيۋە
قىلىپ ئۇنى قاتتىق بالايىئاپەتكە ئۇچرايدۇ، دەپ قورقۇتۇشتى.
بەزى ئىجارىكەشلەر ئۆزلىرىنىڭ «قانۇن» لۇق مەنپەئىتىنى قوغ-
داشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كارخا-
نىلىرىنى سېتىۋېلىشىغا قارىتا جاھىللىق مەيدانىدا تۇردى ھەم
تۈركىيە سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىلغار پەن - تېخنى-
كىنىڭ كىرگۈزۈلۈشىگە جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆر-
سەتتى. چەت ئەللىك ئىجارىكەشلەرنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىكى

تۆمۈريوللار بارغانسېرى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. پويىزلار يېڭىلان-
مىدى، ۋوگزاللار كونىرىغان پېتى قالدى. 30 - يىللارنىڭ
باشلىرىغىچە ئىزمىرنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىدا يەنىلا كونا ئات
ھارۋىسى قاتنىماقتا ئىدى. چۈنكى، 19 ئەسىردىلا ئىجارىنى
ئۆتۈنۈپ بېرىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن چەت ئەللىك ئىجارىكەشلەر
ئىزمىر ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بۇ يەردىمۇ باشقا جايلاردا خېلى
بۇرۇنلا ئىشلىتىلگەن تراللېبۇسلارنى ئىشلىتىشكە يول قويماي
كەلگەنىدى. ئەمدى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى باھانە كۆرسىتىپ،
ئىجارىكەشلەرنىڭ ئىجارىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامنامىسىنىڭ
مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى توغرىسىدا سوتقا
ئەرز سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجارىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ھوقۇقىنىڭ
ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى.

گەرچە مەملىكەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىلەر ۋە چەت ئەل
كۈچلىرىنىڭ قارشىلىقلىرى ناھايىتى قاتتىق داۋاملىشىپ تۇرغان
بولسىمۇ، تۈركىيە ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ مالىيە مۇستەقىللىقىنى
مۇستەھكەملەش جەھەتتە، يەنىلا بىر قاتار مۇۋەپپەقىيەتلەرنى
قولغا كەلتۈردى. بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە، تۈركىيىدە بىر جۇمھۇرى-
يەت مەركىزىي بانكىسى ھەم بەزى مىللىي بانكىلار قۇرۇلدى.
1933 - يىلىدىكى ئىمزالانغان كېلىشىمگە كۆرە، تۈركىيە ھۆ-
كۈمىتى ئوسمانلىلارنىڭ قەرز سوممىسىدىكى يىللىق تۆلەپ قاي-
تۇرۇش نىسبىتىنى بېكىتىپ چىقتى ۋە بۇنى ئالتۇن بىلەن ئە-
مەس، بەلكى قەغەز فرانك بىلەن تۆلەپ قايتۇرىدىغانغا پۈتۈشتى.
كېيىن فرانسىيە فرانكىنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن،
تۈركىيە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم تاۋارلىرى بىلەن ئوسمانلىلارنىڭ
تارىختىن قېپقالغان قەرزلىرىنى تۆلىدى.

تۈركىيە مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداش مۇددىئاسى ئاسا-
سىدا تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ سوۋېت
ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇققا ئەھمىيەت بەردى.

1929 ـ يىلى نويابىر تۈركىيە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كېلىشىم
ئىمزالاپ بىر ئايدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىلەن
سانائەت بانكىسى بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان سودا شىركىتى سو-
ۋېت ئىتتىپاقىدا تىجارەت باشلىدى. 13 ـ دېكابىر كۈنى، سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى قاراخان ئەنقە-
رەگە كېلىپ مۇستاپا كامال بىلەن كۆرۈشتى ۋە «رۇسىيە ـ
تۈركىيە توختامنامىسى» نى ئىمزالىدى، 1930 ـ يىلى سېنتە-
بىردە تۈركىيىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى تەۋپىق رۇشۇد (ئا-
راس) موسكۋادا زىيارەتتە بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئىككى
دۆلەتنىڭ باردى — كەلدىسى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. 1932 ـ يىلى
ئاۋغۇستنىڭ 5 ـ كۈنى، ئىسمەد پاشا موسكۋادا سوۋېتلەر ئىتتى-
پاقى بىلەن 8 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىنغان بىر
كېلىشىم ئىمزالىدى. بۇ مەبلەغنىڭ كۆپ قىسمى توقۇمىچىلىق
سانائىتىگە ئىشلىتىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تېخنىكا خادىملىرى-
نىڭ يېتەكچىلىكىدە قەيسەرىيىدە بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان كار-
خانىلار قەد كۆتۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادنى تەرەق-
قىي قىلدۇرىدىغان چارە ـ ئۇسۇل، مەبلەغ ۋە خادىملار بىلەن
تۈركىيىنى تەمىن ئېتىشى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى كەلتۈرۈپ چى-
قارغان بۇزغۇنچىلىق ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغان، ئەمما شۇ-
نىڭ ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقان بۇ ئەلگە ئۆزىنىڭ
تۈرقىنى ياخشىلىۋېلىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت بەردى.

دۆلەتچىلىك سىياسىتىنىڭ تۈركىيىدە يولغا قويۇلۇپ سو-
ۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنىڭ بارا ـ بارا
قويۇقلىشىشىغا بەزى سىياسىي بېدىكلەر ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلى-
رىدىكى بەزى ئايرىم كىشىلەر قەتئىي قارشى ئىدى. ئۇلار تۈركى-
يىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كوممۇنىزمغا قا-
راپ ماڭدى، دېيىشەتتى. دەرۋەقە، بۇ ۋاقىتتا تۈركىيىنىڭ شەر-
قىي شىمال چېگرا رايونلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىزىسى

www.uyghurkitap.com

بويىچە بەزى تەجرىبە ـ سىناقلارمۇ قىلىنىشقا باشلىغانىدى. ئەمما، بۇ ئايرىم ئەھۋال بولۇپ، دۆلەت سىياسىتى ئەمەس ئىدى. دېمىسىمۇ بۇ ئىككى دۆلەت دەسلەپتە يېقىن ئۆتۈشكەن ئىدى. كېيىن لوزان يىغىنىدا ئىسمەد پاشانىڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، تۈركىيىدە بۆلۈنۈش پەيدا بولغاچقا، مۇستاپا كامال ئاتا تۈركنىڭ ئۆكتىچى كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسىنى قۇرۇشى ۋە لوزاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتالىيىدىكى ۋەكىلى ۋورووۋسكىينىڭ قەتلى قىلىنىشى قاتارلىق بىر قاتار مۇرەككەپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشتى. ئەمما، 1924~1925 ـ يىللاردىكى مۇسۇل مەسىلىسىدە ئىنگلىزلار بىلەن بولغان كۈچلۈك سۈركىلىش تۈركىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلاشتۇردى.

تۈركىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە جەھەتتە ئەپ ئۆتكەن بىلەن ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ھېچقانداق ئورتاقلىقى يوق ئىدى. مۇستاپا كامال ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپىدىلا ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ روسىيىدە يولغا قويۇلغان كوممۇنىزمنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كامالىزم بىلەن ئۇنىڭ ھېچقانداق بىر ئوخشاشلىقىنىڭ يوقلۇقىنى، شۇڭا تۈركىيىگە تەتبىقلاشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. شۇڭا، ئۇ 1921 ـ يىلى كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، تۈركىيە كوممۇنىستلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە زەربە بەردى. 1922 ـ يىلىدىكى ھۈسەيىن رائۇفنىڭ سىياسىتى كوممۇنىستلارنىڭ تەشۋىقاتىنى قاتتىق مەنئىي قىلدى. ئىستانبۇلدا چىقىرىلغان كومپارتىيىنىڭ يېرىم قانۇنلۇق ئورگان ژۇرنىلى پېچەتلەندى، كوممۇنىستلار ۋە ئۇلارغا ھەمكارلاشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى جازاغا تارتىلدى، كىتابخانىلاردا ماركسىزم ئەسەرلىرىنى ساتقۇچىلار قولغا ئېلىندى، 1925 ـ يىلى ئەڭ ئاخىرقى يېرىم قانۇنلۇق ھالەتتە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان

تۈركىيە كومپارتىيىسىمۇ قانۇنسىز تەشكىلات دەپ جاكارلاندى، رۇسىيىدە بولشېۋىكلار سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن كوممۇنىزمغا قارشى بۇ قىلمىشقا سۈكۈت قىلدى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ نەزەربىيچىلىرى ئالدىراپ ـ تېنەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مۇستاپا كامال گەرچە كوممۇنىزمغا قارشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ فېئودالىزمنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىپ، دانا يېزا ئىگىلىك سىياسىتىنى يولغا قويدى، هازىر سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى تۇتۇۋاتىدۇ ھەمدە كاپىتالىستىك غەربنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇ ئىلغارلىققا ھەم ئىنقىلابىيلىققا ئىگە دەپ چۈشەنچە بەردى.

1929~1930 ـ يىللاردا موسكۋانىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى باش سىياسىتىنى قايتىدىن بەلگىلىشى مۇستاپا كامالنى ئىنقىلابىي قەھرىماندىن بىراقلا بولشېۋىكلارنىڭ نەزەرىدىكى بىر مۇستەبىتكە ئايلاندۇرۇۋەتتى. بەزىلەر ئۇنى تۈركىيىچە بولغان «مىللىي فاشىزم» نى يولغا قويدى دېسە، بەزىلەر «يېزا ئىگىلىك ناپولېئونىزمى» بىلەن ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ، دېيىشتى. رۇسىيىلىكلەرنىڭ ئاتا تۈركچىلىككە قايتا باھا بېرىشى تۈركىيە كومپارتىيىسىنىڭ مۇستاپا كامال ھاكىمىيىتىگە بولغان ئۆكتىچىلىك ھەرىكىتىنى قايتىدىن ئۇلغايتىۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن تۈركىيە دائىرىلىرى كوممۇنىستلارنى قاتتىق باستۇردى. مۇستاپا كامال 1921 ـ يىلىدىن باشلاپ، بولشېۋىكلار بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ تۈركىيىنى كوممۇنىزم دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇش خىيالى يوق ئىدى. شۇڭا، ئەپچىل چارە ئىشلىتىپ بۇ ھۆرمەتلىك يېڭى قوشنىسى بىلەن تېخىمۇ ئاپاق-چاپاق بولۇپ كېتىشتىن ساقلاندى ھەم ئۆزى بەرپا قىلغان ياش تۈرك ۋەتىنىنى كوممۇنىزمدىن پىنھان تۇتتى. كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە، مۇستاپا كامال دۆلەتچىلىكنىڭ ئۇقۇمىغا تەبىر بەرگەندە ئۇنى ئېنىق قىلىپ شەرھلىدى. ئۇ مۇستاپا كامال ئىدى

1935 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئىزمىر يەرمەنكىسىدە سۆزلىگەن نۇتقىدا مۇنداق دېدى:

«تۈركىيىدە يولغا قويۇلغان دۆلەتچىلىك تۈزۈمى 19 ـ ئەسىردىن بۇيانقى سوتسىيالىزم نەزەرىيىچىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇسلارنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ياكى مېۋىسى ئەمەس. بىزنىڭ دۆلەتچىلىكىمىز شەخسلەرنىڭ ئاكتىپلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى ئاساس قىلغان، بىر بۈيۈك مىللەت بىلەن بىر بىپايان دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتقان ھەم بىزنىڭ تېخىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشىمىزدەك ئۆزگىچە ئەمەلىي ئەھۋالىمىزنى ئەكس ئەتتۇرگەن، شۇڭا بىزنىڭ دۆلەتچىلىكىمىز دۆلەتنىڭ خەلق ئىگىلىكىگە مەسئۇل بولۇشتەك پرىنسىپىنى ئۇل قىلغاندۇر.»

1930 ـ يىلى، مۇستاپا كامالنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېڭى تۈرك تارىخى جەمئىيىتى قۇرۇلدى، بۇ ۋاقىتتا ئوسمانلىلارنىڭ تارىخشۇناسلىق جەمئىيىتى مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقانىدى. يېڭى تۈرك تارىخى جەمئىيىتى ئالىي مەكتەپ ۋە ھەرقايسى مەكتەپلەردە قوللىنىلىدىغان يېڭى تارىخ دەرسلىكى ۋە قوللانمىلىرىنى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1932 ـ يىلى، مۇستاپا كامالنىڭ يولىيورۇقى بىلەن ئەنقەرەدە تۈرك تارىخى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تارىخ دەرسى ئوقۇتقۇچىلىرى، پروفېسسورلار، چەت ئەللىك ئالىملار ۋە ھەرقايسى ئىلىم ساھەلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى يىغىندا، تۈركلەر ــ ئاق تەنلىكلەر ئىچىدىكى ئارىيانلاردۇر، ئۇلار پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەرىپەت بۆشۈكى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارالغان، بۇ جايلارنىڭ تەدرىجىي قۇرغاقلىشىشى تۈپەيلىدىن، ئۇلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ياۋروپا قىتئەسى، ئافرىقا قىتئەسى ۋە ئاسىيا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى جايلارغا كۆچكەن، شۇنداقلا ھەرخىل مەدەنىيەتلەرنى كۆچكەن جايلىرىغا بىللە ئېلىپ بارغان،

جۇڭگو مەدەنىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى ھەم ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيەتلىرى مانا مۇشۇ ئاساستا شەكىللەنگەن. ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئاتىسى ھېسابلانغان سومېرلىقلار① ۋە ھىتتىلار②مۇ ئەسلىدە تۈركلەردۇر، ئاناتولىيە ئەزەلدىن تۈركلەرنىڭ زېمىنى دېگەن ھۆكۈم ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تارىخ نەزەرىيىسى سۈپىتىدە ئېلان قىلىندى، تەتقىقاتچىلار بۇ نەزەرىيىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تەتقىقاتلىرىنى باشلىۋەتتى.

مۇستاپا كامال مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق يېقىنقى بىر ئىككى ئەسىردىن بۇيان خورلىنىپ دەپسەندە قىلىنغان تۈرك روھىغا تەسەللىي بەردى ۋە ئاناتولىيىنىڭ زامان ـ زامانلاردىن

① سومېرلىقلار — مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4000 ـ يىلى قەدىمكى مىسىرغا تەۋە سومېر ۋە ئاككاد دېگەن ئىككى شەھەر دۆلىتىدە شانلىق مەدەنىيەت ياراتقان ئاھالىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇلار بەرپا قىلغان مەدەنىيەت تارىخىي كىتابلاردا «سومېر ـ ئاككاد مەدەنىيىتى» دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. ئامېرىكا تارىخ ئالىمى PhiliP Lee RalPh تەرىپىدىن يېزىلغان ئىككى توملۇق «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن كىتابتا: «مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3500 ـ يىلدىن 3200 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مىسوپوتامىيە، يەنى ئىككى دەريا (تىگرىس ۋە ئېفرات دەريا ئارىلىقى) ۋادىسى تازا ئاۋاتلىشىپ، يەر شارى بويىچە تۇنجى مەدەنىيەت رايونىغا ئايلانغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3200 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە بولغان دەۋر ‹سومېرلىقلار دەۋرى› دېيىلىدۇ» دېيىلسە، Will Durant دېگەن يەنە بىر ئامېرىكىلىق ئالىم «شەرق مەدەنىيىتى» دېگەن ئىككى توملۇق كىتابىدا: «سومېرلىقلار دەسلەپتە ئوتتۇرا ئاسىيا، كاۋكاز ۋە ئەرمېنىيىدىن شىمالىي مىسوپوتامىيىگە كەلگەن، كېيىن ئىككى دەريا ۋادىسىنى بويلاپ جەنۇبقا كۆچكەن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2300 ـ يىلى تازا گۈللەنگەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان شائىر، مىرزىلار سومېرلىقلارنىڭ ئىراق قەدىمكى تارىخىنى توپان بالاسىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگىچە سۈرۈپ، 432000 يىلغا ئاپىرىدۇ» دەيدۇ.

② ھىتتىلار — كىچىك ئاسىيادا ياشىغان ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى قەدىمىي خەلق. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1600 ـ يىلى، ئۇلار ئاناتولىي يېرىم ئارىلىنى بېسىۋالغان ۋە كېيىن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ جەنۇبقا كۆچۈپ، سۈرىيە ۋە لىۋاننى ئىستىلا قىلغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1595 ـ يىلى بابىلون ئىمپېرىيىسىنى يوقاتقان. «ئىنجىل» دا، ھىتتىلارنىڭ ئېفرات دەريا ۋادىسىغىچە بولغان جايلارنى ئىستىلا قىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1450 ـ يىلى ئۆپچۆرىسىدىن 1200 ـ يىلىغىچە ھىتتىلار (تازا گۈللىنىپ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 13 ـ ئەسىردىن كېيىن شىمالدىكى مىسىر ۋە مىسوپوتامىيىلىكلەر بىلەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1185 ـ يىلى غەربىي دېڭىز تەرەپتىن كەلگەن سۇ خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىدا ئاجىزلىغان. ھىتتىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر شەھىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 717 ـ يىلى ئاسسۇرىيىلىكلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھىتتىلار تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى. ھىتتىلار ئەڭ ئاۋۋال بۈگۈنكى تۈركىيىنىڭ پايتەختى ئەنقەرەنىڭ يېنىدىكى بوغاز كوي (قەدىمكى نامى ھىتتىسا شەھىرى) دېگەن جاينى ئۆزىگە پايتەخت قىلغانىدى. 1907 ـ يىلى ئارخېئولوگلار بۇ جايدىن قەدىمكى ھىتتى مەدەنىيىتىگە ئائىت 20000 دىن ئارتۇق سېغىز تاختاي قېزىۋالدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىنسانلار ھىتتىلار ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيتتى. كېيىن ئارخېئولوگلار يەنە شىمالىي سۈرىيىدىكى ھەلەب قاتارلىق جايلاردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1200 ـ يىللار ۋە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4000 ـ يىللارغا تەۋە بولغان ماددىي بۇيۇملارنى تاپتى. 1915 ـ يىلى چېخ ئارخېئولوگى ۋە شەرقشۇناسى Bedrich Hrozny (1879 ـ 1952) تۇنجى قېتىم سېغىز تاختايلارغا يېزىلغان ھىتتى ۋەسىقىلىرىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى دۇنياغا جاكارلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھىتتىلار يېزىقىنى دۇنيادا ھېچكىم ئۇقالماسلىقتەك تارىختا خاتىمە بېرىلىپ، خەلقئارادا ھىتتى تەتقىقاتى باشلاندى.

بىرى تۈركلەر ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەنلىكىنى دە-
لىللەپ، مىللەت بىلەن رايون ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمىي يېقىنچى-
لىقنى كۈچەيتتى. ئەمدى تۈركلەرنىڭ نەزەرىدە بۇرۇنقى كونا
ئىمپېرىيە يىراقتا قالدى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە ۋەكىللىك
قىلىدىغان، جامائەتكە تونۇشلۇق بولغان بۈگۈنكى كۈندىكى تۆت
بۇرجەكلىك بۇ جاي تۈرك خەلقىنىڭ تەلپۈنىدىغان، ساداقىتىنى
ئىپادىلەيدىغان مۇقەددەس مەركەزگە ئايلاندى.

مۇستاپا كامال بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

«خەتەرلىك يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغان ۋە گۇمران بولۇۋاتقان بۇ دۆلەت ئۆزىنىڭ رەڭگارەڭ دۈشمەنلىرى بىلەن قانلىق كۈرەشلەرنى قىلدى . . . تالاي يىللار كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرىدا مەملىكەت ئىچىدە ۋە سىرتىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان بىر يېڭى زېمىن، يېڭى جەمئىيەت ۋە يېڭى دۆلەت بارلىققا كەلدى. ھالبۇكى بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن توختاۋسىز ئىنقىلابلار ئېلىپ بېرىلدى، بۇ بۈيۈك تۈركىيە ئىنقىلابىدۇر.»

تۈركىيە بىلەن شەرق ئىسلام دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىشى، غەربلەشتۈرۈش بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق شەكىللەنگەن، بارغانسېرى زورىيىۋاتقان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، دىن بىلەن ھاكىمىيەت ئايرىۋېتىلگەن ئۆرپ - ئادەت تەربىيەسىدە چوڭ بولغان ھەممە خەلق بىلەن زېمىنىنىڭ ئاخىرقى جەۋھىرى ھېسابلانغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا تەييارلىنىۋاتقان يېڭى بىر ئەۋلادلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى كىشىلەرنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئېڭىنى پەيدىنپەي چوڭقۇرلاشتۇردى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ شىددەتلىك دولقۇنىدا سىناقتىن ئۆتكەن تۈركىيىنىڭ بىتەرەپ مەيدانى بۇ روھنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇنىڭغا قايتا جان كىرگۈزدى.

## ئونىنچى باب

# تۈرك ۋەتىنىدە جۇمھۇرىيەت

مۇستافا كامال كېلەركى باسقۇچتىكى سىياسىي كۈرەشنىڭ
تەييارلىقىنى قىلىشقا جىددىي كىرىشتى ، ئۇنىڭغا بىر سىياسىي
قورال لازىم بولغانىدى. ئاناتولىيە ـ رۇمىلىيە ھوقۇقىنى قوغ-
داش جەمئىيىتى (ئانادولو ۋە رۇمەلى مۇدافائى ھوكوك جەمئى-
يىتى) مىللىي ئازادلىق كۈرىشى ۋاقتىدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى
ئىشلىدى، ئەمما تىنچلىق ئورنىتىلىپ مۇستەقىل بولغان دۆلەت-
نىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. شۇڭا، مۇستاپا كامال ئۇنى
ھەقىقىي بىر سىياسىي پارتىيىگە ئايلاندۇرماقچى بولدى.

1922 ـ يىلى 6 ـ دېكابىر كۈنى، مۇستاپا كامال ئاخبارت
ساھەسىگە خەلق پىرقىسى دېيىلىدىغان بىر يېڭى سىياسىي پارتى-
يىنىڭ پات ئارىدا قۇرۇلىدىغانلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر-
قايسى ئىلمىي قاتلاملارنىڭ ئۇنىڭغا ئىپادە بىلدۈرۈشى ھەققىدە
خەۋەر تارقىتىشنى ئۇقتۇردى. ئارقىدىن ئارمىيىنى تەرتىپكە
سېلىش ۋە يېڭى تەدبىرگە بولغان ئىنكاسنى ئاڭلاش ئۈچۈن،
ياندۇرقى يىلىنىڭ بېشىدا ئاناتولىيىدىكى ئەسكى شەھەر، ئىز-
مىت ، بورسا ۋە ئىزمىر قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ چىقتى،
ئۇنىڭدىن كېيىن 1923 ـ يىلى ئاپرېلىنىڭ 8 ـ كۈنى «توققۇز
ئۇمدە» (توققۇز پرىنسىپ) دەپ ئاتالغان بىر خىتابنامە ئېلان
قىلدى. خىتابنامىدە پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى، ئاساسىي قانۇن ئور-
ناتقان ھۆكۈمەت قۇرۇش، سۇلتانلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، شۇنىڭدەك مالىيىنى ۋە مەمۇرىي ئىشلارنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق ئىشلار يىرىكرەك تەكشىلەنگەنىدى. بۇ پرىنسىپلار مۇستاپا كامالنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، شۇ كەمگىچە ئورۇندىغان ۋە ئەمەلگە ئاشۇرغان ھەممە ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ئەمما جۇمھۇرىيەت جاكارلاش، خەلىپىلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، مەھكىمە شەرئىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، مەدرىسلەرنى تاقاش ھەمدە شىلەپە كىيىشنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق مەزمۇنلارنى بولسا تېخى ئۆز ئىچىگە ئالمىغانىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بۇ مەسىلىلەرنى «توققۇز ئۇمدە» نىڭ ئىچىگە بالدۇر كىرگۈزۈپ، نادان ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پۈتكۈل مىللەتكە زىيانكەشلىك قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئورۇنلۇق ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىشلار ئاخىر مۇۋاپىق بىر پەيتتە ھەل قىلىنىپ، خەلقنىڭ رازى بولىدىغان كۆڭلىرىمۇ ھامان كېلەتتى. گەرچە بەزىلەر بۇنىڭدىن ئاغرىنىپ، «توققۇز پرىنسىپ» نىڭ تۈزۈلۈشى بەك ئاددىي بولۇپ قاپتۇ دەپ قاراشسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا سىياسىي تەرەققىياتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى.

ئاپرېلنىڭ 16 ـ كۈنى بۈيۈك مىللەت مەجلىسى ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ھەقىقىي سايلىمىنى ئۆتكۈزدى، ئىيۇندا 286 ئەزاغا ئىگە بىر مىللەت مەجلىسى بارلىققا كەلدى. تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشلىرىنى باشلىۋەتكەن بۈيۈك مىللەت مەجلىسىنىڭ ئاۋغۇستنىڭ 11 ـ كۈندىكى 2 ـ سانلىق يىغىنىدا مۇستاپا كامال بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ رەئىسلىككە سايلاندى.

يېڭى بۈيۈك مىللەت مەجلىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مۇستاپا كامالنىڭ بۇ مەجلىسكە رەئىس بولۇپ سايلىنىشى ئىنقىلابىي تۈركلەرنىڭ خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىناۋىتى ۋە ئورنىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. مەملىكەت ئىچىدە مۇستاپا كامالنىڭ

مۇددىئاسى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، سېنتەبىرنىڭ 9 ـ كۈنى خەلق پىرقىسى دېيىلگەن بىر پارتىيە رەسمىي دۇنياغا كەلدى، خەلقئارادا ئالدىنقى يىلى ئىمزالانغان لوزان شەرتنامىسىدە بەلگىلەنگەن يېڭى تۈركىيىنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ھەققىدىكى سىياسىي تەدبىرلەر ئەمەلىيلىشىپ، ئۆكتەبىرنىڭ 2 ـ كۈنى ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيىسى ئىستانبۇلدىن چېقىپ كەتتى، 6 ـ كۈنى تۈركىيە دۆلەت ئارمىيىسى شۈكرۈ نەيلى پاشانىڭ قوماندانلىقىدا ئىستانبۇلغا كىردى، ۋەتەن خائىنى داماد فەرىد پاشا دەل مانا مۇشۇ كۈندە فرانسىيىنىڭ نىس دېگەن يېرىدە ئۆلدى.

ئەنقەرە ھۆكۈمىتى بۇ چاغدا نېگىزلىك بىر مەسىلىنىڭ قارار قىلىنىشىغا موھتاج ئىدى، يەنى بۇ قەيەرنى پايتەخت قىلىپ بەلگىلەش كېرەك دېگەن مەسىلە بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ مەسىلىگە جاۋاب تېپىلدى. ئۆكتەبىرنىڭ 9 ـ كۈنى، ئىسمەد پاشا خەلق پارتىيىسىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئەنقەرە تۈرك دۆلىتىنىڭ باش كەنتى بولىدۇ» دەپ قارار قىلدى. ئۆكتەبىرنىڭ 13 ـ كۈنى، مىللەت مەجلىسى قارار ماقۇللاپ ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى ئىشلەپ چىقتى. بۇ قارارنىڭ ماقۇللىنىشى ئىلگىرىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، شۇنداقلا سۇلتانلىق تۈزۈم ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ مۇۋاپىق داۋامى ئىدى. سۇلتان ئەمدى مەۋجۇت بولمايدىغان، سۇلتان تۇرۇشلۇق ئوردىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىمۇ سۇلتاننى ئاغدۇرۇۋەتكەن ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئىشلىتىلمەيدىغان بولدى.

500 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ئىستانبۇل ئىزچىل ھالدا ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ ئۇزاق مۇساپە جەريانىدا قۇياشنىڭ پارلاق نۇرى گالاتاسارىيى بى-

لەن ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا سارايلىرى ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈردى. بۇ 500 يىل داۋامىدا، ئىستانبۇل ئۆزىنىڭ مەسچىت، خانىقا، ساراي، ئوردا، دىنىي ئۆلىمالىرى ۋە ئوردىنىڭ ۋەزىر-ۋۇزۇرالىرى بىلەن قوشۇلۇپ، يەنە كېلىپ يېقىن ئەتراپتىكى سەھرا - كەنتلىرى، شەھەر مەركىزىي كوچىلىرى، دەللال سودىگەرلىرى، ھەتتا تۈرك خەلقىنىڭ مەپكۇرىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بەئەينى زىچ گىرەلەشكەن بىر قاداققا ئوخشاپ قالدى، بۇ جاي ئىنقىلابىي يېڭى ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇستاپا كامال قۇرماقچى بولغان يېڭى تۈركىيىنىڭ پايتەختى بولۇشقا ماس كەلمەيتتى. شۇڭا، ھەدەپ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىۋاتقان، يېڭى خەلق ۋە يېڭى دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىر جاي — ئەنقەرە تاللاندى. يېڭى دۆلەت بىر سۇلالە، بىر ئىمپېرىيە ياكى ئېتىقاد ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى بىرلا مىللەت — تۈرك مىللىتىنىلا ئاساس قىلىپ قۇرۇلماقچى بولغاچقا، ئۇنىڭ پايتەختى چوقۇم ئەسلى تۈرك ئاھالىسى زىچراق ئولتۇراقلاشقان ئاناتولىيىنىڭ كىندىك رايونى بولۇشى لازىم ئىدى.

مۇستاپا كامالدا تېخىمۇ مۇكەممەلرەك بولغان بىر ئىسلاھاتنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش — جۇمھۇرىيەت جاكارلاش ئىستىكى تۇغۇلدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، سۇلتانلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش، دۆلەت باشلىقى مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرماي ئۇزاققىچە يۈرۈۋېرىش ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى. بۇ ۋاقىتتا، بۈيۈك مىللەت مەجلىسى ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرىدىكى خېلى زور بىر تۈركۈم كىشىلەر «خەلىپە - قانۇنلۇق پادىشاھ ۋە دۆلەت باشلىقىدۇر، خەلىپىنىڭ ئۆزىلا ئاساسىي قانۇن ئورناتقان ھۆكۈمەت بىلەن تەڭدۇر» دېيىشىپ، خەلىپىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش دېگەندىن ئىمكانقەدەر ئۆزىنى قاچۇرماقتا ئىدى، بولۇپمۇ دىنىي كۈچلەر تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. ئەمما، مۇستاپا كامال بۇ ئىشتا ئۇلارغا تامامەن ئوخشىمايدىغان



www.uyghurkitap.com

بىر قاراشتا ئىدى.

مۇستاپا كامال 1907 - يىلى سېلانىكتا «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» جەمئىيىتىگە قوشۇلغان چاغدا، ئۇلۇغ ئارزۇلارنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئەمما، بۇ جەمئىيەتنىڭ مەشرۇتىيەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش مەقسىتىنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىسىنى دەرھال ئۈزدى. مۇستاپا كامالنىڭ ھاياتىدىكى ھەربىي ئاكادېمىيە دەۋرى ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تولۇقلاش ۋە پىشۇرۇش دەۋرى بولغان بولسا، شامدىن قايتقاندىن كېيىنكى ھاياتى كېيىنكى دەۋردە ئويلىغانلىرىنى بىر تەشكىلات ھالىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىش دەۋرى بولغانىدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى چىقىش نۇقتىلىرىدا بىر ئاز رومانتىك تەرەپلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى ۋاقىتلاردا «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» نىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى ئۇنىڭغا كېلەچەكنى ئەمەلىيەتتىن ئۇچۇق كۆرۈشنى ۋە ساغلام بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئۆگەتتى. شۇڭا، ئاشۇ يىللاردا سەپداشلىرىغا دائىم: «مەشرۇتىيەتنىڭ ئېلان قىلىنىشى يېتەرلىك چارىلاردىن ئەمەس. مەشرۇتىيەت جاكارلانغاندىن كېيىنلا، جەمئىيەتنىڭ بىر سىياسىي پارتىيە ھالىتىگە كېلىپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشى زۆرۈردۇر. پارتىيە ئالدى بىلەن بۇ ۋەزىپىسىگە ۋە قىلىدىغان ئىشلىرىغا ھازىرلىق قىلىپ قويۇشلىرى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا ئىككىنچى مەشرۇتىيەتمۇ بىرىنچىسىنىڭ ئاقىۋىتىگە قالىدۇ» دەيتتى. مۇستاپا كامال ئۆزى قىلىۋاتقان ئىنقىلابنى پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن تۇرغۇزغان ھاكىمىيەت قۇرۇش بىلەنلا بولدى قىلىشنى ئويلىمىغانىدى. شۇڭا ئۇ مانا مۇشۇنداق سىياسىي مەۋقەسىگە كۆرە، 1919 - يىلى 6 - سېنتەبىردىكى سىۋاس قۇرۇلتىيىدا ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئىتتىھاتچى مەقسەتلەر بىلەن ھەرىكەت قىلمايدىغانلىقلىرى ھەققىدە قەتئىي قەسەمياد قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى جۇمھۇرىيەت جاكارلاش ئىستىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەل ئۇنىڭ مۇشۇ پىشىپ يېتىلگەن ئۆزگىچە ھاكىمىيەت قارىشى-نىڭ ئەمەلدىكى كونكرېت ئىپادىسى ئىدى.

1923 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ بېشىدا، مۇستاپا كامال جۇمھۇ-رىيەت جاكارلىماقچى بوپتۇ دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك قارشىلىق ۋە كەسكىن بەس - مۇنازىرىلەر پەيدا بولدى. بىر قاتار ئەتراپلىق ۋە پۇختا سىياسىي پائالىيەتلەردىن كېيىن، مۇستاپا كامال 29 - ئۆكتەبىر مىللەت مەجلىسى بىناسىغا كەلدى ۋە ئانا ياسا①غا تۈزىتىش كىر-گۈزۈش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭدا سىياسىي تۈزۈل-مىدە ساقلىنىۋاتقان ھەرخىل مۇجمەللىك ۋە قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىش لازىملىقى كۆرسىتىلدى. ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى ما-قۇللانغان تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھەدە مۇنداق قۇرلار يېزىل-غانىدى:

«تۈركىيە دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمەت شەكلى جۇمھۇرىيەتتۇر. رەئىس جۇمھۇرنى بۈيۈك مىللەت مەجلىسىنىڭ بارلىق شۆبە مەج-لىسلىرى مۇشۇ نۆۋەتلىك مەجلىس قاتناشقۇچىلىرى ئىچىدىن سايلاپ چىقىدۇ ... رەئىس جۇمھۇر بولسا دۆلەتنىڭ باشلىقى-دۇر. ئۇ باش باكان②نى تەيىنلەيدۇ ...»

خېلى ئۇزاققىچە سوزۇلغان مۇزاكىرە ۋە مۇنازىرىلەردىن كېيىن، شۇ كۈنى كەچ سائەت 8:30 دا 158 كىشىنىڭ ئاۋاز بېرىشى بىلەن بىر قارار ماقۇللاندى. خېلى كۆپ ساندىكى ۋەكىل-لەر ئاۋاز بېرىشتىن ۋاز كەچتى، ئەمما قارشى تۇرغۇچىلار بولمى-دى. 15 مىنۇتتىن كېيىن مەجلىس مۇستاپا كامالنى جۇمھۇرى-يەتنىڭ تۇنجى رەئىسى دەپ جاكارلىدى. مۇستاپا كامال ئىسمەت پاشانى تۇنجى باش باكانلىققا تەيىنلىدى. شۇ كۈنى كەچتە، بۇ خەۋەر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىغا ئاڭلىتىلدى. تۈن

① ئانا ياسا — ئاساسىي قانۇن.
② باش باكان — ئىچكى كابىنېت رەئىسى.

يېرىمىدىن ئۆتكەندە جاي ـ جايلاردا بۇنى تەبرىكلەش ئۈچۈن 101
پاي ھۆرمەت توپى ئېتىلدى.

سۇلتانلىق تۈزۈمى ۋاقتىدا يۇقىرىلار بۇ قېتىمقىدەك سىيا-
سىي سەزگۈرلۈك ھەم تارىخىي رېئالىزملىق كۆز قاراشتا تۇ-
رۇپ، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا مۇئامىلە قىلىپ باقمىغانىدى، بۇ
قېتىم مۇئامىلە ئوخشاش بولمىدى. نۇرغۇن جايلاردا جۇمھۇرىيەت-
نىڭ قۇرۇلغانلىقى قىزغىن ئالقىشلاندى، خەلق ئۇنى بىر يېڭى
دەۋرنىڭ باشلىنىشى دەپ قارىدى. ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش
كىرگۈزۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقانلار ئىچىدە ئابدۇ-
راھمان شەرىف دېگەن بىر كىشى بولۇپ، ئۇ ئوسمانلى ئىمپېرى-
يىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تارىخچىسى، شۇنداقلا يېڭى تۈركىيە
تارىخ ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى باشلىقى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ
يېڭى ھاكىمىيەتكە بولغان چۈشەنچىسىنى مۇنداق بايان قىلدى:

«ھەرخىل ئوخشىمىغان شەكىلدىكى بارلىق ھۆكۈمەتلەر
توغرىسىدا بىر ـ بىرلەپ چۈشەنچە بېرىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى
يوق. سەن ھۆكۈمرانلىق شەرتسىز خەلققە مەنسۇپ دەپ خالىغان
بىر كىشىدىن ئۇنىڭ مەنىسىنى سورىساڭ، ئۇ ئۇنىڭ مەنىسى
جۇمھۇرىيەت دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ يېڭىدىن
تۇغۇلغان ئوغۇلنىڭ ئىسمىدۇر. بەزىلەر بۇ ئىسىمغا ئانچە قىزىق-
مايۋاتىدۇ، قىزىقمىسا قىزىقماۋەرسۇن، بەرىبىر ئۇنىڭ كارى
چاغلىق.»

جۇمھۇرىيەتنىڭ جاكارلىنىشى بىلەن تەڭ «خەلق پىرقىسى»
دېگەن پارتىيىنىڭ نامى «جۇمھۇرىيەت خەلق پىرقىسى» (جۇمھۇ-
رىيەت خەلق پارتىيىسى) گە ئۆزگەرتىلدى. جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇ-
رۇلغىنىغا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ناھايىتى قىزغىن پوزىتسىيە تۇتى-
دىغان كىشىلەر كۆپلەپ مەيدانغا چىقىپ بۇ يېڭى شەيئىنى قوللى-
غان بولسىمۇ، ئەمما بەزى جايلاردا بۇ يېڭى شەيئى بەزى كىشى-
لەرگە ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى توغرىلىق قورقۇنچ، غەم ـ قايغۇ

ۋە ئازاب ئېلىپ كەلدى. شۇڭا، ھايال قالمايلا مۇستاپا كامالنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقى سۇلتانىنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقى ئۈستىگە قويۇلا-دۇ، يوق؟ ئۇنىڭ خەلىپىگە زىيانلىق تەرىپى قايسى؟ ئۇنىڭ تۈركىيىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى رەھبەرلىك ئورنىغا بولغان تەسىرى قانداق؟ دېگەنگە ئوخشاش غۇلغۇلا ۋە مۇنازىرىلەر ئوتتۇ-رىغا چىقتى.

1923 ـ يىلى 11 ـ نويابىر كۈنى، سۇلتان ھۆكۈمىتىنىڭ كارنىيى بولغان «تانىن» گېزىتى باش ماقالە ئېلان قىلىپ. «ھەرقانداق كىشى ئۇلۇغ ئەقلىنى ئىشقا سالماي تۇرۇپلا بىلىۋالا-لايدۇكى، ئەگەر بىزدە خەلىپە بولمىسا، تۈركىيە دۆلىتى ئۆزىد-نىڭ 5 ~ 10 مىليون كىشىلىدىغان ئاھالىسى بىلەن ئىسلام دۇنيا-سىدىكى مۇھىم ئورنىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ ھەمدە ياۋروپادى-كى سىياسىي ئەربابلارنىڭ نەزەرىدە كۆزگە ئىلىنمايدىغان كىچىك-كىنە، تايىنى يوق بىر دۆلەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ . . . خەلىپە دېگەن ئاتاقنى ئوسمانلىلار قولغا كەلتۈرگەن ھەم بۇ تۈزۈمنىڭ تۈركىيىدە مەڭگۈ داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ كەلگەن، ئۇنى يوقىتىۋېتىمەن دەيدىغان ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى ئىرادە، ساداقەت ۋە مىللىي كەيپىياتقا مۇخالىپ» دېدى.

خەلىپىلىك — ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ئىنتايىن ئۇزاق تا-رىخقا ئىگە بولغان، دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىر گەۋدە بولۇپ قېلىپلاشقان سىياسىي ھاكىمىيەت شەكلى بولۇپ، دېمىسىمۇ ئۇ-نىڭغا يەڭگىللىك بىلەن ئاددىي مۇئامىلە قىلىشقا بولمايتتى. شۇنداق بولغانلىقتىن، بۇ ھەقتىكى بەس ـ مۇنازىرە تۈركىيىدىن چەت ئەللەرگە كېڭەيدى. مۇستاپا كامال جۇمھۇرىيەت قۇرۇش مەسىلىسىگە قارىتا ھىندىستاندىن كەلگەن سوئال ـ سوراقلارنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ بۇنىڭغا قارىتا: «جۇمھۇرىيەتكە ھۇجۇم قىل-ماقچى بولغان كىشىلەر ھەرگىزمۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ناتو-نۇش ئادەملەردىن ئەمەس، بەلكى ئىلگىرى ئەنگلىيىنىڭ تۇغى

ئاستىدا داردانىل، شام ۋە ئىراقلاردا تۈركىيلىكلەر بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىلغان بەزى مۇسۇلمانلاردۇر» دەپ كەسكىن كۆر-سەتتى.

تۈركىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇتەئەسسىپ ئۆكتىچى كۈچلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى تۈر-كىيە خەلقىنىڭ ئىسلام دەۋرىدىكى ئۆتمۈشى بىلەن ئىمپېرىيە دەۋرىدىكى ئۆتمۈشىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرۇشقا پايدىسىز ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇلارنىڭ ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيانقى ئۆزلىرىنى مەركەز قىلغان تېخىمۇ زور، تېخىمۇ قۇدرەت-لىك بولغان مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكىمۇ پايدىسىز ئىدى. بۇ چاغدىكى ئەنئەنىۋى كۈچلەر بۇ ئىككى ئېغىر ھېسسىياتقا ئىگە ھاياتىي كۈچىنىڭ سىمۋولى بولغان خەلىپىنىڭ ئەتراپىغا ئىستىخىيىلىك ھالدا زىچ ئۇيۇشقان، ئەمما خەلىپە ئاب-دۇلمەجىدخان بولسا بۇنداق مۇھىم ۋەزىپىگە لايىق كېلىدىغان زۆرۈر شەرتلەرنى ئۆز جىسمىدا تېخى ھازىرلىمىغانىدى، شۇڭا ئۇ 1924 - يىلى يانۋاردا جۇمھۇرىيەت رەئىسىنىڭ مۇنداق بىر ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلىدى:

«خەلىپە ئۆز كابىنېتىدا، بولۇپمۇ ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىققان چاغلاردا ئاساسەن دېگۈدەك ئۆزىدىن ئاۋۋال ئۆتكەن سۇل-تانلارنىڭ كونا ئۇسۇلى بويىچە ئىش كۆرۈپ كەلدى . . . بىز ئەدەپ - قائىدىنى ساقلايمىز ۋە خەلىپىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىمىز دەپ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇربان قىلىشقا بولمايدۇ. خەلىپە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ۋە ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ نېمىلىكىنى ئوبدان بىلىۋېلىشى كېرەك.»

قارىماققا بۇ قېتىمقى كرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچىلار ھىندىستانلىق مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەلىپىگە بولغان چىدام-كۆيۈنۈپ كېتىشى خەلىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى ئەمەس، بەلكى لىپىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى.

www.uyghurkitap.com

1924 ـ يىلى 24 ـ نويابىردا، ئىستانبۇلدا چىقىدىغان ئاساسلىق ئۈچ گېزىت ئاغاخان① ۋە ئەمىر ئەلى ② قاتارلىق ئىككى نەپەر ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى داھىيسىنىڭ ئىسمەد پاشاغا ئەۋەتكەن مەكتۇپىنىڭ تولۇق تېكىستىنى باستى. بۇ مەكتۇپتا خەلىپىلىك تۈزۈمى بىلەن سۇلتانلىق تۈزۈمى ئايرىۋېتىلگەندىن بۇيان سۇلتاندلىق تۈزۈمىنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان مۇھىملىقىنىڭ بەكمۇ بىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن ھەمدە تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىن خەلىپىلىك تۈزۈمىگە تەگمەسلىك، ئەكسىچە ئۇنى ھەرقايسى مۇسۇلمان ئەللىرى ئىشىنىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان، شۇنداقلا تۈركىيە دۆلىتىگە ئالاھىدە كۈچ ۋە غۇرۇر بېغىشلاتقۇزىدىغان مۇھىم ئورۇنغا قويۇش لازىملىقى كۈچلۈك تەلەپ قىلىنغاندى.

بۇ ئىككىيلەندىن ئالدىنقىسىنىڭ بوۋا جەمەتى 19 ـ ئەسىردىكى ئىراننىڭ كىرمان ئۆلكىسىنىڭ نائىبى بولۇپ، بىر قېتىملىق غەلىياندا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ھىندىستانغا قېچىپ كېلىپ، بومبايدا يەرلەشكەنىدى. كېيىنكىسى بولسا، كالكۇتتىدىكى بىر شىئە ئاقسۆڭەكى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە، ئىسلام جەدىدلىكى ئۇنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ، ئېتىقادنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان دەۋر تەلىپىگە لايىقلىشىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىغا يېڭىچە تەبىر بېرىشنى تەشەببۇس قىلاتتى ئۇ، كونىلىقتا، خۇراپاتلىقتا، قۇللۇق تۈزۈمگە، كۆپ خوتۇنلۇقتا، سوفىزم ۋە مازار

① ئاغاخان (1877~1957) شىئە ـ ئىسمائىلىيە مەزھىپى نىزارىيە تارمىقىنىڭ 46 ـ ئىمامى ھەسەن ئەلى شاھ (1800~1881) نىڭ نەۋرىسى بولۇپ، 1885 ـ يىلى «ئاغاخان» لىقىغا كۆتۈرۈلگەن، 1908 ـ يىلى ئىنگلىزلارنىڭ يۆلەپ تۇرغۇزۇشى بىلەن قۇرۇلغان ھىندىستان مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى بولغان.

② ئەمىر ئەلى (1849~ 1928) 1868 ـ يىلى ئەنگلىيىدە قانۇنشۇناسلىق بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلغان، 1873 ـ يىلى ئادۋوكات بولغان، 1876 ـ يىلى ھىندىستان ئىسلام دىنى جەمئىيىتىگە رەئىس بولغان. ئۇنىڭ «قىسقىچە ساراسىن تارىخى»، «ئىسلام روھى»، «مۇھەممەدنىڭ ھاياتى ۋە تەلىماتى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار، مەشھۇر تارىخچى، شەرىئەت ئالىمى ۋە داڭلىق جەمئىيەتشۇناس ئىدى.

تاۋاپچىلىقىغا قارشى بولسىمۇ، سىياسىي ئىدىيە جەھەتتە سۇننىي مەزھىپى ئەقىدىسىنى ياقلاپ، دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە قەتئىي قارشى ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ھىندىستاندا شەرىئەتنى ئەنگلىيىنىڭ ئەدلىيە تۈزۈمى بىلەن ھۆكۈم قىلىش تەرتىپلىرىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ۋاسىپلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر داشقايناق شەرىئەتنى بەرپا قىلغانىدى.

ھىندىستانلىق بۇ ئىككى داھىينىڭ ئىسمەد پاشاغا ئەۋەتكەن مەكتۇپىنىڭ مۇستاپا كامالغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئۇنۇم بەرمەيدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى. دەل شۇنداق بولغانلىقتىن، مۇستاپا كامال بۇ مۇناسىۋەتلەرنى قەتئىي بۇزۇۋېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئەتراپلىق بىر قاتار تەييارلىقلاردىن كېيىن، 1924 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا يېڭى يىللىق ساياھىتىنى باشلاپ ئىزمىرغا كەلدى ۋە ئۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ كۆلەمدىكى ھەربىي مانېۋىرغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئىككى ئايلىق سەپىرىگە باش باكان ئىسمەد پاشا، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى كازىم پاشا ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش شتاب باشلىقى فەۋزى پاشالار ھەمراھ بولدى. مۇستاپا كامال 14 ـ فېۋرال كۈنى خەلىپىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە باش باكان گېنېرال ئىسمەد ئېنۆنۈ بىلەن ناھايىتى ئۇزۇن بىر سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

«بىز ھەممىمىز خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بىردەك قوشۇلدۇق، شۇنداقلا مەھكىمە شەرئى ۋە ئەۋقاپ دېگەن ئورگانلارنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مائارىپتا ئومۇمىي بىرلىكنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدۇق.»

1924 ـ يىلى مارتنىڭ 1 ـ كۈنى مۇستاپا كامال يېڭى بىر نۆۋەتلىك مىللەت مەجلىسىدە نۇتۇق سۆزلەپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقى مەسىلىسى، خەلىپىلىكنىڭ بىكار

قىلىنغانلىقى مەسىلىسى، بىرلىككە كەلگەن مائارىپ تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش، شۇنىڭدەك «ئىسلام ئېتىقادىنى نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن سىياسىي قورال بولۇپ قېلىشتەك ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى ساپلاشتۇرۇش ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈش» قاتارلىق مۇھىم ئۈچ نۇقتا توغرىسىدا ئالاھىدە توختالدى. ئۈچىنچى نۇقتىنىڭ مەنىسى ئەتىسى ئۆتكۈزۈلگەن جۇمھۇرىيەت خەلق پىرقىسىنىڭ مەجلىسىدە ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. كۆپچىلىك رەئىس جۇمھۇرنىڭ تەكلىپىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى ۋە بىر قاتار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى تونۇشلار بىرلىككە كېلىپ، 3 ـ مارتتا بۈيۈك مىللەت مەجلىسىگە ئۇقتۇرۇلدى. بۇ مەسىلىلەر خەلىپە قويماسلىق، خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەمدە ئوسمانلىلاردىن بولغان مۇھىببى خانىدانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈركىيە چېگراسىدىن ھەيدەپ چىقىرىش قاتارلىقلار ئىدى.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ يورۇشىغىلا، چىرايىنى غەم باسقان ئەڭ ئاخىرقى خەلىپە ئابدۇلمەجىدخان خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى ۋە خىزمەتچى، چاكار مۇلازىملىرى بىلەن بىللە ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، ئوسال بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سەيكىش ۋوگزالىغا بارماي، شەھەر سىرتىدىكى كىچىكرەك بىر ۋوگزالدىن شەرق پويىزىغا ئولتۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى خەلىپىسىنىڭ ھاياتىمۇ سۇلتان ۋاھىدەدىنغا ئوخشاشلا مۇساپىرچىلىق ئىچىدە ئۆتۈپ، 1934 ـ يىلى فرانسىيىدىكى نىشتا ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئون بىرىنچى باب

# ئالتۇن دەستەكلىك ئۇستاز

كوردلارنىڭ توپىلىڭى باستۇرۇلۇپ ئۇلارنىڭ قايتا ھەرىكەتلىنىش ئىقتىدارىغا قاتتىق زەربە بېرىلىۋاتقان چاغدا، مۇستاپا كامالنىڭ سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىنقىلابىنىڭ جانلىق ۋە روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە تاشقى كۆرۈنۈشى بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت دراماتىك ئۆزگىرىشىنىڭ بىرىنچى قەدىمى — كىيىم - كېچەك ئىسلاھاتى تاماملاندى.

ئىسلام — بىر خىل ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇ باشقا ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەتتىن روشەن پەرقلىنەتتى. ئۇ بىر جايدىكى مۇسۇلمانلارنى باشقا بىر جايدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلەشتۈرەتتى. يەنە كېلىپ ئۇ ئۇزىنىڭ ئېتىقادى بولمىغان ئەجدادلىرىنى غەيرىي دىندىكى قۇلۇم - قوشنىلىرىدىنمۇ پەرقلەندۈرەتتى. كىيىم - كېچەك، بولۇپمۇ باش كىيىمى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر تەرەپتىن ئىسلامىيەتكە سادىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ھەر قانداق بىر جەمەت بىلەن ئوخشاشمايدىغان، ئالاھىدە تاشقى بەلگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان مىسىر تارىخچىلىرىنىڭ قەيتلىرىگە كۆرە، 13 - ئەسىردىكى موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىن مۇسۇلمان پادىشاھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقايسى جايلارغا قويغان نائىبلىرى موڭغۇللارنى دوراپ ئۇزۇن چاچ قويۇشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، 1315 - يىلىغا كەلگەندە، ئوسمانلى سۇلتانى ئاتىسى

پەرمان جاكارلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزۈن چاچ قويۇشىنى مەنئى قىلدى.

سۇلتان سەلىم Ⅲ بىلەن سۇلتان مەھمۇد Ⅱ (ئەدلى) لەر تۇنجى بولۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ قالاق كىيىم كىيىش ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئالدى بىلەن ئارمىيىنىڭ فورمىسىنى ياۋروپاچىلاشتۇردى. 1826 - يىلى ئېلان قىلىنغان يېڭى ئارمىيىنىڭ ھەربىي نىزامى ئارمىيە فورمىسىنىڭ ياۋروپاچە بولۇشىنى بەلگىلىدى. 20 يىلدىن ئاۋۋالقى تۈرك ئارمىيىسىنىڭ فورمىسىنى فرانسۇزلاشتۇرۇش ھەققىدىكى دەتالاش 1807 - يىلىدىكى ھەربىي ئۆزگىرىشنى پەيدا قىلىپ، ئاخىرى سۇلتان سەلىم Ⅲ نى تەختتىن چۈشۈرگەنىدى. 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۇ قېتىمقى ئىسلاھات بولسا، قارشىلىق قىلغۇچىلار بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ يەنە كۆپچىلىك كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. نەتىجىدە شۇبارا دېيىلىدىغان تەقىيە بىلەن ئۆتۈك قىسىملارغا تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ فرانسۇزچە فورما كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلە ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بۇنى ھەربىي ئەشيالار باشقارمىسىنىڭ ئىسكىلاتىدا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايتتى. كىيىم - كېچەك، بولۇپمۇ باش كىيىمى ئۇزاقلاردىن بېرى شۇ كىشىنىڭ ئۆزى تەۋە بولغان دىنىي ئېتىقادى ھەم ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ بىرخىل شەكلى ئىدى. شۇبارا رەختتىن تىكىلگەن تار باش كىيىمى بولۇپ، چوققىسى ئېگىزرەك، سوغا شەكلىدە ئىدى، ئۇنى ئەڭ ئاۋۋال پادىشاھ ئوردىسىدىكى مۇھاپىزەتچىلەر كىيدى، كېيىن سۇلتان سەلىم Ⅲ نىڭ يېڭى ئارمىيىسى ئىشلەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد Ⅱ نىڭ يېڭى قۇرۇلۇق ئارمىيىسىمۇ كىيىشكە ئادەتلەندى. ئەمما، ئۇنىڭ ۋاقتى بەك قىسقا بولدى.

1828 - يىلىغا كەلگەندە شىمالىي، ئافرىقىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار يېڭى بىر باش كىيىمنى سۇلتانغا تەقدىم قىلدى. سۇلتان ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى. بۇ باش كىيىمى فەس (Fez)

دەپ ئاتالغان پوسما ئىدى. بۇ چاغدا شەيخۇلئىسلامنىڭ ھوزۇرىدا سادرازام مەجلىس ئېچىپ، دەل مانا مۇشۇ ھەربىيلەر كىيىدىغان باش كىيىم (تەقىيە) نىڭ نۇسخىسىنى مۇزاكىرە قىلىشۋاتاتتى. مەجلىس ئەھلى شۇبارانى تاشلاپ پوسمىنى قوبۇل قىلىشنى بىر- دەك ماقۇللاشتى. پوسمىنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قوبۇل قى- لىنماسلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. شۇڭا، چاتاق چىقىپ قېلىش- نىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنى باس- تۇرۇشقا ئائىت بەزى كەسكىن تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنداق قىلىپ، بىر پەرمان بىلەن پوسما پۈتۈن ئارمىيىگە تارقى- تىپ بېرىلدى. ياندۇرقى يىلى كىيىم - كېچەك ئىسلاھاتى مۇلكىي ئەمەلدارلارغىچە كېڭەيدى. شۇ يىلى جاكارلانغان بىر پەرماندا ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئوخشىمىغان سورۇنلاردا كىيىدىغان كىيىم - كېچەكلىرىگە تەپسىلىي بەلگىلىمىلەر چىقىر- رىلدى. يەكتەك، سەللىلەر ئۆلىمالارنىڭ كىيىشىگە بۆيرۇلدى، ھەر دەرىجىلىك مۇلكىي ئەمەلدارلارنىڭ پوسما، تىزىغىچە چۈ- شۈپ تۇرىدىغان كالتە ئاسما يەكتەك، ئۇزۇن شىم، قارا شىبلىت كىيىشى تۈزۈم قىلىپ بېكىتىلدى. خۇرۇم كىيىم ۋە باشقا زىنن- نەت بۇيۇملىرى بىردەك مەنئى قىلىندى. ھۆسن - چىرايىغا پەتىۋا چىقىرىلىپ، ساقال - بۇرۇتنى رەتلىك، چىرايلىق ياسى- تىش تەلەپ قىلىندى. بۇ جەھەتتە سۇلتان ئۆزى باشلامچى بول- دى. كەيىندىنلا ياۋروپاچە بولغان ئۆي جاھازلىرى بارلىققا كەل- دى. سۇلتانلار ئەمدى قوبۇلخانىلىرىدا مېھمانلىرىنى ياۋروپاچە كۈتىدىغان بولدى. پەيشەنبە كۈنى بىردەك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى- دىكى خادىملارنىڭ دەم ئېلىش كۈنى قىلىپ بېكىتىلدى، بۇ ئۇسۇل فرانسىيىدىن كىرگۈزۈلگەنىدى. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئورگاندىكى ئىشخانىلارنىڭ تاملىرىغا ئەمدى سۇلتاننىڭ سۈرەتلىرى ئېسىلىدىغان بولدى.

ئۆتكەن بىر ئەسىردە مۇسۇلمانلار كىيىنىش جەھەتتە ناھايى-

www.uyghurkitap.com

تى ئاز ئىسلاھات ئېلىپ باردى. شەرىئەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ يە-
پەك رەختتىن كىيىم كىيمەسلىكى بەلگىلەنگەندىن سىرت، باشقا
ھەرقانداق شەكىلدىكى فورمىلىرىغا چەك قويۇلمايتتى. ئەمما،
ئۆلىمالار يۇرۇش - تۇرۇش جەھەتتە دىنسىزلاردىن پەرقلىنىپ
تۇرۇشقا ، ئۇلارنى دوراپ قىلىشتىن ساقلىنىشقا دائىم ئاگاھلان-
دۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئۇلارچە بولغاندا ئۆزلىرىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋ-
لادقا كىيىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن كىيىم - كېچەكلىرىنى بىراقلا
تاشلاپ باشقىلارنىڭكىنى دوراش ئاسىيلىق ھېسابلىناتتى. شۇڭا
مۇسۇلمان بولمىغان ئادەمنىڭ ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ كىيىمىنى
كىيىشى مەنئى قىلىناتتى، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان-
لارنىڭ كىيىمىنى كىيىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ھەتتا
مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەربىر تەبىقىلەرنىڭمۇ ئۆز-
لىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆزگىچە تەقىيە ۋە سەللىلىرى بولات-
تى. ئۆلىمالار، ساراي مۇھاپىزەتچىلىرى، شۇنىڭدەك ئەدىبلەر-
مۇ ئۆزلىرىگە خاس بىر خىل كىيىم كىيەتتى. بۇ كىيىملەر
ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

مۇستاپا كامالنىڭ كىيىم - كېچەك ئىسلاھاتى باشلانغان
چاغدا، بۇنىڭدىن بىر ئەسىر بۇرۇن كىيىشكە ئادەتلەنگەن، يەنە
كېلىپ دىنسىزلارنىڭ نەرسىسى دەپ قارالغانلىقتىن خەلقنىڭ
كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغاۋاتقان فەس دېيىلگەن تەقىيە تۈركىيە
قاتارلىق نۇرغۇن مۇسۇلمان دۆلەتلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىن-
نىپ، مۇسۇلمانلىق سالاھىيەتنى ئىسپاتلاپ تۇرىدىغان بىر بەلگى-
گە ئايلىنىپ ساقلىنىپ تۇرماقتا ئىدى. شۇڭا بۇ دەۋردىكى ئىس-
تانبۇل مۇسۇلمان تۈركلىرىنىڭ ئۈچىسىغا كىيگىنى غەربچە،
بېشىغا كەيگىنى ئىسلامىيەتچە ئىدى. ئۇلارنىڭ بېشىغا ئېگىز
قىرلاپ كىيىۋالغان قىزىل پوسمىسى ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىدە بىر
تەرەپتىن ياۋروپالىقلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلغاندەك تۇيغۇ بەرسە،
يەنە بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلارنىڭ پېشانىسىنى يەرگە قويۇپ،

ئاللاغا سەجدە قىلىشىغا ئاسانچىلىق كەلتۈرەتتى. شۇڭا، مۇستاپا كامال ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئاددىي مۇسۇلمان تۈركلىرىنى قايىل قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرى قەتئىي چىقىشالمايدىغان غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ بەلگىسى دەپ قارالغان نەرسىنى قوبۇل قىلدۇرۇش زادى ئاسانغا چۈشمەيتتى.

1924 ـ يىلى 11 ـ ئايدا مۇستاپا كامال مىللەت مەجلىسىدە بەرگەن بىر قېتىملىق دوكلاتىدا مۇنداق دېدى:

«تۈركىيىدىكى بارلىق مىللەتلەر بىرقانچە ئەسىرلەردىن بۇيان تۈركىيىنىڭ ھەرقايسى مەدەنىي ئەللەر بىلەن بىللە تەرەققىيپەرۋەرلىك يولىدا تەڭ قەدەمدە ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان نەرسىنىڭ سۈپۈرۈپ تاشلانغانلىقىنى ناھايىتى چوڭ خۇشاللىق ئىچىدە كۆردى.»

ئۇ يەنە بىر قېتىملىق نۇتقىدا، مۇنداق دېدى: «مەدەنىيسىز ئەلنىڭ خەلقى‌دائىم مەدەنىي ئەل خەلقلىرىنىڭ تاپىنى ئاستىدا يەنجىلىپ تۇرىدۇ، تۈركىيە ھايات تۇرماقچى بولىدىكەن، چوقۇم غەربلىكلەرنىڭ ھازىرقى زامان دۇنياسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشى كېرەك.»

بۇ كۆز قاراشنى دەسلەپ 1911 ـ يىلى ئابدۇللا جەۋدەت ئوتتۇرىغا قويغانىدى، مۇستاپا كامال ئۇنى تېخىمۇ بېيىتتى، راۋاجلاندۇردى ۋە ئاخىرى رېئاللىققا ئايلاندۇردى.

1925 ـ يىلىدىكى ئەھۋال مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ تېخىچە جاھىللىق بىلەن غەربلەشتۈرۈشكە كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. خەلىپىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بىلەن ئىش پۈتمەيتتى، يەنىمۇ چوڭراق بىر ئىش قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ھەممە كىشىلەرنى خۇددى تاشقى كېسەل ئوپېراتسىيىسى قىلىنغاندەك ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارغا كونا تەرتىپنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى، يېڭى تەرتىپنىڭ باشلانغانلىقىنى بىردەك ھېس قىلدۇرۇش لازىم ئىدى.

پوسمىغا كەلسەك، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ سالاھىيىتىنى باشقا كىشىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر بەلگە بولۇپ، ئۇمۇ دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى.

مۇستاپا كامال 1927 - يىلى ئۆكتەبىردىكى بىر نۇتقىدا ئەينى چاغدا قوللانغان تەدبىرلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېدى:

«ئەپەندىلەر، بىز پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ بېشىدىكى نادانلىقنىڭ، بىخۇتلۇقنىڭ، سۇسلۇقنىڭ، ھورۇنلۇقنىڭ، دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ، تەرەققىيات ۋە مەدەنىيلىككە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراشنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان پوسمىنى تاشلاپ، پۈتكۈل مەدەنىي دۇنيا ئورتاق ئىشلىتىۋاتقان قالپاقنى كىيىشىمىز، بۇ ئارقىلىق تۈركلەرنىڭ پىسخىكا ۋە باشقا جەھەتلەردە تېخى مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن چەتلەپ كەتمىگەنلىكىنى ئىسپاتلىشىمىز كېرەك.»

بۇ خىزمەتلەر ناھايىتى چاپسان ئىشلەندى. 1925 - يىلى ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرقى ھەپتىسى، مۇستاپا كامال كاستامونى ۋە ئىنە بولو قاتارلىق ئىككى جاينى زىيارەت قىلدى. بۇ قېتىمقى سەپەردە ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تۈنجى قېتىم پاناماچە يۇمۇلاق ئۆرە شىلەپە كىيىپ ماشىنىدىن چۈشتى ۋە ئارقىمۇ ئارقىدىن بىرقانچە قېتىم قىياپەت ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەپ، پوسما ۋە ئاناتولىيىدە كىيىلىۋاتقان كونىچە يەكتەك، كەڭ ئاغلىق ۋە كەڭ پۇشقاقلىق ئىشتان كەيمەسلىكنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇ بىر قاتار نۇتۇقلىرىدا بۇ خىل كىيىملەرنى ئىسراپخورلۇق، بىئازادىلىك، ئىپتىدائىيلىق دەپ قاراپ، ئۇنى مەدەنىي خەلقلەرنىڭ كىيىشكە ھەرگىز مۇۋاپىق كەلمەيدۇ دەپ كۆرسەتتى. ئۇ شۇ قېتىم بىر ئاممىۋى يىغىندا مۇنداق دېدى:

«ئەپەندىلەر، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان تۈركلەر مەدەنىي كىشىلەردۇر. ئۇلار تارىختىمۇ مەدەنىي كىشىلەردىن ئىد-

ـدى. هازىرقى رېئال تۇرمۇشتىمۇ مەدەنىي ياشىماقتا. ئەمما،
مەن سىلەرگە بىرتۇغقان قېرىنداشلىرىم، دوستۇڭلار ۋەياكى ئۆز
ئاتاڭلارغا ئوخشاش كۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئېيتايكى، مەدەنىي تۈركىيە
جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان كىشى چوقۇم ئۆزىنىڭ ئىدىيە-
سى، روھىي كەيپىياتى، ئائىلىۋى تۇرمۇشى ۋە تۇرمۇش ئادىتى
ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ مەدەنىي ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىشى ۋە ئىسپات-
لىشى لازىم. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ھەقىقىي مەدەنىي
ھېسابلىنىدىغان تۈرك خەلقى. . . ئۆزلىرىنىڭ تاشقى قىياپەتلى-
رىدىمۇ مەدەنىي ۋە ئىلغار ئىكەنلىكىنى پاكىت ئارقىلىق كۆرسى-
تىشى كېرەك. مەن ئاخىرىدا پىكرىمنى مۇنداق بىرقانچە جۈملى-
گە يىغىنچاقلىسام، بۇنىڭ مەنىسىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ھەم
پۈتۈن دۇنيا خەلقى بىلىسكەن دەيمەن: قېنى جاۋاب بېرىڭلار!
بىزنىڭ ھازىر كىيىۋاتقان كىيىمىمىز مىللىتىمىزنىڭمۇ (كۆپچى-
لىك ياق دەپ ۋارقىراشتى)؟ بۇ كىيىملەر مەدەنىي كىشىلەرنىڭ
كىيىدىغان كىيىمى ۋە خەلقئارادا كىيىدىغان كىيىممۇ؟ (كۆپچى-
لىك يەنە ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداق ئەمەس دېيىشتى).

مەن سىلەرنىڭ پىكرىڭلارغا قوشۇلىمەن، بۇنداق رەڭگا رەڭ
ۋە غەلىتە فورمىلار مىللىتىمىزنىڭمۇ ئەمەس، خەلقئارانىڭمۇ
ئەمەس. . . دوستلار، ئەمدى بىزنىڭ قەدىمكى تۇرانىيلارنىڭ
فورمىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈشىمىز ۋە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى، مەدەنىي ھەم خەلقئارالىق بولغان
كىيىملەر بىزنىڭ مىللىتىمىزگىمۇ يارىشىدۇ ھەم مۇۋاپىق كېلى-
دۇ. بىز مانا مۇشۇ كىيىمنى قوبۇل قىلايلى، ئۆتۈك، شىبلىت،
شىم، كوڭلەك، كاستيۇم، مايكا كىيەيلى، گالستۇك تاقايلى،
رەتلىك ھەم بىر يۈرۈش بولسۇن دېسەك، بېشىمىزگە گىرۋەك-
لىك قالپاق كىيەيلى، كۆپچىلىككە ئايدىڭ بولسۇنكى، بېشىمىز-
غا كىيگەن بۇ نەرسە شىلەپە دېيىلسۇن.»

مەخپىي سىرلار يېشىلىپ كەتتى، ئىككى كۈندىن كېيىن

مۇستاپا كامال كاستامونى ۋە پەنتودا ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىنى تېخىمۇ ئاشكارىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

مەن ئاراڭلاردىكى بىر كىشىنىڭ (ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان بىر كىشىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) بېشىغا پوسما كىيىپ، پوسمىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قەۋەت يېشىل سەللا يۆگىۋالغانلىقىنى، ئۇچىسىغا يەكتەك، ئۇنىڭ تۆپىسىگە بولسا يەنە مېنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان كاستۇم كىيىۋالغانلىقىنى كۆردۇم. مەن ئۇنىڭ تىزىنىڭ ئاستىنى كۆرەلمىدىم. ئېيتىڭلارچۇ؟ بۇ قانداقچە كىيىنىش؟ بىر مەدەنىيەتلىك ئادەم مۇشۇنداق ئەخمىقانە كىيىمنى كىيىۋالسا بولامدۇ؟ ناۋادا ئۇ مۇشۇ تۇرقى بىلەن چەت ئەلگە چىقسا، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۈلكىسىگە قالامدۇ؟»

سېنتەبىرنىڭ 2 ـ كۈنى يېڭى بىر يۈرۈش قانۇن جاكارلاندى. ئۇ مەخسۇس دىنىي ساھەلەرگە قارىتىلغان قانۇن ـ نىزام ھەم مەنئى قىلىش بۇيرۇقى بولۇپ، دىنىي ئورگانلاردا ۋەزىپىسى بولمىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ يەكتەك كىيىشى ھەم سەللە يۆگىشى مەنئى قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر پەرمان چىقىرىلىپ، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردەك كاستيۇم-بۇرۇلكا ۋە شلەپە كىيىشى بەلگىلەندى. دەسلەپتە ئاۋامنىڭ نېمە كىيىشىگە قارىتا قاتتىق چەك قويۇلمىدى، ئەمما 1925 ـ يىلى نويابىرنىڭ 25 ـ كۈنى يەنە بىر يېڭى قانۇن چىقىرىلىپ، ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردەك شلەپە كىيىشى، پوسما كىيگۈچىلەرنىڭ گۇناھكار دەپ ئەيىبلىنىپ بىردەك جازالىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

مۇسۇلمان مۇتەئەسسىپلىرى بۇ ئىنقىلابىي تەدبىرگە دەرھال ئىنكاس قايتۇردى. 1926 ـ يىلى مارتتا ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بىلەن مىسىرنىڭ باش قازىسى بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ «مىسىرپادىشاھلىقى ئىسلام جەمئىيىتى» نامىدا بىر خىتابنامە چىقاردى.

«ئىش ناھايىتى ئايدىڭ، — دېدى ئۇلار خىتابنامىدە، — ناۋادا بىر مۇسۇلمان ئۆزىنى ياتلارغا ئوخشاتماقچى بولۇپ، مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ كىيىم - كېچىكىنى كىيىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئېتىقاد ۋە ئىش - ئەمەللىرىدە يەنىلا ياتلارغا ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمانلار بىردەك مۇنداق دەپ ھېسابلايدۇكى، بىر كىشى باشقىلارنىڭ دىنىغا ئېغىپ ئۆزىنىڭ دىنىنى كەمسىتىپ بېشىغا شىلەپە كىيىدىغان بولسا، ئۇ دىنىغا ساداقەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ. بىر ئادەم ئۆزىنى مۇسۇلمان ئەمەس قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولۇپ شىلەپە كىيسە، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ دىني رەسمىيەتلىرىدىكى بەزى نەرسىلەرنى، مەسىلەن، چېركاۋغا كىرىش قاتارلىقلارنى ئۆگىنىۋالسا، ئۇنداقتا ئۇ مۇسۇلمانچىلىققا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. ناۋادا ئۇنداق ئىشنى قىلمىدى دېگەندىمۇ، ئۇ يەنىلا گۇناھقا لايىق بولىدۇ… بىز مانا مۇشۇنداق دورامچىلىق شامىلىنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى يوقىتىپ، خەقلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىش ئارقىلىق ئۆز مىللىتىنىڭ بۇرۇنقى فورمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتەك ئىشنىڭ ئىنتايىن ئەخمىقانە ئىكەنلىكىدىن ئەجەبلەنمەي تۇرالمايمىز.»

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باياناتلار ۋە روشەن سەۋەب كۆرسىتىلگەن نارازىلىقنامىلەرنى تۈركىيىدە زادىلا تاپقىلى بولمايتتى، ئەمما ناھايىتى ئېنىقكى، مىسىر ئۆلىمالىرىنىڭ بۇ خىتابنامىسى ئەمەلىيەتتە ئىسلاھاتقا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان تۈركىيىلىكلەرنىڭ مۇددىئاسىنى دەل ئەكس ئەتتۈردى. خەلىپە ئەمدى ئۆزلىرى بىلەن ئالاقىسىز يېرىم ئەپسانىۋى شەخسكە ئايلاندى، شىلەپە توغرىسىدىكى قانۇن ھەربىر تۈرككە تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا، بۇ جەھەتتە پەيدا بولىۋاتقان ئىنكاسمۇ بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. شەرقتە يېڭى نىزالار پەيدا بولدى، باشقا جايلارمۇ شۇنداق ئىدى. 1925 - يىلى مارتتا كوردلارنىڭ توپىلىڭىغا

تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن «ئامانلىق ساقلاش قانۇنى» بۇ چاغدا ئىجرا قىلىنىۋاتاتتى، ھۆكۈمەت قوراللىق قىسىم ھەم «مۇستەقىل سوت» نىڭ ياردىمىدە قارارلىرىنى ئىجرا قىلغۇزاتتى. مۇستاپا كامال مانا مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ، بىر قېتىملىق نۇتقىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:

«بىز ‹ئامانلىق ساقلاش قانۇنى› داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ ۋە ئىجرا قىلىنىۋاتقان بىر چاغدا شۇنداق قىلدۇق (پوسمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى دېمەكچى)، دېمىسىمۇ ئۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى، ئەمما بىز بۇ قانۇننىڭ بولغانلىقىدىن ئىشنى ھەقىقەتەن تېخىمۇ ئوبدانراق قىلالىدۇق. توغرا، مۇشۇ قانۇن بولغانلىقتىن خەلقىمىز بەزى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك زەھەرلىشىدىن ساقلىنىپ قالدى»

مۇستاپا كامال پوسمىغا قوشۇپ يەنە بەزى سىمۋوللۇق نەرسىلەرنىمۇ ئۆزگەرتتى. تۈركىيىنىڭ مالىيە كالېندارى يۇنان ھەم ھىجرىيە كالىندارىدىكى ئايلار بويىچە تۈزۈلگەنىدى. بۇنداق كالىندارچىلىق 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان ئوسمانلى ھۆكۈمىتىدە كۈندىن - كۈنگە ئومۇملىشىشقا باشلاپ، 1917 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن غەربچە بولغان ئاي ناملىرى قوللىنىلدى، يىل ھېسابى يەنىلا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ئىدى. 1925 - يىلى دېكابىرنىڭ 26 - كۈنى، بۇ كونا كالېندار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، غەربنىڭ مىلادىيە يىلنامىسى رەسمىي يولغا قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىر كېچە - كۈندۈز 24 سائەتكە بۆلۈنگەن سوتكىلىق خەلقئارا ۋاقىت ئۆلچىمى بېكىتىلدى.

بۇ چاغدا ئوبدان بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايۋاتقان يەنە بىر ئىش ئاياللارنىڭ كىيىنىش مەسىلىسى ئىدى. 1925 - يىلى ئاۋغۇستنىڭ 30 - كۈنى مۇستاپا كامال كاستامونىدا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتقىدا پوسما كىيمەسلىكنى تەكىتلەش بىلەن

بىللە، يەنە ئاياللارنىڭ پەرەنجە ئارتىشى ھەققىدە توختالدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

«بەزى جايلاردا ئاياللارنىڭ رەخت، يۇڭ ياغلىق ياكى شۇ-نىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەر بىلەن بېشىنى ئوراپ، يۈزىنى چۈمكى-ۋالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەرلەرگە ئۇچراپ قالسا، ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلىۋالىدىكەن ياكى بولمىسا ئېڭىشىپ يەرگە قاراپ تۇرۇۋېلىپ نېمە قىلىشىنى بىلمەيلا قالى-دىكەن. بۇنداق قىلىشنىڭ زادى نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ئەپەندى-لەر، بىر مەدەنىي دۆلەتتىكى ئانىلار ۋە قىزلارنىڭ مانا مۇشۇنداق غەلىتە، ياۋايى قىلىقلارنى قىلىشى دۇرۇسمۇ، بۇ ئىش دەرھال تۈزىتىلسۇن!»

بۇ ئۇلۇغ ئىسلاھاتچى گەرچە قولىدا «ئامانلىق ساقلاش قانۇ-نى» ۋە «مۇستەقىل سوت» تەك كۈچلۈك قورال تۇرغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، مەخسۇس قانۇن چىقىرىپ پەرەنجە ئارتماسلىقنى قات-تىق تەكىتلىيەلمىدى. ئاياللارنىڭ مەستۇرە بولماسلىقى توغرى-سىدىكى ئىسلاھات چوڭ - چوڭ شەھەرلەردىكى بىلىملىك ئادەم-لەر تەرىپىدىن تېز قوبۇل قىلىندى، ئەمما شەھەرلەردىن باشقا جايلاردا بولسا ئۇنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بەك ئاستا بولدى.

مۇستاپا كامال 1925 - يىلى 30 - ئاۋغۇستتا كاستامونىدا ئىككىنچى قېتىم سۆزلىگەن يەنە بىر قېتىملىق مۇھىم ئەھمىيەت-كە ئىگە نۇتقىدا، سوپى - ئىشانلارنىڭ خانىقا - سۇلۇكلىرى، ئىبادەتخانا، ئېتىكاپخانىلىرى ۋە ئۇلار ئۇلۇغلايدىغان مۇقەددەس ئەۋلىيا - ئەنبىيالىرى، ئىخلاسمەن مۇرت - مۇخلىسلىرى نادان، خۇراپىي كىشىلەرنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان مازار - ماشايىخلىرى ئۈس-تىدە توختالدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

«بىز ئورۇنلىغان ۋە نۆۋەتتە ئورۇنلىماقچى بولۇۋاتقان ئىن-قىلابنىڭ مەقسىتى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى بارلىق خەلقلەرنى مەنىۋى ۋە تاشقى قىياپەت جەھەتتە تامامەن زامانىۋىلاشقان ھەم

مەدەنىيلەشكەن جەمئىيەتكە باشلاپ كىرىشتىن ئىبارەت. مانا بۇ بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنىڭ مەركىزىي تۈۋرۈكىدۇر ھەم ھەقىقەتكە يېتىش ئۈچۈن زۆرۈر ئېھتىياجلىق بولغان ئەقىدىدۇر. بۈگۈنكى كۈنگىچە بۇنداق ئەقىدىلەردىن نۇرغۇنلىرى بولغانىدى. ئەمما، بۇ ئەقىدىلەر مىللىتىمىزنىڭ ئىدىيىسىنى چۇشەپ ۋە بوغۇپ، تەرەق-قىي قىلغىلى قويماي تۇنجۇقتۇرۇپلا كەلدى. ئەمدى خەلقىمىز-نىڭ ئىدىيىسىدە ساقلىنىپ كەلگەن خۇراپاتلىقلار پاكپاكىز سۈپۈ-رۈپ تاشلىۋېتىلىشى كېرەك، بۇنداق خۇراپاتلىقلار يوقىتىلمايدى-كەن، ئۇ ھالدا خەلقىمىزنىڭ ھەقىقەتكە يېقىنلىشىشى مۇمكىن ئەمەس.»

مۇستاپا كامال ھەقىقەت ئۈستىدە سۆزلىگىنىدە، تەسەۋۋۇپ-چى سوپىلارنىڭ شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت ۋە ھەقىقەت دېگەن يوللىرى ئۈستىدە توختالدى. ئۇ يۇقىرىدىكى نۇتقىغا ئۇلاپلا مانا مۇشۇنداق خۇراپاتلىقلارغا تەۋە بولغان بەزىبىر نەرسىلەر ئۈستىدە كونكرېت مىساللارنى كۆرسەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

«ئۆلگەن ئۆلۈكتىن مەدەت تىلەش بىر مەدەنىي جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېتىقاندا نومۇس ئىش... ھازىرقى تەرىقەتچىلەرنىڭ ئۆز مۇرتلىرىنىڭ بۇ دۇنيالىقى ۋە ئەخلاقىي تۇرمۇشىنىڭ خاتىر-جەملىكىنى ئىزدىشىدىن باشقا يەنە نېمە مەقسىتى بولسۇن؟ مەن ئىلىم - پەن، بىلىم ۋە مەرىپەت گۈللىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندى-كى تۈرك مەرىپەت دۇنياسىدا يەنىلا ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇپ، بۇ شەيخ ياكى ئۇ شەيختىن ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى پاراۋانلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىپ بېرىشىنى تىلىشىنى قەتئىي رەت قىلىمەن. ئەپەندىلەر، سىلەر ۋە پۈتكۈل مەملىكەت جەزمەن بىلىشىڭلار، بەلكى ناھايىتى ئوبدان بىلىشىڭلار كېرەك-كى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى شەيخ، ئىشان، سوپى ھەم چاكىنا پۇقرالارنىڭ دۆلىتى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئەڭ توز ۋە ئەڭ توغرا تەرىقەت بولسا مەرىپەت يولىدۇر. بىر كىشىگە نىسبەتەن

ئېيتقاندا، ئۇ مەرىپەتنىڭ ئۇنىڭغا قويغان تەلىپى بويىچە ئىش قىلالىسىلا، يېتەرلىك ئىش قىلغان بولىدۇ، ھەرقايسى تەرىقەت سۇلۇكلىرىنىڭ باشلىقلىرى مەن قەتئىي كۆرسىتىپ بەرگەن مۇشۇ ئىشنى چوقۇم بىلىشى ھەم ئۆزلىرىنىڭ خانىقالىرىنى ئىختىيارلىقى بىلەن تاقىشى، ئۆز مۇرتلىرىنىڭ خېلى بۇرۇنلا چوپچوڭ ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك.»

ھەرقايسى تەرىقەت سۇلۇكلىرىگە زەربە بېرىش ئىشى ئانچە ئۇزۇنغا كېچىكتۈرۈلمىدى. سېنتەبىرنىڭ 1 كۈنى مۇستاپا كامال ئەنقەرەگە قايتتى، ئىككىنچى كۈنى بىر قېتىملىق ئىچكى كابىنېت يىغىنىدىن كېيىن، ئۇ بىر يۈرۈش يىپيېڭى مۇراجىئەتنامىلەرنى چىقاردى. بۇ مۇراجىئەتنامىلەر مىللەت مەجلىسىنىڭ نويابىردىكى قانۇن چىقىرىش تەرتىپى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ مۇراجىئەتنامىگە ئاساسەن، ھەرقايسى تەرىقەت سۇلۇكلىرى تارقىتىلىپ، پائالىيىتى مەنئىي قىلىندى. مال - مۈلۈكلىرى ئومۇمغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى، خانىقالار تاقىۋېتىلدى. دۇئا - تىلاۋەت قىلىشلار توختىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۈركىيە شەيخ، ئىشان، سوپى، مۇرت، مۇخلىس، دەدە، سەئىد، چەلەبى، بابا، ئەمىر، ناكىب، خەلپەت، پالچى، سېھىرگەر، داخان، پېرىخۇن، باخشىلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى بىلەن بىراقلا خوشلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە شۇنداق نام بىلەن ئاتالغان ھەم شۇنداق خاراكتېردىكى بەزى كەسپلەر ھەم ئۇستىباشلار بىلەنمۇ تەڭ خوشلاشتى.

مۇستاپا كامال دىنىي سىياسىتىنىڭ ئاساسى لايىقچىلىق (دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىۋېتىش) بولۇپ، ھەرگىز دىنسىزلاشتۇرۇش ئەمەس ئىدى. «ئىنتىھات ۋە تەرەككى» ۋاقتىدا دىندىن خالىي ئۆرپلەشتۈرۈش خاھىشى بىلەن پوزىتىۋىزملىق[①]

① پوزىتىۋىزم — ئىلمنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىسپاتلاشنى تەشەببۇس قىلغۇچى بىر خىل بۇرژۇئا ئىدىيالىستىك پەلسەپە ئېقىمى.

تەشەببۇس مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ تىپىك ۋەكىلى لايىقچىلىقنىڭ تەشەببۇسچىسى، پان تۈركىزم نەزەرىيىچىسى زىيا كۆك ئالپ ئىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، گېرمانلارنىڭ قوزغىغان ھۇجۇمى ۋە ئىنگلىزلار پەيدا قىلغان ئەرەب ئىسيانلىرى نەتىجىسىدە، دىنىنىڭ ئورتاقلىقى بىلەن دىنىي توقۇنۇشنىڭ ئاددىي چېگرىسى توغرىسىدىكى چۈشەنچىمۇ بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تۇتۇقلىشىپ كەتكەنىدى، مۇستاپا كامالنىڭ ئاناتولىيىدە خرىستىيىئان گرېكلىرىگە قارشى قوزغىغان ئىنقىلابىدىلا دىنىي ئاڭ ۋە دىنغا بولغان ساداقەتلىك ئاندىن ئوچۇقچىلىققا چىقتى، مۇستاپا كامال ئىسلام دىنىنى يوقاتماقچى ئەمەس، بەلكى دىن ۋە ئۇنىڭ شەرھلىگۈچىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى چەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىبادەت جەھەتتىكى ھوقۇقىنىلا ساقلاپ قالماقچى ئىدى.

لايىقچىلىق پرىنسىپى بۈيۈك مىللەت مەجلىسى تەرىپىدىن 1920 ـ يىلى 20 ـ ئاپرېلدىكى شەيخۇلئىسلام دوررىزادەنىڭ ئاناتولىيە مىللەتپەرۋەرلىرىگە قارشى چىقارغان ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىغا جاۋابەن قارار قىلىنغان «ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغۇچى ئۇنسۇرلارنى جازالاش توغرىسىدىكى قانۇن»دا ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا دىندىن قالايمىقان پايدىلىنىش بىلەن سىياسىي مەقسەتكە يېتىش قىلمىشى توغرىسىدا بىر قانچە ماددا بەلگىلەنگەنىدى. بۇ پرىنسىپ 1926 ـ يىلىدىكى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا قايتىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

دىنىي ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش ئىشى 1924 ـ يىلىدىكى قانۇندىن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساسەن شەيخۇلئىسلام دېگەن دىنىي مەنسەپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. دىنىي ئىشلار ۋازارىتى ۋە ئەنقەرە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئىلگىرى شەيخۇلئىسلامغا تەۋە بولغان نۇرغۇن ھوقۇقلۇق ئورگان-

ىلار ئۇلارنى ئۆتكۈزۈۋالغان ھەرخىل فوند جەمئىيەتلىرىگە تاپشۇ-
رۇپ بېرىلدى. ئارقىدىن دىنىي ئىشلار كومىتېتى ۋە دىنىي مال-
مۈلۈك فوندىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى دەپ يېڭىدىن يەنە ئىككى
ئورگان تەسىس قىلىندى. دىنىي ئىشلار كومىتېتى ھۆكۈمەتنىڭ
قارىمىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭ مەسئۇللىرى دۆلەت باشلىقلىرى تەرى-
پىدىن تەيىنلەندى. دىنىي ئىشلار كومىتېتى مەسچىت، خانىقا-
لارنى باشقۇرۇش، ئىمام، خاتىپ، مۇئەززىن ۋە مەسچىتلەرنىڭ
باشقا خىزمەتچى خادىملىرىنى تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش، مۇپتىلار-
نى نازارەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغان بولدى. دىنىي
مال - مۈلۈك فوندىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى مەركەزدىكى ھەرقان-
داق بىر تارماققا بىۋاستە قارىمايتتى، بەلكى دۆلەت ئۆتكۈزۈۋال-
غان ئەۋقاپ، ۋەخپە ئۆي - ئىمارەت ۋە دىنىي ئەسلىھەلەرنى
رېمونت قىلىپ تۈزەشتۈرۈشكە مەسئۇل ئىدى. 1931 - يىلىدىن
كېيىن، ئۇ يەنە دىنىي خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئىش ھەققىنى
تارقىتىپ بېرىش ئىشىنىمۇ قىلىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ
دىنىي ئىشلار كومىتېتىغا ئانچە كۆپ ئىش قالمىدى، نەتىجىدە
ئۇلار خاتىپلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ئۇلارنىڭ تەبلىغ قىلىدىغان
چاغدىكى سۆز تېكىستلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە «قۇرئان كەرىم»
دىن جاۋاب چىقماي قالغان قىيىن مەسىلىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىش
قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغان بولدى.

سۇلتان مەھمۇد II دەۋرىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان ئۆلىما-
لار تۈرىدىغان ئورگانلارنى تۈزۈملەشتۈرۈش ئىشى تەبىئىي ھالدا
تاماملىنىدىغان ۋاقىتقا كېلىپ قالغان بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئىس-
لامىيەت دۆلەتنىڭ بىرلا تارمىقىغا ئايلىنىپ، ئۆلىمالار تۆۋەن
دەرىجىلىك دۆلەت خادىملىرى بولۇپ قالغانىدى، ئادەتتىكى مائا-
رىپ ئەمدى ئۆلىمالارنىڭ باشقۇرۇشىغا قارىمايدىغان بولدى، بەزى
دىنىي مائارىپقا ئائىت قالدۇق ئىشلارمۇ ئەمدى ھۆكۈمەت دائىرى-
لىرى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنىدىغاندەكلا قىلىپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

1924 ـ يىلىدىكى قانۇنغا ئاساسەن كونا بىلىم يۇرتى ھېساب-
لانغان مەدرىسلەر تاقىۋېتىلدى. دۆلەت ئەمدى دىنىي خادىملارنى
تەربىيىلەشنىڭ كويىغا چۈشتى. دەرىجىسى سەل ـ پەل تۆۋەنرەك
بولغانلىرىدا مائارىپ ۋازارىتى ئىمام ۋە خاتىپلارنى تەربىيىلەيدى-
غان مەكتەپلەرنى ئاچتى. ئىلگىرىكى سۇلايمانىيە مەدرىسىگە
ئوخشاش دەرىجىسى سەل يۇقىرى بولغانلىرى ئىستانبۇل ئۇنىۋېر-
سىتېتى قارىمىقىدىكى دىنىي ئىنستىتۇت قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ،
ئەنقەرە مائارىپ ۋازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ دىنىي ئىنستىتۇت بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ
ئەڭ زور تېپتىكى زامانىۋىلاشقان، ئىلمىي بولغان، يېڭى تىپتى-
كى دىنىي مائارىپ مەركىزى بولۇپ، 1928 ـ يىلى ئۇنىڭدا يەنە
بىر كومىتېت تەسىس قىلىندى. بۇ كومىتېت ئىسلام دىنىنى
ئىسلاھ قىلىش، ئۇنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ھەم بۇ ھەقتە تەكلىپ
بېرىش قاتارلىقلارنى، شۇنداقلا ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تەرى-
پىدىن مائارىپ مىنىستىرلىقىغا يوللىنىدىغان مۇشۇ ھەقتىكى
يوللانمىلارنى ئىشلەشكە مەسئۇل بولدى. بۇ كومىتېتنىڭ رەئىسى
مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈ ئىدى، ئەزالىرى پسىخولوگىيە ۋە لو-
گىكا پروفېسسورلىرى ھەم بىرقانچە دىنىي ئۆلىمالاردىن تەركىب
تاپتى.

كومىتېت 1928 ـ يىلى ئىيۇندا ئېلان قىلغان دوكلاتىنىڭ
بېشىدىلا ئوچۇق قىلىپ، «دىن — باشقا بارلىق ئىجتىمائىي
تۈزۈملەرگە ئوخشاش بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم بولۇپ، ئىجى-
تىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى، دەۋرنىڭ ئۆزگى-
رىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مېڭىشى لازىم. شۇڭا، تۈرك
دېموكراتىيىسىدە دىنمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئىلغارلىقىنى
نامايان قىلىشى كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى.

«ھازىرقى جەمئىيەت كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا، —
دېيىلدى بۇ دوكلاتتا يەنە، — تەسەۋۋۇپ ئەھلىدىن ۋە كالتە پەم

ئۆلىمالاردىن مۇشۇنداق بىر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىش (مەيلى قانچىلىك پۇختا تەييارلىق كۆرۈلۈشىدىن قەتئىي- نەزەر) زادى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. دىنىي تۈرمۇشمۇ خۇددى ئەخلاقىي تۈرمۇش ۋە ئىقتىسادىي تۈرمۇشقا ئوخشاش جەز- مەن ئىلمىي يول بىلەن ئىسلاھ قىلىنىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن باشقا ھەرقايسى تۈزۈملەر بىلەن كېلىشىپ ئىناقلىقنى ساقلىيالايدۇ.»

بۇ كومىتېت يۇقىرىقى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، مۇنداق تۆت تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچىسى، ناماز ئوقۇغاندا مەسچىتنىڭ ئىچى پاكىز ۋە رەتلىك بولۇش، ئولتۇرى- دىغان جاي بىلەن كىيىم قويۇلىدىغان جاي ئايرىم بولۇش، ناماز ئۆتىۈگۈچىلەر چوقۇم پاكىز ئاياغ كىيىپ مەسچىتكە كىرىش؛ ئىككىنچىسى، ناماز، دۇئا ـ تىلاۋەت، شۇنداقلا تەبلىغلەرنىڭ ھەممىسى تۈرك تىلى بىلەن بولۇش؛ ئۈچىنچىسى، ناماز چىراي- لىق، تەسىرلىك ھەم روھلۇق ئوقۇلۇش، بۇنىڭ ئۈچۈن مەس- چىتتە مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن سازەندىلەر ھەم سازلار تەسىس قىلىنىش، تېخىمۇ زۆرۈر بولغىنى ھازىرقى زامانچە بولغان دىنىي سازلار بولۇش؛ تۆتىنچىسى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكام، ئەركانلى- رىدىن تەبلىغ قىلىنىدىغان سۆز تېكىستلىرىگە پەلسەپە ۋە مەنتىقە ئىلمىدىن خەۋىرى بار كىشىلەر يېتەكچىلىك قىلىش بەلگىلەندى.

ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئەمدى مىللەت مەجلىسى بولغان بىر يېڭى مىللىي جۇمھۇرىيەتكە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن مەسچىت- لەرنىڭ ناماز خانىلار ئولتۇرىدىغان جايى بولغان، ساز تەڭكەش قىلىنغان، يەنە كېلىپ ئىمام ناماز ئوقۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدى- غان مۇسۇلمان ئىبادەتخانىسىغا بىراقلا ئايلىنىشى تەس ئىدى. بۇنى قويۇپ تۇرغاندىمۇ، كومىتېتنىڭ تەكلىپى ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ بولۇپ، دىنىي ئىنستىتۇتنىڭ قارىشىچە، بۇ تەك- لىپنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى تولىمۇ بالدۇرلۇق قىلاتتى. ئوقۇت-

قوْچىلارنىڭ ئۆزى مەدرىس ئەنئەنىلىرىدىن ئايرىلالمىغانىدى. شۇڭا ئۇلارغا مۇنداق ۋەزىپىلەرنى ئارتىش ئۇلارنى بىزار قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ ۋاقىتتىكى نارازىلىق كەيپىياتىنىڭ كۈچ- لۈكلۈكى بۇ ئىشنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ئىمكان بەرمەيتتى. 1929- يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىدىن ئەرەب ۋە پارس تىلى چىقىرىپ تاشلانغاندىن كېيىن، دىنىي ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىلى- رىنىڭ سانى بىراقلا ئازلاپ كەتتى. ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمە- گەن بۇ ئىسلاھاتنىڭ سىنىقىدا دىنىي ئىنستىتۇت ئاخىرى 1933- يىلى تاقىلىشقا مەجبۇر بولدى. كېيىن ئەدەبىيات ئىنس- تىتۇتىنىڭ قارىمىقىدا بىر شەرق تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى. دىنىي ئىنستىتۇت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان توققۇز يىلدا ئوقۇغۇ- چىلارنىڭ سانى ئاۋۋالقى 284 تىن بىراقلا 20 گە چۈشۈپ قال- دى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىمام ۋە خاتىپلارنى تەربىيىلەش مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانىمۇ بارغانسېرى ئازلاپ كەت- تى. 1932 - يىلى ئەڭ ئاخىرغىچە داۋاملاشقان مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىككى مەكتەپمۇ تاقالدى. ئەمدى مەخسۇس «قۇر- ئان كەرىم» ئۆگىتىدىغان مەكتەپلەردىن باشقا دىنىي مائارىپقا ئائىت بىرمۇ مەكتەپ قالمىدى. بىر مەزگىل شەكىللەنگەن زاما- نىۋىلاشقان دىنىي ئۇستازلارنى يېتىشتۈرۈشنى سىناق قىلىش دېگەنگە ئوخشاش ئىشلارمۇ ئۆزلۈكىدىن توختاپ قالدى.

1928 - يىلى كومىتېت تەرىپىدىن سۇنۇلغان تەكلىپتىكى نامازنى تۈركچە ئوقۇش دېگەن بىرلا ئىش رېئاللىققا ئايلاندى. «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» لەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىش ئىشى باشلاندى، 1932 - يىلى مىللەت مەجلىسى قارار ماقۇللاپ بۇنىڭ- غا 4000 تۈركىيە فوند ستېرلىڭى ئاجراتتى. بۇ ئىش تامامىلانماي تۇرۇپلا، ناماز قائىدىلىرىنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىش ئىشى باشلىنىپ كەتتى، ئەمما قارشىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن توختىتىپ قويۇلدى. ھۆكۈمەت ئاخىرىدا مەسچىتلەردە يەنىلا ئەرەب تىلى

قوللىنىلمىسا بولمايدىكەن دېگەن قارارغا كەلدى. تۈركىزم نەزەرىيىسچى زىيا كۆك ئالپ خېلى يىللارنىڭ ئالدىدا مەسچىتلەرنىڭ پەشتاقلىرا ئەرەبچە ئەزان توۋلاشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ تۈركچە ئەزان توۋلاشقا ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1932 - يىلى يانۋارنىڭ 30 - كۈنى ئايا سوفىيە مەسچىتىنىڭ پەشتىقىدا تۇنجى قېتىم تۈركچە زۇۋان بىلەن ئەزان توۋلاندى، ئۇزاق ئۆتمەيلا دىنىي ئىشلار كومىتېتىغا تەۋە تىلشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ساپ تۈركچە ئەزاننىڭ تېكىستىنى ئېلان قىلدى، تۈركىيە مۇزىكا ئىنستىتۇتى ئۇنىڭغا ئاھاڭ ئىشلەپ چىقىپ نوتىغا سالدى. 1933 - يىلىنىڭ بېشىدا ئېنىق بەلگىلىمە تۈزۈلۈپ ئەرەبچە ئەزان توۋلاش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇنىڭغا ئارىلىشىشى ئۇلارنىڭ باشقا ھەرقانداق ئىشقا قوللانغان تەدبىرلىرىدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى.

تاشقى قىياپەتتىن قارىغاندا، تۈرك خەلقى، بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ئۆزگەرگەنىدى. ئەمدىكى مەسىلە تۈرك خەلقىنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشتە قالدى. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ قانۇن سىستېمىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىپ يېڭىلاشقا توغرا كېلەتتى. 19 - ئەسىردىكى ئىسلاھات نۇرغۇن قانۇنلارنى شەرىئەتتىن ئاجرىتىپ چىققانىدى. ئەمدى مۇستاپا كامال تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ 1924 - يىلى ئاپرېلنىڭ 8 - كۈنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش بېجىرىدىغان مەھكىمە شەرئىينى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئەمما، مۇشۇنداق ئىسلاھاتتىن كېيىنمۇ شەرىئەت ھۆكۈمى يەنىلا مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئائىلىلەر ۋە شەخسلەردە ئوخشاشلا كۈچكە ئىگە بولۇپ تۇرىۋەردى، چۈنكى بۇ قانۇنلار ئۆرپ - ئادەت سوتىدا يەنىلا كونا مۇقەددەس قانۇننى ھىمايە قىلىۋاتقان قانۇنشۇناسلاردىن تەركىب تاپقان بىر تۈركۈم سوتچىلار تەرىپىدىن ئىجرا قىلىناتتى.

www.uyghurkitap.com

بىرقانچە قېتىملىق ئىسلاھات جەريانىدا، شەرىئەت ئۆلىما-لىرىنىڭ ئاالاقىدار ئائىلە ۋە خۇسۇسىي ئىشلاردا بولىدىغان ئىمتى-يازلىرىغا زادىلا تېگىش قىلىنمىغان بولۇپ، مۇستاپا كامال ئەم-دى غەيرەتكە كېلىپ بۇ ئىشنى ھەل قىلىۋېتىشنى ئويلىدى. 1924 - يىلىنىڭ بېشىدا ئەدلىيە مىنىستىرى سەئىد بىرقەدەر ئىلغارراق بولغان 1917 - يىلىدىكى ئائىلە قانۇنىنى سەل - پەل ئۆزگەرتىپ تۈزەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەك-لىپىنى بەردى. ئەمما، بۇنداق شەرىئەت قانۇنىنىڭ ئەركىنلىك ۋە زامانىۋىلىششىنى مەيلى قانداق چىرايلىق ۋە پەردازلاپ چۈشەن-دۈرۈشكە ئۇرۇنۇشلىرىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ مۇستاپا كامالنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمىدى ھەم قانائەتلەندۈرەلمىدى. شۇڭا ئۇ 1924 - يىلى ئاۋغۇستنىڭ 30 - كۈنى، غەلىبىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن دوملو پىناردا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتقىدا مۇنداق دەپ كەسكىن كۆرسەتتى:

«مەن قىلچە يۇز - خاتىر قىلماي شۇنى ئېيتايكى، ئائىلىۋى تۇرمۇش بولسا مەدەنىي بولۇشنىڭ ئاساسى، تەرەققىيپەرۋەرلىك ھەم ھوقۇقنىڭ ئۇلى. ناچار ئائىلىۋى تۇرمۇش چوقۇم ئىجتىما-ئىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى زەئىپلىككە ئېلىپ بارىدۇ. ئائىلىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەر - ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ئائىلىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى جەزمەن ئادا قىلىشى كېرەك.»

مۇستاپا كامال بۇ نۇتقىنى سۆزلەپ بىرقانچە كۈندىن كې-يىن، قانۇن ساھەسىدىكى 26 ھەيئەتتىن تەشكىل تاپقان بىر كومىتېت شۋېيتسارىيىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنىنى ئۈلگە قىلىپ تۈرۈپ، تۈركىيىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر ھەق تەلەپ قانۇنىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ قانۇن 1926 - يىلى فېۋرالنىڭ 17 - كۈندىكى مىللەت مەجلىسىدە ماقۇللاندى ۋە ئۆكتەبىرنىڭ 4 - كۈندىن باشلاپ رەسمىي يولغا قويۇلدى.

مۇستاپا كامال تۈركىيە جەمئىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان ناداـ
لىق، خۇراپاتلىق، ئاياللارنى كەمسىتىش قاتارلىق ئىللەتلەرگە
قەتئىي قارشى ئىدى. ئۇ مىللەتنى تەرەققىياتقا باشلاش ئۈچۈن،
جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن بولغان ئاياللارنى ئاۋۋال ناداـ
لىقنىڭ ئىسكەنجىلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، ئۇلارغا ھوقۇق
بېرىش، ئوقۇتۇش، ئۇلارنى تەربىيىلەش ۋە ھۆرمەت قىلىشنى
تەشەببۇس قىلدى. ئۇ نۇتقىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى:
«ئەگەر دۆلەتتە نادانلىق ھۆكۈم سۈرسە، بۇ ئالدى بىلەن
ئوقۇشمىغان دەرىجىدە ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدا ئەۋج ئالىدۇ.
ئاياللىرىمىز ئەرلىرىمىزگە قارىغاندا بەكرەك ئوقۇتىلىشى ،
تېخىمۇ مەدەنىي بولۇشى ۋە تېخىمۇ ياخشى ئۈچۈرلار بىلەن تەمىنـ
لىنىشى كېرەك. ناۋادا ئاياللار بىز بىلەن تەڭ ياشاپ دۆلەتنىڭ
ئىلىم ـ پەن ۋە سەنئەت ئىشلىرىغا قاتنىشالىسا ھەم ئۆزى قاتنىـ
شىۋاتقان پائالىيەتلىرى ئىچىدىن ئۆزى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك
ئەخلاق ئۆلچىمىنى تاپالىسا، ئۇنداقتا مۇتلەق تەرىقەتچىلىك يولىغا
ماڭغانلارمۇ ئۇلارنى ھۆرمەتلەيدۇ.»
«ئەگەر بىر جەمئىيەت ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىش
ئۈچۈن ئەر ـ ئاياللىرىنى ئورتاق ئاتلاندۇرمىسا، بۇ نىشاننى
ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ، ئىلمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ دۆلەتنىڭ
تەرەققىياتقا ئېرىشىشى ھەمدە مەدەنىي بولۇشى
مۇمكىن ئەمەس.»
«چوقۇم شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بىز يەر شارىدا
كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن
مەھسۇلاتى، ئەگەر بىر دۆلەت پەقەت بىرلا جىنسنىڭ كۈچىدىن
پايدىلىنىپ ھازىرقى زامان مەدەنىيلىك دەرىجىسىگە يەتمەكچى
بولىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ
كېتىدۇ.»
«ئانىلىق بۇرچى ئاياللارنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى. بىر

www.uyghurkitap.com

ئانىنىڭ قورسىقى بىر ئادەمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەربىيە سورۇنى ئىكەنلىكى ئەسكە ئېلىنغاندا، يۇقىرىقى مەسئۇلىيەتنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىگە ئاپىرىن ئوقۇماي بولمايدۇ. ھەر قايسى ساھەلەردىكى دۆلەت ئىشلىرىدا، بولۇپمۇ ئازادلىق ئورۇشى مەزگىلىدە، تۈركىيە ئاياللىرى ئۆزلىرىنىڭ تالانتىنى، ئىقتىدارىنى ۋە ئالدىن كۆرەرلىكىنى نامايان قىلىپ كەلمىدىمۇ؟ يىغىنچاقلىغاندا، ئۇلارمۇ سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشىشى كېرەك.»

1925 ـ يىلى «ئائىلە قانۇنى» يولغا قويۇلۇپ، ئاياللار ھوقۇقى تەكىتلەندى. بۇنىڭ بىلەن ئاياللارنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى بىرقەدەر كاپالەتلەندۈرۈلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ تۈركىيە تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئاددىي تىل ئىپادىلەپ بېرىش ئاجىزلىق قىلاتتى. ئىلگىرىكى «تەنزىمات» دەۋرى، شۇنداقلا «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» زامانىسىدا نۇرغۇن قېتىم قانۇن تۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما شەرىئەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان مەمۇرىي دەۋا، سودا ۋە جىنايى ئىشلارغا قارىتا ھېچنېمە دېيىلمىگەنىدى ياكى بولمىسا ئانچە ـ مۇنچە توختىلىپلا، ئاساسلىق پرىنسىپ ۋە بەلگىلىمىلەر تاشلاپ قويۇلغانىدى. ئەمدى بىر ئىسلاھاتچى تۈيۇقسىز ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىپ كېلىنىۋاتقان مۇقەددەس ئۆلىمالارنىڭ تەگكىلى بولمايدۇ، دەپ پەتىۋا بەرگەن ئائىلىۋى تۇرمۇشى بىلەن پۇقرالارنىڭ كۈندىلىك خۇسۇسىي ئىشلىرىغىچە ئارىلاشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ تېخى ئوسمانلىلار تۈركىيىسىدە شۇ كەمگىچە قىلىنغان تۈنجى ئىش، يەنە كېلىپ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا سىناق تەرىقىسىدە ئەمەس، بەلكى جامائەت رەستىسىدە يۈزمۇيۈز تۈرۈپ قىلىنىۋاتقان ھۇجۇم ئىدى. مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتكىلى

بولمايدۇ دەپ مۇقەددەسلەشتۈرۈۋېتىلگەن شەرىئەت ئەمدى مىللەت مەجلىسى تەرىپىدىن قىلچە يۈز ـ خاتىرە قىلىنماي، ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئەھكام ـ ئەركانلىرى بىكار قىلىۋېتىلىپ، ئورنىغا تۈركىيىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى چىقتى. كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش، تالاق قىلىش ھەم خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان ۋە غورۇرىغا تېگىدىغان قەدىمكى ئەمرىمەرۇپلار بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەكسىچە، ئەر ـ ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر بولغان نىكاھلىنىش ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى.

شۋېيتسارىيىچە بولغان ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ بۈيۈك مىللەت مەجلىسىدە ماقۇللىنىشى بىر كېچىدىلا تۈركىيىنى ئوتتۇرا شەرقنىڭ شۋېيتسارىيىسىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرى ۋە تۆمۈريول بويلىرىغا جايلاشقان شەھەر، كەنتلەردە يېڭىچە تويلىشىش، نىكاھتىن ئاجرىشىش ۋە مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشلار قايناپ كەتتى. باشقا جايلاردا بولسا كونا ئۇسۇللار يەنىلا ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. نىكاھلانماقچى بولغانلار خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىغا بېرىپ ئۆزلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرسا قانۇنلۇق ئەر ـ خوتۇن بولۇشاتتى. قانۇنلۇق خوتۇنلار ئەرلەرنىڭ باشقا خوتۇنلىرىدىن تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىنىمۇ ئۆز باللىرى قاتارىدا كۆرىدىغان بولدى. باشقا خوتۇنلار بولسا، دىندىن خالىيلاشقان بۇ دۆلەتنىڭ نىكاھلىنىش رەسمىيىتىنى ئۆتمەي تۇرۇپمۇ، دىن ۋە ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرى بىلەن بولغان يېقىنچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ساقلايتتى. گەرچە يېڭى قانۇن ئاياللارغا يېڭىچە بولغان چوڭ ھوقۇقلارنى بەرگەن بولسىمۇ، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاياللار يەنىلا ئەرلەرنىڭ سىزىقىدىن چىقماي، ئەرلىرى، دادىسى ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش قىلاتتى، ئۆلكە دەرىجىلىك شەھەرلەردە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش گەرچە تۈگىگەن بولسىمۇ، تېخى ئىسلاھاتنى

قوبۇل قىلىپ غەربلەشمىگەن ھەرخىل تەبىقىلەردىكى ئاياللارنىڭ ئۇنى ناھايىتى ئۇزاق بىر ۋاقىتقىچە تېخى ئانچە ياخشىلىنىپ كېتەلمىدى.

كونا ئىستىھكامىنىڭ پاچاقلاپ تاشلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەتنىڭ ئىناۋىتى بۇ چاغدا ئىسلاھاتچىلار تەرىپىگە يۈزلەندى. ئەمما، ئەنئەنىۋى كۈچلەرنىڭ قوغدىغۇچىلىرى جاپالىق ھەم مەخپىي ھالدىكى قارشىلىق كۆرسىتىشلەرگە ھامان تەييار ئىدى. بىر قاتار مەغلۇبىيەتلەردىن كېيىن، ئۆلىمالار ئاخىرى ئۆزلىرى ئاياغ بېسىپ تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈچلۈك بازىدىن ھەيدەپ چىقىرىلدى. بۇ چاغدا يولغا قويۇلغان قانۇننىڭ تەشكىلىي سىستېمىسى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مەجبۇرلاپ ئىجرا قىلدۇرۇش تەدبىرلىرىدىن قارىغاندا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قەتئىي غەيرەتكە كېلىپ مۇتەئەسسىپلەرنىڭ كۈچىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىۋېتىشنى ئويلاشقانلىقىدا گەپ يوق ئىدى. 1925 - يىلى نويابىرنىڭ 5 - كۈنى، مۇستاپا كامال ئەنقەرەدە يېڭىدىن قۇرۇلغان قانۇنچىلىق مەكتىپىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا تەبرىك سۆزى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ئوچۇق بايان قىلدى.

«ئەپەندىلەر، — دېدى ئۇ، — سىلەرگە قانۇننىڭ ئاساسى ۋە يېڭى ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن تۈزۈلۈشى جەزمەن زۆرۈر بولغان قانۇنلار توغرىسىدا سۆزلەۋاتقىنىمدا قانداقتۇر ھەرقانداق ئىنقىلابنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تۈزۈلگەن قانۇنلىرى بولۇش كېرەك، دېگەنگە ئوخشاش ھېلىقى كونا گەپلەرنى تەكرارلاپ ئولتۇرۇشنى خالىمايمەن، شۇنداقلا ئىمكانقەدەر ئۆزىمىزگە پايدىسىز بولغان ئۆزئارا ئاغرىنىشلاردىن ساقلانسام دەيمەن. ئەمما، ئۆتۈپ كەتكەن 300 يىلدا تۈركلەرنىڭ قانداق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ھازىرقى زاماندىكى مەدەنىيەت ئۇسۇلى ۋە ھەققانىي ئىشلىرى ئىچىدىن تەربىيىگە ئىگە بولغانلىقىنى، ھالبۇكى شۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ تولىمۇ بىچارىلەرچە، يەنە كېلىپ قاتمۇقات توسقۇن-

لۇقلار ئارقىسىدا ئاندىن ئىشقا ئېشىپ، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى شاد ئەتكەنلىكلىرىنى ئىنتايىن خۇرسىنىش ئىچىدە سەمىڭلارغا سالماي تۇرالمايمەن.

مىللىتىمىزنى جەزمەن نابۇت قىلىدىغان، ئىختىساسلىقلار ئىلگىرىدىن تارتىپ كەينى ـ كەينىدىن چىقىپ تۇرغان بۇ مىللىتىمىز ئىچىدىكى تەشەببۇسكار ۋە جىگەرلىك زاتلارنى ھەمىشە شەرمەندىلىكتىن خالىي بولالمايدىغان قىلىپ قويغان پاسسىپ ۋە ھەممىدىن غالىب كۈچ يەنىلا بۈگۈنكى كۈندە دەل ئۆزۈڭلار ئىگىدارچىلىق قىلىپ تۇرغان قانۇن، قانۇن ۋە ئۇنىڭ سادىق قوغدىغۇچىلىرىدۇر...

1453 ـ يىلىدىكى تۈركلەرنىڭ غەلىبىسىنى، يەنى ئىستانبۇلنى ئېلىشنى ۋە شۇ قېتىمقى غەلىبىنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى تۇتقان ئورنىنى ئەسلەپ ئۆتسەك ئورۇنسىز بولماس، پۈتۈن دۇنيانىڭ قارشىلىقىنى قىلچە مەنسىتمەي تۇرۇپ ئىستانبۇلنى تۈرك خەلقىنىڭ مەڭگۈلۈك مال ـ مۈلكىگە ئايلاندۇرالىغان بۇ بىرلىككە كەلگەن ھەربىي كۈچ ۋە ھوقۇق ئۆز نۆۋىتىدە ھېلىقى ھوقۇقچىلىق ئىگىلىرىنىڭ يامان غەرەز بىلەن قىلغان قارشىلىقىغا دۇچ كەلگەندە ئۇنى يېڭىشقا ئاجىزلىق قىلدى، ھەتتا تۈركىيە ئۆز زامانىسىدا كەشىپ قىلىنغان مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىشقىمۇ قادىر بولالمىدى. ئۈچ ئەسىرلىك كۆزىتىش، ئاردىسالدى بولۇش، ئۈچ ئەسىرلىك ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تىرىشچانلىق ھەم پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق كونا قانۇن ۋە ئۇنىڭ تەپسىرچىلىرى ئاندىن مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ ئېلىمىزگە كىرگۈزۈلۈشىگە ئىجازەت بەردى. بۇنداق دېسەم مېنى مەقسەتلىك ھالدا قايتا مەيدانغا كەلمەيدىغان يىراق قەدىمىي دەۋرلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، كونا قانۇن ۋە كونا ئادۋوكاتلارنىڭ رولىنى چۈشەندۈرىۋاتىدۇ دەپ قالماڭلار. ئەگەر مەن بىزنىڭ يېڭى ئىنقىلاب دەۋرىمىزدىكى ئىشلارنى، كونا قانۇن ۋە

ئۇنىڭ تەپسىرچىلىرىنىڭ ماڭا كەلتۈرۈپ بەرگەن قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەشكە باشلايدىغان بولسام، ئېھتىمال سىلەر تولىمۇ بىئارام بولارسىلەر. . .

ئىنقىلابچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك ھەم ئەڭ ھىيلىگەر دۈشمىنىنىڭ چىرىكلەشكەن قانۇن ۋە ئۇنىڭ چىرىك قوغدىغۇچىلىرى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىزنىڭ مەقسىتىمىز پۈتۈنلەي يېڭىچە بولغان بىر يۈرۈش قانۇنلارنى ئورنىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە كونا قانۇنلارنىڭ ئاساسىنى ئۈزۈل - كېسىل يوق قىلىۋېتىشتۇر.»

مۇستاپا كامالنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقان يېڭىچە قانۇنلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغىنى ھەق تەلەپ قانۇنى ئىدى. بۇ چاغدا قانۇن — تۈزۈم كومىتېتى يەنە باشقا قانۇنلارنى تۈزۈشكە تەييارلاندى. ئۇلار تۈركىيىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ غەربنىڭ ھەرخىل قانۇنلىرىغا تەقلىد قىلىپ، ئۆزىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنى بېكىتتى ۋە تۈزىتىش كىرگۈزدى. قىسقىغىنا بىر قانچە يىلدا تۈركىيىدە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. توختام قانۇنى، سودا قانۇنى، دېڭىز قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى ۋە جىنايى ئىشلار تەرتىپ قانۇنىغا ئوخشاش بىر يۈرۈش يېڭى قانۇنلار تۈزۈلۈپ، مۇشۇ قانۇنلارنى يولغا قويۇشتىكى مۇناسىپ ئەدلىيە تۈزۈملىرىمۇ بېكىتىلدى.

1924 - يىلى تۈركىيىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا «ئىسلام دىنى تۈركىيىنىڭ دۆلەت دىنىدۇر» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ 1876 - يىلى جاكارلانغان ئوسمانلىلارنىڭ تۇنجى ئاساسىي قانۇنىدىن بۇيان ئازراق تۈزىتىلىپ داۋاملىشىۋاتقان بىر خىل مۇقىملىشىپ قالغان يېڭىلىق ئىدى. 1928 - يىلى ئاپرېلنىڭ 5 - كۈنى، جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسى بۇنى ئاساسىي قانۇندىن چىقىرىۋېتىشنى قارار قىلدى، بەش كۈندىن كېيىن مىللەت مەجلىسى رەسمىي

يوسۇندا مۇشۇنداق بىر قانۇن ماقۇللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەجلىس يەنە ئاساسىي قانۇننىڭ ئۈچ جايىغا تۈزىتىش كىرگۈ-زۈپ، ئۇنىڭدىكى دىنغا بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك چېتىلىدىغان جايلارنى ئېلىپ تاشلىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، تۈركىيە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن جە-ھەتتە دىندىن خالىي دۆلەتكە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇنلىرى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى زامانىۋىلىشىشقا قاراپ ماڭدى. ئەمما، بۇ چاغدا خېلى كۈچلۈك ھەم ئومۇمىيۈز-لۈك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر نەرسە ئىسلاھ قىلىنماي قېپقالغانىدى. ئۇ بولسىمۇ تۈركىينى داۋاملىق شەرق بىلەن باغلاپ تۇرغان ئەرەب يېزىقى ئىدى.

تەنزىمات دەۋرىدىن بۇيان، بەزىلەر ئەرەب يېزىقىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا كۆپ قېتىم تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ئاز بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزەرى-يىسىنى ئوتتۇرىغا قويماق ئاسان بولغان بىلەن، ئەمەلىيلەشتۈر-مەك تەس ئىدى.

19 ـ ئەسىردە ئەڭ دەسلەپ چىقىرىلغان تۈرك گېزىتلىرى بىرخىل ئاددىيلاشتۇرۇلغان يېڭى تۈرك پروزىچىلىق ئۇسلۇبىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. 1908 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن گېزىتنىڭ رولى تېخىمۇ كۈچىيىپ باردى. ئىتتىھات ۋە تەرەككى پارتىيىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئون يىلدا ئاددىيلاشتۇرۇلغان تۈرك تىلى ئۈچقاندەك را-ۋاجلاندى. ئارقىمۇ ئارقىدىن بۇلۇۋاتقان ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈ-رەشلىرىدە خەۋەرلىشىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن يېزىقنىڭ ئاددىي ۋە توغرا بولۇشى تەلەپ قىلىندى. مەتبەئە ۋە تېلېگراممىلار تۈرك تىلىنى ئاددىيلاشتۇرۇشتا غايەت زور رول ئوينىدى. 1911 ـ يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان سىيلانىكتىكى «گەنج كالەملەر» (ياش قەلەمكەشلەر) دېگەن ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ ئاپتورلىرى بىر-

www.uyghurkitap.com

خىل ساپ ۋە قوللىنىشقا ئوڭاي بولغان يېزىق نۇسخىسىنى تۈزۈپ قېلىپلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىمۇ ئۇنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى. ئۇنىڭ ئورنىنى پايتەختتىكى يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى تىلىنى ئاساس قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈپ كەتكەن بىرخىل يەرلىك شېۋە ئىگىلىدى. بۇ خىل يېزىق نۇسخىسىدا خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان پارس ۋە ئەرەب تىلى سۆزلۈكلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاۋامنىڭ يەرلىك تىلى ئوتتۇرىسىدا يەنە ناھايىتى چوڭ پەرقلەر بار ئىدى. ھەر خىل بۇيرۇق ۋە ئۇستاپ، نىزاملاردا ئاددىيلاشتۇرۇلغان بۇ يېڭى ھەرپ قوللىنىلدى. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، ساپ ئوسمانلىلار ئوردا يېزىقى نۇسخىسىنىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشتى.

يېزىقنى لاتىنلاشتۇرۇش تەشەببۇسى ئاتا تۈرك دۆلىتى تارىخىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى باسقۇچىدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1923- يىلى ئىزمىردا چاقىرىلغان ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا بەزىلەر لاتىن يېزىقىنى قوللىنىش تەكلىپىنى بەردى، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق رەت قىلىندى، ياندۇرقى يىلى بۇ ئىش يەنە مىللەت مەجلىسىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇلدى، ئۇمۇ ئوخشاشلا قوبۇل قىلىنمىدى.

دەل مانا مۇشۇ ۋاقىتتا، تۈركىيىنىڭ شەرقىي چېگرىسىنىڭ سىرتىدا ياشايدىغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بەزىلىرى بۇ ھەقتە تەدبىرلەر قوللاندى. 1921 - ۋە 1922- يىللىرىدا ئەزەربەيجان ۋە شىمالىي كاۋكازدا لاتىن يېزىقىنى قوللىنىش سىناق قىلىندى. 1922 - يىلى ئىيۇلدا، ئەنقەرە ئەزەربەيجان ھۆكۈمىتىنىڭ يېزىقنى لاتىنچىلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بىر پارچە باياناممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. 1925 - يىلى 1 - ماي كۈنى، ئەزەربەيجان ئالىي سوۋېتى بۇيرۇق جاكارلاپ لاتىن ھەرپىنى تۈركىي تىلىنىڭ رەسمىي يېزىقى دەپ بېكىتتى.

1926ـ يىلى ئەتىيازدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى باكۇدا
تۈركولوگىيە ئالىملىرى قۇرۇلتىيىنى ئاچتى، قۇرۇلتايدا سوـ
ۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىچىدە لاتىن يېزىـ
قىنىڭ ئەرەب يېزىقى ئورنىغا قويۇلىدىغانلىقى قارار قىلىندى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېزىقنى لاتىنچىلاشتۇرۇش سىياسىـ
تىنى يولغا قويۇشتىكى مەقسىتى، بىرىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىـ
پاقىدا ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرىنى تەدرىجىي ئازايتىش بولسا، ئىكـ
كىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشايدىغان تۈركلەر بىلەن تۈرـ
كىيىدىكى تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئۈزۈۋېتىش ئىدى.
تامامەن ئوخشىمىغان مۇددىئالار تۈپەيلىدىن، تۈركىيىدىكى مىلـ
لەتپەرۋەرلەرمۇ يېزىقنى لاتىنچىلاشتۇرۇشنى قۇۋۋەتلىدى. ئەمما
تۈركىيە يېزىقنى لاتىنچىلاشتۇرۇۋاتقاندا، رۇسلار ئۆز ئىشغالـ
يىتىدىكى جايلاردا لاتىن يېزىقىنى قوللىنىشنى دەرھال ئەمەلـ
دىن قالدۇرۇپ، يېزىقنى سىلاۋيانچىغا ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇنىڭ
بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشايدىغان تۈركىي مىللەتلەر بىلەن
تۈركىيە تۈركلىرى ئوتتۇرىسىدا يېزىق جەھەتتە بىر ئېگىز سېـ
پىل سوقۇلۇپ، مەدەنىيەت ئالاقىسى توسالغۇغا ئۇچرىدى.

1925 ـ يىلىدىن 1928 ـ يىلىغىچە تۈركىيىدە ئولتۇرۇشـ
لۇق ئەزەربەيجانلىق مۇساپىرلار تۈرك يېزىقىنىڭ لاتىنچىلاشتۇـ
رۇلۇشىنى كۈچەپ تەرغىب قىلدى. ئۇلارچە شۇنداق قىلغاندىلا
ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى يۇرت ـ ماكانلىرى بىلەن بولغان
ئالاقىسىنى ساقلاپ قالالايتتى. يېزىقنى لاتىنچىلاشتۇرۇش تەشەبـ
بۇسى گەرچە ئوخشاشمىغان نۇقتىدىن قارالغان بولسىمۇ، مۇستاـ
پا كامالنىڭ سىياسىتىگە تازا باب كەلدى. مۇستاپا كامالنىڭ
لاتىن ھەرپىنى قوللىنىش توغرىسىدىكى پىكىر ـ خىيالىنى سوـ
ۋېت ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ قورالى
دېگەندىن كۆرە، كونا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدىن ئالاقىسىنى ئۈـ
زۈش دېگەن تۈزۈك ئىدى. مانا مۇشۇنداق يېڭى يېزىقنى قوللىـ

نىش ئارقىلىق راسا گۈللىنىۋاتقان يېڭى دەۋرگە ماسلىشىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى.

مۇستاپا كامال ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، بىرقاتار ئەجەللىك زەربىلەر ئارقىلىق دىنىي ساھە-دىكىلەرنىڭ ھېچقانداق ھاياتىي كۈچى قالمىدى. مانا مۇشۇنداق بىر چاغدا، يەنى 1926 - يىلى مارتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارارىغا ئۇلاپلا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ مىنىستىرى ناجات يېزىقنى لاتىنچىلاشتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە سۆز-لەشكە باشلىدى. 1927 - يىلىدىكى بىر يىللىق تەييارلىقتىن كېيىن، 1928 - يىلىغا كەلگەندە دەسلەپكى ھۇجۇمنىڭ تۇنجى زەمبىرەك ئاۋازى ئاڭلاندى. شەرىئەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتا ئاساسلىق رول ئوينىغان رادىكال ئىسلاھاتچى، ئەدلىيە مىنىستى-رى مەھمۇد ئەسەد 8 - يانۋار كۈنى نۇتۇق سۆزلەپ، لاتىن ھەرپىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى ئۈستىدە توختالدى. ئىك-كى ھەپتىدىن كېيىن مائارىپ مىنىستىرى ھەمدۇللا سۇبھى «لا-تىن ھەرپىنى قوللىنىش بىزگە بەكمۇ زۆرۈر، كونا ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمدى كېرەكسىز مالغا ئايلىنىپ قالدىغان بولدى» دېدى. مايىنىڭ 24 - كۈنى، قانۇن تۈزۈشتىكى تۇنجى قەدەم تاشلاندى ۋە ئىلگىرىكى تۈركىيە ھەم باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ئەرەب رەقىمىنىڭ ئورنىغا خەلقئارالىق رەقەم ئىشلىتىش بۇيرۇق قىلىندى، ئىيۇننىڭ 26 - كۈنى، بىر ئالاھىدە كومىتېت ئىستانبۇلدىكى دۆلما باغچە سارد-يىدا يىغىن ئېچىپ، «لاتىن ھەرپىنى قوللىنىشنىڭ مۇمكىنچى-لىكى ۋە شەكلى» نى مۇزاكىرە قىلدى. مۇستاپا كامال بۇ ۋاقىتتا ئىستانبۇلدا دەم ئېلىۋاتاتتى. يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىنى مۇستاپا كامال بىۋاسىتە باشقۇردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ كومىتېت-نىڭ خىزمەتلەرنى تېز سۈرئەتتە قانات يايدۇرۇۋېتەلىشىدە مۇستاپا كامالنىڭ بىۋاسىتە تىرىشچانلىقى ۋە رولى بار ئىدى.

ئالته ھەپتىدىن كېيىن يېڭى يېزىقنىڭ نۇسخىسى پۈتتى. مۇستاپا كامال ئۇنى مىللەتنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرماقچى ئىدى. تۈرك خەلقى تەرىپىدىن «غازى پاشا» دەپ نام ئالغان رەئىس جۇمھۇر مۇستاپا كامال 1928 ـ يىلى ئاۋغۇستنىڭ 9 ـ كۈنى ئوقۇتقۇچى سالاھىيىتىدە خەلق ئارىسىدا پەيدا بولدى. شۇ كۈنى كەچتە ساراي بورنىدا كۆكۈل ئىچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ھەممىسى جەم بولغان بۇ سورۇندا مۇستاپا كامال نۇتۇق سۆزلىدى.

«دوستلار، — دېدى ئۇ، — بىزنىڭ مول ۋە ئاھاڭدار تىلىمىز پات يېقىندا تۈرك يېزىقى بىلەن ئىپادە قىلىنماقچى، بىز كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان ئىدىيىمىزنى چىرماپ تۇرىۋاتقان چۈشىنىكسىز زىر ـ زەۋەرلەر ئىچىدىن ئۆزىمىزنى ئازاد قىلىشىمىز كېرەك. سىلەر ئەمدى يېڭى تۈرك يېزىقىنى تېزلىكتە ئۆگىنىۋېلىڭلار، ئۇنى قېرىنداشلىرىڭلارغا، ئەرلىرىڭلار ۋە ئاياللىرىڭلارغا، ھامماللارغا، كېمىچىلەرگە ئۆگىتىڭلار، بۇنى ۋەتەننى سۆيۈش دەپ چۈشىنىڭلار ھەم پۇقرالارنىڭ بۇرچى دەپ بىلىڭلار ... سىلەر بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىۋاتقان ۋاقتىڭلاردا سەمىڭلاردا بولسۇنكى، بىر مىللەتنىڭ ساۋاتلىقلىرى %10 ياكى %20 بولۇپ، ساۋاتسىزلىرى %80 ياكى %90 بولسا، بۇ بەكمۇ نومۇس ھېسابلىنىدۇ. . . بۇ بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىز ئەمەس. بۇ بىز تۈركلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تازا بىلىپ كەتمەيدىغان، يەنە كېلىپ خەلقنىڭ ئىدىيىسىنى بوغۇپ قويغۇچى ئىلگىرىكىلەرنىڭ سەۋەنلىكى، ئەمدى بونداق سەۋەنلىكلەرگە يول قويۇلمايدىغان ۋە ئۇنى يۇيۇپ پاكىز قىلىۋېتىدىغان ۋاقىت كېلىپ قالدى. بىز بۇ خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈشىمىز لازىم. شۇنداق قىلىۋاتقان چېغىمىزدا، ھەممە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭغا قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. . . مىللىتىمىز ئۆزىنىڭ يېزىقى ۋە ئىدىيىسى بىلەن مەرىپەت دۇنياسىدىكى ئورنىنى نامايان

قىلىسۇن.»

بۇ قېتىمقى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈشتىن كېيىن، غازى مۇستاپا كامال ئۆزى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، يېزا - كەنتلەردە، مەكتەپلەرنىڭ دەرسخانىلىرىدا، شەھەر - بازارلاردىكى زال ۋە قەھۋەخانىلاردا خەلق ئاممىسىغا تۈرك ئېلىپبەسىدىن دەرس ئۆتتى ۋە ئۇلارنىڭ يېڭى يېزىقنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. باش باكان، مىنىستىرلار ۋە ئالىي دەرىجىلىك خادىملارمۇ تۈركۈم - تۈركۈملەپ شۇنداق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا پۈتكۈل تۈركىيە دەرسخانىغا ئايلاندى، زىيالىيلار قارا دوسكىلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئاممىنى يېڭى يېزىقنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. 1928 - يىلى نويابىرنىڭ 1 - كۈنى ئىدى، بۈيۈك مىللەت مەجلىسى ئۆزىنىڭ يېڭى بىر سانلىق يىغىنىدا قارار ماقۇللاپ، مۇستاپا كامالغا يېڭى يېزىق ئويۇلغان بىر ئالتۇن دەستەك ئىنئام قىلدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇلار بۇ ھەقتە بىر يېڭى قانۇن ماقۇللاپ، يېڭى تۈرك يېزىقىنى بىكىتتى ھەمدە كېلەركى يىلىدىن باشلاپ ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىنى ئىپادىلەش مەنئى قىلىنىدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ئىمتىھان ئېلىنىپ دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ يېڭى يېزىقنى ئىگىلەش ئەھۋالى بىر قېتىم كۆزدىن كۆچۈرۈلدى. نويابىرنىڭ 11 - كۈنى، مىللىي مەجلىسنىڭ قارار قىلىشى بىلەن «مىللەت مەكتىپى» ئۈچۈن مەخسۇس خىزمەت نىزامى تۈزۈلدى، ئۇنىڭدا «ھەربىر ئەر - ئايال تۈرك پۇقراسى مۇشۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزاسىدۇر»، «مىللەت مەكتىپىنىڭ باش ئۇستازى جانابى رەئىس جۇمھۇر غازى مۇستاپا كامالدۇر» دېيىلدى.

يېزىق ئىنقىلابى ھەققىدە ھەرخىل شەرھ ۋە سەۋەبلەر كۆرسىتىلىشكە باشلىدى. ئەمما، مۇستاپا كامال پۇقرالارنى ئىنقىلابنى قوبۇل قىلىشقا ئاڭلىق يېتەكلىدى.

يېزىقىنىڭ ئۆزگىرىشى تۈركلەرنىڭ تىل ئىسلاھاتى ئۈچۈن يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. بۇ جەھەتتە 1932 ـ يىلىغا بارغاندا ئاندىن ئەمەلىي ئىشلار قىلىندى. شۇ يىلى ئىيۇندا مۇستاپا كامال تەرىپىدىن جاكارلانغان بىر بۇيرۇقتا تۈرك تىلى ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېيتىلىپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى «تۈرك تىلىنىڭ ھەقىقىي گۈزەل ۋە باي ئالاھىدىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى دۇنيادا يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە قىلىش» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ ھەقتىكى خىزمەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى خۇددى مۇستاپا كامالنىڭ جەڭ ۋاقتىدا شەھەر - قەلئەلەرنى ئېلىشتىكى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنىڭ ئۆزگىلا ئوخشايتتى، نەتىجىدە تىلشۇناسلىق، ئېتىمولوگىيە، گراماتىكا، لوگىكا ۋە لېكسىكولوگىيە قاتارلىق پەنلەرنى بىرلىك قىلغان بىر قاتار كومىتېتلار قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى ئۇرۇش سەپلىرىدىكى ئىستېھكاملاردەك قەد كۆتۈردى.

ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، تىلشۇناسلىق جەمئىيىتى بارلىق تەييارلىقلارنى ئىشلەپ بولۇپ، ئومۇمىي ھۆجۈمنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتتى. 1932 ـ يىلى سېنتەبىردە تۇنجى قېتىملىق تۈرك تىلى قۇرۇلتىيى دولما باغچە سارىيىدا يىغىلىش ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا مۇستاپا كامال ئۆزى بىۋاستە قاتناشتى، قۇرۇلتاينىڭ كۈن تەرتىپى ۋە ھەممە ئەھۋالى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىندى، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە ئايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن يەنە بىر قانچە قېتىم بۇيرۇق ھەم يولىيورۇقلار جاكارلاندى. تىلشۇناسلىق ئىلمى جەمئىيىتى يىغىش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ئەڭ مۇھىمى ساپ تۈرك تىلىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. مۇستاپا كامالنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىدىكى بۇ پائالىيەتتە ئىستانبۇل دىئالېكتىنى ئاساس قىلىش پىكرى دەسلەپتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا كۆپ تەرەپ-

www.uyghurkitap.com

لىمە مۇھاكىمە قىلىش ۋە غۇلغۇلا قىلىش ئارقىلىق يەنىلا ئاددىيلاشتۇرۇلغان تۈرك تىلىنىڭ ئۆلچەملىك دىئالېكتىنىڭ ئاناتولىيە قاتارلىق جايلاردىكى شەرقىي تۈرك تىلى دىئالېكتى بولۇشى كېرەكلىكى ماقۇللىنىپ، 1933 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن بەزى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

مۇستاپا كامال مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىسلاھاتى جەھەتتە مائارىپنى دىندىن ئايرىۋېتىپ، مەملىكەت بويىچە مائارىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بىرلىككە كەلتۈردى. بۇ ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان كونا مائارىپ تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، غەربچە بولغان يېڭى مائارىپ تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئەمدى مۇستەقىل بولىۋاتقان چاغدا، پۇقرالار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلار پۈتۈن ئاھالىنىڭ 80% ~ 90%نى تەشكىل قىلاتتى. مۇستاپا كامال مانا بۇنداق ئېغىر ئەھۋالغا «بىر دۆلەتنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدا قانچىلىك شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەگەر ئۇنىڭ زىيالىيلار قوشۇنى بولمايدىكەن، بۇ غەلىبە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇستەھكەملىيەلمەيدۇ ۋە ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرالمايدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسەتمە بەرگەنىدى. ئۇ مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بىر قاتار ئەمەلىي ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى، نەتىجىدە 7 ياشتىن 16 ياشقىچە بولغان ئۆسمۈر باللار ئارىسىدا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ئومۇملاشتۇرۇلدى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك، كانچىلىق ۋە دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرى كەينى ـ كەينىدىن قەد كۆتۈردى. ئالىي مەكتەپلەر ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى ۋە كېڭەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاقلىقتا دەسلەپكى قەدەمدە خاتىمە بېرىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ ساۋاتسىزلىرى ئازىيىشقا باشلىدى.

ئىلگىرى كىشىلەر ئاپەتكە ئۇچرىسا، كېسەل بولسا بۇنداق

بەختسىزلىك بىلەن كۆڭۈلسىزلىكنى تەقدىرگە باغلايتتى. مۇس-
تاپا كامالنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۇزاق مۇددەتلىك
مائارىپ، سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرى تەربىيىسى،
شۇنداقلا تەشكىللىك ئىدارە قىلىش ھەم روھىي ھالەت قاتارلىق
جەھەتلەردىكى ئۆلگە ۋە سىناق قىلىش ئارقىلىق، بۇنداق خۇراپات-
لىققا خاتىمە بېرىلدى. كىشىلەر ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى
ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنلىرى ئىكەنلىكىنى
بىلدى.

ئاۋۋالقى ئوسمانلىلار تەنھەرىكەتنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەت-
تى، ئۇلار ئوقيا ئېتىش، چەۋگەن ئويناش، ئات چاپتۇرۇش ۋە
چېلىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ناھايىتى ماھىر ئىدى، 18 -
ئەسىرگە كەلگەندە ئەھۋال تامامەن ئۆزگەردى. تەنھەرىكەت پەس
ئادەملەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنى-
شىش ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى تۆۋەنلەتكەنلىك دەپ قارالدى.
1938 - يىلى ئاتا تۈرك ۋاپاتىدىن بۇرۇن تۈركىيىدىكى بارلىق
شەھەرلەردە تەنتەربىيە سارايلىرى، كۇلۇبلىرى قۇرۇلۇپ پۈتتى.
تۈركىيىدىن تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغانلارنىڭ ئىسمى-
لىكى دۇنيا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە بالقان تەنھەر-
ىكەت مۇسابىقىسى تەييارلىق ھەيئىتىگە يوللاپ بېرىلدى. بۇ ۋا-
قىتتا پۇتبول ھەرىكىتى پۈتۈن تۈركىيە تەۋەسىدە بىر دولقۇنغا
ئايلاندى ۋە مىسلىسىز تەرەققىي قىلدى.

مۇستاپا كامالنىڭ كۈچلۈك مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، تۈر-
كىيىنىڭ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت،
بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق قاتارلىق ساھەلىرىدىكى ئۆزگى-
رىشلەر ناھايىتى تېز يۈكسەلدى. 1926 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ
3 - كۈنى ئىستانبۇلدىكى ساراي بورنىدا مۇستاپا كامالنىڭ ۋې-
نىتسىيىلىك ھەيكەلتىراش كىرىنفېل تەرىپىدىن ياسالغان تۇنجى
مىس ھەيكىلىنىڭ يوپۇقى ئېچىلغانىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن،

ئەنقەرە ۋە سامسۇندا، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلى-
رىدا ئۇنىڭ ھەيكەللىرى ۋېنىتسىيىلىك ۋە گېرمانىلىك ھەيكەل-
تىراشلار تەرىپىدىن ئورنىتىلدى. 1927 - يىلدىن باشلاپ،
گېرمانىيىنىڭ بىناكارلىق ئۇستىلىرى جۇمھۇرىيەت پايتەختى
ئەنقەرە شەھىرىدە ئەڭ يېڭى ياۋروپا ئۇسلۇبى بىلەن ئىش باشلى-
دى. تۈركىيىنىڭ بىناكارلىق ئۇستىلىرى ياۋروپالىق ئۇستىلار-
نىڭ تۈرتكىسىدە ناھايىتى جانلىنىپ كەتتى ۋە چەت ئەل مىمارچى-
لىقى بىلەن تۈرك مېمارچىلىقىنى بىرلەشتۈردى، بۇ مەدەنىيەتى
جەدىد (يېڭى مەدەنىيەت) ھەرىكىتىنىڭ ئىسلامىيەت چەكلىگەن
ئوبراز يارىتىش سەنئىتىنى بېسىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ بىر ئىپادى-
سى ئىدى. تۈركىيىدە فرانسۇزلارنىڭ تەسىرىدە نۇرغۇن تالانتلىق
رەسساملار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى 1936 -
يىلىغا بارغاندا ئافىنادا كۆرگەزمىگە قويۇلدى.

مۇزىكىنىڭ ساپ شەرقچە بولغان پۈرىقىنىڭ مۇتەئەسسىپلى-
كى ۋە ئېزىلەڭگۈلۈكى 1928 - يىلىغىچە داۋاملاشتى. شۇنىڭغى-
چە بولغان ئارىلىقتا مۇزىكا ناھايىتى چۈشكۈن، مىسكىن ۋە غەم-
قايغۇ، ھەسرەت - نادامەتنىلا ئىپادىلەيتتى. مۇستاپا كامال مۇزى-
كىچىلىقنى خەلقنىڭ ئىنقىلابىي جۇشقۇن روھىغا مەدەت ۋە ئىل-
ھام بېغىشلىيالايدىغان يېڭى تەرەققىيات يولىغا باشلىدى، ئۇنىڭچە
بولغاندا، جەڭگىۋارلىقتا ۋە ئىنقىلابىيلىقتا ئىگە، تۇرمۇش پۇرى-
قى قويۇق بولغان، ئىنسانىي مەرتلەرچە ياشاشقا ئۈندەيدىغان
مۇزىكىلا خەلقنىڭ جاراھەتلەنگەن دىللىرىغا شىپا بولالايتتى. شۇ-
ڭا ئۇ 1928 - يىلى ئاۋستىرىيىلىك بىر كومپوزىتورنى ئىستانبۇل
مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلدى. 1934 -
يىلى ئەنقەرەدە بىر زامانىۋى مۇزىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇپ، ياۋ-
روپاچە مۇزىكىلار ئوقۇتۇلۇشقا باشلىدى.

ئىسلاھات ۋە ئۆزگىرىشلەرنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگى-
شىپ، يېڭى ئەدەبىيات، يېڭى شېئىر، يېڭى دراما ۋە يېڭى

تىياتىرلار مەيدانغا كەلدى. تۈرك خەلقىنىڭ ئايال داھىيسى ۋە يازغۇچىسى خالىدە ئەدىب ئادىۋار خانىم (1884~1964) ئۆزد-نىڭ يېڭى ئۇسلۇبتا يېزىلغان «ئادەشىدەن گۆملەك» (ئوت كۆڭ-لەك) دېگەن رومانىدا تۈرك خەلقىنىڭ جاھانگىرلارغا قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنى كۈيلىدى. جەدىد ئەدەبىياتىنىڭ ئۇس-تازى نامىق كامالنىڭ شاگىرتى، بۈيۈك لىرىك شائىر ئابدۇلھەق ھەمىد (1851~1937) ئۇستازى نامىق كامالنىڭ سىياسىي مەقسەت يولىدا دائىم قۇربان بېرىپ كەلگەن سەنئەت غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇردى ۋە ئۇستازى ئارزۇ قىلغان يېڭى گۈللەنگەن مىل-لىي دۆلەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ 86 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. شائىر ئەخمەد ھاشىمى (1884~1933) «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» ۋاقتىدىكى ئەنئەنىۋى يېڭىلىقنى ساقلىدى، يېڭى رو-مانچىلىقنىڭ ئاساسچىسى ياقۇب قادىرى قارا ئوسمان ئوغلۇ (1889~1974) «قالپاق» قاتارلىق پوۋېست - رومانلىرى بىلەن مۇستاپا كامال ۋاقتىدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە خىزمەت قىلدى. بۇلاردىن باشقا يەنە رەشاد نۇرى كۈنتېكىن (1886~1956) ۋە شۈنىڭدەك شەۋكەت سۈرەييە قاتارلىق ياز-غۇچى ۋە دراماتورگلار ئاناتولىيىدە مەيدانغا كەلگەن يېڭى مىللىي دۆلەتنىڭ جەدىدچە تۈرمۇشىنى سەنئەتتە ئىپادىلىدى.

ئىلگىرى تۈركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئىسىم قويۇلۇپ فامىلە ئىشلىتىلمەيتتى. 1934 - يىلى نويابىرنىڭ 24 - كۈنى ماقۇل-لانغان 2587 - نومۇرلۇق بىر قانۇن بىلەن تۈركلەر ئارىسىدا بۇرۇنلاردىن قوللىنىپ كېلىنىۋاتقان «پاشا»، «بەي» ۋە «ئەپەن-دى» دېگەنگە ئوخشاش نام - ئاتاقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرغۇچىسى غازى مۇستاپا كامالغا «ئاتا تۈرك» دېگەن فامىلە بەخشەندە قىلىندى. ئۇنىڭ مەنىسى تۈركلەرنىڭ ئاتىسى دېگەنلىك بولاتتى. مۇستاپا كامالغا تۇنجى بولۇپ ئاتا تۈرك نامىنى بەرگۈچى كىشى تۈرك تىلى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى

سافقەت ئاربكان ئىدى. ئۇ شۇ يىلى سېنتەبىرنىڭ 26 ـ كۈنى تىل بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن رادىئو نۇتقىدا بىرىنچى قېتىم مۇستاپا كامالغا بۇ سۇپەتنى بەردى، دېكابىرنىڭ 17 ـ كۈنى ماقۇللانغان 2622 ـ نومۇرلۇق قانۇننىڭ 1 ـ ماددىسىدا ئاتا تۈرك دېگەن فامىلىنىڭ پەقەت غازى مۇستاپا كامالغىلا خاس ئىكەنلىكى، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىسمى ياكى فامىلىسى ئورنىدا قوللىنىشقا بولمايدىغانلىقى، بۇ نامنىڭ قايتىلاپ يەنە بىرەر كىشىگە ئىسىم بولۇپ كەلمەيدىغانلىقى قەيت قىلىندى. 2ـ ماددىسىدا، ئاتا تۈرك دېگەن ئىسىمنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىغا ھەرقانداق بىر سۆزنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشىگە بولمايدىغانلىقى بېكىتىلدى. غازى مۇستاپا كامال شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا تۈرك دېگەن نام بىلەن ئاتالدى.

## ئون ئىككىنچى باب

# مۇستەقىل سوت ھەرىكەتتە

خەلىپىلىك تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى تۈركىيىدىكى ئىسلام كۈچلىرىگە بېرىلگەن قاتتىق زەربە بولدى. ئەنئەنىۋى ئىسلام دۆلىتى نەزەرىيە جەھەتتە ۋە ئاۋامنىڭ نەزەرىدە ئىلاھىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئاللانىڭ ھوقۇقى ۋە قانۇنىنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى، پادىشاھلار بولسا ئاللانىڭ زېمىندىكى ۋەكىلى ھېسابلىناتتى. دىنىي ئېتىقاد رېئال جەمئىيەتتىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپلەرنىڭ ئەقىدىلىشىشى ئىدى. بىر مەنبەدىن كەلگەن، يەنە كېلىپ بىر ئورتاق ئەدلىيە ھوقۇقى ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان مۇقەددەس قانۇن ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، شۇنداقلا دىنىي ئەمرىمەرۇپ ۋە ھەر خىل رەسمىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. پادىشاھ مۇقەددەس قانۇننىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىدىكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ، دىنىي قانۇنغا ئاساسەن مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى، دىنىي قانۇنمۇ شۇ بولغاچقا مەۋجۇت ئىدى. ئۆلىمالار بولسا ئەنە شۇ دىنىي قانۇننىڭ يوللۇق قوغدىغۇچىسى ۋە شەرھىلىگۈچىلىرى ئىدى.

ئوسمانلىلارنىڭ ئىسلاھاتى باشلانغاندىن بۇيان، ئۆلىمالار ۋە بەزى تەرىقەت سۇلۇكى باشلىقلىرىنىڭ ھوقۇقى تەدرىجىي كىچىكلەپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى ناھايىتى زور ئىدى، دۆلەتنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان

مائارىپ ئەسلىھەلىرى شۇلارنىڭ قولىدا بولۇپ، ئائىلىۋى تۇرمۇش ۋە پۇقرالىقتا ئائىت نۇرغۇن مۇناسىۋەتلىك ئىشلار يەنىلا شۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى مۇقەددەس قانۇنغا تايىناتتى. خەلىپە چېگرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، كونا ھاكىمىيەت ئورگىنىدىكى بەزى تارماقلار بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار تۈركىيە جەمئىيىتىدىكى ئىچكى يېغىلىش كۈچىگە ۋە تەشكىللىنىپ يېڭى ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە ئۇرۇش ئېلان قىلالىغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە بىر نوپۇزلۇق ئۆكتىچى كۈچكە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ چاغدىكى تۈركىيىدە قادىرىيە، خالۋاتىيە، نەقشىبەندى، بىكتاشىيە، مەۋلەۋىيە قاتارلىق مەزھەپلەر ناھايىتى ئابرويلۇق ئىدى.

تارىخىي قەيتلەرگە كۆرە، يۇقىرىقى مەزھەپلەر سوفىزىم سۇلۇكلىرى بولۇپ، بەزىلىرى 13 ـ ئەسىردە، بەزىلىرى 15 ـ ئەسىردە، بەزىلىرى 17 ـ ئەسىردە، بەزىلىرى 18 ـ ئەسىردە، بەزىلىرى كامالىزم تارىخىغا يېقىنراق تۈركىيىگە تارقالدى ۋە ئوسمانلىلارنىڭ سىرتقا ئېلىپ بارغان كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىدا ئاۋانگارتلىق رول ئويناپ، خىرىستىيانلارنىڭ مۇسۇلمانلىشىشىغا تەسىر كۆرسەتتى. بەزىلىرى 19 ـ ئەسىردىكى ياۋروپا تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشتە ناھايىتى چوڭ رول ئويناپ، كاۋكاز، شىمالىي ئافرىقا، سۇدان قاتارلىق جايلاردا مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشى قىلدى. بەزىلىرى ئوسمانلىلارنىڭ سۇلتانلىرى تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئۇستازلىرىغا ئايلاندى[1].

سۇلتان ئابدۇلھەمىد II ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى ۋاقتىدا بۇ مەزھەپلەرنىڭ بىرقانچە داھىيلىرى سۇلتاننىڭ دىنغا قاتتىق ئەھ-

---

① ئوسمانلىلارنىڭ ئادىتى بويىچە، ھەربىر سۇلتان تەختكە ئولتۇرغاندا، ئىمپېرىيىنىڭ قۇرغۇچىسى ھەم تۇنجى سۇلتانى ئوسمان (غازى) نىڭ قىلىچى يېڭى سۇلتانغا ھەدىيە قىلىناتتى. بۇ بىر قاتتىق تۈزۈم بولۇپ، قىلىچ تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمى دېيىلەتتى، بۇنداق مۇراسىملارغا شۇ سۇلتان ئۆزى ئىخلاس قىلىپ قول بەرگەن تەرىقەت باشلىقلىرى رىياسەتچىلىك قىلاتتى.

مىيەت بېرىشى بىلەن ئەتىۋارلىنىپ ساراي مۇھاپىزەتچىلىرىگە ئايلاندى. بۇ ۋاقىتتىكى سۇلتانغا يېقىنچىلىق قىلىدىغان تەرىقەت داھىيلىرىنىڭ ھەممىسى ئەرەبلەر ئىدى. ئۇلار رىفائىە سۇلۇكىدىكى سۇرىيىلىك ئەبۇلخۇدا، ھىجازلىق سەئىد ئەھمەد ئەسئەد ۋە شاخىلىيە سۇلۇكىدىكى چوڭ ئىشان مۇھەممەد جەئفەرلەر بولۇپ شاھ ئابدۇلھەمىد Ⅱ نىڭ ئۆزىمۇ مۇھەممەد جەئفەرگە مۇرت ئىدى. سۇلتان ئابدۇلھەمىد Ⅱ نىڭ پان ئىسلامىزم سىياسىتىدە بەزى مەزھەپلەر ناھايىتى زور كۈچ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ساپ تۈركىي مەزھەپلەردىن بولغان بىكتاشىيە ۋە مەۋلەۋىلەر ئۇنىڭغا ئانچە قىزىقمىدى، شاخىلىيە بىلەن رىغائىە سۇلۇكىدىكىلەر بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىپ ئىسلامىيەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۇچۇن ئانچە كۆڭۈل بۆلمىدى.

دىن ۋە سىياسىي جەھەتتە، ھاكىمىيەت بىلەن قارشىلىشىۋاتقان بەزى مەزھەپلەر ئابدۇلھەمىد Ⅱ گە قارشى تۇرۇۋاتقان «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» نىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرىگە ھېسداشلىق قىلاتتى. بۇ مەزھەپلەرنىڭ تەشكىلىي ئاساسى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئۇلار «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» نىڭ يارامىلىق ئىتتىپاقدىشى بولۇپ قالغان بولۇپ، شۇ چاغدىكى بىكتاشىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ بۇ پارتىيىنىڭ رەھبىرى تەلئەت پاشا ۋە رىزا تەۋپىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى. شەيخۇل-ئىسلام مۇسا كازىم ئەپەندى نەقشىبەندى سۇلۇكىدە ئىدى، مىرامىيە مەزھىپىدىكىلەرمۇ ئۆزلىرىنى ئىنقىلابقا قاتناشتۇق دەپ ھېسابلايتتى.

1908 - يىلىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن، مەزھەپلەر بىر قانچە ئۆكتىنچى پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ دىققەت قىلىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ مەزھەپلەرنىڭ تارقالغان جايلىرى ناھايىتى كەڭرى، تەسىرى كۈچلۈك، ئادەملىرى خىل، ساپاسى يۇقىرى ئىدى، ئۇلار خەلقنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىش-

www.uyghurkitap.com

كەن بولۇپ، كونا سىياسىي تەرتىپلەرنىڭ شان ـ شۆھرىتى
بىلەن سىناق قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى سىياسىي تەرتىپلەر-
نىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى روشەن بىر سېلىشتۇرمىنى شەكىللەن-
دۈرۈپ تۇراتتى، ياش تۈركلەرمۇ، قېرى تۈركلەرمۇ بىردەك
سۇلۇك ۋە خانىقالاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز تەشۋىقاتىنى ئېلىپ
باراتتى. ئۇلار مانا مۇشۇ يول بىلەن ئاۋامنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى
پارتىيە ۋە گۇرۇھلارنىڭ سىياسەتلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ،
ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى بىرتەرەپ قىلىدىغان ئەپچىل ئۇسۇلنى
تېپىپ چىقىشقانىدى. بۇ ئۇسۇل ئىمپېرىيىنىڭ ئاخىرقى مەز-
گىللىرىگىچە يولغا قويۇلۇپ، تاكى جۇمھۇرىيەت دەۋرىگە كەلگەن-
دىمۇ ئۆزىنىڭ رولىنى يوقاتمىدى.

مەزھەپلەرنىڭ ئىككىنچى مەشرۇتىيەت دەۋرىدىكى سىياسىي
پائالىيىتى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى. نەقشىبەندى مۇرتلىرى
خەلىپىلىك تۈزۈمى بىلەن مۇقەددەس قانۇنغا زىيانلىق بولغان
ھەرقانداق ئىشقا قارشى بولسا، بىكتاشىيە سۇلۇكىدىكىلەر سۇلتان
ئابدۇلھەمىد II نىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلى-
قىدىن خۇشال بولۇپ، «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» پارتىيىسىدىكى-
لەرگە ياردەم قىلاتتى. يىغىنچاقلىغاندا، دەرۋىشلەر بىر مەزگىل
باشقىلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۆزلىرى چۈشەنمەيدىغان سىياسىي
مۇسابىقىلەرنىڭ قورالىغا ئايلاندى، نەتىجىدە بەزى سۇلۇكلەرنىڭ
باشلىقلىرى يامان ئاقىۋەتكىمۇ قالدى. 1908 ـ يىلى مەۋلەۋىلەر-
نىڭ داھىيسى ئابدۇلخەلىم چەلەبى «ئىتتىھات ۋە تەرەككى» تەرى-
پىدىن غۇلىتىۋېتىلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان چوڭ ئىشان ۋە-
لىدى چەلەبى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئۆلىما بولۇپ، بىرىنچى دۇنيا
ئۇرۇشى مەزگىلىدە مەۋلەۋىلەردىن بىر پىدائىيلار بىرىگادىسى
تەشكىللەپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلدى،
گېزىتلەرگە ماقالىلەر يازدى. 1918 ـ يىلى ۋەتەن ساتقۇچ سۇل-
تان ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىپ، ئورنىغا ئىلگىرىكى ئاب-

دۆلخەلىم چەلەبىنى قويدى. 1920 ـ يىلىغا كەلگەندە، ۋەلىدى چەلەبى مۇستاپا كامالنىڭ بىرلىكسېپىگە كىرگۈزۈلدى.

تۈركىيىدىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى مۇستاپا كامال ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئاناتولىيىدىكى مىللەتپەرۋەرلەرنى قوللىدى. 1920 ـ يىلى چاقىرىلغان تۇنجى قېتىملىق ئەنقەرە بۈيۈك مىللەت مەجلىسىگە مەۋلەۋىيە، بىكتاشىيە ۋە نەقشبەندى سۇلۇكلىرىنىڭ ئون داھىيسى قاتناشتى. ۋەلىدى چەلەبى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىقى بولۇپ، ئۇ تاكى 1943 ـ يىلىغا قەدەر مىللەت مەجلىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ تۇردى. بۇ ۋاقىتتا، بۇ بىرقانچە مەزھەپلەر ئىنقىلابتا ئىلغار رول ئوينىدى، مۇستاپا كامال بىر مەزگىل بىكتاشىيە مەزھىپىدىكىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ئەمما، دەرۋىش، سوپىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت دىنىي ئۆلىمالار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئوخشىغاچقا، مۇستاپا كامالنىڭ ئىستانبۇل ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئەگىشىپ بۇ مۇناسىۋەتمۇ بۇزۇلۇپ، بەزى مەزھەپلەر خەلىپە ئارمىيىسىنى قوللاشقا پائال يۈزلەندى. 1924 ـ يىلىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتنى ئىسلاھ قىلىش ھەرىكىتى ئاساسەن شەرىئەت ئۆلىمالىرىغا قارىتىلغانىدى. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەيلا دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىۋېتىشتىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇنىڭ ئۆلىمالار تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى تەرىقەت ئەھلى تەرىپىدىن كېلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ قالدى. ئىشان، سوپىلار ئەسلىدىنلا ئەركىن ھەم ئۆكتىچىلەرگە خاس مىجەزگە ئىگە بولغاچقا، ئاۋام خەلق ئاسانلا ئۇلار تەرىپىدىن رام قىلىنىۋالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ غەرب تاجاۋۇزچى كۈچلىرى بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كېتىشىنىڭ ئازراقمۇ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇلار دىنىي ئۆلىمالارغا ئوخشىمايتتى. شۇڭا، كوردلار ياشايدىغان جايلاردىكى دەرۋىشلەر ئۆز ئالدىغا ئايرىم مۇستەقىل ھاكىمىيەتلەرنى تىكلەپ، ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن نائىبلار ۋە ئۆز ھەلەك

www.uyghurkitap.com

چىلىكى بىلەن قىپچالغان شاھزادىلەرنىڭ ئورنىغا چىقىپ يەرلىك خوجايىنلارغا ئايلاندى.

بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا، دىنىي ساھەدىكى مۇتەئەسسىپلەر ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئىشلىرىغا دائىم دېگۈدەك كاشىلا ۋە بۇزغۇنچىلىق سېلىپلا كەلگەندى. بۇ تەجرىبە - ساۋاقلارنى قاتتىق يەكۈنلىگەن مۇستاپا كامال ئۇلارنىڭ يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاش يول تۇتۇپ ئىسلاھاتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى. چۈنكى، كامالىزمنىڭ ئالتە بۈيۈك پروگراممىسى كۆپ سانلىق سىياسىئونلار تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىر بۆلۈك بۇزغۇنچى كۈچلەر ھەدەپ ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى، جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا بىنائەن 1924 - يىلى ئاپرېلنىڭ 24 - كۈنى بۈيۈك مىللەت مەجلىسىكە قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بېرىلدى. بۇنداق جىددىي ئېلىپ بېرىلغان كەسكىن ئۆزگەرتىش كەڭ كۆلەمدىكى ئۆچمەنلىكنى پەيدا قىلدى، ھەتتا مۇستەقىللىق كۇرىشىنىڭ دەسلىپىدە مۇستاپا كامال بىلەن بىر سەپتە تۇرغان مۇناسىۋەتتى خېلى ياخشى سەپداشلىرى ئىچىدىمۇ ئۇنىڭغا قارشى كىشىلەر مەيدانغا كەلدى.

پايتەختتە مۇستاپا كامالنىڭ ئىلگىرىكى بەزى سەپداشلىرى ۋە قوللىغۇچىلىرى ئاستا - ئاستا ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ، تەرەققىيپەرۋەر جۇمھۇرىيەتچىلەر پىرقىسى دېگەن بىر ئۆكتىچى پارتىيىنى تەشكىللىدى. بۇ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرى 1919 - يىلى ئىيۇندا، مۇستاپا كامال بىلەن بىللە ئاماسىيادىكى مەخپىي مەجلىسكە قاتناشقان ھۈسەين رائوف (ئورباي)، گېنېرال ئەلى فۇئاد، گېنېرال رەفىد ھەم گېنېرال كازىم قارا بەكىر، شۇنىڭدەك مىللەتپەرۋەرلەر ئىچىدىكى كونىلىقنى ياقلىغۇچى ئوقۇمۇشلۇق ھەربىي ۋە مەمۇرلار ئىدى. بۇ پارتىيىدىكىلەرنىڭ تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، بەزىلىرى سۇلتان ۋە خەلىپىدىن ئىبارەت مۇتەئەسسىپ ھاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خىيال

قىلاتتى، بەزىلىرىنىڭ خۇسۇسىي قارا نىيىتى بار ئىدى. بەزىلە-
رى ئەركىن دېموكراتچىلار بولۇپ، مۇستاپا كامالنىڭ دېموكرا-
تىيىنى قاتتىق قامال قىلىۋالغانلىقىغا نارازى ئىدى.
1924 - يىلى نويابىرنىڭ 21 - كۈنى، مۇستاپا كامال هۆكۈمەتتە زوروۋر تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، هۆرىيەتچىلەردىن بولغان كونا دوستى فەتىش (ئوكيار) نى باش باكانلىققا تەيىنلەپ، ئىسمەد پاشانى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى. ياندۇرقى يىلى فېۋرال-دا، شەرقتىكى هەرقايسى ئۆلكىلەردە كوردلار قوزغىلاڭ كۆتۈر-دى. ئىسيانچىلارنىڭ داهىيسى پالو دېگەن جايدىكى نەقشبەندى سۇلۇكىنىڭ كاتىۋشى شەيخ سەئىد ئىدى. مارتنىڭ بېشىدا ئىس-يان شەرقىي جەنۇبى ئۆلكىلەرنىڭ هەممە يېرىگە يامراپ، جۇمهۇ-رىيەت هاكىمىيىتى ناهايىتى ئېغىر تەهدىت ئىچىدە قالدى، ئەنقە-رەدە رەئىس جۇمهۇرنىڭ ئۆكتىچىلىرى ئىش تاشلاپ، هۆكۈمەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتتىن ۋاز كەچتى، فەتىش بىر تەدبىرسىز ئادەم ئىدى. مارتنىڭ 3 - كۈنى، ئۇ باش باكانلىقتىن قالدۇرۇلۇپ، ئىسمەد پاشا قايتىدىن هۆكۈمەتكە يېنىپ كەلدى. ئەتىسى مىللەت مەجلىسىدە ناهايىتى قاتتىق قوللۇق بىلەن تۈزۈل-گەن «ئامانلىقنى ساقلاش قانۇنى» («پەۋقۇلئاددە هوقۇق قانۇ-نى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ماقۇللاندى. بۇ قانۇننىڭ ماقۇللىنىشى بىلەن، هۆكۈمەتكە ئىككى يىل ئالاھىدە هوقۇق يۈرگۈزۈش مۆھ-لىتى بېرىلدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ سۈرۈكى 1927 - يىلىغىچە كۈچكە ئىگە بولىدۇ، دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 1929 - يىلىغىچە ئۇزارتىلدى. «ئامانلىقنى ساقلاش قانۇنى» نىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۇچۇن مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ دەسلىپىدە قۇرۇ-لۇپ، كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن پەۋقۇلئاددە «مۇستەه-قىل سوت» شەرقىي ئۆلكە ۋە ئەنقەرەدە قايتىدىن ئىشقا چۈشتى. «مۇستەقىل سوت» قا ئۆزىگە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ئېتىۋې-تىش هوقۇقى بېرىلگەندى.

جىددىي ۋە كەسكىن تەدبىر قوللىنىلغانلىقتىن، شەرقتىكى توپىلاڭ تېز ئارىدا بېسىقتۇرۇلدى، توپىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى شەيخ سەئىد قولغا ئېلىندى. «مۇستەقىل سوت» پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇرلارنىڭ داھىيلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تۇتتى، ئاپرېلنىڭ 24 ـ كۈنى شەيخ سەئىد 46 شېرىكى بىلەن بىللە دىيار بەكردىكى مۇستەقىل سوت تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ ئەتىسى ئىجرا قىلىندى. ئىيۇننىڭ 3 ـ كۈنى، ئەنقەرە ئالاھىدە مۇستەقىل سوتىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن، تەرەققىيپەرۋەر جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى قانۇنسىز تەشكىلات دەپ ئېلان قىلىندى. باش باكانلىقتىن قالدۇرۇلغان فەتىش يارلىقتا بىنائەن تۈركىيىنىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىكىگە تەيىنلىنىپ پارىژغا كەتتى.

كوردلارنىڭ 1925 ـ يىلىدىكى قوزغىلىڭى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھە كىشىلىرى ئىچىدە ئوخشىمىغان غۇلغۇلىلارنى پەيدا قىلدى. بەزىلەر ئۇنى كوردلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى دېسە، بەزىلەر ئۇنى ئىنقىلابقا، دۆلەتكە قارشى مىللىي بۆلگۈنچىلىك دەيتتى. يەنە بەزىلەر دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ئىسلاھاتىغا بولغان بىر قېتىملىق ئەكس سادا، دېيىشەتتى، مەيلى نېمە دېيىلىشىدىن قەتئىينەزەر، بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، كوردلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشتىكى مەقسىتى مۇستاپا كامال قۇرغان جۇمھۇرىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىپ خەلىپىلىك تۈزۈمنى تىرىلدۈرۈش ئىدى.

ئىسلاھاتنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئىسلاھاتقا قارشى كۈچلەرنىڭ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، كوردلارنىڭ توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئۆكتىچىلەر قايتىدىن جانلىنىپ كەتتى. 1926 ـ يىلى ئىيۇننىڭ 15 ـ كۈنى، بىر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىغۇچىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن، ساقچى ئىدارىسى ئىزمىردا بىر چوڭ سۇيى-

قەست قىلىش دېلوسىنى پاش قىلدى. ئۇنىڭ پىلانلىغۇچىسى 1924 - يىلىدا خەلىپىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا چىش - تىرنىقىغىچە قارشى چىققان سابىق پارلامېنت ئەزاسى زىيا خۇرشىدى ئىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى مۇستاپا كامال ئىزمىرغا كەلگەن چېغىدا ماشىنىسىغا پارتلاتقۇچ بومبا تاشلاپ ئۆلتۈرۈش ئىدى. سۇيىقەست قىلغۇچىلار سۇيىقەستنى ئىشقا ئاشماي تۇرۇپلا قولغا چۈشتى. ئىيۇننىڭ 16 - كۈنى، غازى مۇستاپا كامال ئاتا تۈرك ئىزمىر شەھىرىگە ئامان - ئېسەن كىردى. ئىككى كۈن ئۆتۈپ، مۇستەقىل سوت ئەنقەرەدىن چاقماق تېزلىكىدە ئىزمىرغا يېتىپ كەلدى. غازى ئاتا تۈرك خەلققە نۇتۇق سۆزلەپ: «مەن بەربىر ئۆلۈپ كېتىمەن، ئەمما جۇمھۇرىيەت داۋاملىق ياشىشى كېرەك» دەپ ئۈنلۈك جاكارلىدى.

مۇستەقىل سوت ئىيۇننىڭ 20 - كۈنى ئىزمىردىكى ئەل خۇمرا كىنوخانىسىدا ئوچۇق سوت ئاچتى. باش سوتچى ئەلى چەتىن قايا (1878~1949) باشتىن - ئاياغ مۇستاپا كامال بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كەلگەن پېشقەدەم جەڭچى ۋە مىللەت مەجلىسى ئەزاسى ئىدى. ئىيۇلنىڭ 13 - كۈنى، مۇستاپا كامالغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، ئەتىسى ئېتىپ تاشلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇستەقىل سوت ئەزالىرى ئەنقەرەگە قايتتى. ئاۋغۇستنىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئىزمىردا يەنە بىر تۈركۈم يېڭى جىنايەتچىلەرگە جازا ھۆكۈم قىلىش باشلاندى، 26 - كۈنى ئەيىبكارلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، شۇ كۈنىلا ئىجرا قىلىندى.

«ئامانلىقنى ساقلاش قانۇنى» مۇستاپا كامالغا شەرقتىكى توپىلاڭلارنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى، شۇنداقلا ئەنقەرە، ئىستانبۇل ۋە باشقا جايلاردىكى سىياسىي رەقىبلەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭمۇ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى بەرگەنىدى. بۇ قانۇننىڭ يولغا

www.uyghurkitap.com

قويۇلۇشى بىلەن ئۆكتىچىلەرنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرى، كۇلۇبلىرىغا قاتتىق چەك قويۇلۇپ تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىدى. داڭلىق تەھرىر ئەخمەد ئەمىن سۈرگۈن قىلىنىدى. ھۆررىيەتچىلەردىن بولغان داڭلىق يازغۇچى خالىدە ئەدىب ئادىۋار خانىم ۋە ئۇنىڭ ئېرى دوكتور ئەدنان ئادىۋار ئەپەندى (1883~1955) لەر تۈركىيىدە تۇرالماي ياۋروپاغا كېتىپ، تاكى 1938 ـ يىلىدىكى «ئەپۇ ئومۇمىي»①غا قەدەر شۇ جايدا پاناھلاندى.

ئىزمىر سۇيىقەست قىلىش دېلوسى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى سۇيىقەست قىلىشقا قۇتراتقانلارغا، شۇنىڭدەك باشقا ئۆكتىچى كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى. ئىزمىر ۋە ئەنقەرە سوتلىرى سوراق قىلىشنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. ئۇلار قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق، مەجبۇرىيەت ۋە سوت قىلىش تەرتىپى دېگەنلەرگە ناھايىتى ئاز ئەھمىيەت بېرەتتى. ئەمەلىيەتتە، مۇستاپا كامالنىڭ ھەممە سىياسىي رەقىبلىرىنى تازىلاشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغانىدى. تەرەققىيپەرۋەر جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى بىلەن ئالاقىسى قويۇق بولغان كازىم قارا بەكر پاشا، رەفىد پاشا، ئەلى فۇئاد پاشا، جەئفەر تايار پاشا قاتارلىق تۆت نەپەر گېنېراللىنىڭ ئىناۋىتى يۇقىرى بولغاچقا قويۇپ بېرىلدى. «ئىتتىھات ۋە تەرەققى» ئەزاسى، سابىق سۇلتان ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە ۋەزىرى جەۋدى بەي، پولكوۋنىك ئالىپ قاتارلىقلار ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى. ئىزمىر سۇيىقەست قىلىش ۋەقەسىنىڭ باش قوماندانى ھۈسەيىن رائۇف (ئوربايى) دېلو پاش قىلىننىشتىن بۇرۇنلا ياۋروپاغا قاچقانىدى. «مۇستەقىل سوت» ئۇنىڭغا سىرتىدىن 10 يىللىق سۈرگۈن ھۆكۈم قىلدى.

1927 ـ يىلىغا كەلگەندە، ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرىدىغان ھەربىي، دىنىي ۋە سىياسىي ساھەدىكى كۈچلەرنىڭ ھەممىسى

① ئەپۇ ئومۇمىي — دۆلەت ياكى پادىشاھلارنىڭ سىياسىي ۋە باشقا جىنايەتچىلەرنى كەچۈرۈم قىلىش يارلىقىنىڭ ئېلان قىلىنىشى.

باستۇرۇلدى. شۇ يىلى ئىيۇننىڭ 30 - كۈنى، مۇستاپا كامال ھەربىيلىكتىن ئايرىلدى ۋە ھەربىيلىكتىن ئايرىلىش ۋاقتىنىڭ ئىيۇلنىڭ 12 - كۈنىدىن ئېتىبارەن كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقى جاكارلاندى، كېيىن دۆلەت تەرىپىدىن ئۇنىڭغا 252 لىرا 56 كورۇ ئىش ھەققى بېرىش بەلگىلەندى. 8 -، 9 - ئايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن 3 - نۆۋەتلىك جۇمھۇرىيەت مىللەت مەجلىسىنىڭ سايلىمىدا ھېچقانداق بىرەر ئۆكتىچى پارتىيە جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسىگە قارشى رىقابەتكە چۈشمىدى. بۇ ئىستانبۇل ۋە ئەنقەرە، شۇنداقلا پۈتكۈل تۈركىيىدىكى ئۆكتىچىلەر تىنچلاندۇرۇلۇپ، مۇستاپا كامالنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنىڭ تولۇق تىكلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

1927 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ 15 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسىنىڭ توققۇز كۈنگە سوزۇلغان قۇرۇلتىيىدا مۇستاپا كامال تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بۈيۈك بىر نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ ناھايىتى ئۇستا ناتىق ئىدى. ئۇنىڭ نۇتقى ئالتە كۈن داۋاملاشتى، نۇتۇق 1919 - يىلى 19 - مايدا ئۆزىنىڭ سامسۇندا قۇرۇقلۇققا چىققىنىدىن تارتىپ 1927 - يىلىغىچە بولغان پۈتكۈل ئىنقىلابىي ھاياتىنىڭ ھەممە جەريانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. «نۇتۇق» شۇنىڭدىن كېيىن مۇستاپا كامال ئىنقىلابىنىڭ كلاسسىك ئەسىرى بولۇپ قالدى.

مۇستاپا كامال ئىستانبۇلدىن ئايرىلغانچە ئۇ يەرگە قايتا ئاياغ باسمىغانىدى. ئەمدى ئۆزىنىڭ بۈيۈك داھىيسى بىلەن سەككىز يىل كۆرۈشمىگەن كونا پايتەخت ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قىزغىن قارشى ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، مۇستاپا كامال ھەر يىلدا بىر قېتىم ئىستانبۇلنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدىغان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئون ئۈچىنچى باب

# زەمبىرەك ھارۋىسىدىكى جەسەت

مىلادىيە 1935 ـ يىلى كۈزدە، ئىتالىيە ئېفىئوپىيىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا دېڭىز رايونىنىڭ ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ، نۇرغۇن دۆلەتلەر ۋە رايونلار ئىككىنچى قېتىملىق جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى ئىتالىيەنىڭ كىچىك ئاسىياغا يېقىن بولغان دودىكانىس تاقىم ئاراللىدا ھەربىي كۈچلىرىنى ئاشكارا كۆپەيتكەنلىكى، بولۇپمۇ لىياس ئارىلى ۋە لوت ئاراللىدا كۈچلۈك ھەربىي بازا قۇرغانلىقى تۈركىيەنى ئەنسىزلىك ئىچىگە سېلىپ قويدى.

1936 ـ يىلى ئىيۇننىڭ 22 ـ كۈنى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى لوزان يىغىنىغا قاتناشقان توققۇز دۆلەتكە نوتا تاپشۇردى. كەينىدىنلا سوۋېت ئىتتىپاقى باشلىق توققۇز دۆلەت شۋېيتسارىيىدىكى مۇنتىلۇ شەھىرىدە ئىتالىيىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالاشنى مەقسەت قىلغان بىر يىغىن چاقىردى. بۇ يىغىنغا ئىتالىيە ئۆزى قاتناشمىدى. 28 كۈن داۋام قىلغان بۇ يىغىن شۇ يىلى ئىيۇلنىڭ 20 ـ كۈنى «بوغۇز تۈزۈمى ئەھدىنامىسى» نى ماقۇللىدى.

مۇنتىلۇ يىغىنىدىن كېيىن، مۇستاپا كامال باشچىلىقىدىكى ئىنقىلاب ئۆكتىچىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. باش باكان ئىسمەد ئىنۆنۈ مۇستاپا كامالنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكىدىكى پرىنسىپلىرىدىن ئاشكارا ۋاز كەچتى. ئۇ گەرچە

مۇستاپا كامال بىللە بىلەن 17 يىل بىر سەپتە تۇرۇپ ئىنقىلاب قىلغان بولسىمۇ، مىجەز - خۇلقى مۇستاپا كامالغا زادى ئوخشىمايتتى. كىشىلەر ئارىسىدا ئىنۆنۈ رەئىس جۇمھۇر مۇستاپا كامالنى قورچاقتا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، بارلىق ھوقۇقلارنى ئۆز - چاڭگىلىغا ئېلىۋاپتۇ دېگەنگە ئوخشاش سۆز - چۆچەكلەر تارقالدى. بۇ ۋاقىتتا، ئىسمەد ئىنۆنۈ دۆلەت ئىشلىرىنى مۇستاپا كامالنىڭ مەسلىھەتىنى ئالمايلا، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەل قىلماقتا ئىدى. 1937 - يىلى يازدا فرانسىيىدىكى نىستا خەلقئارالىق يىغىن چاقىرىلىپ، تۈركىيىنىڭ تەدبىر قوللىنىپ فاشىست دۆلەتلەر سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدىكى قاراقچىلىق ھەرىكەتلىرىنى دەرھال توسۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. شۇ يىلى كۈزدە، قاراقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسىدە تۈركىيە ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەتلەر توغرۇلۇق باش باكان ئىسمەد ئىنۆنۈ بىلەن دىپلوماتىيە مىنىستىرى تەۋپىق رۇشدۇ (ئاراس) ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قاتتىق ئىختىلاپ يۈز بەردى، ئاتا تۈرك بۇ مۇنازىرىگە ئارىلاشماي تۇرالمىدى. ئۇ ئىسمەد ئىنۆنۈنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئاۋۋال ئۇنى «دەم ئېلىش»قا، ئارقىدىن ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشكە قىستىدى. بۇ مىلادىيە 1937 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ 25 - كۈندىكى ئىش ئىدى.

مۇستاپا كامال شۇنىڭدىن كېيىن بىر ئاز ئويلىنىۋالدى ۋە مۈلكىي ئەمەلدارلىقتىن كېلىپ چىققان داڭلىق جامائەت ئەربابى جەلال بايارنى ئىنۆنۈنىڭ ئورنىغا باش باكانلىققا تەيىنلىدى. جەلال بايار دەسلەپتە مىللىي ئازادلىق كۈرىشىگە قاتناشقان، كېيىن سودا ۋە كەسپىي بانكا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ داڭق چىقارغان ئادەم بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا جۇمھۇرىيەت ئىقتىساد مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ئىدى. بايارنىڭ باش باكانلىققا تەيىنلىنىشى كۆتمىگەن يەردىن تۈركىيىدىكى زەردارلار ۋە دەللاللارنى خۇشال قىلىۋەتتى. چوڭ بۇرژۇئازىيە ئۇنىڭدىن ناھايىتى چوڭ ئۈمىد-

لەرنى كۆتۈپ، ئۇنىڭ غەرب كاپىتالىستلىرى بىلەن تۈركىيە مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مەنپەئىتىگە پايدىلىق بولغان سودا ئالاقىسىنى ئورنىتىپ، جاھانگىرلارنىڭ، بولۇپمۇ فاشىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىشەنچ قىلىدىغان نوپۇزلۇق ئەربابى بولۇپ قېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىشاتتى. ئۇ باش باكانلىقتا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى غەرب جاھانگىرلىكى بىلەن بارغانسېرى يېقىنلاشتۇردى.

مۇستاپا كامال ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تۈرك خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقىغا ئاتاپ ئۆزۈلدۈرمەي ئىنقىلاب قىلغاچقا، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگۈدەك ھالى قالمىدى، ئۇنىڭ جىگەر ۋە بۆرەك كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى، شۇڭا دۆلەتنىڭ نىشانلىرى بايار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولۇشۇۋالغان بىر ئوچۇم ئادەملەر تەرىپىدىن تىزگىنلەنگەنىدى.

ئاتا تۈرك مۇستاپا كامال 1938 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئاناتولىيە ساياھىتىگە چىقتى، ئەمما سەپەر ئۈستىدە جىگەر كېسىلى ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ كەتتى. كېسىلى بىردەم ياخشىلانسا، بىردەم يامانلىشىپ كېتەتتى. خەلق مۇستاپا كامالنىڭ سالامەتلىكىگە ناھايىتى قاتتىق دىققەت قىلىشقا باشلىدى، ھۆكۈمەت ئاخىر ئاتا تۈركنىڭ سالامەتلىكى توغرىسىدا دىئاگنوز ئاخباراتى ئېلان قىلدى. 1938ـ يىلى مارتنىڭ 31 ـ كۈنى، ئاتا تۈرك مۇستاپا كامالنى داۋالىتىشقا مەسئۇل كىشىلەردىن رەئىس جۇمھۇرنىڭ باش سېكرېتارى ھاسان رىزا سۇياك (1888 —— 1970) ئاخبارات ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا: «جىگەر كېسىلى رەئىس جۇمھۇرنىڭ سالامەتلىكىنى ناچارلاشتۇردى، ئەمما كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىلغانلىقتىن خەتەر ئۆتۈپ كەتتى» دېيىلدى. گەرچە ئاخباراتتا «خەتەر ئۆتۈپ كەتتى» دېيىلگەن بولسىمۇ، بۇ ھامان بولىدىغان ئىش ئىدى. ماينىڭ 20 ـ كۈنى، ئاتا تۈرك خاتاي مەسىلىسىگە

مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن مەرسىن[1] ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، يەتتە كۈن ئۆتكەندە ئىستانبۇلغا كەلدى. بۇ يەردە ئۇنى رۇمىنىيە پادىشاھى كۈتۈپ تۇراتتى. 19 ـ ئىيۇندا، ئۇ پادىشاھ كارول II بىلەن كۆرۈشتى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر دىپلوماتىيە پائالىيىتى ئىدى. ئاتا تۈركنى داۋالاشقا مەسئۇل تېببىي خادىملارنىڭ تەكلىپى بويىچە، خەلق ئۇنى بوسفور بوغۇزىدا ئالدىن تەييارلانغان ساياھەت كاتېرىغا ئېلىپ چىقىپ، دېڭىزنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئالدۇرغاچ تىنچ مۇھىتتا دەم ئالدۇرۇپ، كېسەل ئازابىنى يەڭگىللىتىشكە تىرىشتى. ئەمما، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىدىن ئازراقمۇ ئۈمىد يوق ئىدى. ئەمدى بارلىق دۆلەت ئەربابلىرى مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدىن ئىستانبۇلغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. ئىستانبۇلدا ھەرخىل ئۆسەك سۆزلەر تارقالماقتا ئىدى. بەزىلەر ئاتا تۈركنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭدىن تەخت ۋارىسىغا ئادەم بەلگىلەشنى تەلەپ قىپتۇ دېسە، يەنە بەزىلەر ئاتا تۈرك ئۇلارغا پوزىتسىيە بىلدۈرمەپتۇ، ئۇلارغا دەرھال ئەنقەرەگە قايتىشنى دەپ، ئۆزىنىڭ يەنىلا رەئىس جۇمھۇر ئىكەنلىكىنى، ئورنىغا كىمنىڭ تەخت ۋارىسى بولىدىغانلىقىنى ئويلىشىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ، دېيىشەتتى.

مۇستاپا كامال ئاخىرى 1938 ـ يىلى سېنتەبىرنىڭ 5 ـ كۈنى ۋەسىيەت قالدۇرۇشنى لايىق تاپتى، ئۇ دولما باغچە سارىيىدىكى 71 ـ نومۇرلۇق ئۆيدە تۇراتتى، ئۇ ئىنتايىن تەمكىن ئىدى، يازاتتى ھەم بەزىلىرىنى تۈزىتىپ باراتتى، جۈملىلەرنى مەنىلىرىدىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئاساسىدا قىسقارتاتتى ياكى ئاددىيلاشتۇـ

---

① شەھەر ئىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

راتتى. شۇنداق قىلىپ، ۋەسىيەتنامىنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسى قولدىن چىقتى. ئۇنى ئاتا تۈرك مۇستاپا كامالنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن، 5 ـ كۈنى ھاسان رىزا سۇياك بىلەن سالاھىددىن يارگىلار تەييارلاپ چىققانىدى. ۋەسىيەتنامە ئاتا تۈركنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن بىر بەت يېزىلغانىدى . ئاتا تۈرك ۋەسىيەتنامىسىنىڭ مەخپىيرەك تۈتۈلۇشىنى تەكىتلىدى.

1938 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ 6 ـ كۈنى سائەت 11 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە، ئىستانبۇل 6 ـ گۇۋاھلىق ئورنىنىڭ گۇۋاھچىسى ئىسمائىل كۈنتەرگى مۇستاپا كامالنىڭ تەلىپى بويىچە دولما باغچا سارىيىغا چاقىرتىپ كېلىندى. ئۇ يەردە باش سېكرېتار ھاسان رىزا سۇياك بىلەن دوكتور نەشەد ئۆمەر ئىردەلىپلەر ھازىرلىنىپ تۇراتتى. ئىچىگە ۋەسىيەتنامە سېلىنىپ ئاغزى ھىم ئېتىلگەن لىپاپا ئىستانبۇل 6 ـ گۇۋاھلىق ئورنىنىڭ كونا ئەزاسى ئىسمائىل كۈنتەرگىگە تاپشۇرۇلدى. ئۆكتەبىرنىڭ 17 ـ كۈنى، ئاتا تۈركنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ھەققىدە كۈندىلىك خەۋەرلەر بېرىلىشكە باشلىدى. 29 ـ ئۆكتەبىر كۈنى، ئاتا تۈركنىڭ جۇمھۇرىيەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن ئارمىيەگە يوللىغان يازما تەبرىك سۆزى ئېلان قىلىندى. 1 ـ نويابىر كۈنى، يېڭى بىر نۆۋەتلىك مىللەت مەجلىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۈچۈن ئاتا تۈرك نامىدا بىر سۆز تەييارلىنىپ، ئۇنى باش باكان جەلال بايار ۋاكالىتەن ئوقۇپ ئۆتتى، ئارقىدىنلا رەئىس جۇمھۇرنىڭ ۋەسىيەت قالدۇرغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر مەجلىس ئەھلىگە ئۇقتۇرۇلدى. ئەمما، ۋەسىيەتنامىنىڭ مەزمۇنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

مۇستاپا كامالنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي يېڭى ئىش باشلاش يىلىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 7 ـ نويابىردا ئۇ بۈيۈك مىللەت مەجلىسىگە بىر يازما سۆز ئەۋەتتى. 8 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىر-

لاشقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر مەملىكەتكە كۆندە ئىككى قېتىم ئاڭلىتىپ تۇرۇلدى. 10 ـ نويابىر كۈنى سائەت 9 دىن 5 مىنۇت ئۆتكەندە، تۈركىيىگە 20 يىل رەھبەرلىك قىلغان بۇ ئۇلۇغ داھىي ئىستانبۇل دولما باغچە سارىيىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ شۇ چاغدا ئەمدىلا 57 ياشقا كىرگەنىدى. تۈرك ئېلىگە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ناھايىتى چوڭ مۇسىبەت يەتتى، بۇ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈن، مىللىي ئازادلىق ئۈچۈن، كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق شەرق ئەللىرى خەلقى ئۈچۈن مىسلىسىز چوڭ جۇدالىق ئىدى. پۈتۈن دۆلەت قايغۇ ـ ئەلەم ۋە يىغا ـ زارغا چۆمدى. ھۆكۈمەت ئاخباراتىدا مۇنداق دېيىلدى: «تۈرك ۋەتىنى ئۆزىنىڭ قۇرغۇچىسىدىن ئايرىلدى، تۈرك مىللىتى ئۆزىنىڭ داھىيسىدىن ئايرىلدى، ئىنسانىيەت بىر ئۇلۇغ ئوغلىدىن ئايرىلدى.»

1938 ـ يىلنىڭ 16 ـ نويابىر كۈنى، بۈيۈك تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئۇلۇغ مىللىي قەھرىمان ئاتا تۈرك مۇستاپا كامالنىڭ جەسىتى ئىستانبۇل دولما باغچە سارىيىنىڭ چوڭ زالىدىكى دۆلەت بايرىقى يېپىلغان كاتافالكىغا[1] قويۇلدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەر مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ بۇ رەھبىرىگە چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى. نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردىن كەلگەن ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى. ماتەم بىلدۈرگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە ئۈزۈلمىدى. 19 ـ كۈنى دىنىي ئىشلار ۋازارىتىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور شەرپىددىن يارتقايا جىنازا نامىزىنى چۈشۈردى. ئارقىدىن ئېغىر مۇسىبەت سۈكۈناتى ئىچىدە جىنازا يېنىدا قاتار تىزىلىپ تۇرغان 12 گېنېرال سارايىنىڭ تاشقىرىسىدا ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان زەمبىرەك هارۋىسىغا جىنازىنى ئاۋايلاپ ئالدى. ھەيۋەتلىك مېيىت ئۇزاتقۇچىلار قوشۇ-

[1] كاتافالكا — جەسەت قويۇلغان تەكچە.

ئارقىدىن «ياۋۇز» (بۇرۇنقى گوبېن) ناملىق كاراپقا يۆتكەپ ئېلىنىدى. جىنازا ئىزمىتتا قۇرۇقلۇققا ئېلىپ چىقىلدى ۋە نويابىرنىڭ 20 ـ كۈنى ئاپتوموبىل بىلەن ئەنقەرەگە يەتكۈزۈلۈپ بۈيۈك مىللەت مەجلىسى بىناسى ئالدىدىكى كاتافالكىغا قويۇلدى. ئەتىسى جەسەت ئالىي دەرىجىلىك ھەربىيلەرنى دەپنە قىلىش ئادىتى بويىچە ئېتنوگرافىيە مۇزېيىغا تەۋە بولغان ۋاقىتلىق بىر قەبرىگە ئىززەت ـ ئېكرام بىلەن دەپنە قىلىندى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئاتا تۈرك مۇستاپا كامالنىڭ ۋەسىيەتنامىسى 3 ـ تىنچلىق سۇلھ ھوقۇق مەھكىمىسىدە ئېچىلدى. ۋەسىيەتنامىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

مېنىڭ ئىگىدارچىلىقىمدىكى بارلىق خۇسۇسىي مۈلكىم ۋە ھەسسىدارلىق چەكلىرىم بىلەن چانقايادىكى تۇراقلىق ۋە تۇراقسىز مۈلكىمنىڭ ھەممىسىنى تۆۋەندىكى شەرت بىلەن جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسىگە بېرىشنى ۋەسىيەت قىلىمەن: بىرىنچى، خۇسۇسىي ۋە شېرىك چەكلەر ھازىرقى ئىش بانكىسىغا قويۇلغاي؛ ئىككىنچى، يىللىق ئۆسۈمدىن ماكا تەۋەلىرى چەك ئىگىلىرى ماقبۇلەگە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئايدا 1000 لىرا، ئافەتكە 800 لىرا، سابىھا گۆكچەنگە 600 لىرا، ئۈلگۈگە 200 لىرا ۋە رۇقىيە بىلەن نەبىلەرگە 100 لىرادىن بېرىلگەي؛ ئۈچىنچى، سابىھا گۆكچەنگە بىر ئۆي ئېلىپ بېرىلگەي، ئۇنىڭدىن باشقا پۇلمۇ بېرىلگەي؛ تۆتىنچى، ماقبۇلەنىڭ چانقايادا ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى ئۆلگىچە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغاي، بەشىنچى، ئىسمەد ئېنۆنۈنىڭ بالىلىرىغا ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان ياردەملەر بېرىلگەي؛ ئالتىنچى، ھەر يىللىق پايدىسىنىڭ تەڭ يېرىمى تۈرك تارىخى ۋە تىل جەمئىيەتلىرىگە بېرىلگەي.

كامال ئاتا تۈرك

1938 ـ يىلى 5-سېنتەبىر دۈشەنبە دولما باغچە

غازى مۇستاپا كامال ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ ۋەسىيەتنامىسى ئۇ-
نىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن مەدەنىي قانۇنىنىڭ 452 ـ ماددى-
سىغا ئاساسەن ئاتا تۈركنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا چىقىرىلغان بولۇپ،
ئۇنىڭدىن كېيىنكى رەئىس جۇمھۇرلارغا تەتبىقلانمايتتى، شۇڭا
ئۇ پەۋقۇلئاددە بىر ھوقۇق بىلەن ئىسمائىل كۈنتەرگىنىڭ ئىجرا
قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى.

مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشى غەلىبە قىلىپ يېڭى تۈركىيە
جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1923 ـ يىلى نويابىرنىڭ
27 ـ كۈنى ئاتا تۈرك مۇستاپا كامالغا قىزىل، يېشىل پۆپۈكلۈك
مۇستەقىللىق مېدالى بېرىلگەنىدى. 1938 ـ يىلى دېكابىرنىڭ
26 ـ كۈنى، جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە قۇ-
رۇلتىيىدا ئۇنى ئەبەدىي داھىي دەپ تونۇش قارار قىلىندى.

ئەسلىدە 1934 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن، ئىستانبۇل ئۇنىۋېر-
سىتېتىنىڭ بارلىق بۆلۈملىرىدە ئىنقىلاب تارىخى دەرسلىكى تە-
سىس قىلىنىپ، ئازادلىق ئۇرۇشى تارىخى، يېڭى تۈركىيە جۇم-
ھۇرىيىتىنىڭ غايىلىرى، ئاتا تۈرك ئىنقىلابىنىڭ ئالاھىدىلىكلى-
رى قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن. شۇنداقلا پروفېسسور،
دوكتور سادى ئىرماكنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاتا تۈركنىڭ كىملىكى،
ئۇ قاتناشقان تارىخىي ۋەقەلەر، شۇنداقلا ئۇنىڭ قىلغان ئىنقىلاب-
لىرىنى ئىلمىي يوسۇندا تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئىستانبۇل
ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر فاكۇلتېت تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا «ئاتا
تۈرك ئىنقىلابىنى تەتقىق قىلىش فاكۇلتېتى» دەپ نام بېرىلگەن-
دى. 1947 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاتا تۈركنىڭ ھاياتىنى، ئۇنىڭ
كىملىكىنى تەتقىق قىلىش، ئۇنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتۇش ۋە ئۇ
رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابنىڭ مېۋىسىنى قوغداش مەقسىتىدە
ئىستانبۇلدا «مۇستاپا كامال دەرنىكى» دېگەن يەنە بىر تەشكىلات
قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلات ئەڭ ئاۋۋال مۇستاپا كامالنىڭ تۇغۇلۇش
تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىستانبۇلدىكى ئاتا
تۈرك ئىنقىلابى مۇزېيىغا قويۇلغان مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىغا

ئائىت يازمىلار ۋە پاكىتلىق ماتېرىياللارنى بېسىتتى ۋە تولۇقلى-
دى. دەرنەك ھەر يىلى نويابىرنىڭ 10 - كۈنى ۋە ئاتا تۈركنىڭ
تۇغۇلغان كۈنىدە خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشنى ئادەتكە ئاي-
لاندۇرۇپ تۈزۈملەشتۈردى. ئاتا تۈرك ئىنقىلابىغا قارشى ھەر-
خىل ھۇجۇملارغا رەددىيە بېرىدىغان كۈچلۈك ھۆججەتلىك ماتېرى-
ياللار، ئەسەرلەر ۋە ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. شۇنداق قىلىپ،
بۇ تەشكىلات ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاتا تۈرك ئىنقىلابى-
نى تەتقىق قىلىش فاكۇلتېتى، ئاتا تۈرك ھەققىدە ئەسەر يازغان
ئاپتورلار ۋە ئىلمىي خادىملار بىلەن بىرلىكتە بۈيۈك بىر ئىنقىلا-
بىي ئورگانغا ئايلاندى.
1953 - يىلى 10 - نويابىردا، يەنى ئاتا تۈرك ئالەمدىن
ئۆتۈپ توپتوغرا 15 يىل ئۆتكەندە، ئۇنىڭ مۇبارەك جەستى
مۇتەبەررەكە مازارلىرى بۇرۇنقى ئېتنوگرافىيە مۇزېيىغا تەۋە ۋا-
قىتلىق قەبرىدىن پايتەخت ئەنقەرە يېنىدىكى رەشاد تەپەدە قايتىدىن
تەمىر ئېتىلگەن يېڭى خاتىرە قەبرىسىگە يۆتكەپ يەرلەشتۈرۈلدى.
ئاتا تۈرك مۇستاپا كامالنىڭ جەستى يەرلەشتۈرۈلگەن رەشاد
تۆپىلىكى ئەنقەرە بويىچە ئەڭ ئېگىز جاي بولۇپ، ئاتا تۈرك
خاتىرە قەبرىسىنىڭ بۇ جايدا ياسىلىشى ئىنتايىن ئوبرازلىق ئەھ-
مىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ تۈرك خەلقىنىڭ ئۆز داھىيسىغا بولغان
ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتىنى، شۇنداقلا ئاتا تۈركنىڭ ھەر دائىم ئۆز
خەلقىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ناما-
يان قىلىپ تۇراتتى.
خاتىرە قەبرىگە 1944 - يىلى سېنتەبىردە ئىش باشلانغان
بولۇپ، توققۇز يىلدىن كېيىن — 1953 - يىلى ئاۋغۇستتا
پۈتتى، بۇنىڭغا 20 مىليون تۈرك لىراسى خەجلەندى. ئۇ سېرىق
ۋە كۆكۈش كۈل رەڭ مەرمەر تاشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ناھا-
يىتى ھەيۋەتلىك خاتىرە قەبرىنىڭ ئۇدۇلىدا كەڭ كەتكەن تاندۇغان
(مەنىسى تاڭ تۇغقان) مەيدانى بار، خاتىرە قەبرىنىڭ ئۇدۇلىد-
كى ئىشىكنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە ئىككى قەلئە بار، سول

تەرەپتىكىسى هۆررىيەت قەلئەسى، ئوڭ تەرەپتىكىسى ئىستىقلالىيەت قەلئەسى. قەلئەنىڭ تاملىرىغا «ئايال»، «ئەسكەر» ۋە «دېھقان»نىڭ قاپارتما سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ تۈرك خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ۋە هۆرلۈك ئۈچۈن باتۇرانە كۈرەش قىلغانلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. خاتىرە قەبرە ئاتا تۈركنىڭ قەبرىسى (جەسەت كۆمۈلگەن گۆرلۈك)، كارىدورلۇق قورۇق (ئىككى تەرىپى تام، ئوتتۇرىسى يول) ۋە مەيداندىن تۈزۈلگەن. قورۇقنى بويلاپ يەنە «هۆررىيەت»، «ئىستىقلالىيەت»، «مەشروتىيەت»، «جۇمھۇرىيەت»، «13 ـ ئاپرېل»، «تىنچلىق»، «ئىنقىلاب»، «غالىبىيەت» ۋە «ئەسكەر» ناملىق 10 قەلئە قاتار ياندىشىپ تۇرىدۇ. ئاتا تۈركنىڭ قەبرىسى زەفەر (غالىبىيەت) مەيدانىنىڭ سول تەرىپىدە بولۇپ، مۇستاپا كامال مانا مۇشۇ يەردە ياتىدۇ.

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىر چوڭ ھېيت ـ بايراملىرىدا تۈركىيە دۆلەت رەھبەرلىرى بۇ يەرگە كېلىپ قەبرىنى يوقلايدۇ، مۇھىم چەت ئەل ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى زىيارەتكە كەلسە، بۇيەرگە كېلىپ قەبرىگە گۈل چەمبىرەك قويۇپ قايتىدۇ.

ئاتا تۈرك مۇستاپا كامال تۈرك خەلقى ئۈچۈن تۇغۇلدى، تۈرك خەلقى ئۈچۈن جەڭ قىلدى، تۈرك خەلقى ئۈچۈن سۆز قىلدى، تۈرك خەلقى ئۈچۈن ئىشلىدى، تۈرك خەلقى ئۈچۈن ئۆلدى.

ئۇنىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ داڭلىق بىر دىنىي ئۆلىما بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلغانىدى. ئەمما ئۇ ئانىسى بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا، ئانىسىغا مەڭزىنى يېقىپ تۇرۇپ: «مەن ھەربىيلىك ئۈچۈن تۇغۇلدۇم، ئاخىرىدا يەنە ھەربىيلىك ئۈچۈن ئۆلىمەن» دېدى. ئۇ ھەربىي كىيىمنى قۇرۇق سۆلەت، پاخال ئابروي، يالغان شان ـ شەرەپ ئۈچۈن كىيمىدى، بەلكى ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئاق قار، كۆك مۇزلۇق

تاغ ـ داللاردا يېتىشقا، يامغۇر، پاتقاقلارغا مىلىنىپ، قان كېچىپ جەڭلەر قىلىشقا كىيدى، ئۇ ئۇسمۇرلۇك ۋاقتىدا شېئىرغا ھەۋەس قىلدى، ئەمما ئۇنىڭ بۇ ھەۋىسى غەزەلخانلىق ئۈچۈن ئەمەس، كەلگۈسىدىكى داھىيدا ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك ناتىقلىق ئۈچۈن ئىدى. ئۇ ھۆرلۈكنى تەرەققىياتنىڭ ئانىسى دەيتتى، شۇڭا ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئىنقىلاب ئارقىلىق مۇستەبىتلىككە جاۋاب قايتۇرۇشقا قەسەم ئىچتى. ئۇ ھەقىقەتەن دېگىنىنى ئەمەلدە كۆرسىتىدىغان، تىلى بىلەن دىلى بىر ئەركەك ئىدى.

مۇستاپا كامال ئاتا تۈرك چىن ئىنسان ئىدى. ئۇ ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاش ئائىلىگە موھتاج بولسىمۇ، ئەمما ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى دەپ، بۇلارغا ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلمىدى، مۇستاپا كامالنىڭ ئۇرۇش ۋاقىتلىرى ۋە ئادەتتىكى چاغلاردا ناھايىتى يالغۇزلۇق تارتىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مىدھەت بەي ئۇنىڭغا ئاتا تۈركنىڭ ئۆگەي دادىسى غالىب ئەپەندىنىڭ جىيەن قىزى فىكرىيە خانىمنى ئۆي خىزمەتچىلىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. فىكرىيە خانىم ئاتا تۈرككە ئىككى يىل خىزمەت قىلدى. مۇستاپا كامال باش قوماندانلىقىدىكى تۈركىيە مىللىي ئارمىيىسى 1921 ـ يىلى گرېتسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى سۇر ـ توقاي قىلىپ ئىزمىرغا كىرگەن كۈننىڭ ئەتىسى ئىزمىرلىق بىر مۆتىۋەرنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئەمدىلا ياۋروپادىن قايتىپ كەلگەن قىزى لەتىپە خانىم ئۆزى ئارمىيە قوماندانلىق شتابىغا كېلىپ، ئاتا تۈركنىڭ بىخەتەرلىكىنى دەپ ئۇنى دادىسىنىڭ گۆزتەپە دېگەن يەردىكى خۇسۇسىي تۇرالغۇسىدا تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ چاغدا ئىزمىرنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى كەسكىن ۋە جىددىي ئىدى. مۇستاپا كامال لەتىپە خانىمنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مۇستاپا كامال لەتىپە خانىمغا ئۆيلەنمەكچى

بولدى، بۇ تەكلىپنى ئۇنىڭ سەپداشلىرىدىن كازىم قارا بەكىر،
ئىسمەد ئىنۆنۈ، تەۋپىق ۋە رۈشتۈ قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويغانى-
دى. مۇستاپا كامالنىڭ ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقى ھەققىدىكى خە-
ۋەر ئۆي خىزمەتچىسى فىكرىيە خانىمنى ئاغرىتىپ قويدى. ئاتا
تۈرك فىكرىيە خانىمنى مەخسۇس داۋالىنىپ كېلىش ئۈچۈن گېر-
مانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھىرىگە ئەۋەتتى. 1923 - يىلى 29 -
يانۋار كۈنى، مۇستاپا كامال لەتىپە خانىمغا ئۆيلەندى. فىكرىيە
خانىم ئاتا تۈرككە ئىنتايىن كۆيۈنەتتى، ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى.
ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى، ئۇ ئاتا تۈرك-
نىڭ ئۆيلەنگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ تېخى كېسىلى ساقايماي
تۇرۇپلا، دەرھال تۈركىيىگە قايتىپ كەلدى. فىكرىيە خانىم
گېرمانىيىدىن ئاتا تۈرككە ئاتاپ مەخسۇس بىر سوۋغات ئالغاچ
كەلگەنىدى. ئاتا تۈركنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئۇنى ئاتا تۈرككە بەر-
گىلى قويمىدى، فىكرىيە خانىم خاپىچىلىقىدا تاپانچا بىلەن ئۆزى-
نى ئېتىۋالدى. ئاتا تۈرك خۇسۇسىي تۇرمۇشىنىڭ دەسلەپكى
كۈنلىرىدە لەتىپە خانىم بىلەن ئوبدان ياشىدى. كېيىنكى مەزگىل-
گە كەلگەندە، بۇ ئالىي مەلۇماتلىق خانىم ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ
چوڭ - چوڭ سورۇنلاردا، زىياپەتلەردە ئۆزىنى كۆرسىتىشكە
باشلىدى، پۈتۈن ئۆمرىنى تۈرك مىللىتىنىڭ، تۈرك ئاياللىرى-
نىڭ ھۆرلۈكى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن ئاتىغان بۇ داھىي ئاخىرقى
ھېسابتا خوتۇنى لەتىپەنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى كۆڭلىگە سىغدۇرال-
مىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى دەسلەپتە مۇھاپىزەتچىلىرىگە قو-
شۇپ ئىزمىرغا يولغا سالدى، كېيىن — 1925 - يىلى 5 -
ئاۋغۇست كۈنى ئارقىسىدىن نىكاھ خېتىنى ئەۋەتىپ بەردى.
لەتىپە خانىم شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا تۈركنى قايتا كۆرەلمىدى ۋە
ئاتا - ئانىسى ئۆلگەندىن كېيىن، قاتتىق ھەسرەت نادامەت ئىچىدە
ئىزمىردىن ئىستانبۇلغا كېلىپ يەرلەشتى.

كامال ئاتا تۈرك چاقماقتەك تېز ھەرىكەت قىلىدىغان چەب-

دەس، چېچەن، ھەر دائىم تۈيۈقسىز قارار چىقىرىدىغان قەيسەر جەڭچى ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن ھەربىي ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر خىل سېھىرىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ تالانتلىق بىر ئىستراتېگىيىچى ۋە تاكتىكىچى ئىدى. ئۇ ئۇرۇش مەزگىلىدە دوست ئارمىيە قوماندانلىرىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ماختىشىغا ئېرىشىپلا قالماستىن، دۈشمەن ئارمىيە باشلىقلىرىنىڭمۇ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەنىدى. داردانېللىنى قوغداش جېڭىدە گېرمانىيە ئارمىيىسى باش مەسلىھەتچىسى گېنېرال لىمان فون ساندىرس ئۇنى «ناھايىتى مەسئۇلىيەتچان رەھبەر» دەپ ماختىسا، مۇش ۋە بېتلىسلارنى قايتۇرۇۋېلىش جېڭىدە چارروسىيە ئارمىيىسى ئالىي باش قوماندانلىق شتابى ئۇنىڭغا «ئەڭ داڭلىق، ئەڭ باتۇر، ئەڭ ئىقتىدارلىق، ئەڭ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، ئەڭ مول ئىجادچانلىققا ئىگە گېنېرال» دەپ باھا بەردى.

كامال ئاتا تۈرك 1923 - يىلىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇدا تۆت قېتىم رەئىس جۇمھۇرلۇققا سايلاندى، ئۇنىڭ زامانداشلىرىدىن بەزىلەر ئۇنى ھاكىممۇتلەق، مۇستەبىت دېيىشەتتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىستىلىدا تۈنۈگۈنكى ۋە بۈگۈنكى ياۋروپانىڭ ياكى ياۋروپالىقلار ھاكىممۇتلەقلەر دەپ ئاتىغان ئوتتۇرا شەرقنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلەر بار ئىدى. ئۇ توغرا ئىشلارغا، ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشقا، يۈرۈش - تۇرۇش ۋە سىياسىي مىزانلارغا ناھايىتى قاتتىق ئەمەل قىلاتتىيۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى چۇسلۇق ۋە كەسكىنلىك ئۆزىنىڭكىنى راست دەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق ۋە مۇستەبىتلىكى ھەربىي كۈچنى ئىشقا سېلىپ باشقۇرۇش، ئىنقىلاب ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىۋاتقان چاغدا جۇمھۇرىيەتنى قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەشتە بولمىسا بولمايتتى. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ ھەربىي

كۆچنى ئىشقا سالمىدى. 1926 ـ يىلىدىكى چوڭ باشقۇرۇشتىن كېيىن، شەخسلەرنىڭ هاياتى ۋە ئەركىنلىكىگە ئاساسەن دەخلى ـ تەرۇز قىلىنمىدى. هاكىمىيەتكە قارشى سىياسىي خاراكتېر-لىك پائالىيەتلەرگە يول قويۇلمىدى. ئەمما، سۆز، مەتبۇئات ئەركىنلىكى ئاساسەن ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىلدى، هاكىمىيەت-كە بولغان تەنقىد ئەگەر تۆۋەن تەبىقىدىن كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا يول قويۇلدى، هۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇۋاتقان يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى تەرىپىدىن كەلگەن بولسا، ئىلگىرى ئوسمانلىلار ئىمپې-رىيىسىنىڭ ۋاقتىدىكى قائىدە بويىچە يىراق ئۆلكىلەرگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتىلدى ياكى پالاندى. زوراۋانلىق قىلىش مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، زوراۋانلىق قىلغۇچىلار بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇر-غۇچىلار مەيدانغا چىققاندا بولسا، ئۇ زوراۋانلىقنى ئىشقا سالاتتى.

ئاتا تۈرك قورالغا تايىنىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ هاكىمىيەتنى قولغا ئالغان ئوفېتسىر ئەمەس، بەلكى دۆلەت ئىن-تايىن يامان ئەهۋالدا قالغاندا، قەتئىي باتۇرلۇق قىلىپ، هاكى-مىيەت بېشىغا تەدرىجىي چىققان گېنېرال ئىدى. ئۇنىڭدا ئۆزى-نىڭ خىزمەتداشلىرىنىڭكىگە ئوخشاش يېڭى غايە، يېڭى پىكىرلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئورنى ھەم ئادەتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ يەنىلا بىر قانچە ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان هەر-بىي ئىمپېرىيە تەجرىبىسىگە تەۋە بولغان ئوسمانلى هۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئىچىدىكى ئادەم ئىدى.

ئاتا تۈرك — ئالدى بىلەن هەربىيلەرگە خاس خۇسۇسىيەت بىلەن خەلقنى يېتەكلىدى. ئۇ كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىيا-لايدىغان داهىي ئىدى. ئۇ تۈركىيىدىن ئىبارەت بۇ كېسەل كۆرپې-سىگە يېڭى هايات ۋە كۈچ بەخش ئەتتى. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپىدىكى ئۇلۇغ تۆھپىسى شۇكى، ئۇ ئاللىقاچان خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەن ئىمپېرىيىنىڭ كونا تۇپرىقىدا بىر ئارمىيە تەشكىللىدى، بىر هەرىكەت قوزغىدى، بىر دۆلەت قۇردى. تاجاۋۇزچىلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۈركىيە زېمىنىدىن پاكپاكىز قوغلاپ چىقاردى.

كامال ئاتا تۈركنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرى قالتىس ئىش ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ قالتىسلىقى ۋە ئۇلۇغلۇقى كېيىن نامايان بولدى. ئۇ ھەربىي جەھەتتە غەلىبە قىلغانلىقى بىلەن قانائەتلەنمىدى. 1923 - يىلى ئۇ ھەدەپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا، بىر ھەربىي قوماندانىدا بولۇشقا تېگىشلىك تېخىمۇ زور شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، بىر مىللەتپەرۋەر داھىيىدا بولۇشقا تېگىشلىك يېڭى مىللىي قىزغىنلىقنى قوزغاش پۇرسەتلىرى كۆپ قېتىم كەلگەنىدى. ئەمما، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، ئەكسىچە ھەممىنى تاشلاپ قەھرىمان شەخسلەردە ئاز كۆرۈلىدىغان بىرخىل رېئاللىقتا يۈزلىنىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، كاللا قىزىپ كەتكەندە، بەزى ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويماسلىق ھەققىدە خەلقنى سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيىلىدى.

ئاتا تۈركچە بولغاندا، غەلىبە قىلغاندىن كېيىن يەنە داۋاملىق ئۇرۇش قىلىپ، ئوسمانلىلارنىڭ ئاۋۋالقى خەرىتىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلغان تارىخىي ۋەزىپە بولماستىن، بەلكى ئىچكى قىسمىنى تەرتىپكە سېلىش، ئەمدىلا قۇرۇلغان دۆلەتنى خەلقئارادا پۇت دەسسەپ تۇرالايدىغان قىلىپ مۇستەھكەملەپ چىقىش ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلغان تارىخىي ۋەزىپە ئىدى. چۈنكى، ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى تاجاۋۇزچىلىقنىڭ مەينەتچىلىكلىرىنى تازىلىغاندىن كېيىن، قانداق قىلىپ ئەسلىدىكى قالاق بولغان، يەنە كېلىپ ئۇزاق مۇددەتلىك ھەربىي ئۇرۇش ھەم ئىچكى نىزالار تۈپەيلىدىن ئاجىزلاپ كەتكەن دۆلەتنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش مەسىلىسى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئاتا تۈرك ئوسمانلىلارنىڭ گېنېرالى ۋە غەلىبە قىلغان قەھرىمانى ئىدى. ئۇرۇشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان تۈرك جەمئىيىتىدە يېتىلگەن بۇ غازى بىردىنلا ئۆزگىرىپ، مۇلكىي ئەمەلدار — رەئىس جۇمھۇرغا ئايلاندى. ئۇ ھەربىي فورمىنى سېلىپ

تاشلاپ، ئۈستىگە پەلتو، بېشىغا شلەپە كىيىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولدى. ئىجتىمائىي سىمۋولىزمنىڭ ئۇستازى بولغان ئاتا تۈرك مۇستاپا كامال ئۆزىنىڭ بۇ ئوبرازى ئارقىلىق خەلققە غازات ۋە قەھرىمانلىق دەۋرىنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى، ئەكسىنچە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق ۋە راستچىللىق بىلەن جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەيدىغان يېڭى بىر دەۋرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى نامايان قىلدى.

ئاتا تۈرك سىياسىي ئىدىيە جەھەتتە ئەينى چاغدىكى ياش تۈركلەر پارتىيىسى ئىچىدىكى مىللىي مەسلەك ۋە پوزىتىۋىزم تەرەپدارلىرىدىن بولغان غەربلىشىشنى تەكىتلىگۈچى كۈچلەر بىلەن تومۇرداش ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ھاياتىدا تۈرك مىللىتى ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىك دەيدىغان مۇھىم ئىككى ئېتىقاد ھۆكۈم سۈردى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئىستىقبالى مەرىپەتكە باغلىق ئىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، مەرىپەت — غەربنىڭ ھازىرقى مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ كۈچەپ تەرغىپ قىلغان مىللىي مەسلەك ساغلام، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇپ، ئۇنىڭ مىللەتچىلىكى باشقا دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى ئاياغ - ئاستى قىلىشنى مەقسەت قىلمىغاندى. ئۇ تۈرك خەلقى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بۈيۈك خەلق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر يامان تەسىرلەرگە ئۇچراپ خاتا يولغا مېڭىپ قالغان، ئۇلارنى قايتىدىن توغرا يولغا، يەنى تەرەققىيپەرۋەرلىك يولىغا سېلىپ، ئۇنىڭ مەدەنىي دۆلەتلەر ئائىلىسىدىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم، دەپ قارىدى.

«— تۈركلەر، — دەيدۇ كامال ئاتا تۈرك 1924 - يىلىدىكى بىر نۇتقىدا، — بارلىق مەدەنىي ئەللەرنىڭ دوستى. دۆلەتلەر ئوخشاشمايدۇ، ئەمما مەرىپەت بىرلا. ئەگەر دۆلەت تەرەق-

قىي قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنداقتا جەزمەن مۇشۇ يولدا مېڭىشى لازىم.»

ئاتا تۈرك ئىلگىرىكى نۇرغۇنلىغان ئىسلاھاتچىلار ئويلىغاندەك، يالغۇز زامانىۋىلاشقان تاشقى قىياپەت بولسىلا بولىدۇ، دەپ قارىمىدى. ئۇ ئەگەر تۈركىيە ھازىرقى دۇنيادا پۇت دەسسەپ تۇرىمەن دەيدىكەن، ئۇنداقتا پۈتكۈل جەمئىيەتنى ھەم مەدەنىيەت قۇرۇلمىلىرىنى تۈپ نېگىزىدىن ئۆزگەرتىشى لازىم، دەپ قارىدى. ئۇ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى تېزلىتىدىغان ئامىللارنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلىدى. ئۇنىڭ يازغانلىرى ۋە دېگەنلىرىدىن شۇ نەرسە ئېنىق ئىدىكى، ئۇ غەرب مەدەنىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نەرسىلەر ئىچىدە ئىككى نەرسىنىڭ ھەرقانداق مەدەنىيەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇنىڭ بىرى شەخسلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، يەنە بىرى بولسا «لايىقچىلىق» (ئەمەلىيەتچىلىك) ئىدى.

ئاتا تۈرك ھوقۇق ۋە ئازادلىققا ئېرىشكەن شەخسلەر ئۆز تالانتىنى ئەركىن راۋاجلاندۇرالايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىلىم - پەن، تېخنىكا، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئىقتىسادىي ساھەلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ھوقۇق ۋە ئازادلىققا ئېرىشمىگەنلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. پۇقرالىرى تولۇق ھوقۇق ۋە ئازادلىققا ئىگە بولغان ئەلدىلا دېموكراتىك پارلامېنت تۈزۈمى روناق تاپالايدۇ. لايىقچىلىق ئىنسانلارنى چوڭقۇر يىلتىزلاپ كەتكەن دوگما ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىدىن ئازاد قىلىپ، يولنى تەبىئىي ھالدا پاكىت تەرەپكە بۇرايدۇ. بۇنىڭ بىلەن دۇنيا بىر - بىرلەپ ئېچىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلمىي پىكىر قىلىش نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدۇ، ئەمەلىي تەپەككۇر قىلىش ھەمدە ھېچقانداق چەكلىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي، ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش مەدەنىيەتنى ئۆز - ئۆزىنى مەڭگۈ يېڭىلاپ تۇرىدىغان ۋە توختىماي ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىپ تۇرىدىغان ئىجادچانلىق بىلەن

تەمىن ئېتىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ مانا مۇشۇ ھەقىقەتلەرنى بايقىغاندىن كېيىن، «لايىقچىلىق»نى ئۆز ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسى قىلدى. مۇستاپا كامالنىڭ چۈشەنگەن «لايىقچىلىق»ى ئىلمىي قىزىقىش دائىرىسىنىڭ كەڭ بولىدىغانلىقى، ئىنسانلارنىڭ ھەربىر نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى ئىزدەيدىغانلىقى، ئىلىم - پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ھەرگىز دوگما بولمايدىغانلىقى، بەلكى داۋاملىق ئىزدىنىپ تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان، مەسىلىلەر ئۈستىدە يەككىللىك بىلەن قارار چىقارمايدىغان كىشىلەردىن ئىكەنلىكى قاتارلىق مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇڭا، كامال ئاتا تۈرك ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلىرى بىلەن ئىلمىي، ئەركىن تەپەككۇر قىلىشقا ۋە شەخسلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇن بولىدىغان بەزى پۈتلىكاشاڭلارنى يوقاتتى. ئۇ كەلگۈسىنىڭ ئىگىسى بولغان تۈرك بالىلىرىنىڭ تېخىمۇ ئېنىق بولمىغان تارىخ، جەمئىيەت، تەبىئەت ۋە كائىناتنىڭ سىرلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشىغا يول ئاچتى ۋە بۇ يولنى ناھايىتى روشەن قىلىپ كۆرسەتتى.

كامال ئاتا تۈركنىڭ يېقىنقى زامان مۇتەپەككۇرلىرى ۋە سىياسىئونلىرىدىن پەرقى شۇ بولدىكى، ئۇ باشلىغان ئىسلاھاتنىڭ نەزەرىيىسى ئىنسانلارنى ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئىسلاھات ئارقىلىق بەرپا قىلىنغان يېڭى زېمىندا بۇرۇنقىلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىنۋېتىلگەن بەزى ئەقىدىلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەركىن خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ھەر ساھەلەردىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى تېپىپ چىقىشقا رىغبەتلەندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مۇستاپا كامال مۇشۇنداق مۇھىتتا خىزمەت قىلغان يېڭى ئەۋلادلارلا ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەت ۋە دۇنيانى قۇرۇپ چىقىشنىڭ يېڭى يولى ۋە ئۇسۇللىرىنى بايقىيالايدۇ، دەپ قارىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە غەرب دۇنياسى ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە كېلىشتىن بۇرۇن خىلمۇ-

خىل كەچۈرمىشلەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەن، ئۇلار ئەركىن كىشىلەر بولۇپ، ئەمەلىي پىكىر قىلىشقا ئادەتلەنگەن، ئۇلارنىڭ ئادىمىيلىك خاراكتېرى تەرەققىي قىلغان، ئۆزلىرى ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىشقا ناھايىتى پۇختا ۋە ماھىر، شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ قارارىنى ئۆزلىرى چىقىرالايدىغان خەلق ئىدى. مۇستاپا كامال غەرب دۇنياسىدىكىلەردىن باشقىلارنى مۇستەقىل كىشىلىك خاراكتېرغا ئىگە ئەمەس، ئۇلار ساخاۋەت ياكى ياردەمنىڭ ئاسارىتىدىن ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا قادىر ئەمەس. ئۇلار گەرچە «ئەركىنلىك»، «مۇستەقىللىق» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە بەك ھېرىسمەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ سۆزلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئائىلە باشلىقى شەكلىدىكى ھۆكۈمەتكە تەلپۈنىدۇ. بۇ ھۆكۈمەت ئۇلار ئۈچۈن پىكىر قىلىپ قارار چىقىرىدۇ، شۇنىڭدەك مەڭگۈلۈك ئۆزگەرمەس دەپ قارىغان تەلىماتلارنى ئۇلارغا زورمۇزور تاڭىدۇ، دەپ قارىدى. ئاتا تۈرك ئەركىن تەپەككۇر قىلىشنىڭ خۇراپاتلىق تەرىپىدىن كېلىپ چىقىدىغان چەكلىمىلىرىنى يوقاتتى ھەم بۇ بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلار ئارقىلىق تۈركىيىنىڭ قايتا گۈللىنىشىنىڭ سەھىپىسىنى ئاچتى.

ئاتا تۈرك ناھايىتى يىراقنى كۆرىدىغان ئۆتكۈر سىياسەتچى ئىدى. ئۇ 1927 - يىلى يېتىپ كېلىشى ھامان مۇقەررەر بولغان بىر سىياسىي بوھران ھەققىدە توختىلىپ، تۈرك ياشلىرىغا مۇنداق دەپ خىتاپ قىلدى:

«تۈركىيە ياشلىرى! مىللىي مۇستەقىللىق ۋە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تۈزۈمىدە مەڭگۈ چىڭ تۇرۇش ھەم ئۇنى قوغداش سىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بۇرچۇڭلار، بۇ سىلەرنىڭ ھايات تۇرۇشۇڭلارنىڭ، شۇنداقلا كەلگۈسىڭلارنىڭ بىردىنبىر ئاساسى، بۇ سىلەرگە نىسبەتەن ئەڭ قىممەتلىك تەۋەررۈكتۇر. كەلگۈسىدە مەيلى دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولسۇن ياكى

دۆلەتنىڭ سىرتىدا بولسۇن، سىلەردىن بۇ تەۋەرۇكنى تارتىۋېلىش- قا ئۇرۇنىدىغان يامان نىيەتلىك ئادەملەر هامان مەيدانغا كېلىدۇ. سىلەر هامان بىر كۈنى مۇستەقىللىقنى ۋە جۇمهۇرىيەتنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلىسىلەر، شۇڭا سىلەر چوقۇم هامان بىر كۈنى كېلىدىغان يامان كۈنلەرنى ئويدان تەسەۋ- ۋۇر قىلىشىڭلار كېرەك. ئېهتىمال بۇ كۈنلەر سىلەرگە قولاي- سىزلىقلارنى ئېلىپ كېلەر، سىلەرنىڭ مۇستەقىللىقىڭلارنى ۋە جۇمهۇرىيىتىڭلارنى يوقىتىۋېتىشكە ئۇرۇنىدىغان كىشىلەر چو- قۇمكى يەر شارىدا قەدىمدىن تارتىپ يېڭىش قىيىن بولغان كۈچ- لۈك دۆلەتلەردۇر. . . تېخىمۇ يامانراق بولغان مۇمكىنچىلىكلەر- نى ئويلاپ بېقىڭلار، دۆلەتنىڭ ئالىي هوقۇقىنى ئىگىلىۋالىدىغان- لار چوقۇم بىخۇدلىشىدۇ. ئۇلار بىر تۈركۈم گادىرماش ئادەملەر ياكى خائىنلاردۇر. ئەڭ ئاخىرىدا مۇشۇ رەهبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي ۋە سىياسىي مەقسەتلىرىنى دۈشمەنىنىڭ سىياسىي مەن- پەئەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ. ئېهتىمال، مىللەت قاتتىق قىيىنچىلىق ۋە يوقسۇللۇق ئىچىدە قالار ياكى پارچىلىنىپ خوراپ كېتەر. ناۋادا ئاشۇنداق ئەهۋال يۈز بەرسە، كەلگۈسىدىكى مىڭلى- غان، ئون مىڭلىغان تۈرك پەرزەنتلىرىنىڭ بۇرچى مۇستەقىللىق- نى ساقلاش ۋە تۈركىيە جۇمهۇرىيىتىنى قۇتۇلدۇرۇش بولۇپ قالىدۇ.»

ئەينى چاغدا ئاتا تۈركنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇ- رىغا قويغان بىر يۈرۈش تەلىماتلىرى، تۈزگەن سىياسەتلىرى، ماقۇللىغان قانۇنلىرى، قىلغان مۇراجىئەت ۋە خىتابنامىلىرىدىن بەزى كىشىلەر گۇمانلىنىپ، غەلىبىگە ئېرىشەلەيمىزمۇ، يوق؟ دانالىق بىلەن تۈزۈلگەنمۇ، قانداق؟ شۇنداق ئىشلار يۈز بېرەرمۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش پىكىر - خىياللاردا بولغانىدى. ئەمەلىيەت ئىس- پاتلىدىكى، تۈركىيە خەلقى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىدا ئەڭ زۇلمەت دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان چاغدا، مۇستاپا كامال ئىنقىلابى

ئۇنىڭغا يېڭى ھايات ۋە ئۇنۇم ئاتا قىلدى، كۈچ ۋە غورۇر بېغىشلىدى. مۇستاپا كامال ئۇلارنى ھېچبىر تەۋرەنمەستىن مۇستەقىللىق يولىغا، يەنە كېلىپ دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان، تولۇق ئىستىقلالىيىتى ئىشقا ئاشقان، تېخىمۇ قىممەتلىك بولغان گۈزەل ھۆرلۈكنىڭ يولىغا باشلىدى.

گەرچە ئاتا تۈرك مۇستاپا كامال ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ 1927 ـ يىلى تۈرك ياشلىرىغا قىلغان ھېلىقى مەشھۇر خىتابىدىكى بەزى ئىشلار خۇددى ئاتا تۈركنىڭ سۈرەتلەپ بەرگىنىدەك ئۆز ئەينى سادىر بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ھاياتلىقىدا قەتئىي قارشى تۇرغان ۋە ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇرغان ئەھۋال ئاخىرى مەيدانغا كەلدى.

ئاتا تۈرك ۋاپات بولۇپ ئەتىسى ئىسمەد ئىنۆنۈ رەئىس جۇمھۇرلۇققا سايلاندى. خەلق ئىسمەد ئىنۆنۈ بىلەن ئاتا تۈرك ئوتتۇرىسىدىكى نىگىزلىك پىكىر ئىختىلاپىنى بىلمەيتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ، ھۆكۈمەت ئورگىنىغا تەكشەش ئېلىپ باردى، ئاراس دىپلوماتىيە ۋەزىرلىكىدىن قالدۇرۇلدى. جەلا بايارنىڭ ئورنىغا رەفىق سادام ئىچكى باش باكان قىلىپ تەيىنلەندى. مۇستاپا كامالنىڭ ئەينى چاغدىكى رەقىبلىرىدىن كازىم قارا بەكر، ھۇسەين جاھىد (يالچىن) ھۇسەيىن رائوف (ئورباي)، ئەلى فۇياد (جەبسوي)، ئەلى فەتىش (ئوكيار) قاتارلىقلار بۈيۈك مىللەت مەجلىسى بىلەن ھۆكۈمەتتە مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلدى. بۇلار ئەينى چاغدىكى ياش تۈركلەر پارتىيىسى، تەرەققىيپەرۋەر جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ھەم ئەركىن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى قاتارلىق پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ باشلىقلىرى ئىدى. بۇلار ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىنىشى بىلەنلا، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ مەبلەغلىرى كىرىشكە باشلىدى، مۇھىم تارماقلاردا چەت ئەللىك «مۇتەخەسسىس» ۋە «مەسلىھەتچىلەر» پەيدا بولدى. 1939 ـ يىلىنىڭ ئاپرېل ئېيىدا



كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەلى فۇياد (جەبسۇي) باشچىلىقىدىكى تۈركىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى گېتلېرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بېرلىنگە بار- دى. گېتلېر ئۇلارغا «تۈركلەر بىزنىڭ ئۇلگىمىز» دېدى. ئۇ 1948 - يىلىنىڭ بېشىدا كازىم قارا بەكىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۈيۈك تۈركىيە مىللەت مەجلىسىنىڭ باشلىقى بولدى. 1948 - يىلى ئەتىياز مەزگىلىدە دېموكراتلار پارتىيىسى پارچە- لىنىپ، ئىيۇلدا مارشال فەفۇش چاقماق باشچىلىقىدا مىللەت پارتىيىسى دېگەن بىر يېڭى پارتىيە قۇرۇلدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن تەرەققىيپەرۋەرلىكنى ياقلايدىغان پروفېسسورلار ۋە مۇئەللىملەر ئەنقەرە، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسى- تېتلىرىدىن ھەيدەلدى. لېكىن، بۇ ئىش دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقى- مىغا ئايلىنالمىدى.

كامال ئاتا تۈرك قۇدرەتلىك، يېپيېڭى بىر تۈرك ئېلىنى ئۆز خەلقىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تۈركىيىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئۇنىڭغا بول- غان سېغىنىش كەيپىياتى كۈنسېرى كۈچەيدى. ئاتا تۈرك بىر ھۆكۈمران بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز زامانىسىدا مەيلى كىم بىلەن ئاداۋەتلىشىپ قالغان بولمىسۇن، ياكى كىمنى باستۇرغان بولمىسۇن خەلق ئۇنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن سېغىنىشقا ۋە مۇھەببەت بىلەن ئەسلەشكە باشلىدى. ئاتا تۈركنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، بۈيۈك تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدە مۇستاپا كامالنىڭ تەربى- يىسىدە يېتىلىپ چىققان كۈچلۈك دېموكراتىك ئىدىيىلەر شىد- دەت بىلەن تەرەققىي قىلدى ھەم بۇ زېمىندا جۇمھۇرىيەتتىن باشقا يەنە بىرەر سىياسىي تۈزۈمنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد تۈرك باللىرى دۇنياغا كۆز ئېچىپ، توپ - توپى بىلەن زامانىۋى مەكتەپلەردە ئوقۇپ قاتارغا قوشۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەركىن شېرىپ
مەسئۇل كوررېكتورى : ئەخمەتجان مۆمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : نۇرمۇھەممەت ئۆمەر

# مۇستاپا كامال

يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورمات : 850×1168 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى : 11.5 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2000 ـ يىل 11ـ ئاي 1ـ نەشرى
2000 ـ يىل 11ـ ئاي 1ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 —— 3000
ISBN7—228—06106—3/K • 882
باھاسى :18.00 يۈەن